www.birhon.com



يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىددىن بەھرام
مەسئۇل كورركتورى: ئادالەت مۇتەللىپ

«قۇتادغۇبىلىك» ۋە قانۇن

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى

*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى [illegible] كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ [illegible] باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.5، قىستۇرما ۋاراقى: 4
1990 - يىل [illegible] - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل [illegible] - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 15000 — 1
ISBN 7—228—02499—2/D·215
باھاسى: 9.50 يۈەن

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى، 1949 - يىلى سېنتەبىردە ئاقسۇ شەھىرى يېڭى بازار كوچىسىدا ئوقۇمۇشلۇق بىر باپكار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1969 - يىلى ئاۋغۇستتا ھەربىي سەپكە كىرگەن، ھازىر خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئەترىتى سىياسىي بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ.

ئاپتور 1983 - يىلدىن باشلاپ ئىلمىي تەتقىقاتقا كىرىشكەن. بۇنىڭ ھازىرغىچە «ۋاھابىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ھەققىدە» قاتارلىق 15 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەرخىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى. ھازىر ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق قانۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«〈قۇتادغۇبىلىك〉 ۋە قانۇن» دېگەن بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ تۇنجى يىرىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1986- يىلى ۋە 1989 - يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان ماقالىلىرى ئاساسىدا 1990 - يىلى مارتتا يېزىپ تاماملاپ نەشرگە سۇنغانىدى، 1992 - يىلى يانۋاردا تولۇقلىدى. ھازىر «مازار ھەققىدە قىسسە» ناملىق سەككىز بابلىق ئىككىنچى كىتابىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى، يەنە «ئۇيغۇر قانۇن - تۈزۈملىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئۈچىنچى كىتابى ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

# قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ كىتابتا XI ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدىكى قانۇن مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ كىتاب «مۇقەددىمە»، يەتتە باب ۋە «خاتىمە» دىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى بابتا يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك» قانۇنچىلىق جەھەتتىن تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى بابتا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۆرۈ» (قانۇن) ۋە ئۇنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك مەزمۇنلىرى شەرھلىنىدۇ. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى بابتا ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جامائەت قانۇنى تەلىماتىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە كۆرسەتكەن تەسىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، بەشىنچى، ئالتىنچى بابتا «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلغان دەۋرلىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنىغا باھا بېرىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بابتا «قۇتادغۇبىلىك» تە بۈگۈن ئۈچۈن ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك ئالتە مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ناھايىتى نۇرغۇنلىغان مول ۋە نادىر مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى يېڭى تارىخىي دەۋردە، ئۇنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىكى مۇۋاپىق تەرەپلەرگە ۋارىسلىق قىلىش — يولداش

# كىرىش سۆز ئورنىدا

يولداش يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى يازغان «〈قۇتادغۇبىلىك〉 ۋە قانۇن» دېگەن كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن ھەمدە بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇرلار — ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرىدىن بىرى، ئۇ ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا زېمىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان.

«قۇتادغۇبىلىك» — ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى بىر نامايەندە، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى ھەم ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىق ۋەسىقىسى. ئۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسى ۋە قانۇنچىلىق خەزىنىسىدىكى جەۋھەرلەرنىڭ بىرى.

«قۇتادغۇبىلىك» — دۇنيادا خېلى بۇرۇنلا تونۇلۇپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى. ۋەتىنىمىزدە بولسا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە-ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى ئىلمىي



جياڭ زېمىننىڭ «مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ ۋە ئۇنى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرۇپ، كونىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ يېڭىسىنى يارىتىپ، ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ، ئۇنى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك» (1) دېگەن يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قانۇن مەرىپەت تارىخىنىڭ ئۆتمۈشى دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشى بىلەن تەھلىل قىلىنغان. ئاپتور بۇ كىتابتا جەمئىيەتكە نۇرغۇن يېڭى كۆز-قاراشلارنى تەقدىم قىلغان ۋە قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەرگەن. بۇ كۆز-قاراشلار بالغۇز ئەدلىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىنىش قىممىتى بولۇپلا قالماستىن، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈنمۇ ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ ئەسەرنى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ زامانىمىزدىكى ۋە دىيارىمىزدىكى شەرھى دېيىشكە بولىدۇ. تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمىتى ئارات «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەم بۇ بېيىتلەرنى (باشقىلارغا) بىلدۈرگەن (كىشى بۇ) كىتابتىنمۇ ئەزىزراقتۇر» دېگەنىدى. (2) ئىشىنىمىزكى، ئىلىم دۇنياسى بۇ كىتابقا مۇۋاپىق باھا بېرىدۇ.

---

(1) جياڭ زېمىن: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز» گە قاراڭ. شىنجاڭ گېزىتى 1991-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى سان، ئۇيغۇرچە.

(2) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 5-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى «A، مۇقەددىمە»، 15-، 16-قۇرلار.

جەمئىيىتى ئۇنى 1983-يىلى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىنىدىغان تېما قىلىپ بېكىتتى. شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە-ئىجتىمائىي ئەدەبىيات تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1981-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە ئاچقان ئۈچ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 1983-يىلى ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر بىرلىكتە ئاچقان كلاسسىك ئەدەبىيات يىغىنلىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» مۇھىم نۇقتىدا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىندى. 1984-يىلى شىنجاڭ داشۆ «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. 1986-يىلى ۋە 1989-يىلى قەشقەردە ئىككى قېتىم مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئون يىلغا يېقىن [illegible] «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئىلمىي نەتىجىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ھازىر مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلەنمەكتە. يولداش يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن» دېگەن ئەسىرى، ئەنە شۇ يۈزلىنىش بويىچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئون يىللىق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا تېز مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مېۋە. ئاپتور بۇ ئەسەردە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى قانۇنغا ئائىت مەسىلىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ، بىر-بىرلەپ سۈزۈپ چىقتى ھەم ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ھازىرقى زامان سەۋىيىسىگە كۆتۈردى. ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، مەزمۇنى بىرقەدەر توغرا شەرھلەنگەن.

«‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن» نىڭ نەشر قىلىنىشى —



«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى زور ئىلگىرىلەش. ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلمىي مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە قانۇن مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، [illegible] جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن [illegible] ۋە توغرا پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قەدىمكىنى بۈگۈنگە خىزمەت قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ئىزدىنىش روھى بىلەن ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋە ئىجادىي ھالدا ۋارىسلىق قىلغاندىلا، بولساق، ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدىغان نەتىجىلەرنى يارىتالايدىغانلىقىمىزنى نامايان قىلدى. ئۇ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتىلىۋاتقان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇھىم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن 1986-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا: ئىلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نى ئاساسىي تېما قىلغان كۈچلۈك بىر تەتقىقات قوشۇنى كۈندىن-كۈنگە شەكىللەنمەكتە. بۇ تەتقىقات قوشۇنىدا ئىلىم-بىلىمى مۇكەممەل مۇتەخەسسىسلەر بار، شۇنداقلا كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملارمۇ بار. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىلىمگە قاتتىق ئىنتىلىۋاتقان، ياش ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىمۇ بار، دېگەن ئىدىم. يولداش يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى دەل ئەنە شۇلارنىڭ بىرى، ئۇ، ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇيالمىغان، ئۇ، بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغانلىقتىن ئۆزىگە ئۈمىدسىز قاراۋاتقان بارلىق ياشلارغا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمايمۇ نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقى، ئۇلۇغ بىر مەقسەت يولىدا تىرىشقان ئادەمگە چىققىلى بولمايدىغان چوققا يوق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى تونۇتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقات ناھايىتى نازۇك ھەم مۇشەققەتلىك بولغان بىر ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇ راستچىللىق، ئەستايىدىللىق، تىرىشچانلىق، چىدامىلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، يۇقىرى سەۋىيە ۋە كۈچلۈك ئىلمىيلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى مەخسۇس تەتقىقاتچى خادىم ئەمەس. ئۇنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن» دېگەن ئەسىرى ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلاردىن ئوبدان پايدىلىنىپ، چىداپ ئولتۇرۇپ، مۇستەقىل كۈچ سەرپ قىلىپ، قېتىرقىنىپ ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ۋىلادىمىر ئىلىيىچ لېنىن: «مۇستەقىل زور كۈچ سەرپ قىلىنمايدىكەن، ھەر قانداق مۇھىم مەسىلىدە بولمىسۇن، ھەقىقەتنى تېپىپ چىققىلى بولمايدۇ. كىمكى كۈچ سەرپ قىلىشتىن قورقىدىكەن، ئۇ، ھەقىقەتنى تاپالمايدۇ» دېگەنىدى.(1) «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەگەر كۈچ سەرپ قىلىشتىن قورقۇپ ئىرادىسىزلىك قىلغان بولسا ئىدى، بۇ كىتابنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقالمىغان بولاتتى. كىتابخانلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ ئەسەر بىرقەدەر ياخشى يېزىلغان، ئەمما خاتالىق ۋە

(1) «لېنىن ئەسەرلىرى»، 19-توم، 136-بەت، خەنزۇچە، «مۇنازىرە قىلىنىدىغان بىر قانچە مەسىلە» گە قارالسۇن.



سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇشى ناتايىن. مەن يولداش يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامنى قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە، كېيىنكى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ نۇقسانسىز ئېلىپ بېرىپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپلەپ ياخشى ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خۇمۇر داۋامەت

1992-يىل 18-سېنتەبىر

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ...... 1

بىرىنچى باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى قانۇن دەستۇرى ...... 1

ئىككىنچى باب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۆرۈ» ۋە ئۇنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك مەزمۇنلىرى ...... 10

ئۈچىنچى باب ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جامائەت قانۇنى تەلىماتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كۆرسەتكەن تەسىرى ...... 117

تۆتىنچى باب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ...... 159

بەشىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» ۋە قاراخانىلارنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش دەۋرلىرى ...... 232

ئالتىنچى باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنى ...... 255

يەتتىنچى باب «قۇتادغۇبىلىك» تە بۈگۈن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئالتە مەسىلە ...... 322

خاتىمە ...... 444

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر خەلقى ئېلىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆز تارىخىدا ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، يۇرتدارچىلىق قائىدە - قانۇنلىرى، ھەربىي قوشۇن قائىدە - تەرتىپلىرى، يۇرت نىزاملىرى، خەلقچىللىق ئۆلچەملىرى، ئەخلاق نورمىلىرى شۇنىڭدەك قانۇن تۈسىنى ئالغان ھەرخىل ھۆكۈم، يارلىق، توختام، ئادەت ۋە رەسمىيەتلەرنى تۈزۈپ چىققان، قائىدە - نىزام ئورناتقان، قانۇن-يۇسۇنلارنى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەت مىزانى دەپ تونۇغان ھەم ئۆزگىچە قانۇن ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بىر خەلقتۇر.

ئۇيغۇرلاردا قانۇنىنىڭ قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما «قانۇن» ئاتالغۇسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي مەنبەسىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەندە، ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر دەۋرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان «تۆرۈ» سۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىپ كىرگەن ئەرەبچە ۋارىيانتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندا «قانۇن» نى «تۆرۈ» دەپ ئاتايتتى. شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋردە، قانۇن شامان باخشىلىرى تەرىپىدىن ئاغزاكى بايان قىلىناتتى. زوروئاستېر (ئاتەشپەرەست) دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چاغلاردا پۇقرالارغا جازا

...لەيدىغان قانۇن- نىزاملار ئاتەشكۆرەلەرگە يېزىپ قىلىناتتى. بۇددىزم دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرى «ئارما» ياكى «درم» دېيىلسە، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش «نامۇدرم» دېيىلەتتى، بۇ چاغدا بۇددا دىنىنىڭ يازما دەستۇرلىرى «نوم» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولدى. ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن قاراخانىلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئىسلامىيەت مۇئەسسەسىلىرى بىلەن گىرەلەشتۇرۇۋېتىپ، ئەمەلىي گەۋدە قانۇننى «تۆرۈ» دېسە، دىنىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن - قائىدىلەرنى «شەرىئەت» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدە تاكى XV ئەسىرگىچە «قانۇن» ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «تۆرۈ» قوللىنىلىپ كېلىنگەنىدى. لېكىن، ئۇ بۇددىزم مەزمۇنى بىلەن تەبىرلەنىدى. موڭغۇل ئىستېلاسى دەۋرىدە چىڭگىزخاننىڭ ئادەت قانۇنلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «تۆرۈ» سۆزى بىلەن ياكى «جاسا»، «جاساق» سۆزلىرى بىلەن ئىپادە قىلىندى. چاغاتاي دەۋرىدىن باشلاپ «تۆرۈ» يازما مەنبەلەردە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بولدى، ھەم قانۇنشۇناسلىق «ئۇلۇمى شەرىئەت» (شەرىئەت ئىلمى) دېيىلدى، «قانۇن» دېگەن سۆز پەقەت ھازىرقى زامانىمىزغا خاس ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى.

قىسقىسى، «تۆرۈ» — ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە قوللىنىلغان، «القانۇن» دېگەن ئەرەبچە ئاتالغۇ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ئادەتكە ئايلانغاندىن كېيىن بارا - بارا ئىستېمالدىن قالغان. ھازىر دۇنيادا تۈركىي مۇتەپەككۇرلار دۆلەت، ھاكىمىيەت، قانۇن، نىزام، سىياسىي - قانۇن، نام - ئابرۇي مەنىلىرىدە ئىشلەتتى(1). تۈركىيە تۈركلىرى



بولسا «tore» (ئادەت، ئەدەپ - ئەخلاق)، «torel» (قائىدە - يوسۇن)، «tore bilim» (ئەخلاق بىلىمى)، «torel Cilik» (ئەخلاقشۇناسلىق) تەرىزىدە قوللىنىپ، «قانۇن»نى بولسا «yasa»، «ئاساسىي قانۇن»نى «Anayasa» «قانۇن تۇرغۇزماق»نى «yasamak»، «قانۇنشۇناسلىق»نى «yasa bilim» دەپ ئاتىماقتا(2).

«دۇنيادا قانۇنى بولمىغان دۆلەت ۋە دۆلىتى بولمىغان قانۇن يوق»(3). ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل قانۇنچىلىق ۋە قانۇنشۇناسلىق پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بېرىدىغان يازما مەنبەلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە XI ئەسىردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق مەشھۇر كىتابى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق قانۇنشۇناسلار تەرىپىدىن ئورتاق ھادىسە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان «قانۇن»نىڭ مەنبەسى بولغان «ئۆرپ - ئادەت»نى شۇنداقلا ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ۋە ئالدىنقى ئامىللىرىدىن بولغان «قانۇن»نى تارىخىي ھالدا بىرقەدەر سىستېمىلىق ۋە كەڭ دائىرىدە شەرھلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىق پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقات بۈگۈنكىچە تېخى يۈزەكى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان بىر تېما، ئۇ — قانۇن - تۈزۈم تارىخى ۋە قانۇن ئىدىيە تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»دىكى «قانۇن» ھادىسىلىرىگە قارىتا ئىزدىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن ئىدىيە تارىخى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەنبەلەردىن بىرى. شۇڭا مەن بۇ ئەسەرگە «〈قۇتادغۇبىلىك〉 ۋە قانۇن» دەپ ئات قويدۇم.

كىتاب «مۇقەددىمە»، يەتتە باب ۋە «خاتىمە»دىن تۈزۈلدى. كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش بابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى قانۇنچىلىق پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات

## بىرىنچى باب

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇرلاردا تۇنجى قانۇن دەستۇرى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەلكى شۇ دەۋرنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن بۈيۈك قانۇنشۇناسىدۇر. ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 409 - يىلى (مىلادى 1018—1019 - يىللىرى)دا، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان، كېيىن سۇلالىنىڭ ئىككىنچى پايتەختى بولغان ئوردۇكەنت (قەشقەر)گە كەلگەن، ھىجرىيىنىڭ 461 - يىلى (مىلادى 1068 — 1069 - يىللىرى) دىن باشلاپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىشقا كىرىشكەن، ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادى 1070 — 1069 - يىللىرى) يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بۇ قانۇنشۇناسنىڭ ئون سەككىز ئايلىق مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئەسەر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى خانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە سۇنۇلغان، ھەسەن بۇغراخان ئۇنى دۆلەتنىڭ «خاس ھاجىپ» لىقىغا تەيىنلىگەن (1). ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە قاراخانىلار ئوردىسىدا «خاس ھاجىپ»لىق مەنسىپىدە تۇرغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيىنىڭ 478 - يىلى (مىلادى 1085 - يىللىرى) تەخمىنەن ئاتمىش يەتتە يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولغان ۋە جەسىتى تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل



بىرلىكتە، كېيىنكى ئىككى بابدا سېلىشتۇرما قانۇنشۇناسلىق نۇقتىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىگە مۇۋاپىق باھا بېرىلدۇ ھەم ئۇنىڭدا بۈگۈن ئۈچۈن ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان نۇقتىلار ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتچىلىرىدىن تۈركىيىلىك ئا. دىل ئاچار: «‹قۇتادغۇبىلىك› پارلاپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىدۇ. ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەركىم ئۆزى كۆرگەن كوچىسىنى تەرىپلەۋاتىدۇ» (4) دېگەنىدى. «قانۇن» — «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ كەڭ، ئەڭ پارقىراق «كوچا» لىرىدىن بىرى. قانۇنچىلىق كۈندىن - كۈنگە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇنداق بىر «كوچا» نى «تاماشا قىلىپ چىقىش» بەكمۇ زۆرۈر ھەم ئەھمىيەتلىكتۇر.

---

(1) «موڭغۇل تىلىنىڭ قىسقىچە ئىزاھلىق لۇغىتى». موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل-ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى تۈزگەن، 1966-يىل نەشرى، 551-بەت.

(2) مۇمىن ئابدۇللا: «تۈركچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت». مىللەتلەر نەشرىياتى 1989-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 949- ۋە 1011-بەتلەر.

(3) بۇخۇيى: «قانۇننىڭ پاراللېللىقى ۋە ۋېرتىكاللىقى ھەققىدە». شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى، 1987-يىل 12-ئاي 1-نەشرى، خەنزۇچە 19-بەت.

(4) ئەھمەد زىيائى: «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1983-يىل 4-سان 100-بەت.

دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش ئېغىزىدىكى «ئەسكى ھىسار» (ئەسكىسار) قەدىمكى شەھىرىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىدىكى «بارگاھ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇنىڭ مازىرى يەكەن-سەئىدىيە خانلىقى (مىلادى 1514 — 1678 - يىللار) نىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرى (مىلادى 1533 — 1559) دە، كەلكۈندىن ساقلاپ قېلىش مەقسىتى بىلەن «ئەسكى ھىسار» قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پاي ئاب (پارسچە سۆز بولۇپ، سۇنىڭ ئايىغى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، جانلىق تىلدا پايناپ دېيىلىدۇ) دېگەن جايغا يۆتكەپ كېلىنگەن ھەم قايتىدىن ياسالغان(2). «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا چېقىپ تاشلانغان. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى بۇرۇنقى ئۆز ئورنىدا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك ھالدا ياسىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ۋە ساياھەتچىلەرنىڭ مۇھىم ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئورنىغا ئايلاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىئوگرافىيىسىگە ئائىت تارىخى ماتېرىياللار ناھايىتى كەمدىن - كەم بولۇپ، بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىدىغان مەنبە دەپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆزىدىن باشقا يەنە، تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ 1947 - يىلى تۇرغۇزۇپ چىققان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق تېكىستىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن «مۇقەددىمە» سىنى ئېيتىش مۇمكىن. رەشىت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن تۇرغۇزۇلۇپ، «A نەشرى. مۇقەددىمە» دەپ ئاتالغان، ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموف تەرىپىدىن تەستىق قىلىنغان نەسرىي مۇقەددىمىدە: «بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بىر تەقۋادار زاتتۇر؛ ئەمما، بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ مەشرىق



شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر. شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ (ۋە) ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى ئىلتىپات قىلغان (ۋە) شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر» (3) دېيىلگەن. يەنە شۇ «مۇقەددىمە» دە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۆلمەس قىممىتى ھەققىدە توختىلىپ: «مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى. چىنلىقلار ‹ئەدەبولمەلەك› دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۈلكىنىڭ ھېكىملىرى ‹ئايىنۇل مالىكە› دېسە، مەشرىقلىقلار ‹زىننەتۇلئۇمەرا› دېدى؛ ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۈركى› دەپ ئات قويدى، بەزىلىرى ‹پەندنامەئى مەلىك› دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلار ‹قۇتادغۇبىلىك› دەپ ئات قويدى» دېيىلگەن(4).

«قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىق ئەھۋالاتى توغرىسىدا بىزنى ئەڭ يىراق مەنبە بىلەن تەمىنلەيدىغان بەزى قانۇن ۋەسىقىلەرمۇ بولغانىدى. بۇلاردىن VIII–V ئەسىرلەردىن X ئەسىرگىچە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەزگىللەرگە تەئەللۇق بولغان ئۇرقۇن - رونىك يېزىقلىرىدىكى ۋەسىقىلەرنى ۋە بۇنىڭدىنمۇ بالدۇرقى دەۋرگە تەئەللۇق دەپ قارىلىۋاتقان قارۇشتى يېزىقى يادىكارلىقلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. ئالدىنقىسىنى رۇس تىلشۇناسى باسكاكوۋ «ئۇيغۇرچە سىياسىي قانۇن ھۆججەتلىرى» (5) دەپ ئاتىسا، كېيىنكىسىنىمۇ ھازىرقى كۈندە نۇرغۇن ئالىملار پاكىتلار ئارقىلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ۋاقتىدىكى قانۇن ۋەسىقىلىرى دەپ دەلىللەشمەكتە. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى قانۇن ھادىسىلىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكىدەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىلەنمەي ئېيتىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» — قارىماققا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قائىدە - نىزاملىرى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان پەلسەپە كىتابىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا بىردىنبىر تۇنجى قانۇن دەستۇرى بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنىڭ قىممىتى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى «دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ پروگراممىسى» ۋە «قانۇنچىلىق دەستۇرى» دېگۈچىلەرنىڭ كۆز قاراش ۋە ھۆكۈملىرى بىرقەدەر ئادىلراق ھەم بۇ [illegible] ھەقىقەتكە يېقىندۇر.

تۈركىيە ئالىمى، پروفېسسور ئى. كافېسوغلو مۇنداق دەيدۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› بىر پەلسەپە ياكى ئەخلاق كىتابى بولۇشتىن كۆپرەك، قانۇن ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەرتى ۋە [illegible] ئوتتۇرىغا قويغان، دۆلەت قۇرۇلۇش يوللىرىنى [illegible] ئىدارە، تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي [illegible] بىر سىياسەت كىتابىدۇر» (6). [illegible] بىر ئالىم [illegible] مەقسىدى [illegible] «قۇتادغۇبىلىك» كە قانۇن جەھەتتىن باھا بېرىپ [illegible] قانۇنچىلىق دەستۇرى» دەپ ئاتىغان ھەمدە بۇ [illegible] «ئەسىرلەردىن بېرى تويلانغان ئەخلاق، سىياسەت ۋە قانۇنغا دائىر پىكىرلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر» (7). دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموف «قۇتادغۇبىلىك» نى «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، سىياسىتى، قانۇن - قائىدىلىرى شۇنىڭدەك خەلقنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنى، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نىزامنامە» دەپ ئاتايدۇ (8).

يىغىنچاقلىغاندا، «ھەقىقىي مەنىسى بويىچە ئېيتقىنىمىزدا ئۇنى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن دۆلەتنى ئەخلاق، قانۇن، ئىلىم، ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشنىڭ پروگراممىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ» (9). ئۇنىڭدا «ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىياسىي دۆلەت ئاپپاراتى ۋە قانۇنشۇناسلىققا ئائىت تەلىماتلار كەڭ دائىرىنى — دۆلەت باشلىقى، ۋەزىر ۋە سەركەردە، ھەر خىل ئىچكى-تاشقى ئىشلار بويىچە ۋەزىپە ئۆتىگۈچى بەگ - ئەمەلدارلار، دۆلەت خادىملىرىنىڭ كەسپىي ۋە ئەخلاقىي شەرتلىرى، خىزمەت ئىستىلى، ئىقتىسادىي قانۇنچىلىق، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەبىقە ۋە كەسىپ ئەھلىگە قارىتقان سىياسەت پرىنسىپلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مۇھىم بىر دەستۇرىنى شەكىللەندۈرگەن» (10) بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» - تە «خەلق ھىمايە قىلىدىغان دۆلەت تەشكىلىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى، دۆلەتنى بىلىم ۋە ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرغاندىلا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلەيدىغانلىقى، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكى، ھەر ئىشتا ئەقىل - پاراسەت ۋە بىلىم - ئەخلاقنى يولباشچى قىلىش كېرەكلىكى، دۆلەت باشلىقى ياكى ھۆكۈمدارنىڭ ھەممە ئىشتا ئۈلگە بولۇشى لازىملىقى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ دۆلەتكە نىسبەتەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە

نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ
ئورنى ۋە ۋەزىپىسى قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلىلەر
ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى
كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ» (11).

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «قانۇن» دېگەن بۇ ئاتالغۇ
قانۇننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ۋە كونكرېت قانۇن-بەلگىلىمىلەر-
نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ ۋە تار ئىككى مەنىسى بار.
ئۇنىڭ كەڭ مەنىسى قانۇننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يەنى دۆلەت
تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان ھەمدە دۆلەت
زورلۇق كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ھەر خىل
ھەرىكەت-قائىدىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى بىلدۈرىدۇ؛
ئۇنىڭ تار مەنىسى مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە
دۆلەت ئورگىنىنىڭ قانۇن تۈزۈش تەرتىپى بويىچە تۈزۈپ ئېلان
قىلغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججىتىنى يەنى ماددىلىق يازما
قانۇننى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىق دەستۇرى —
«قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار قانۇن
مەسىلىلىرى ئەنە شۇ «قانۇن» نىڭ كەڭ مەنىسىدىن
ئىبارەت. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ
دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي
پروگرامما خاراكتېرىدىكى ھۆججىتى بولۇپ، ھەرگىزمۇ
«شەرئى مەھكىمە» دە تۈزۈلگەن پەتىۋالار مەجمۇئەسى
ئەمەس. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىدا دۆلەتتە
قانۇننىڭ قانداق تۈزۈلۈشى، ئەلگە قانداق «نىزام ۋە
شەرتلەر كېرەك» لىكى، «ئەل-يۇرتنى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ
كىم» لىكى، «ئۇرۇشقاندا لەشكەرنى قانداق قوروش»
لازىملىقى، «كىمنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقۇلۇق، كىمنى يامان
دەپ يىراق قىلغۇلۇق» كېرەكلىكى، «خان ئۈستىدە خەلقلەرنىڭ
ھەققى بار» لىقى، «خانىنىڭمۇ خەلقتە ھەققى بار» لىقى،



پۇقرالارنىڭ شاھلارنى، شاھلارنىڭ پۇقرالارنى «كۆزىتىپ
تۇرۇش كېرەك» لىكى ۋە «خەزىنىنى ئىنچىكە توپلاپ ئاراتماق
كېرەك» لىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى «سەرەلەپ ئېچىپ
يېشىپ ئايرىغان» (12) بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، بىزگە جىنايەتنىڭ
تۈرلىرى ۋە جىنايەتكە قوللىنىدىغان جازانىڭ خىللىرى،
شۇنىڭدەك سوت قىلىش تەرتىپى قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەر
ھەققىدە ئېنىقراق كۆرسەتمە بېرەلمەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىن باشلانغان مەدەنىي ھاياتىدىكى
قانۇنچىلىق پائالىيىتى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان
قانۇنشۇناسلىق (قانۇن ئىلمى) نىڭ خېلى يۇقىرى دەرىجىدە
تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئىجتىمائىي پەندە قانۇننى ئاساسىي تەتقىقات
ئوبيېكتى قىلغان ئىلىم قانۇنشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ،
ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ،
جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىي مەدەنىيىتى يۈكسەك
دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان قانۇن
سىستېمىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن شەكىللىنىدۇ
ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. ئېنگېلس قانۇن، دۆلەت ۋە قانۇن-
شۇناسلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە توختىلىپ: «جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىكى مەلۇم بىر باسقۇچىدا مۇنداق بىر خىل
ئېھتىياج تۇغۇلغانىكى، ھەر كۈنى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان
ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات ۋە مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش ئىشىنى
بىر ئورتاق قائىدىگە يىغىنچاقلاپ، شەخسلەرنى ئىشلەپچىقىرىش
ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرىگە بويسۇندۇرىدىغان قىلىشقا
توغرا كەلگەن، بۇ قائىدە ئاۋۋال ئۆرپ - ئادەت بولۇپ
ئىپادىلەنگەن، كېيىن بولسا قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن.
قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، قانۇنتى قوغداشنى

ئۆزىگە ۋەزىيە قىلغان ئورگان — جامائەت ھاكىمىيىتى يەنى دۆلەت ئەمدىلا پەيدا بولغان. قانۇنچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇرەككەپ ۋە كەڭ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ زۆرۈرلۈكى كېلىپ چىقتى، بىر كەسىپىي قانۇنشۇناسلار قاتلىمى شەكىللەندى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇنشۇناسلىقمۇ پەيدا بولدى» (13) دېگەنىدى. ئۇيغۇرلاردا دۆلەت ۋە قانۇننىڭ شەكىللىنىشى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر قانۇنشۇناسلىقىنىڭ مەنبەسىنى مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا ناھايىتى باپ كېلىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

---

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 5-ئاي 1-نەشرىنىڭ «مۇقەددىمە» سىگە قارالسۇن.

(2) بۇ ھەقتە مۇھەممەت سىدىق زۇنۇننىڭ «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1986-يىل 4-سان 1-بەت، ئۇيغۇرچە.

(3) «قۇتادغۇبىلىك»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5-ۋە 7-بەت.

(4) «قۇتادغۇبىلىك»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5-، 7-بەتلەر.

(5) ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە، 70-، 71-بەتلەر.

(6) ئى. كافىسوغلو: «قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەھمىيىتى»گە قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا». ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى. 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 151-بەت.



(7) لى چىڭنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «تارىخىي مىراس — ‹قۇتادغۇبىلىك› ھەققىدە بايان». 4-توپلام. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى، 356-بەت.

(8) قەييۇم كەرىمى: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىدىكى تەۋسىفىنىڭ كىرىش سۆزى»گە قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا». 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 53-بەت.

(9) ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 137-بەت، ئۇيغۇرچە.

(10) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئەسىر قانۇنشۇناسلىق تارىخىدىكى ئۇلۇغۋار نامايەندە»گە قارالسۇن. شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1984-يىل 3-سان 35-بەت، ئۇيغۇرچە.

(11) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا». شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1983-يىل 2-سان 48-بەت، ئۇيغۇرچە.

(12) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك». مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى II. نەزمى مۇقەددىمە، 36، 35، 44، 50، 39، 42، 43، 51، 49-بېيىتلەرگە قارالسۇن.

(13) «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، 1981-يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 933-بەت.

# ئىككىنچى باب
# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۆرۈ» ۋە ئۇنىڭ دەۋر خاراكتېرلىك مەزمۇنلىرى

كىتابىمىزنىڭ «مۇقەددىمە» سىدە قەيد قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زاماندا «قانۇن» نى «تۆرۈ» ( Törü ) دەپ ئاتىغانىدى. بۈگۈنكى كىشىلەر قەدىمكىلەرنىڭ «قانۇن» نى نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنى ئىسپاتلايدىغان ھەرخىل خاراكتېرگە ئىگە ماتېرىياللار (تارىخىي تەزكىرە، قەۋرە تەزكىرىسى، ۋەقەلەر خاتىرىسى، خانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى-نى مەزمۇن قىلغان ئابىدىلەر، قەدىمكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر، دىنىي تەرجىمە ئەسەرلەر، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەت مەزمۇن قىلىنغان قائىدە-يوسۇنلار، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلەر شۇنىڭدەك بۇلار ھەققىدە قەلەمگە ئېلىنغان يازما خاتىرىلەر، داستان، لۇغەت ۋە تارىخىي ئەسەرلەر) نىڭ ئىنتايىن ئۇرغۇنلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە.

ھازىر قولىمىزدىكى « Törü » تىلغا ئېلىنغان نەق بار ھۆججەتلەرنى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «تۆرۈ» لەرنى دەۋرلەر تەرتىۋى شۇنداقلا



مەزمۇنلار خاسلىقى بويىچە مۇنداق توققۇز خىلغا بۆلۈش مۇمكىن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

## بىرىنچى، قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكىلىرى

**1. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»** (1) دۇر. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپى 1-قۇردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئولۇرىپان تۈرك بودۇننىڭ ئىلىن **تۆرۈسىن** تۇتۇ بىرمىس ئىتى بىرمىس (تەرجىمىسى: ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ **قانۇن-تۈزۈمىنى** تۈزۈپ بېرىپتۇ)». مەزكۇر ئابىدىنىڭ شەرقىي تەرىپى 3-قۇردا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئانى ئۈچۈن ئېلىگ ئانچا تۇتمىس ئەرىنچ، ئېلىگ تۇتىپ، **تۆرۈگ** ئىتمىس (تەرجىمىسى: ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ **قانۇن - تۈزۈملىرىنى** ئورنىتىپتۇ)».

شەرقىي تەرىپى 8-، 9- قۇرلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تابغاچ قاغانغا **ئىلىن تۆرۈسىن** ئالى بىرمىس (تەرجىمىسى: ئۇلارنىڭ **دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى** تابغاچ خاقانغا ئېلىپ بېرىپتۇ)».

شەرقىي تەرىپى 13- قۇردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يەتى يۈز ئەر بولۇپ، ئەلسىرەمىس قاغانسىرامىس بودۇننىغ، **تۈرك تۆرۈسىن ئىچغىنمىس بودۇننىغ ئەچۈم ئاپام تۆرۈسىنچە** ياراتمىس، بوسغۇرمىس (تەرجىمىسى: يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن ‹ئاتام خاقان› ئاتا - بوۋامنىڭ **قانۇن-تۈزۈملىرى** بويىچە دۆلەتسىدىن، خاقاندىن ئايرىلغان خەلقلەرنى، دېدەككە ئايلانغان، قول بولغان خەلقلەرنى تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ)».

شەرقىي تەرىپى 15-، 16- قۇرلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئىنچۈ ئىلگ **تۆرۈگ** قازغانىپ، ئۇچابارمىس (تەرجىمىسى: ئانام خاقان ئاشۇنداق قىلىپ **دۆلەت قۇرغان ۋە قانۇن-تۈزۈم** ئورناتقاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ)».

شەرقىي تەرىپى 16 - قۇردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئول **تۆرۈدە** ئوزە ئەچىم قاغان ئولۇرتى (تەرجىمىسى: كېيىن قانۇن - **تۈزۈمگە** ئاساسەن، تاغام خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ)».

شەرقىي تەرىپى 22 - قۇردا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئانچا قازغانىپ ئىتمىس **ئىلىمىز تۆرۈمىز** ئەرتى (تەرجىمىسى: بىز تىرىشىپ قۇرغان **دۆلىتىمىز قانۇن - تۈزۈمى** ئەنە شۇنداق ئىدى)».

شەرقىي تەرىپى 30 - قۇرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇنچا **تۆرۈگ** قازغانىپ ئىنىم كۆلتىگىن ئۆزى ئنچە كەرگەك بولتى (تەرجىمىسى: ئىنىم كۆلتىگىن مۇشۇنچە **قانۇن - تۈزۈمنى** ئورنىتىپ، تويۇقسىزلا قازا تاپتى)».

شەرقىي تەرىپى 31 - قۇرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئالتى يىگىرمى ياشىغا ئەچىم قاغان **ئىلىن تۆرۈسىن** ئانچا قازغانتى (تەرجىمىسى: ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا ئانام خاقان دۆلەت ۋە **قانۇن - تۈزۈمنى** ئەنە شۇنداق بولدا [illegible])».

2. «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى»(2) ئۇنىڭ شەرقىي يۈزى 1 - قۇرىدا: «بىردىكە تۈزۈم ئولۇرۇپ بۇنچا ئاغىر تۆرۈگ تۆرت بۇلۇڭداقى بودۇن، ئۈچۈن ....ئىتدىم. (تەرجىمىسى: تۈزۈم تەختكە ئولتۇرۇپ تۆت تەرەپتىكى ئەللەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم **قانۇن - تۈزۈملەرنى** ئورنىتىپ بەردىم)».

شەرقىي يۈزى 36 - قۇرىدا: «ئىلگ **تۆرۈگ** يىگدى [illegible]... (تەرجىمىسى: مەن **دۆلەتنى، قانۇن - تۈزۈملەرنى** ياخشى باشقۇرۇشقا تىرىشتىم)» دېيىلگەن.



3. **«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»**(3) بۇنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 9 - خانى قارا بالغاسۇندا مىلادى 814 - يىلى تۇرغۇزغان. بۇ سوغدى تىلى، تۈركىي تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئۈچ خىل يېزىلغان بولۇپ، سوغدى، تۈركىي تىلى بىلەن يېزىلغان يۈزى بەك ئۆچۈپ ئۆڭۈلۈپ كەتكەچكە تونۇغىلى بولماس بولۇپ قالغان. خەنزۇچىسى بىرقەدەر تولۇق ساقلانغان. ئۇنىڭ 1 - ۋە 2 - قۇرلىرىدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

闻夫乾坤开辟，日月照临。受命之君，光宅天下，德化昭明，四方辐凑，刑罚峭峻，八表归仁(信……。)? 当先骨力悲罗之父护输裘国于北方之隅，建都于唱昆之野，以明智治国，积有岁年。

(بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق:

كۆك ئاسمان بىنا بولۇپ، كۈن ۋە ئاي نۇر چاچتى. خاقان ئاشۇ نۇرنىڭ تەقدىرىدىن يورۇق نۇردىدا تۇرۇپ تۆت تەرەپكە پەزىلەت ۋە ئەقىل تاراتتى، **قاتتىق قانۇن، تۆلەم** يۈرگۈزدى، سەككىز تەرەپ بەگلىرى قارام بولدى....؟ كۆل بىلگەنىڭ ئاتىسى قۇشۇ شىمالىي تەرەپتە ئەل قۇرۇپ، ئورقۇن دالاسىنى پايتەخت قىلدى. دۆلەتنى ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن تۈزەپ، نۇرغۇن يىللارنى ئاشۇنداق ئۆتكۈزدى).

يۇقىرىقى پارچىدا بىز گەرچە ئۆزىمىز تەتقىق قىلىۋاتقان Toru نىڭ قەدىمكى ئەسلى تۈركىي شەكلى بىلەن ئۇچراشمىساقمۇ، شۇنىڭغا مەنىداش بولغان «刑罚» خېتىنى كۆردۇق. قەدىمكى زاماندا 刑 خېتى «جازالىماق، جازا قانۇنى» دېگەن ئىككى مەنىنى، 罚 بولسا «تۆلەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك» تە «سىياسەت» دەپ ئۇچرايدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى گىمىڭ شىمىن بىلەن خاۋ گۇەنجۇڭلار بىردەك «刑罚»، «法纪» دەپ تەرجىمە قىلغان. قەدىمكى نۇرغۇن ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە «سىياسىتى

قىلىچىنى ئۆتكۈزۈلدى» دېگەن گەپلەر ئۇچرايدۇ. بۇ «قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى» دېگەن سۆز. شۇڭلاشقا «ئابدە» دىكى 刑罚 نى «جازا قانۇنى»، «جىنايى جازا» ياكى «قانۇن، تۆلەم» دەپ چۈشەنسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇ مەنىدىن ئۇ، «قانۇن» نى بىلدۈرىدىغان Törü بىلەن ئوخشاشتۇر. يۇقىرىقى بايان قىلىنغان قەدىمكى تۈركىي يېزىقىدىكى ئابىدىلەردە «ئاغىر تۆرۈ» دېگەن سۆز ناھايىتى كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ. بۇ «قاتتىق قانۇن-تۈزۈم» دېگەن سۆز بولۇپ مۇشۇ مەڭگۈ تاشتىكى 刑罚峭峻 دېگەن سۆزگە باراۋەر كېلىدۇ. شۇ مەنىدىن 刑罚峭峻 نى «ئاغىر تۆرۈ» (قاتتىق قانۇن-تۈزۈم) نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

4. «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (4) بۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان (مىلادى 747 - ، 759 - يىللار) نامىدىن يېزىلغان ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى يىللاردىكى ئىشلار خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا، «تەڭرىنىڭ ئېل ئېتمىشكە كۆرسەتكەن ھامىيلىقى بىلەن دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قانۇننىڭ بەلگىلىنىشى ھەققىدىكى بايان» لار ئويېيۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي يۈزى 3 - قۇرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئۆزە كۆك تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن ئاسرا ياغىزيەر ئىگتا (؟) ۋاك ئۈچۈن ئەلىمىم تۆرۈمىن ئەتىنتى» (مەنىسى: يۇقىرىدا كۆك تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى، تۆۋەندە قوڭۇر يەرنىڭ بېقىشى بىلەن، ئېلىمنى قۇردۇم، قانۇن - تۈزۈملىرىمنى ئورناتتىم).

## ئىككىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى

1. «ئوغۇزنامە» (5) ئۇنىڭ 325 - قۇرىدا «ئاي



قاغانۇم سەنگۇ تۆرۈلۈك بولسۇنغىل تۇرزۇن» دېيىلگەن. بۇنى پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر «ئەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن» دەپ ناھايىتى ئاممىباب ئۆزلەشتۈرسە («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» ئۇيغۇرچە 204 - بەت)، گېڭ شىمىن ئەپەندى «ئەي خاقانىم، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ئادىل بولسۇن» («ئوغۇزنامە»، خەنزۇچە 1980 - يىل نەشرى، 9 - ، 26 - ، 39 - بەتلەرگە قارالسۇن) دەپ تەرجىمە قىلغان.

2. «ئالتۇن يارۇق» (6) ئۇنىڭ 607 - قۇرىدا: «ئۇرۇك ئۇساتى كونى نومچە تۆرۈچە باشلاتاچى، ئىمەرىگمە قاماغ بودۇنىن قاراسىن ئاشمىش ئوكلىتمىش، قوپىتىن سىڭار ياغسىز ياۋلاقسىز ئەرتى (مەنىسى: ئۇ دائىم توغرا نوم بويىچە، قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ئەلنى باشقۇرۇپ، ئەتراپىدىكى پۇقرالارنى ئاۋۇتقان، ھەممە ئەتراپنى دۈشمەنسىز قىلغاندى)» . دېيىلسە، 627 - قۇرىدا: «قاچان تايىغ ئودۇق قىلغۇلۇق تۆرۈسىن ئەرتدۇر دۈكتە ئوترۇ ئەستۈپ ئىچىنتە بەكلەدىلەر (مەنىسى: ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مۇنار ئىچىگە دەپنە قىلدى)» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئالتۇن يارۇق» تا: «ئىل باسارۇ تۆرۈسىن ئوتۇنۇر سىزنىار ئايىتو (مەنىسى: ئىززەت-ئىكرام بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان قانۇن-نىزاملاردىن سوراڭلار)» دېيىلگەن. (ۋاڭ جىيايىڭنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

3. «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» (7) ئۇنىڭ 9 - قۇرىدا: «ئىلگ تۆرۈگ ئاغى بارىم تۇتار، ئاغى بارىم ئالقىنار ئىل تۆرۈنە چۇك تۇتار (مەنىسى: دۆلەتنى، قانۇننى مال-دۇنيا

ئۆتۈپ ئۆرىدۇ. مال-دۇنيا ئۆكەپ كەتسە، **دۆلەتنى، قانۇننى** قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرالايمىز؟ » دېيىلگەن.

4. « **مائىترى سىمىت** »[8]. ئۇنىڭ « ئۈچۈنچ ئۈلۈش ئۈچ پىتر A » (ئۈچىنچى بۆلۈم ئۈچىنچى ياپراق A) دىكى 16-، 17-، 18-، 19-، 20- قۇرلاردا: « قۇنچۇيلار ئەرسەر ئاراغ چىخا پىتلاغ **تۆرۈ** ...لى ئەرۈر، قايۇ ئومتا ئۆزۈن تونلىغ...لار ئەۋدىن بارقتىن ئۈنۈپ **دىنتار تۆرۈسىن** تۇتار- لار ئول نوم ئالقىنچۇقا تەگى ئارىغىن تۇرۇقىن ئۇرماز. » (مەنىسى: مەلىكىلەر بولسا ساپ **پەرھىز ساقلاش نىزام** —......بولىدۇ. قايسى نومدا خوتۇن-قىزلار..... ئۆي-ۋاقىدىن (ئايرىلىپ) چىقىپ **دىنتار** (**تاللانغان مانى دىنى مۇرىتى**) **نىزامىنى** تۇتسا، ئۇ نوم يوقىلىشقا يۈز تۇتۇپ، ساپ-تازا تۇرالمايدۇ) دېيىلگەن.

ئۇنىڭ « ئۈچۈنچ ئۈلۈش تۆرت پىتر A » (ئۈچىنچى بۆلۈم تۆتىنچى ياپراق A) دىكى 25-، 26-قۇرلاردا: « ئەد تاۋار ئۈزە سەۋىنچ ئۆتلى **تۆرۈسىنچە** تاپاغ ئۇدۇغ قىلايىن (مەنىسى: مال-دۇنيا بىلەن خۇشاللىققا جاۋاب قايتۇرۇش **يوسۇنى بويىچە** (بۇرھانغا) تاۋاب قىلاي) » دېيىلگەن.

5. « **شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى** »[9] ئۇنىڭ $A_3$ 13-قۇرىدا: « بىرلىغ بىرلىقار **تۆرۈچە** ئىتدى (مەنىسى: **يۇرتتا** مۇقەددەس قانۇن داۋاملاشتۇرۇلدى) » دېيىلگەن بولسا، $A_5$ 23، 24-قۇردا: « مۇنتاغ **ئۇلۇغ تۆرۈن** (مەنىسى: مۇشۇنداق تەنتەنىلىك **مۇراسىم**) » دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. $B_5$ 12-دىن 17-قۇرلارغىچە « بۇ **تۆرۈكى** يىلان كۈنكە بولتى. بۇ **تۆرۈ** ئەرتىمىسە كىن تورتۇنچ كۈن ۋىم بىچىن كۈنكە تركەن تىگىن توين كىرگۈ-لۈك كوسۇسى بولتى » (مەنىسى: بۇ **مۇراسىم** يىلان كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ **مۇراسىم** ئۆتكۈزۈلۈپ تۆتىنچى كۈنى يەنى مايمۇن كۈنى تەركەن



تىگىن راھىبلىققا كىرمەكچى بولدى) دېيىلسە، $B_7$ 21، 22، 23-قۇرلاردا: « ياتتۇرۇ لاغىكىغا ئىلتىپ ئانتا **ئۇلۇغ تۆرۈ** قىلتۇرۇپ ئۆتتۈردىلەر (مەنىسى: (خانىنىڭ جەسىتىنى) لاغىكىغا قايتۇرۇپ ئەكەلگەندىن كېيىن **كاتتا دەپنە مۇراسىمى** ئۆتكۈزدى) » دېيىلگەن.

6.« **قۇل بىتۈگىنىڭ بەگ ھۇزۇرىغا سۇنغان ئىلتىماسى** »[10] بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان « ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر » نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى مىلادى 1913-يىلى روسىيىلىك پروفېسسور س. ئې. مالوۋ ئۈرۈمچىدىكى بىر خرىستىئان چېركاۋىدا ئۇچراشقان F. Hogers ئىسىملىك بىر پوپتىن سېتىۋالغان ھەمدە ئۇنى لاتىن ھەرپى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەپ رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىن بۇ ھۆججەتنى « قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى » دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ 8-قۇرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

« كىچىگمەتە بىنىگ ئۆجىك نوم بوقشۇت ئورگەنمىس ئۈچۈن نەتەگ ئەرسەر توين بولۇپ، **توين تۆرۈسىنتە** يورىقاي مۇمەن ساقىنىپ، تىگۈي تايشى باشلاپ، قىتاي تايشىلارقا كەگە سەرمەن (مەنىسى: كىچىكىمدە خەت-ساۋاتىمنى چىقىرىپ نوم تەلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن، راھىب بولۇپ، **راھىبلار قائىدىسى** بويىچە ئىش تۇتاي دەپ ئويلاپ، تىگۈي تايشى باشچىلىقىدىكى قىتاي تايشىلىرى بىلەن كېڭەشكىلى باردىم) ».

7. « **مانى ئىبادەتخانىسى يارلىقى** »[11] بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھۆججەت بولۇپ، ئىدىقۇت پادىشاھلىقى تەرىپىدىن مانى ئىبادەتخانىسىغا يارلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن، ھۆججەتنىڭ 11 بېرى. ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان. ھازىر بېيجىڭ تارىخىي مۇزېيىدا ساقلانماقتا. (نومۇرى:

82، 8782T). خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى شىنجاڭدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا قولغا چۈشۈرگەن. 1954-يىلى ئەشر قىلىنغان «تۇرپاننى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ خاتىرە» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. ئۇنىڭ 3-، 4-، 5-قۇرلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«كىڭگۈرسىن... داكى **تۆرۈچە** ئىلكى (؟) داكى **تۆرۈچە** ئىس ئايغۇچى مۇزاق ئىلمىگا تۇتۇق ئىسلەتىزۇن (تەرجىمىسى: **ئەلنىڭ قانۇنى** بويىچە كىرىم-چىقىم قىلىدىغان راسخوتنى تۇتۇق (ئاختا قىلىنغان راھىب) لار ئىش باشقۇرغۇچى مۇجاك (سوغدىچە، مانى دىنىنىڭ باش راھىبى) ئۈچۈن ئىشلەتسۇن)».

34-، 35-، 36-قۇرلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئىس ئايغۇچى ئاغىلىقتا كىرۇر بولغۇلۇق يىر تۇسى تۆرت مىڭ بۇز بىس ئوتۇز قوقپۇ **بۇرقان تۆرۈچە** سىر سىب قانىقتا كىگۈرزۇن (تەرجىمىسى: خەزىنىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولغان يەر ئىجارىسى تۆت مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش قوقپۇ. بۇ بۇددا **قانۇنى بويىچە** زىرۋەتتا (12) كىرگۈزۈلۈپ خەزىنىدە ساقلانسۇن)».

54-، 55-، 56-قۇرلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مانىستانلا نەتەگ ئىس كۈچ بولۇپ تىگرى مۇجاگقا ئۈتۈككا كىلسار ئىلكىداكى **تۆرۈچە** شىروشانلار ئىس ئايغۇچىسىز كىرمازۇن (مانى ئىبادەتخانىسى ئىچىدە قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىشنى باش راھىبنى بىلمەكچى بولۇپ، سوراشقا توغرا كەلسە، **دىنىي قائىدە-يوسۇن بويىچە**، تەرىقەت باشلىقى يەنى مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشقا مەسئۇل ئەمەلدارلار ئىش باشقۇرغۇچىلارنى بىللە ئالماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا يالغۇز كىرمىسۇن)».

بۇ مۇجەت ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان



ۋاقتىدىكى قانۇن-تۈزۈملىرى ھەققىدە بىزنى ئەڭ يىراق مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە Toru دېگىنى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا «قىزغۇت» جازاسى بېرىش (13-، 15-، 82-، 92-قۇرلار)، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش (98-قۇر)، ئىشنى بۇزۇپ قويغانلارنى ئاۋۋال «ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇش» ئاندىن «قىزغۇت جازاسىغا تارتىش» (99-قۇر)، چوڭ راھىب ئاغرىپ قالسا داۋالىتىش (105-، 106-، 107-قۇرلار) ئاغرىپ قالغان راھىبلاردىن ياخشى خەۋەر ئالمىغانلارنى ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇش ھەمدە گۇناھىنى سۈرۈشتۈرۈپ سوراققا تارتىش (108-، 109-قۇرلار)، راھىبلارنىڭ تامىقى خام قالسا ئۈچ يۈز دەررە ئۇرۇش (119-قۇر)، ئالىي راھىبلارنىڭ يېمەكلىكى يېتىشمىسە خىزمەتچىنىڭ ھوقۇقىدىن چەتلەشتۈرۈلگەن... (13) دېگەن مانىستان (مانى ئىبادەتخانىسى) ئىچىدە قىزغۇت جازاسى بېرىش (33-، 34-قۇرلار) قاتارلىق مەزمۇنلار قەيت قىلىنغان.

## ئۈچىنچى، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىدىكىلىرى

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» (14) ئۇنىڭ I توم 144-بەت، II توم 23-، 32-، 33-بەت، III توم 166-، 167- ۋە 305-بەتلىرىدە «Toru» ئاتالغۇسى ئۇچرايدۇ، بولۇپمۇ I توم 144-بەتتىكى شېئىر تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىدۇر. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەتدىك كىشى تەتىلسۇن
**ئەل تۆرۈ** يەتىلسۇن
توقلى بۆرى قاتىلسۇن
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.

(مەنىسى مۇنداق:

ئەخمەق ئادەملەر ھوشىنى تاپسۇن، دۆلەتتە قانۇن-تۈزۈم تۈزەلسۇن، قوزا بىلەن بۆرىلەر قېتىلىپ بىر جايدا بىللە ياشايدىغان بولسۇن، بىزدىن غەم-قايغۇ كەتسۇن).

2. «قۇتادغۇبىلىك»(15) بۇ Tөrü قەيت قىلىنغان بارما مەتبەلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەلىدۇر. ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان Tөru ئاتالغۇسىنىڭ كۆپلۈكى ھەم كەڭ مەنىگە ئىگىلىكىدىن ئۇنى «قانۇن كىتابى» (كىتابۇل تۆرۈ) دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە Tөrü 114 بېيىتتە 124 قېتىم يالغۇز ئۇچرايدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

103, 103, 219, 252, 269, 286, 291, 355, 429, 454, 454, 800, 800, 812, 815, 822, 893, 939, 1041, 1374, 1435, 1451, 1456, 1458, 1458, 1458, 1461, 1570, 1642, 1643, 1686, 1690, 1670, 1772, 1911, 1927, 1931, 1941, 2015, 2017, 2022, 2032, 2033, 2034, 2036, 2058, 2111, 2128, 2133, 2134, 2136, 2165, 2171, 2474, 2490, 2531, 2713, 3093, 3107, 3108, 3121, 3192, 3207, 3463, 3463, 3739, 3997, 4001, 4002, 4006, 4008, 4010, 4016, 4016, 4018, 4038, 4082, 4082, 4140, 4153, 4170, 4309, 4309, 4321, 4446, 4449, 4473, 4595, 4604, 4605, 4605, 4606, 5170, 5172, 5197, 5285, 5287, 5288, 5302, 5471, 5491, 5498, 5559, 5576, 5734, 5735, 5737, 57541, 5743, 5744, 5765, 5887, 5903, 5944, 5944, 6266, 6273, 6409, 6489, 6492, 6550, 6593, 6594, 6595.

ئۇقۇرىغى بىيىتلەر ئىچىدە 103، 800، 3463، 4016، 4082، 4309، 4605 - ۋە 5944 - بېيىتلەردە Tөrü ئىككى قېتىمدىن، 1458 - بېيىتتە Tөrü ئۈچ قېتىمدىن تەكرارلانغان.



## تۆتىنچى، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر — تۈركىي تىلىدا يېزىلغان ئەسەردىكىلىرى

1. «خەزائىنۇلمائانى»(16). (ئىسلام-مەرىپەت خەزىنىلىرى). ئەلىشىر ناۋايى (1441 — 1501) نىڭ بۇ مەشھۇر دىۋانىدىكى بىر مەسنۇئىدە «تۆرۈ» (Tөrü) «تۆرە» (Tөra) شەكلىدە مۇنداق كەلگەن:

**تۆرە بىرلە** باش ئۇرۇپ تۇت خانىغە،
سەرقۇتنى بەر مېنى بى سامانغە.

(مەنىسى: پادىشاھقا **قائىدە-يوسۇن** بويىچە باش ئۇرۇپ تۇتقىن، ساقىندىسىنى مەندەك بىر بىچارىگە بېرىۋەت).

«تۆرۈ» (Tөrü) بۇ دىۋاندىكى يەنە بىر مەسنۇئىدە مۇنداق كەلگەن:

غەم غىزاسى ئاراسىندا قەنى تۈركانە ئاياغ
**تۆرە ئايىنى** بىلە ئامسا توقۇز، ئاخسا ئوتتۇز.

(مەنىسى: غەمنىڭ غىزاسىنى يەۋاتقىنىمىزدا بىر تۈركچە قەدەھ كەلتۈرۈلگەن بولسا ئىدى، **تۆرەدىكى** قائىدە بويىچە ئۈچ قېتىم ئۈچتىن ئىچىۋەتكەن بولاتتۇق) (17)

2. «**تارىخىي رەشىدى**»(18) بۇ كىتابنىڭ II توم 43-بابى — «رەسمىي تارىخنىڭ داۋامى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئۇ چاغلاردا يېقىندىن موغۇل ئەمىر ھەم ئېسىلزادىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېتىپ پۈتكۈل موغۇل ئۇلۇسى تەۋەسىدىكى ھەرقانداق ئادەملەرنىڭ يېتىشىدىن چوڭ ئىدى. تۆرە (Tөra) ۋە قائىدە-تەرتىپ (Tuzuk) ئۇرۇنىشى قاتارلىق چوڭ-چوڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز ھەرگىز بولمايتتى، زور كېڭەش ۋە مەجلىسلەردە ئۇلارنىڭ

ئونئۇرىغا قويغان يەكۈنلىرى بىردەك ھۆرمەتلىنەتتى» .

بۇقىرىقى بىر ئابزاس پارچىدا موغۇللارنىڭ بارلاس قەبىلىسى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، تارىخچى مىرزا مەھمۇد ھەيدەر كوراگانى كىتابىدا بۇ ئاقساقاللارنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ ئەلى ملىغ مىرزا، ئاغابېك، قاراباش مىرزا، سەئىدئەلى ئاغا، ئەلى قۇل كۆكولداش ھەم ئابدۇئەزىز مىرزا قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ 61-بابى — مۇنداق دېيىلگەن:

«قوياش مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇلۇغ تۆھپىكار خوجانەلى (ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ئالدىنقى بابلاردا بايان قىلىندى) نىڭ ئىنىسى تاھا ئەسىرگە چۈشكەن مەھمۇد قىرغىزنى باغلاقلىق پېتى خاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىردى. خان ئۇنىڭغا: ‹ئەسلىدە تۆرە دىكى قائىدە بويىچە ئۆلتۈرۈلۈشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمما بۇ قېتىم مۇراد-مەقسەت ئىزدەپ كەڭچىلىك قىلىپ خۇنىڭدىن كەچتىم› » دېدى.

دېمەك، يۇقىرىقى مەنبەلەر قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە كېيىنكى مەزگىلدە باش كۆتۈرۈپ چىققان موڭغۇللار شۇنداقلا ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موغۇللارنىڭ تارىخىدا «ئادەت» ۋە «قانۇن-تۈزۈم» نى بىلدۈرىدىغان «تۆرە» (töri) نىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن تارىخى مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان «Töri» (قانۇن) دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي قانۇنلاردىن «خاممۇرابى قانۇنى» (19) ياكى ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋردىكى «زى سەن قانۇنى» (20) دەك مەلۇم دەۋردىكى بىرەر خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن پەرمان بىلەن ئاشكارىلىنىپ ئىشقا كىرگۈزۈلگەن يازما «قانۇن توپلىمى» نىڭ نامى بولماستىن بەلكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، ھاكىمىيەت،



ھوقۇق چۈشەنچىلىرى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئادەتلىرى ۋە جازا ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ خىللىق بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ بىخلىنىپ، ئەل تۈتۈش مەزگىلىگە كەلگەندە ئومۇملاشقان، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىرخىل ئەنئەنىۋى قانۇننىڭ نامىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن «قانۇن» نى ئىپادىلەيدىغان «Törü» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتنىك مەنىسىگە نىسبەتەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئانچە ئىختىلاپ يوق.

مەشھۇر رۇس تىلشۇناسى ۋ. رادلوف: «سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەنگەن تۈركىي تىللىرىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» (В. В. Радлов): «ОЛЫТ СЛОВАРЯ ТЮРКСКИХ НАРЧИЙ» (پېتربۇرگ 1905-يىل III توم، I-قىسىم، 1254-بەت) دە، ئۇرقۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان Törü ئاتالغۇسىنى «ئادەت»، «قانۇن» ۋە «ھوقۇق» دەپ شەرھلىدى (21). شەرقشۇناس بارتولد بىلەن كونونوۋلار بولسا «قانۇن»، «ئۆرپ-ئادەت»، «نىزام» دەپ ئاتىدى (22). ياپونىيە ئالىمى بەيناۋ كوجى ئەپەندى «توڭغۇسلار ھەققىدە تەتقىقات» (东胡民族考) دېگەن ئەسىرىدە، «Törü» نى «قانۇن» ۋە «ئادەت» دەپ ئاتىدى (23). گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋە قەدىمكى زامان تۈركشۇناسى ئا.ۋ.گاباين «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى» (مىلادى 850 — 1250-يىللار) دېگەن ئەسىرىدە «Törü» نى Töra شەكلىدە تىلغا ئالىدۇ ھەم ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ «ئادەت قانۇنى» دەيدۇ (24).

«قەدىمكى تۈركچە - رۇسچە لۇغەت» (ДРЕВНЕ

«دىۋان» گە «Törü» تە، ( ТЮРКСКИЙ СЛОВАРЬ لۇغەتىت تۈرك» ، «تۇرپان تېكىستلىرى» 6-توم 184-بەت، «مانىخەي دىنىدىكىلەرنىڭ دۇئا-تىلاۋەتلىرى» ( V — VII ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ) نىڭ 115-قۇرى، «بىلگە خاقان ئابىدىسى» ھەم گېرمانىيىلىك مۇللېر ( Mullur. k. w. F ) نىڭ «Uigurica» (ئۇيگۇرىكا — ئۇيغۇرشۇناسلىق) لىرى قاتارلىق كىتاب مەنبەلىرىدىن جاۋاب تەييارلىنىپ «تەرتىپ»، «قائىدە»، «تۈزۈم» ۋە «قانۇن» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىلگەن. (25)

«مەركىزىي تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» ( An Etymological Dictionary of pere — Thirteenth Century Turkish 1972. 1. 11 — ) دە، «Törü» نىڭ «ئەنئەنە»، «قائىدە-قانۇن»، «قانۇن»، «نىزام»، «پەرمان»، «قانۇن»، «دائىملىق»، «ئادەت»، «جامائەت ئىشراپ قىلغان قانۇن-نىزام»، «ئىسلام دىنىدە، قارشى تۇرۇشقا بولمايدىغان، قەتئىي ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇن»، «رەسىم-يوسۇن» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلىرىنىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان ھەمدە موڭغۇللاردا «dore» ياكى «tore» دېيىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ VIII ئەسىردىكى تۈركلەرنىڭ تىلىدا، «torkuteru» دېيىلىدىغانلىقى، VIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر مانى، بۇددا، سانسكرىت تىللىرىدىمۇ teru دېيىلىدىغانلىقى، XI ئەسىردىكى خاقانىيە تىلى، X V ئەسىردىكى چاغاتاي تىللىرىدىمۇ törü ياكى toru دېيىلىدىغانلىقى شۇ زاماندا يېزىلغان بارلىق مۇخجەنلەردىن مىسال كەلتۈرۈشلەر ئارقىلىق ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن(26).

ناۋائىي ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان «تۆرۈ» ( Törü ) لەرگە «ناۋائىي ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە، «قائىدە»، «قانۇن»، «ئىنتىزام» ۋە «ئادەت»



دەپ تەبىر بېرىلگەن(27).

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، زاھىرىددىن بابۇر (مىلادى 1483 — 1530-يىللار) شاھ Tɵra (ئادەت قانۇنى)نى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن. مەلۇم بولۇشىچە، Tɵrü (ئادەت قانۇنى) ئۇنىڭ دەۋرىدە بەزى كۆچمەن قەبىلەر ئارىسىدا قوللىنىلغان بولسىمۇ، بىراق دۆلەت قانۇنىغا ئايلىنالمىغان. «چۈنكى ئۇ، ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇن يولغا قويۇلغان قانۇن بولۇپ، ئۇرغۇن تەرەپلىرى 〈قۇرئان〉 غا ماس كەلمەيدۇ». («بابۇرنامە»، 48-بەت)(28). «تارىخىي رەشىدى» دە قەيت قىلىنىشىچە، بابۇر «قوللىنىشقا ناھايىتى ئەپلىك بولغان بىر قانۇن قوللانمىسى يازغان» («تارىخى رەشىدى»، 2-كىتاب 35-بەت، خەنزۇچە)، مىرزا ھەيدەر كوراگانى بابۇرنىڭ بۇ كىتابى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ قوللانما ھازىرمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلماقتا» دەپ يازىدۇ. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خۇۋۇس ئۆزىنىڭ «ھىندىستان ئارخېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا «ياسا» ( yasa ) ۋە «تۆرە» ( tɵra ) لەر ھەققىدە كۆپ توختالغانىكەن. يوپ چەندىماك ( Amyot, pe — re ) تۈزگەن «تاتارچە-مانجۇچە-فرانسۇزچە سۆزلۈك» (1789-يىل نەشرى 18-بەت)تە tɵrü ياكى tolit دېگەن سۆزلەر تەرەپىدىكى «ياسا» ( yasa ) سۆزىگە باراۋەر كېلىدۇ، دەپ شەرھلەنگەن(29).

ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى «قانۇن دەستۇرى» بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە كۆپرەك تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۈركىيە ئالىمى كافەس ئوغلۇ ئىبراھىم «〈قۇتادغۇبە-لىك〉 ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىدە، «قۇتادغۇبىلىك» تە تىلغا ئېلىنغان «Tɵrü» نى Tɵrü شەكلىدە ئىستېمال قىلىدۇ ھەم ئۇنى تۈركىيىنىڭ

يەنە بىر ئالىمى، مەشھۇر قانۇن تارىخچىسى سەدرى مەخسۇدى ئارسالنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئىجتىمائىي ھاياتنى قېلىپقا سالىدىغان مەجبۇرىي قائىدىلەر» دەپ تەبىرلەيدۇ. ئۇ، «ئومۇمەن ئېيتقاندا، ‹قانۇن، نىزام› دەپ تونۇلىدىغان ‹ töru › ، ‹تۆرپ-ئادەتكە ئاساسلانغان قانۇنىي مۇئەسسەسە› دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ۋە ھازىر قوللىنىۋاتقان تۆرەن ‹مەرىكە مۇراسىم› سۆزىدىن كەلگەن ئۇقۇمغا قارىغاندا، törü تۈرك تۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى ھۆكۈملىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى» دەيدۇ ھەم كەسكىن ھالدا «تىلىمىزدىكى قەدىم مەدەنىي كەلىمىلەردىن بىرى بولغان ‹ Təra › تەبىرىنىڭ ئۆتمۈشكە 1600 يىل بولدى» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ (30).

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1979-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۇنجى خەنزۇچە تەرجىمىسى ھەم 1988-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مۇكەممەل خەنزۇچە تەرجىمىسىدە كۆپلىگەن شېئىر بەيتلىرىدە ھاۋكۇمەتچىلىك تەبىرلىرى Törü (تۆرۈ) گە "法" (518)، "法度" (355)، "法制" (6541)، "法令" (0556)، "礼法" (5956)، "礼义" (5954)، "规矩" (5064)، "公正" (5341)، "正义" (218)، "正道" (1511)، "典章制度" (1491)، "法度典章" (0042) ۋە "法典" (515) دەپ تەبىر بەرگەن.

[illegible]

تارىخىي جەھەتتىن ئىنقىلاپ چىقىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، ھازىرچە مەنبەلەردە ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى يېزىلغان خاتىرىلەر بولمىغانلىقتىن ئۇنى تىلشۇناسلىق جەھەتتىن ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ.

Töru نىڭ ئېتىنىڭ تەركىبىي ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن بېشارەت بەرگۈچى تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى بىلەن قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. مەھمۇد قەشقەرى Törü ۋە Təra لەر ھەققىدە قىسقا ئەمما ناھايىتى مېغىزلىق توختالغانىدى. ئۇنىڭ تەبىرىچە، «Təra تۆرۈ، رەسىم-يوسۇن، قائىدە» نى، «Təra (لەۋلەشتۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) تۆر، ئۆينىڭ تۆرى» نى كۆرسىتىدۇ. tora دېگەن «بۇ سۆز بەزىدە ‹ təra › دەپمۇ ئېيتىلىدۇ» (31).

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « Törü » سۆزىگە di ۋە ti قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان « törüdi » ۋە « törütti » سۆزلىرىگە بەرگەن تەبىرلىرى törü نىڭ ئېتىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئاچقۇچتۇر. ئۇ، törüdi گە «تۆرەلدى، يارىتىلدى» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا «ئىنسان تۆرەلدى، يارىتىلدى» دېگەننى مىسال قىلىدۇ، ئاندىن «بۇ پېئىل مەجھۇل مەنىدىكى ئۆتۈممسىزدۇر» (32). دەپ ئەسكەرتىدۇ. « törütti » ھەققىدە توختىلىپ، بۇ سۆز «تۆرەتتى، تۆرەلدۈردى» دېگەنلىك بولىدۇ، «تەڭرى ئادەمنى تۆرەلدۈردى» دېگەنگە ئوخشاش سۆز ئىشلىتىلىدۇ، «باشقا مەخلۇقاتلارنى تۆرەلدۈرۈشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ»، «ئوغۇزچىدا بىر نەرسىنى ئۆلچەمگە مۇۋاپىق تۈزىتىشكىمۇ ‹ törütti › دېيىلىدۇ» (33) دەيدۇ. دېمەك، ياراتتى، تۆرەلدۈردى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان « törüdi » ۋە « törütti » لەر «قانۇن» نى بىلدۈرىدىغان « törü » سۆزىدىن كەلگەن. «ياراتتى» ( yaratti )

سۆزى بولسا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە «لايىق قىلدى، ئويدۇرۇپ چىقاردى» (34) دېگەنلىكتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە «tər» (35) دېگەن سۆز يىلتىزىدىن ياسالغان «tərа» (36)، «tərka» (37)، «tərde» (38)، «tərdaki» (39)، «tərdin» (40)، «təri» (41)، «tərinda» (42)، دېگەنگە ئوخشاش ياسالما سۆزلەر بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇنىڭدا «Tərü» گە باشقا ئۇلانمىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان «Tərüni» (تۆرۈنى) (43)، «tərüda» (تۆرۈدە) (44)، «tərüqa» تۆرۈچە (45)، «tərüm» (تۆرۈم) (46)، «tərüsin» (تۆرۈسىن) (47)، «tərülüg» (تۆرۈلۈك) (48)، «tərüsüz» (تۆرۈسىز) (49)، «tərüsüzlük» (تۆرۈسىزلىك) (50)، «tərüsa» (تۆرۈسە) (51)، «tərügli» (تۆرۈگىل) (52)، «tərümixka» (تۆرۈمىشكە) (53)، «tərütigan» (تۆرۈتكەن) (54)، «tərütiganni» (تۆرۈتكەننى) (55)، «tərütganka» (تۆرۈتكەنكە) (56)، «tərütügli» (تۆرۈتۈگىل) (57)، «tərütürda» (تۆرۈتۈردە) (58)، «turütmazda» (تۆرۈتمەزدە) (59)، «tərütmak» (تۆرۈتمەك) (60)، قاتارلىق سۆز تۆركۈمى ۋە «tərümix» (تۆرۈمىش) (61)، «Tərümix» (تۆرۈمىش) (62)، «tərütmix» (تۆرۈتۈلمىش) (63)، «tərütülmix» (تۆرۈتۈلمىش) (64)، «tərütülmix» (تۆرۈتۈلمىشنى) (65)، قاتارلىق ئۆتكەن زامان ھېكايە پېئىلى، «tərütüng» (تۆرۈتتۈڭ) (66)، «tərütti» (تۆرۈتتى) (67)، قاتارلىق ئۆتكەن زامان پېئىلى، «tərütmadi» (تۆرۈتمەدى) (68)، قاتارلىق ئۆتكەن زامان ئىنكارىيەت پېئىلى ۋە «tərütür» (تۆرۈ-تۈر) (69) «tərür» (تۆرۈر) (70) قاتارلىق كەلگۈسى زامان پېئىلى كۆزىمىزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تە



ئۇچرايدىغان بۇنداق سۆز تۈركۈملىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «tər» (تۆر)، «tərgi — qihmak» (تۆرگە چىقماق)، «tərе» (تۆرە)، «torilix» (تۆرىلىش)، «təreldürmak» (تۆرەلدۈرمەك)، «təraldürüx» (تۆرەلدۈرۈش)، «təralma» (تۆرەلمە)، «təralmixunas» (تۆرەلمىشۇناس) ۋە «təriqilik» (تۆرىچىلىك) شەكىللىرى (71) بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ بىر تەرەپتىن تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ ئادەتتە كىشىلەر بىردىنلا بايقىۋالالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاستا بولىدىغانلىقى، يېڭى ئاملىنىڭ مەيدانغا كېلىشى كونا ئاملىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ گرامماتىكىسىدا تەدرىجىي باخشىلىنىش ۋە مۇكەممەللىشىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن «Tərü» نىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلەرنى ھەقىقەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «قانۇن» نى بىلدۈرىدىغان Tərü (تۆرۈ) نىڭ قەدىمكى تۈركىي شەكلى  قەدىمكى ئۇيغۇرچە شەكلى  ئىدى. «قانۇن» نى مانا شۇنداق «تۆرۈ» دەپ ئاتاۋاتقان ئاشۇ VII — VIII ئەسىرلەردە، ۋېزانتىيىدىن تارتىپ چاڭئەنگىچە سوزۇلغان پۈتۈن يىپەك يولىنى بويلاپ ئولتۇراقلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن دېيىلىۋاتقان سوغدىلار «قانۇن»، «ئادەت» لەرنى PSKh (ئوقۇلۇشى: پىدكو، پاداكىا، پەدەكىھ) سۆزى بىلەن ئىپادە قىلاتتى (72).

بۇنىڭدىن قارىغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تە كەڭ ئورۇن ئالغان «تۆرۈ» «Tərü» ۋە «تۆرە» (Toru) لەر باشقا-باشقا ئۇقۇم بولماستىن (ئۇيغۇر تىلىدا ə نىڭ ü گە

ياكى ıı نىڭ ə گە ئالمىشىپ قېلىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل فونېتىكىلىق ھادىسە) ياكى باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزگە ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ياسالغان ياكى بولمىسا ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزگە باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىكمە سۆز بولماستىن، بەلكى، دەل ئۇيغۇر تىلىدىكى «يۇقىرى ئورۇن»، «ئۇنىڭ يۇقىرىسى»، «ئۇنىڭ تۆرى» دېگەننى بىلدۈرىدىغان «تۆر» (Tər) گە ıı ۋە ə باغلىغۇچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بىرىكىپ ياسالغان ساپ ئۇيغۇر تىلىدۇر.

رۇس تىلشۇناسى بودا(گوۋ تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان «تۆرە» (Təre) ۋە «تۆرۈ» (Təru) لەرنىڭ ئۆدۈم، قائىدە، ئۆرپ-ئادەت، رەسىم-يوسۇن، تەرتىپ-ئىنتىزام، قائىدە-نىزام، سوت ھۆكۈمى، مەرتىۋە، ئۇنۋان قاتارلىق مەنىلىرى بارلىقىدىن سىرت يەنە يارىتىلىش، كېلىپ چىقىش دېگەندەك ئوخشاش(73) كۆچمە مەنىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئىلىم ساھەسىگە كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» دە: «مائىسرى سىمىت» تىكى Təru نىڭ «قانۇن-تۈزۈم»، «مۇراسىم» نى؛ «ئالتۇن يارۇق» تىكى Təru نىڭ «قانۇن»، «ئۆرپ-ئادەت»، «قائىدە-يوسۇن» نى؛ «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» تىكى Təru نىڭ «تۇغماق»، «تۆرەلمەك» نى بىلدۈرىدىغانلىقىنى؛ «ئەنە-بەنە تۆلىھە قايىق» تىكى Təret ۋە tərut نىڭ، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تۇرپان تېكىستلىرى» تىكى Tərutmek نىڭ، «ئالتۇن يارۇق» تىكى Tərqimek نىڭ شۇنداقلا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى Tərumek لەرنىڭ ياراتماق، پەيدا بولماق، تۇغدۇرماق، تۆرەلمەك، بارلىققا كەلمەك، يارىتىلماق دېگەندەك ئوخشاش مەنىلىرىنىڭ بارلىقى ئالاھىدە ئىزاھلانغان(74).



بۇ ئىزاھلارنى قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئېيتقان «ئەل يۇرتنى تەرتىپكە تۈزمەك، جاھاننى سۈزمەك ئۈچۈن بەگلەر تىكلەندى، كىشىلەر ئەل تۇتۇش ۋە بەگ ئىشى ئۈچۈن قانۇن-يوسۇنلارنى تۈزۈپ چىقتى» دېگەن بايانلىرى(75) بىلەن Tərü نىڭ ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتقان «بەگلىك ئىشنى ھەممە بەگلەر بىلىدۇ، تۆرۈ (قانۇن)، ئۆگدى (تەرتىپ)، قىلىق (ئادەت)، ياڭ (قېلىپ) شۇلاردىن كېلىدۇ» (76) دېگەن ھۆكۈملىرىگە پاراللېل قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان «تۆرۈ» (Tərü) نىڭ مەزمۇنى تولىمۇ مول ۋە كەڭرى بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، جازا، ئائىلە، نىكاھ، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەتلەردىكى قائىدە-رەسمىيەت، ھەرىكەت مىزانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىن بۇرۇنقى ئۇرقۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان «تۆرۈ» (Tərü) ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان پروفېسسور سەي خۇڭشىڭ ئەپەندى ئۆز تەتقىقاتىنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى قەيتلەر بىلەن تولۇقلاپ، «تۆرۈ» (Tərü) نى «يەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى» ۋە «مال تامغىسى»، «قۇل» ۋە «يۇقرا»، ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى ھەم شۇنداقلا جىنايى ئىشلار قانۇنى دەپ بەش چوڭ تۈرگە بۆلگەن ئىدى(77). يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا «قۇتادغۇبىلىك» تە-كى «تۆرۈ» (Tərü) نى «بەگلەرگە تاپىنماق تۆرۈسى توقۇسى» (بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى)، «ئاشقا بارماق تۆرۈسى» (زىياپەتكە بېرىش قائىدە-يوسۇنلى-

رى)، «ئاشقا ئوقماق تۆرۈسىن» (زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى) ھەم «ئەل ئەتگۈ تۆرۈسىن» (مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى) دەپ تۆتكە بۆلىدۇ(78). ئەمما ئۇنىڭ ئايان قىلماقچى بولغان Törü (قانۇن)لىرى يالغۇز مۇشۇ تۆت تەرەپ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى پۈتۈن ئەسەرنىڭ ھەممە قۇرۇلمىلىرىغا ئورگانىك ھالدا سىڭدۈرۈپ ئايان قىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمىدىكى Törü كەلىمىسى ئاستىدا ئابستراكتلا ئەمەس بەلكى روشەن دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە ئۆزگىچە كەڭ ۋە كونكرېتنى بولغان مەزمۇنلار ياتىدۇ.

قۇتادغۇبىلىكنىڭ 47-بابى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابلىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋاتقان Törü (قانۇن) ۋە Toku (يوسۇن)لارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنلىرى سۆزلىنىپ ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان قانۇن، نىزامنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكى بىزگە ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سالساق ئايدىڭ بولمىغان بەزى ئۇقۇملار يېشىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ۋەقەلىككە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭدىكى تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىش ئۈچىنچى شەخس ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆپ قېتىم تاللاپ كۆرسىتىشى بىلەن خان تەرىپىدىن ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىنىدۇ. ئودغۇرمىش ئۇزاققىچە تاغدا ئىسكات قىلىپ شەھەر ۋە سارايى ئەھلى بىلەن باردى-كەلدى قىلمىغان تەقۋادار زاھىت بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدا ئوردىدا خانلىق تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن، يوسۇنلاردىن بىخەۋەر ئىدى، شۇڭا ئۇ خاننىڭ يارلىقىنى رەت قىلىپ. ئۆگدۈلمىشكە: «كىشىلەر ئەل تۇتۇش ۋە بەگ ئىشى ئۈچۈن قانۇن، يوسۇن ۋە ئۇسۇل تۈزۈپ چىققان»، جاھان ئۆتكۈنچى ئەۋرىشەك «ئەتىلىك بولۇش ۋە ئەل-يۇرتنى سوراشتا قۇرقانى ئىۋرەك» بولۇشتىن ئاشقىنى يەنە. «قانۇن



ۋە ئۇسۇلنى بىلمەكلىكى زۆرۈر» دۇر، «مەن كىشىلەردىن يىراق يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن قانۇن ۋە ئۇسۇللاردىن بىخەۋەرمەن»، ئۇنداقتا «بېگىڭگە قانداق خىزمەت قىلالايمەن؟» شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە، «مېنى ئىمىشقا بەگكە خىزمەت قىل دەپ چىڭ تۇتۇپ، كۈچەيسەن؟» دەيدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ بۇ پىكىرلىرىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە: «كىشى بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلماس»، «قانۇن، يوسۇنلارنى بىلىش قىيىن ئىش ئەمەس»، «كىشى بىلمىگەننى ئۆگىنە بىلەر»، «بۇ قانۇن-يوسۇنلارنى مەن بىلىمەن، ئۇنى ساڭا ئېيتاي، سەن ئۆگەن» دەيدۇ. ئودغۇرمىش ئاخىرى مۇنازىرىلەر ئارقىلىق ئۆگدۈلمىشكە قايىل بولۇپ، ئوردىغا كېلىشكە ماقۇل بولىدۇ ھەمدە: «قانۇنلار نەچچە تۈرلۈك، ماڭا ئېيتقىن، يوسۇننى بىر-بىرلەپ ئاتلىرى بويىچە ساناپ بەر» دەيدۇ. ئۆگدۈلمىش: «ئۆگەنمەكچى بولساڭ ئاڭ، ئەقلىڭ بىلەن شۇڭا تۇرۇپ ئاڭلا ۋە ئۆگەنگىن، بۇ تۈگۈنلەر ساڭا يېشىلسۇن» دەيدۇ(79). شۇنداق قىلىپ ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاغزىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ «قانۇن»، «يوسۇن» لارنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ. مانا مۇشۇ كىچىككىنە دىرامانىڭ تۈس ئالغان بىر ۋەقەلىك بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋاتقان «قانۇن»، «يوسۇن» لارنىڭ نېمىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

«ئەگۆتەر ئەتىشگىل تۆرۈ بەرگۈچى، تۆرۈ بىرلە بەگلىك ئىشىن ئەتگۈچى» (بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى قانۇن بىلەن قىلغۇچى كىشى، سەن ئاڭلا، قانۇن تۈزگۈچى نېمە دەيدۇ) دەپ سۆزىنى باشلىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىنى بايان قىلسا، «ئەگۆتەر ئەتىشگىل تايۇغ قىلغۇچى، تۆرۈ بىرلە

باشلاپ قاپۇغ تۈزگۈچى» (دەرگاھ ئىشلىرىنى نىزام بىلەن تۈزگۈچى كىشى، سەن ئاڭلا! خىزمەت قىلغۇچى نېمە دەيدۇ) دەپ سۆزنى باشلاپ «قاپۇغ تۆرۈسى» (دەرگاھ ياكى ساراي نىزامى)نى بايان قىلىدۇ. «ئەگۈتەر ئەشتىگىل تۆرۈلۈگ كىشى، ئۇنۇڭدىن يىرامىش ئۇقۇشلۇغ باشى» (ئاداۋىتىن يىراق تۇرىدىغان ئاقىللار بېشى، قانۇن بىلىدىغان كىشى نېمە دەيدۇ، سەن ئۇنى ئاڭلا) دەپ گەپ باشلىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرالارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ دۆلەتكە بولۇشىش، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكەشمەسلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلسا، «ئەدى ياقتى ئايمىش تۆرۈبىلمىش ئەر، تۆرۈ ئۆگدى بىرلە بۇدۇن تۈزمىش ئەر» (قانۇن بىلىدىغان، قانۇن-نىزام بىلەن ئەلنى تۈزگەن ئەربەكمۇ ياخشى دەپتۇ) دېيىش ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئادەمگەرچىلىك، ھۆرمەت مۇناسىۋەتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئىلىگنى بىتىگۈچى» ۋە «ئۈزىنىڭ كىلىغا ئىگە بولغۇچى»لار ئاغزىدىن «تۆرۈ» ، «ئۆگدى تۆرۈ» ۋە «تۆرۈ ئۆگدى»لەرنى بايان قىلسا، «ئىلى ئەركىنى (ئېلى رابىتىنىڭ جوگى، يۇرت باشلىقى دېگەن مەنىدە) قاپۇغچى تۆرۈسىنى (خىزمەتچىلەر قائىدە-يوسۇنى)نى ئىشىنى بېرىدۇ، دىققەت بىلەن ئاڭلا» دېيىش ئارقىلىق مۇناسىۋەت [illegible] بايان قىلىدۇ (80). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە «قانۇن»نى ھەم ئۈزىنىڭ ئاغزىدىن، ھەم [illegible] قانۇنچىلارنىڭ ئاغزىدىن، ھەم ئۆز [illegible] قانۇنچىلارنىڭ ئاغزىدىن بېرىدۇ، بەزىلىرىنى ئۇدۇل [illegible]، بەزىلىرىنى بولسا يان تەرەپتىن [illegible] بايان قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تە «قانۇن» مەنىسىنى بېرىدىغان [illegible] ئاتالغۇسى بىلەن بىرلىكتە يەنە «ئادەت» ، «دۆزىن» (تۈزۈم) ۋە «تۆرى» ( Tore ) مەنىلىرىدە كېلىدىغان «توقۇ» ( toku ) كەلىمىسى 1643، 2490، 2531، 3739، 4001، 4002، 4010، 4038، 4321-بېيىتلاردا ئايرىم كۆزگە چېلىقىدۇ. «سىن» ( sin ) قوشۇمچىسى ئۇلانغان «توقۇسىن» ( tokusin ) كەلىمىسى C 54، 2497-بېيىت ۋە 47-بابىنىڭ ماۋزۇلىرىدا، «لارىم» ( larm ) قوشۇمچىسى ئۇلانغان «توقۇلارىم» ( tokularm ) كەلىمىسى 4026-بېيىتتە، «لۇگ» ( lug ) قوشۇمچىسى ئۇلانغان «توقۇلۇگ» ( tokulug ) كەلىمىسى 4014-بېيىتتە، «سۈز» ( süz ) قوشۇمچىسى ئۇلانغان «توقۇ سۈز» ( zokusüz ) كەلىمىسى 4447-بېيىتتە ئۇچرايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»تىكى «توقۇ» ( Toku ) ئاتالغۇسىنى يەنە شۇ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 3466، 4794، 5093 قاتارلىق ئۈچ بېيىتتە تۆت قېتىم ئۇچرايدىغان «دايانا ك» ، «دەستەك» مەنىلىرىدىكى «توقۇم» ( toküm ) ئاتالغۇسى شۇنداقلا تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «توقۇ»غا بەرگەن تەبىرلىرى ئارقىلىق شەرھلەش مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ «قوم» بۆلىكىدە «تۆگە يوپۇقىنىڭ ئىچىگە سامان تىقىپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تۆگە تۆركەشكىچە توقۇلىدۇ؛ ئالدىن تۆگىگە توقۇلىدۇ» دەپ ساۋۇتنىڭ دومسىگە توقۇم توقۇلىدىغانلىقىنى سۆزلىسە (81)، «توقۇ» بۆلىكىدە، «توقۇلادى» ( tokuladi ) گە تەبىر بېرىپ: «توقۇ تىكىش» دېگەنلىك بولىدۇ، دېمەك مەنىدە ئۇششاقتا «ئادەم قېپىنى توقۇ بىكىتتى» (ئەر قازىنى توقۇلادى) دېگەنلىكنى مىسال قىلىدۇ (82). مەھمۇد قەشقەرىنىڭ [illegible] بويىچە [illegible]. ئالدى بىلەن [illegible] (83)، ئالدى «قېپىس تىلى [illegible]» (84). نەتىجىدە توقۇم [illegible] توقۇلىدۇ.

بۇ ئۇيغۇرلاردا بىرەر نەرسىنى ئۆلچەيدىغان «بىچىم» مەنىسىدە كېلىدىغان قانۇننىڭ «تۆرۈ» (Təru) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغىنىدەك، يەنە «توقۇ» (Toku) دەپ ئاتىلىشىنىڭمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، «تايىنىش»، «دەستەك قىلىش»، «يۆلەنچۈك قىلىش»، «تىزگىنلەش»، «يۈگەنلەش»، «تۇتۇپ تۇرۇش»، «باشقۇرۇش»، «دائىرە ئىچىگە ئېلىپ تۇرۇش» ۋە «كونترول قىلىش» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىرخىل «تۇتقا» مەنىسىدە چۈشىنىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەسلى كېپىمىزگە كەلسەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تۆرۈ» (Təru) دېگىنى دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى كۆرسەتسە، «توقۇ» (Toku) دېگىنى تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرپ-ئادەت قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «تۆرۈ» (Təru) بىلەن «توقۇ» (Toku) ھەققىدىكى ئومۇمىي بايان ئەسەرنىڭ 47-بابىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ تەپسىلىي شەرھلىرى 28-بابتىن 38-بابقىچە بولغان 11 باب، 48-بابتىن 66-بابقىچە بولغان 19 باب ۋە 72-بابلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجەمەلىك بىلىق ئىجتىمائىي پائالىيىتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن «ئادەت قانۇنى» نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك» تە تۆتىنچى قىسىم ئەترابلىق قەلەمگە ئېلىنىشىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان «قانۇن»، «يوسۇن» لارنى ئۇنىڭ تەدبىرلىنىش دائىرىسى جەھەتتىن خاس بەلگىلىمە ۋە ئورتاق بەلگىلىمە دەپ، مەزمۇنى جەھەتتىن ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار، لەشكىرىي



ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار، جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ، پاراۋانلىققا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. خاس بەلگىلىمەلەر ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن قائىدە-قانۇنلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ تۆۋەندىكى چوڭ-كىچىك بەگلەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرى، ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەقلىي-ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي شەرتلىرى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئورتاق بەلگىلىمەلەر — ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدە-قانۇنلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى كۈنسايىن ئۆتكۈر-لىشىۋاتقان زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەش مەسىلىسى تىزىملاشتۇرۇلغان. خاس بەلگىلىمەلەر بىلەن ئورتاق بەلگىلىمەلەر ئەمەلىيەتتە بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇننىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەسەردىكى «بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى»، «بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لازىملىقى»، «ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى»، «پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «ئاغىچىلىققا قانداق كىشى لازىملىقى»، «باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «ئىچىملىك بېشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى»، «ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش»، «ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە

بولۇش» قاتارلىق تېمىلار 12 بابتا بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە تەدبىقلىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بەلگىلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈنگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە پېقىرلار قاتارلىق بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 12 خىل تەبىقە بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لەشكىرىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار «ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى» بابىدا. جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» بابىدا، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار «خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى» ۋە «خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش» بابىدا، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى»، «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلەش» شۇنداقلا «زىياپەتكە بېرىش ۋە چاقىرىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» بابىدا تولۇقلۇق ھالدا بايان قىلىنغان.

بۇ يەردە بىز ئۇ قانۇن-يوسۇنلار بىلەن ئەپسىلى تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

## بەشىنچى، ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئۆزىكىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، بەگ



ئىشلىرى نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا بەگلەرنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، يۇقىرىلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى، ۋەزىپىلىرى ۋە تۇپۇزى قانۇنىي يوسۇندا نىزاملاشتۇرۇلغان.

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا، ئالدى بىلەن بەگ بولماقچى بولغان كىشىنىڭ نەسەبى ئېسىل بولۇشى، يەنى بەگ نەسەبىدىن بولۇشى كېرەكلىكى، باتۇر، كۈچلۈك جەسۇر بولۇشى، ئەقىللىك، بىلىملىك، سېخىي، سىلىق بولۇشى، ئاقىل بولۇشى، كۆڭلى، تىلى تۈز، خۇلقى ئۈز بولۇشى، كۆزى توق، دىلى كەڭ بولۇشى، پەزىلەتلىك بولۇشى، تەقۋادار، ئېرىنغ بولۇشى، ئېغىر-بېسىق، سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى، شاشماق (ئالدىراڭغۇ) بولماسلىق، غەزەپلىك بولماسلىق، مۇلايىم، ئۇيياتچان بولۇشى، ئاچكۆز بولماسلىق، خۇلقى-مىجەزى، سۆز-ھەرىكىتىدە ئوچۇق-يورۇق بولۇشى، سەگەك، ھوشيار بولۇشى، بىپەرۋا بولماسلىق، غاپىل بولماسلىق، خەلققە زۇلۇم سالماسلىق، خەلقپەرۋەر بولۇشى، يالغانچىلىق قىلماسلىق، راست سۆزلۈك بولۇشى، پىتنە-پاساتچى بولماسلىق، ئويۇن-تاماشا، كەيپ-ساپاغا بېرىلمەسلىك، كىچىكىدىن تارتىپلا دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، قانۇن-يوسۇنلارنى ئۆگىنىش، بەگ بولغاندىن كېيىن ئىلىم بىلەن ئەلگە ياخشى قانۇن تۈزەپ بېرىش قاتارلىق قىلىشقا ھەم قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلار نىزام قىلىپ بېكىتىلگەن.

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا يەنە بەگلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «بەگلەر چىرايلىق، ساقاللىرى كېلىشكەن، ئوتتۇرا بوي، شۆھرەتتە بەركامال بولسۇن» دېيىلگەن ھەمدە چىرايلىق بولۇشنىڭ خەلق ۋە ئەلگە سۆيۈنچ ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، كۆركەم، ھەيۋەتلىك بولۇشنىڭ دۆلەتكە ئابروي، ياۋغا قورقۇنچ كەلتۈرىدىغانلىقى، بويى ئېگىز كىشىنى بىلىم خوپ

كۆرمەيدىغانلىقى، بويى پاكار بولسا، خۇش پىچىم بولمايدىغانلىقى، پاكار كىشىنىڭ ئۆزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان بولىدىغانلىقى، شۇڭا بەگلەرگە ئوتتۇرا بوي كىشىنىڭ تازا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن (85).

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا، «ئۈششۈمتۈت بىرەر چاتاق تەگمىگەي دېسە، بەگ بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق بولسۇن، ئىشىغا داغ تەگمىسۇن دېسە، بەگكە ياخشى خۇلق، مىڭ تۈمەن خىل پەزىلەت كېرەكتۇر. بەگ خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان بولغاي، بۇنىڭ بىلەن چوڭ-چوڭ ئىشلار قىلىنار. بەگنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا قولى ئۇزۇن، ئوبىاتچان، سىلىق، قىلىقى تۈزۈت بولسۇن. خان ئەقىللىك، ئالىم، توغرا بولغاي، قەھرىمان بولۇپ شۆھرىتىنى ئاشۇرسۇن. سېخىي، ئېسىل، ھايالىق، سىلىق، كۆيۈمچان بولۇپ، خەلقنى بەك كۆزەتسۇن. ئۇ، دائىم كۆزى توق، سەۋرلىك ھەم مۇلايىم، ئەپچان، ئۆز خۇلق بولسۇن. خاننىڭ پۈتۈن پەزىلەتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئەلگە ياخشى قانۇن تۈزۈپ بېرەلىسۇن. قايسى ئەلنىڭ خېنى شۇنداق بولسا، خەلقى دەرد-ئەلەمدىن خالاس بولۇپ، زۇلۇم ۋە ئازاپتىن قۇتۇلغاي، پۇقرالىرىنىڭ بەختى كۆڭلى توغۇلۇپ، ئەلدە تىنچلىق ئورنىغاي» دېيىلگەن (86).

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا، «بەگ جاھان تۈزىگەي دېسە، لەشكەر، ئەر ۋە ئات توپلاش كېرەك. ئەر ۋە ئات بولۇش ئۈچۈن كۆپ مال، دۇنيا يىغىش كېرەك. مال-دۇنيا يىغىش ئۈچۈن باي بولغان خەلق كېرەك. ئەلنى بېيىتىش ئۈچۈن ئادىل قانۇن تۈزۈش كېرەك. بۇنىڭدىن بىرى كەملىسە تۆتى قالىدۇ، تۆتى بوشالسا بەگلىك تۈگەيدۇ. بەگ ياخشى شۆھرەت ۋە نام ئالاي دېسە، بۇ بەش ئىشنى تامام يىراق تۇرغۇلۇق: بىرىنچى، شاشالىقنى؛ ئىككىنچى، بېخىللىق؛ ئۈچىنچى،



غەزەپ؛ تۆتىنچى، ئۆزەمچىلىك؛ جاھىللىق، بەشىنچى، بىشەك يالغان ئېيتماق. بۇلارنىڭ ئەڭ يامىنى ئۆزەمچىلىكتۇر. يىغى قىلمىغاننى ئۆزەمچىلىك قىلار، شۇڭا ئۆزەمچىلىككە ئوق ئېتىش لازىم. بەگ تولا ئەل تۇتاي دېسە، قۇربى يەتسە مۇنداق ئۈچ ئىشنى قىلغۇلۇق: بىرىنچى، ئوڭ قولىدا قىلىچ تۇرغۇلۇق؛ ئىككىنچى، سول قولىدا غەنىمەتلەرنى ئېلىپ تۇتۇرغۇلۇك؛ ئۈچىنچى، سۆزنى شېكەردەك چۈچۈك قىلغۇلۇق لازىم» دېيىلگەن (87).

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا يەنە، بەگ بولغان كىشىنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىق ئۈچۈن يەنە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى قىلماقلىق كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. ئۇلار: كۆڭۈلنى، تىلنى دۇرۇس تۇتۇپ خۇداغا سېغىنىش، خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى مۇھىم بىلىپ تېۋىنىش، خۇدادىن كەلگەن ياخشىلىقنى، يامانلىقنى شۈكۈر قىلىش، خەلققە چىن كۆڭلىدىن كۆيۈمچان بولۇش ۋە دائىم ياخشىلىق قىلىش، خەلققە مەتپەئەت يەتكۈزۈش، ھەرگىز زىيان بولىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، يامانلارنىڭ خەلققە سالىدىغان زۇلۇم-كۈلپەت، زىيان-زەخمەتلىرىنى يوق قىلىش قاتارلىقلاردۇر (88).

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا، بەگلەر ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك شەرت، مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىنىشىدىن سىرت يەنە ئالاھىدە قىلىپ: «بەگكە مۇشۇنداق پەزىلەت ۋە بىلىملەر كېرەك. قايسى ئەردە مۇشۇنداق ئەردەم، يوسۇنلار بولسا، ئۇنى بەگ ئاتاپ، ئۈستۈن ئورۇن بەرسە بولار. شۇنداق ئەرلەرلا تولۇق بەگ ھەم ئەل بېشى بولار، ئۇنىڭدىن كىشىلەر تۈرلۈك خۇۋلۇقلارنى تاپار. ئاۋادا بىرەر بەگ تولغان بەگ بولاي دېسە، پەزىلنى تولۇق تۇتقۇلۇق لازىمدۇر.» دەپ بەلگىلەنگەن (89).

بەگ ئىشلىرى نىزامىدا، بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى

نوپۇزى قانۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا: «بەگلەر ئارزۇلىرىغا تىلەپ يېتەلمەي قالسا، ئۇ ئىچۈك بەگ بولار. ئەل ئىچىدە ئۇنىڭ پەرمانى ئۆتمىسە، ئۇ قانداق قىلىپ ئەلنىڭ كاتتىسى ۋە خانى بولار. ئەل بېگى — خەلقنىڭ ئۇلۇغى. ئۇنىڭغا پۈتۈن خەلق تامام ئېھتىرام قىلغۇلۇقتۇر. بەگ بارلىقى يۇقىراغا ۋاجىپتۇر. چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنى قەدىرلەپ ئۆتمىقى لازىمدۇر. بەگ يولغا سېتىۋالغان قۇل بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەم سۆزىگە رىئايە قىلىش كېرەك» دېيىلگەن (90).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىلەرنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر، ئۇردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئىككىنچىسى بولۇپ، ئۇ، ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ۋەزىرلىك ئىشلىرى نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا ۋەزىرلەرنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان شەرتلىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

ۋەزىرلىك ئىشلىرى نىزامىدا، ئالدى بىلەن ۋەزىرلەر ھەققىدە تونۇشلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «بەگكە ئەقىللىك ۋەزىر كېرەكتۇر. ۋەزىر ياخشى بولسا، خان تىنچ ئۇخلايدۇ. ۋەزىر بەگلەرنىڭ يۈكىنى يۈدىگۈچى ھەم خانلىقنىڭ ئۇلىنى مەھكەملىگۈچىدۇر. ۋەزىرلىك ئۇلۇغ ئىش، ئۇنىڭغا ئۆگەنمەك، بىلمەك، خۇش پېئىل، سەۋرچىل كىشى قويۇلۇشى كېرەك.» (91).

ۋەزىرلىك ئىشلىرى نىزامىدا، «ئەلدە بەگدىن قالسىلا ۋەزىرنىڭ ھالى ئۇلۇغدۇر، ۋەزىر بەگلەرنىڭ سۆزلىگۈچىسى ۋە ... بولغان ئىشلىرىنى ئەلگە يەتكۈزگۈچىدۇر. شۇڭا ۋەزىر ئەقىللىك، بىلىملىك، سىلىق، ئەقىدادار، ئىشەنچلىك، تىرىك، ئىناۋەتلىك، كۆزى توق بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن (92). بۇ ۋەزىرلەرنىڭ ئۆتەيدىغان ئېگىزلىك بولغان ئەخلاقى



جەھەتتىكى شەرتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەقلى جەھەتتىكى شەرتلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ۋەزىرلەر ھېساب بىلىدىغان بولسۇن ھەم ئالىم كىشىلەردىن بولسۇن. ئۇ تۆرلۈك بىتىكلەرنى بىلىم بىرلە بىلسۇن. ۋەزىرلەرنىڭ ھەممە ئىشى ھېساب بىلەن بولار. ئادەم يېزىق بىلەن بىلگەنلىرىنى يازار، شۇڭا ۋەزىرلىككە بەكمۇ پۈتۈن ئەر كېرەك، ئوقۇملۇق، ساۋاتلىق بەك ئاقىل كېرەك. ۋەزىر مۇلايىم ۋە تىلى يۇمشاق بولسۇن، بۇ خەلققە ئۆزىنى سۆيگۈزۈشنىڭ يولىدۇر.» (93)

ۋەزىرلىك ئىشلىرى نىزامىدا، ۋەزىر بولىدىغان كىشىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى شەرتلىرى: «ۋەزىردە بەھەيۋەت چاچ - ساقال بولغاي، بەھەيۋەت بولسا، ئۇ ئىش راۋاج تاپار. ۋەزىرنىڭ چىرايى ھەم چاچ - ساقاللىرى كېلىشكەن بولۇشى كېرەك. خۇلقى خۇددى خەلققە ئۇلۇش بولغۇدەك ئۇز (گۈزەل) بولۇش كېرەك. ۋەزىرنىڭ قىلىقى دۇرۇس، خۇلقى ئوچاي بولسا، ئۇنىڭدىن ئەلگە ھەركۈنى ياخشىلىق تېگەر» دەپ بەلگىلەنگەن (94).

ۋەزىرلىك ئىشلىرى نىزامىنىڭ ئاخىرىدا، ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ يۈكسەك خەلقپەرۋەر بولۇپ، تىلى بىلەن دىلى بىر، ئويغاق، كۆيۈمچان، كۆزى توق، سەگەك، ساق ھەم ئىش بىلگۈچى، يارامىلىق بىلەن يارامسىزلارنى پەرق ئەتكۈچى، ۋاپادار، ئىشچان، ئەيمەنگۈچى، ئامانەتتە كۆڭۈلنى ساپ تۇتقۇچى كىشىلەردىن تاللاپ قويۇلۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەمدە «مۇشۇنداق بەزىلەت، بىلىملەر كىمدە تولۇق بولسا، ئەلگە شۇنىڭغا ۋەزىرلىكنى بەرسە بولغاي، مۇشۇنداق كىشىلەر بەگكە ۋەزىر بولسا، بەگ ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ئاسايىش تاپىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ۋەزىر تېپىلسا، خان ھۇزۇردا ياشايدۇ، خەلق بەخىرامان ئۇخلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن خان مەقسەتكە يېتىدۇ. ئىشى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئېلى

تۈزۈلۈپ، خەلقى باي بولىدۇ. ۋەزىر يارامسىز ياكى يامان بولسا، ئۇ ئەل خەلقى بۇزۇلىدۇ، بايلارمۇ پېقىرلىشىدۇ.» دېيىلگەن (٩٥).

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشىلەرنىڭ يارايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەتنى بويىچە ئېيتقاندا، ھاجىپ نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا ھاجىپلارنىڭ ئەقلى، ئەخلاقى، جىسمانىي جەھەتتىكى شەرتلىرى، ھۆكۈمدار ۋە پۇقرا ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى، ۋەزىپىلىرى، ھوقۇقلىرى شۇنىڭدەك رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزاملىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

ھاجىپ نىزامىدا، بەگلەرنىڭ شادلىنىپ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن ئۇلۇغ ھاجىپلىققا دۇرۇس كىشىلەرنى تاللاش كېرەكلىكى، شۇ چاغدىلا بەگلىك ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ ھاجىپ بەكمۇ چىن ئىنسان بولۇشى، چىن بولۇش بىلەن تەڭ يەنە بەك دىندار بولۇش كېرەك. ئۇ، نەسەبلىك، خۇلقى ئۈز بولسۇن، تېگى ياخشى بولسا، ئەر ياخشى بولىدۇ. بۇنداق ياخشى ئەرلەر ئەلگە ياخشىلىق تىلەيدۇ. كىشى ياخشىلىرىدىن ئەزگۈلۈك كېلىدۇ، خۇيى ياخشى ئەر سۆزىنى دەككەب قىلىدۇ، بۇ خىل ئەرنىڭ ئىشى ئالغىسۇلۇك بولىدۇ. كۆزى توق كىشى ئىشتا پارا ئالمايدۇ، كىشى ھايالىق، سىلىق بولسا، خۇيى نازۇك بولىدۇ، بۇنداق ئادەمنىڭ خۇيى، سۆزىدىن ئۆمۈر بويى ياخشىلىق كېلىدۇ. ئۇيالىق كىشى، يامان ئىش قىلمايدۇ، يارامسىزغا قوشۇلمايدۇ، كىشى تىللىمايدۇ. سىلىق ئەرگە دۆلەت سىڭىملىق بولىدۇ، سىلىق بولسا، يەنىمۇ لايىقلىق بولىدۇ. زېرەك بولسا مالدىن قىيالماس بولىدۇ، بىلىم بولسا ئىشتا يېڭىلمەس بولىدۇ. شۇڭا



ھاجىپ بولىدىغان كىشىنىڭ، تېگى ئېسىل بولسۇن. تەقۋادار، دىن ئىگىسى، ئېرىنغ بولسۇن. كۆزى توق، ھايالىق، ئۇياتچان، ئېغىر-بېسىق، سىلىق، نازۇك بولسۇن. تۈمەن خىل بىلىملىك، زېرەك ۋە سەگەك بولسۇن.» (٩٦)

ھاجىپ نىزامىدا: «ھاجىپ ئاقىل، كەمتەر، مۇلايىم بولسۇن، پېقىر، تۇل-يېتىملەرگە دائىم كۆيۈنسۇن. ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاشلا كىچىك دىل بولسۇن. تىلى يۇمشاق ھەم چۈچۈك بولسۇن. كىشىلەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ ئوچۇق يۈز كۆرۈنسۇن. خۇش پېئىل بولۇپ، كىشىلىك ساقلىسۇن. ئۇ چىدامىلىق بولسۇن ھەم ئۆزىنى تۇتسۇن. كۆزىنى بەك كۆزىتىپ سۆزىنى چىڭ تۇتسۇن. قۇلىقى ساق، ئەقلى، ئىلمى كەڭ بولسۇن. مىجەزى تۈز، تىلى-كۆڭلى تەڭ بولسۇن. پەزىلەتتە كامىل بولسۇن، بىتىك بىلسۇن. پۈتۈن ئىشتا ئۇ ئەقلىنى ئىتتىك قىلسۇن» دېيىلگەن (٩٧).

ھاجىپ نىزامىدا: «ھاجىپلىققا مۇنداق ئون نەرسە كېرەك. بىرىنچى، ئىتتىك كۆز؛ ئىككىنچى، ساق قۇلاق؛ ئۈچىنچى، كەڭ كۆڭۈل؛ تۆتىنچى، گۈزەل يۈز؛ بەشىنچى، بوي؛ ئالتىنچى، تىل؛ يەتتىنچى، ئاڭ؛ سەككىزىنچى، ئەقىل؛ توققۇزىنچى، بىلىم؛ ئونىنچى، خۇلق-مىجەزدۇر» دېيىلگەن (٩٨).

ھاجىپ نىزامىدا، ھاجىپ بولىدىغان كىشىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى شەرتلىرى يەنە: «ھاجىپنىڭ ساقال-چېچى، يۈزى چىرايلىق بولسۇن، ئاۋازى ئەرەنچە ۋە سۆزى ئوچۇق بولسۇن» دېيىلگەن (٩٩). ھەممىدە بۇ شەرتلەر كۆرسىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن: «يارا دىققەت بىلەن قارالسا، ھاجىپلىق پۈتۈن ئىشلار ئىچىدە تولىمۇ ئىنچىكە ئىشتۇر. ھاجىپ بولىدىغان كىشىگە مۇشۇنداق پەزىلەتلەر كېرەك. كىشى شۇ پەزىلەتلەر بىلەن ھاجىپ بولغىلى، باشتا تۇرۇپ ئەلگە يول كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر كىمنىڭكى پەزىلەت ۋە بىلىمدە شۇ خىل بولسا،

ئۇنى ئۇلۇغ ھاجىپلىققا مۇناسىپ دەپ بىلىپ، ئورنىنى كۆتۈرسە بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان (100).

ھاجىپ ئىزامىدا، ھاجىپلارنىڭ ۋەزىپە ھەم ھوقۇقلىرى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا: «ئۆرپ-ئادەت، قانۇن، ئۇسۇل نازۇك ئىشتۇر. ھاجىپ بولغان كىشى بۇلارنى رەتلەپ ئىشلىك ئاچىدۇ. ھاجىپلىق ئىشى ئۇلۇغ ئىشتۇر. بۇ ئىشنى شۇنىڭغا لايىق كىشىلەرلا قىلالايدۇ. شۇڭا ئۇ ناھايىتى يەك قانۇن بىلەرمەن بولسۇن. ئوردىغا ئەرز ئېيتقىلى كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان چوڭ-كىچىك كىشىلەرنى، ئاغىچى، خەتچى، ئىش تۇتقۇچى، تونچى، موزدۇز قاتارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى، يات ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قونالغۇ جايلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ بوغۇز، يەم-خەشەكلىرىنى ھەل قىلىش، ئىھسان تارتىش-تارتىماسلىق، سوۋغات بېرىش-بەرمەسلىك قاتارلىقلارنى بەلگىلەش قاتارلىقلار ھاجىپلارنىڭ ئىشى بولسۇن. كىشىلەر يول ئاغزىدا تۇرۇپ قالسا، ئۇ باشلىسۇن. كەلگەن كىشى ئىزام، ئۆرپ-ئادەتتە خاتالاشمىسۇن. بېغىر، ئۇل، بېتىملەر ئۆتۈنۈپ ھال ئېيتسا، ئۇ دەرھال بېرىپ بەگكە يەتكۈزسۇن. ئۇ، زۇلۇم كۆرگۈچىنى قوبۇل ئەيلەپ، ئەھۋالىنى سوراپ يول كۆرسەتسۇن. ئوردىنىڭ ئىچى ھەم سىرىدا نارامىز قىلىقلارنى كۆرسە، ئاگاھ قىلسۇن، توسسۇن. تامام يوقاتسۇن» دېيىلگەن ھەمدە «مۇشۇنداق بىر ئالاي ئىشلارنىمۇ دەل ئۇلۇغ ھاجىپ ئۆز قولىدا ھەل قىلىدۇ» دەپ ئەسكەرتىلگەن (101).

ھاجىپ ئىزامىدا، ھاجىپلارنىڭ ئوردىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزاملىرى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدا: «ھاجىپلار مۇنداق ئىرقانىدا ... ئىشتىن ساقلانماقى شەرت: بىرىنچى، بەگلەرنىڭ سۆزىنى يەقەت جىقسۇن. ئىككىنچى، ئەقلىنى ھەۋەسكە جولى ئەيلىسۇن. ئۈچىنچى، بەگ ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنۇپ ئۇرمىسۇن. ئالدىرغا كەلگەن سۆزنى دېمىسۇن. بۈتۈن



ئىشلارنى قىلسۇن. ئەمما پارا ئالمىسۇن، يىراقلارنى بەگكە يېقىن ئەيلىسۇن» دېيىلگەن (102). ئىزامدا يەنە ھاجىپلارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزاملىرى دەپ مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «ھاجىپنىڭ بەگكە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىگەن چېغىدا ئۆزىنى ۋە كۆزىنى بەك كۆزەتىسكى كېرەكتۇر. ھاجىپلار بەگ بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتى كەلمىگۈچە بەگنىڭ قوبۇلخانىسىغا ئۆزى بىلىپ كىرمىسۇن. بەگدىن سورىماي تۇرۇپ ئۆتۈنۈش قىلمىسۇن.» (103)

ھاجىپ ئىزامىنىڭ ئاخىرىدا خاننىڭ ھاجىپنى خاتا تاللاپ قويماسلىققا ئىشارەت قىلىپ: «مۇنداق ئىككى نەرسە كىمدە بولسا، يەنى ئۇنىڭ بىرى يالغان ئېيتسا، يەنە بىرى ئىنسانىنى ئەگرىلىك قىلىپ ئازدۇرسا، خاننىڭ ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىش بەرمەسلىكى، زادى قول تۇتقۇزماسلىقى لازىمدۇر.» دېيىلگەن (104).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئىشىكئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىشىكئاغىسى ئىزامىدۇر. ئۇنىڭدا ئىشىكئاغىسىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، كۆپىنچە رەك ۋەزىپىلىرى، ھوقۇقلىرى ئىزاملاشتۇرۇلغان.

ئىشىكئاغىسى ئىزامىدا: «ئىشىكئاغىسى بەك كۆيۈمچان بولۇش كېرەك ھەم تېنى-جېنى بىلەن ئىرىشچان بولۇش كېرەك، ئۇ، قارا تونىنى ئىشىكتە يورۇتسۇن، يورۇق كۆڭنى ئىشىكتە پاتۇرسۇن، ئۇ، خىزمەتتە ئۇسۇل ۋە قانۇن بىلسۇن. خۇلقى مۇلايىم ۋە ئۆز بولسۇن، نان، تۇزى كەڭرى، سېخى بولسۇن، ئالتۇن-كۈمۈش بېرىپ كىشى يىغسۇن. تىلى يۇمشاق، ئۆزى كەمتەر بولسۇن ھەم يۈزى ئوچۇق، تەۋەززۇلۇق بولسۇن» دېيىلگەن (105).

ئىشكاغىسى تىزامدا ئىشكاغىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ھوقۇقلىرى كەڭ دائىرىدە بەلگىلەنگەن. بۇلارنى ئوردا ئىچىدىكى ۋەزىپىلىرى ۋە ئوردا سىرتىدىكى ۋەزىپىلىرى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئىشكاغىلىرىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ۋەزىپىلىرى تىزامدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «كېچىسى ياتاقتا يېتىشتىن بۇرۇن، ئۆۋەتچىلەرگە ئۇ ئورۇن كۆرسەتسۇن. تونۇشسىز ۋە ياتلارنى تەكشۈرسۇن. كىم زېرەك بولسا، ئۇ ئىشقا سالسۇن. ئۇ، ساراي دەرۋازىسىنى بېكىتسۇن. شۇ چاغدا شۇ بىر كۈنلۈك ئىش پۈتكەن بولىدۇ. ئەتىسى يەنە قوپۇپ ئىش باشلىسۇن، سەھەر-شام ئۆۋەتچى تەۋرەتمىسۇن. قوبۇل ۋاقتىدا ئۆز تەۋەلىكىدىكى ھەممە قىسمىنى باشلاپ كىرىپ خانغا كۆرۈنسۇن-دە، چىقسۇن، ئۆزۈن تۇرمىسۇن. ئىشىكتە ئادەم قويسۇن، خالى قويمىسۇن. ئەگەر قوبۇل ۋاقتىدا خىزمەتچىلەر توپ-توپ بولۇپ كىرسە، ياراملىق-يارامسىزلىرىنى كۆرۈپ تۇرسۇن. قوبۇل پۈتكەندە ئەگەر بىراۋنىڭ خانغا دەيدىغان سۆزى بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئۆزى ئېلىپ كىرسۇن. كىم ئىستىكىنى دېسە، تىلەك تىلىسە، ئۇ، بۇ موھتاج كىشىگە يۆلەك بولسۇن. ئالتۇن-كۈمۈش ئېھسان قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە ئالتۇن-كۈمۈش، ئۇنىۋان بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە ئۇنىۋان، ئىش بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە ئىش ئېلىپ بەرسۇن. كىم ئىشنى چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ قىلىدۇ، كىم ۋاقتىنى بوشقا ئۆتكۈزۈپ زايە قىلىدۇ، ياراملىقى كىم، يابىدىلىقى كىم، بولۇشلۇقى كىم، قاۋۇلراقى كىم، بۇلارنى ئۇلۇقى بىلەن بېكىگە دېسۇن، لايىقىنى ئۆستۈرسۇن. خان چىقارغان ياخشى يارلىقلارنى ئوبدان تىلى بىلەن يەتكۈزسۇن، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتكارلارنىڭ دىلى ئىسسىسۇن. ئىشكاغىلىرى ئىشىكتە ئورۇنشقا ئورۇن راسلىسۇن. بىرەرمۇ كىشى ئوچۇقچىلىقتا ئورۇپ قالمىسۇن. لېكىن ئاش كىرسە ئۆزكۆزى بىلەن



كۆزەتسۇن، مۇناسىپ ئەمەسلەرنى توسسۇن. شىرە ئېلىپ چىقسا ئۇنى كۆرۈپ چىقسۇن. ئۇنىڭغا بىرىم يولدا ھېچقانداق قول تەگمىسۇن. ئاشلار ئېشىپ قېلىپ ئىشىككە يېنىپ چىقسا، ئۇنى بەگكە مۇناسىپ ئۈلەشتۈرسۇن. ئۇ، شارابچى، تۆشەكچى، ئاشپەز، تۇغچى خادىملارنىمۇ دائىم كۆزەتسۇن. ئىشىكتە دائىم قۇشچىنى يەنە ئوۋچى بىلەن ئوقياچىنى تۇرغۇزسۇن. ئەگەر خىزمەتكە بىرەر يات كىشى كەلسە ئۇنىڭغا ياتاق بەرسۇن ھەم ئەش (ھەمراھ) قوشسۇن، خادىملىرىنىڭ ھالىنى — ئاچ-توقمۇ، تونلىرىنىڭ كونە-رىغان-كونىرىمىغانلىقىنى سوراپ تۇرسۇن. قولى قىسىلقىتىن ئۇ موھتاجلىق تارتقان بولسا، ئۇنىڭغا ھەق بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر ئىلاج ئەيلىگەي. كىمىكى ئىشىككە نەچچە كۈنگىچە كەلمىسە، ئۇنىڭدىن ھال سوراپ سەۋەبىنى ئۇقسۇن. ئۇ ئەگەر ئاغرىق بولسا، ھال سوراش كېرەك، بىكار، بوش يۈرسە، توسۇش لازىمدۇر» ①.

تىزامدا ئىشكاغىسىنىڭ ئوردا سىرتىدىكى ۋەزىپىلىرى-يەنى خان دالاغا چىققان ۋاقتىدىكى ۋەزىپىلىرى دەپ مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «ئەگەر بەگ چەۋگەن ئويۇنغا ياكى ئوۋغا، ياكى ئەل-يۇرت كۆرگىلى، ياكى سەپەر قىلغىلى ئاتلانسا، ئۇ يەردە يامان ھادىسىلەرنى ناھايىتى ساقلىق بىلەن كۆزەتمەك ھەم توسماق كېرەك. ئەگەر بەگكە بىرەر ھادىسە كەلسە، قوش ئوۋلاشتا، ئوۋدا، سەپەردە كېلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىشكاغىسى خادىملار ئارىسىدا ئىشەنچسىزلەر بار بولسا، ئۇنى يىراق قىلسۇن. گۇمانلىق كىشىدىن ھوشيار تۇرماقلىق كېرەكتۇر. ئىشەنچلىك، سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان كىشىلەر خاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى كۆزەتسۇن، قوماندان قوروۋغداش توپى قۇرسۇن، ئالدى-كەينىنى يىغىپ رەتكە سالسۇن. كىچىكلەر ئۇلۇغلار ئارىسىغا كىرمىسۇن، يىراقتا يۈرگۈچىلەر يېقىن كەلمىسۇن.

سارايدىكى ئولتۇرۇش-قوپۇش قائىداق بولغان بولسا، بۇ ۋاقىتتىكى ئولتۇرۇش-قوپۇشمۇ شۇنداق بولسۇن. ئىشىكئاغىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقى مۇشۇنداق بولسۇن.» (107)

ئىشىكئاغىسى نىزامىنىڭ ئاخىرىدا: «مۇنداق ئىككى نەرسە ساراي ھۆسنىدۇر. ئۇ بەگلەرنىڭ نامىنى زورايتىپ بەختكە يول ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئۇلۇغ ھاجىپ ئازاد كىشى بولسا، يەنە بىرى ئىشىكئاغىسى يارامىلىق بولسا، بۇ ئىككى كىشى بىلەن ساراي گۈللىنىدۇ، ئۇلۇغلۇق بىلەن خاننىڭ نام-ئىبتى يېيىلىدۇ» دېيىلگەن(108) ھەمدە ئىشىكئاغىسىنىڭ بىرئات، تون ھەم قورال ساقلىشىنىڭ لازىملىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن(109).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قائىداق كىشى يارايدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ بەشىنچىسى بولۇپ، ئۇ، ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئەلچىلەر نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا ئەلچىلەرنىڭ ئەقلى، ئەخلاقى، جىسمانىي جەھەتتىكى ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى قانۇنىي يوسۇندا نىزاملاشتۇرۇلغان.

ئەلچىلەر نىزامىدا «خۇدانىڭ قۇللىرى ئىچىدىكى ئەڭ خىللىرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى ئەلچىلەردۇر. ئەلچىلەر بىلەن كۆپ ئىشلار قىلىنىدۇ، نۇرغۇن ياخشى ئىشلار ئەلچىدىن كېلىدۇ. جاھاندا بەگلەر بىر ئەلدىن يەنە بىر ئەلگە ئەلچىلەرنى گۇمانسىز ئەۋەتىدۇ. ئەلچى قائىداق بولماق كېرەك؟ بەگلەر قائىداق ئەلچىلەرگە ئىشىنىپ ئىش تاپشۇرسا بولىدۇ؟ بۇلارنى بىلىشكە ئېلىك ناھايەت چوڭ بىلىگ ئىشلەتسۇن» دېيىلگەن ھەم «ئەلچى بولۇشقا سەرخىل ئەر كېرەك. ئەلچىلەر بىلىملىك، ئەقىللىك، جەسۇر، تاغ يۈرەك بولسۇن، ھەرقانداق ئىشتا ئېغىر-بېسىق بولغاي، سۆز قىلىشنىڭ جىق



يوللىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەلچىگە بىلىم، ئەقىل لازىمدۇر. ئەلچىلەر ئۆز ئىشلىرىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنداي دېسە، سۆزنىڭ ئىچى-تېشىنى تۈزۈك ئۇقماق كېرەك» دېيىلگەن(110).

ئەلچىلەر نىزامىدا يەنە: «ئەلچىلەر كۆيۈمچان، كۆزى، كۆڭلى توق، ئىشەنچلىك، دۇرۇس ھەم ئۆز خۇلق بولغۇلۇق. كۆيۈمچان كىشى بەگ پايدىسىنى تىلەيدۇ، پايدىسىنى تىلىسە بېگىنى سۆيىدۇ. كۆزى ئاچ كىشىلەر ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخىمۇ يارىمايدۇ. كۆزى توق پېقىر باي سانىلىدۇ، تەمەخور ئادەم قەلەندەر بولىدۇ. كۆز ئاچلىقى كىمنى پېقىر قىلسا، جاھاننىڭ توقچىلىقىمۇ ئۇنى باي قىلالمايدۇ. كىمكى تەمەگە ئەسىر-قۇل بولسا، ئۇ ئۇنىڭدىن ئۆلمەي تۇرۇپ قۇتۇلالمايدۇ» دېيىلگەن(111).

ئەلچىلەر نىزامىدا يەنە: «ئۇيات بولمىسا ئەر كىشى جاھىل ۋە پەس بولىدۇ، ئۇيات بىلەن ئىنسان دۇرۇس ئىش قىلىدۇ. ئىنسان ئېغىر-بېسىق بولسا ھېكىم ئاتىلىدۇ، خۇلقى سىلىق بولسا ئۆزىنى سۆيدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەلچى ئۇياتچان، سىلىق، تەمكىن بولسۇن» دېيىلگەن. يەنە: «ئادەم چېچەن ۋە بىلىملىك بولغاندا، ھەرقانداق ئىشتا ھەردەم ئۇتۇققا ئېرىشكەي. شۇڭا ئەلچى نەچچە خىل بىلىم بىلسۇن. ئۇ، نەچچە خىل يەزىلەتلەرنى تولۇق بىلسۇن. كۆپ كىتاب ئوقۇپ مەنىسىنى بىلسۇن. چۈشەنسۇن ھەم ئۆزى شېئىر يازسۇن. ئىلمىي نۇجۇم، تىبابەت ۋە چۈش ئۆرۈشنى بىلسۇن، ئۆرۈگەن چۈشلىرى ئوڭدۇل كەلسۇن. ئۇ، ھېساب، گېئومېترنى، كەسىر، يەر ئۆلچەش بىلىملىرىنى بىلسۇن. دامكا-شاھمات بىلسۇن ھەم ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئۇتتۇۋالسۇن. چەۋگەن بىلسۇن، ئوق ئاتار بولسۇن، ئۆزى قۇشچى بولۇپ ئوۋدا تەڭدىشى يوق بولسۇن، پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن، پۈتۈن خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولسۇن. ئەلچى ئۈچۈن مۇشۇنداق

پەزىلەتلەر كېرەك، بۇنداق ئەلچىلەر مۇۋەپپەقىيەت تاپىدۇ» دېيىلگەن (112).

ئەلچىلەر نىزامىدا يەنە: «ئەلچىنىڭ تىلى ئۈز، كۆڭۈللۈك بولۇشى كېرەك ھەم ئۆزى سۆزگە ئۇستا بولۇشى كېرەك. ئەلچىلەرنىڭ ئىشىنىڭ كۆپىنچىسى سۆز بىلەن بولىدۇ، سۆزى ياخشى ئادەم تىلىگىنىنى تاپىدۇ. سۆزى يۇمشاق، شېكەردەك چۈچۈك بولسا، ئۇنىڭغا ئۇلۇغنى تارتىپ كىچىكنى يۇمشايدۇ. تىلى ئۈز كىشىنىڭ سۆزى سىڭىملىك بولىدۇ ھەم قىلغان ئىشى كىشىلەرگە يارايدۇ. شۇڭلاشقا ئەلچى چېچەن، سوئالغا تېز، توغرا جاۋاب بېرەلەيدىغان ھازىر جاۋاب بولۇشى كېرەك» دېيىلگەن (113).

ئەلچىلەر نىزامىدا، ئەلچىلەرنىڭ بەگكە سادىق بولۇشى، مەخپىيەتلىكنى ساقلىشى ھەققىدىمۇ بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا: «ئەلچىلەرنىڭ زېھنى ئوچۇق بولسۇن، ئۇنتۇغاق بولمىغاي. قانداق سۆز ئاڭلىسا ئۇنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇپ يوشۇرسۇن. ئەگەر ئەلچى بوش، تۇراقسىز، يامان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بەگنىڭ ئابروينى تۆكۈشى بىگۇماندۇر» دېيىلگەن (114).

ئەلچىلەر نىزامىدا، ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىككە چىققان ۋاقىتتىكى ئىنتىزاملىرى بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم قىلىپ ئەلچىلەرنىڭ ھاراق ئىچىشى چەكلەنگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەلچىلەر بەكمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولسۇن؛ ھاراق ئىچمەيدىغان، ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولسۇن. ئالىممۇ ھاراق ئىچسە ئىلىمسىز بولىدۇ، ھاراق بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ دۈشمىنىدۇر، راستىنى ئېيتقاندا، جېدەل-غەۋغا ھاراقنىڭ ئىنىدۇر، نە ياخشىلىق نەقىللىك، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ مەيگە يېقىنلاشسا ئىشى بۇزۇلغاي، نە ياخشىلىق ھاياللىق، ئۆز خۇلق، سىلىق كىشىلەر مەي ئىچسە پەسكەش قىلىقلارنى قىلغاي.



كىشى بۇنىڭلىق بىلەن ئاڭ-بىلىم، ھوش، ئۇياتنى نىجىس ھاراققا تېگىشكەي. ئەلچى مەي ئىچسە، سىرى ئىچىدىن تېشىغا قاراپ چىققاي. بىلىملىك مەي ئىچسە، بىر قارا نەرسىگە ئايلانغاي، نادان مەي ئىچسە، كىچىكلەپ بالا بولغاي. كىمكى مەي ئىچسە، ئېتى تەلۋە، ئۆزى ئەخمەق بولۇپ، دۆلىتى قولىدىن كەتكەي» (115).

ئەلچىلەر نىزامىدا، ئەلچى بولىدىغان كىشىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى شەرتلىرىمۇ بېكىتىلگەن. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بويى كۆركەم، يۈزى چىرايلىق، ساقال-چاچلىرى، تۈرقى كېلىشكەن بولسۇن. يەنە ئۆزى باتۇر، ھىممىتى بۈيۈك بولسۇن، بۇنىڭ بىلەن قىممىتى ئاشقاي» (116).

ئەلچىلەر نىزامىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەگەر خان مۇشۇنداق كىشىنى تاپسا، ئۇنىڭغا ھامان ئەلچى ئېتىنى بەرسۇن» دېيىلگەن ھەمدە: «ئۇنى يىراق يات ئەللەرگە ياكى قودىلاشقان تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتسە بولىدۇ» دەپ ئەسكەرتىلگەن (117).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان پۈتۈكچىلەرنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئالتىنچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈكچى نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا پۈتۈكچىلەرنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، ۋەزىپىلىرى، ھوقۇقلىرى ۋە ئىنتىزاملىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

پۈتۈكچى نىزامىنىڭ دەسلەپىدىلا پۈتۈكچىلەرنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلايدىغان ئىشەنچلىك كىشىلەردىن تەيىنلىنىشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا: «ئەگەر خان قانچە ئالىم كىشى بولسا، پۈتۈكچىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى يازماقلىقى شۇنچە كېرەكتۇر. خان پۈتۈكچىگە ئىچ سۆزلىرىنى

ئېيتسا، پۇتۇكچى ئۇنىڭ مەخپىيە تىلىكىنى يوشۇرغاي. سىر تۇتۇشتا چىن ئىنسان كېرەك، ئىشەنچلىك بولۇشتا چىن ئىمان كېرەك. ئەگەر پۇتۇكچى سىر تۇتمىسا، بەگنىڭ سىرىنى ئېچىپ ئۆزىنى يوق قىلىدۇ. بەگلەر سىرىنى قانچە يوشۇرماقچى بولسىمۇ، مۇنداق ئىككى كىشىگە بارچە سىرىنى ئاچىدۇ، بۇنىڭ بىرى ۋەزىر، بىرى پۇتۇكچىدۇر. شۇڭا بۇ ئىككى كىشىگە سىر ئاچماق كېرەك، سىر ئاچسا، نازىنى كۆتۈرمەك كېرەك. بارلىق سىر مۇشۇ ئىككى كىشىدە بولىدۇ، ئەگەر بۇلار سىر ساقلىيالمىسا ئۆز ئىشىنى بۇزىدۇ. شۇڭا بەگ سىرىنى چىڭ ساقلىسۇن، ھېچكىم ئۇقمىسۇن» دېيىلگەن (118).

پۇتۇكچى نىزامىدا: «پۇتۇكچى بىلىملىك، ئەقىللىك، خېتى چىرايلىق، چىرايى بەك يېقىملىق بولسۇن. پۇتۇكچى كۆزى توق، بىتەمە، كۆيۈمچان، ساپ كۆڭۈل، موھتاجلىقى يوق بولسۇن. كۆزى توق كىشى مالغا كۆزىنى سالمايدۇ ھەم ئۆزىنى مالغا ئالداتمايدۇ. تەمەگەر كىشى ئەسىر ھەم قولدۇر، تەمەگەر كىشى ئەگەر ئۇ، خان بولسىمۇ ھەرقاچان يەسىردۇر. پۇتۇكچى ھېرىسمەن بولسا، بىلىمنى بۇزىدۇ، خەتنىمۇ تەمە بىلەن يازىدۇ. ئالتۇن-كۈمۈشنى كۆرسە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ-دە، ياكى بېگىنىڭ بېشىنى يەيدۇ، ياكى ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ» دېيىلگەن (119).

پۇتۇكچى نىزامىدا: «پۇتۇكچى پاك بولۇپ، ھاراق ئىچمىگەي، يامان خۇلقىنى ئۆزىدىن يىراق قىلسۇن. پۇتۇكچى مەي ئىچسە بىلىمى يوق بولىدۇ، بىلىمدىن جۇدا بولسا، خېتىدىن ئازىدۇ. پۇتۇكچى سۇبھىدىن شامغىچە ئىشتە بولسۇن، ئۇ نەدە، قاچان كېرەك بولسا، دەرھال تېپىلغاي» دېيىلگەن (120).

پۇتۇكچى نىزامىدا يەنە مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «بەگلەر-نىڭ ئىشىغا يارايدىغان كىشىلەر مۇنداق ئۈچ خىلدۇر. بىرى



ئەقىللىك، بىلىملىك ھېكىمدۇر، يەنە بىرى بەگنىڭ ئاغزى بولغان خەتچىدۇر، يەنە بىرى يېغىلارغا ئاقابىل تۇرىدىغان تاغ يۈرەك جەسۇر ئەر-يىگىتتۇر. بىلىملىك، ئاڭلىق، ئەقىللىك ھېكىم كېڭەشمەككە پايدىلىق. پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشىنى بىتىك تۈزەيدۇ، ئەلنىڭ كىرىمىنى تېتىك خەت بىلەن تۇتىدۇ، جەسۇر ئەر قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ياۋ بويىنىنى دەسسەپ تۇرۇپ كېسىدۇ. قەيەردە مۇشۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئەر توپلانسا، كىشى ھەممە ئارزۇ-تىلەكلىرىگە يېتىدۇ. بەگلەر ئەل ئىچىدە مۇنداق ئىككى خىل كىشىنى تاللىۋېلىش ھەم ئىشقا سېلىش لازىم، ئۇنىڭ بىرى يېزىشنى بىلىدىغان پۇتۇكچى، يەنە بىرى سۆخەندان.. ئەلچىدۇر. يېقىن-يىراق، دوست ياكى ياتلار ئارا ئەگەر بىرەر جاڭجال چىقسا ياكى بىرەر ئىش كەلسە شۇلاردىن كېلەر، ناۋادا ئىشلار تۈزەلسىمۇ شۇلار تەرىپىدىن تۈزۈلەر. شۇڭا ئەگەر بىرىنىڭ خېتىدە سۆزى خاتا بولسا، تىلىدا يەنە بىرى ئۇنى تۈزەتسۇن. ئەگەر پۇتۇكچى شۇنداق بولسا، خان ئۇنىڭغا ئىشەنسە ۋە ھامان ئۇنىڭغا قول بەرسە بولىدۇ» (121).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان خەزىنىدارلىققا قانداق كىشىنىڭ لايىقلىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئۇردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ يەتتىنچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، خەزىنىدار نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا خەزىنىدارلىققا قويۇلىدىغان ئادەمنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، ۋەزىپە، مەجبۇرىيەتلىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىگىچە تامغىلاپ خەزىنىدە ساقلايدىغان «ئاغىن» دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل پۇل ئىشلىتىلەتتى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى يىپەك رەختلەرمۇ «ئاغى» دېيىلەتتى. خەزىنىگە ئالتۇن-كۈ-

مۇش نۇللار بىلەن يىپەك رەختلەرلا سېلىناتتى، پۇل بىلەن رەختلەرنى ساقلايدىغان خەزىنىدار «ئاغىچى»، خەزىنە «ئاغىچى قازناقى» دېيىلەتتى. بۇ دۆلەتنىڭ بىردىنبىر مالىيەسى بولۇپ، خەزىنىدارلار ئەمەلىيەتتە مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلار ئىدى.

ئاغىچى نىزامىدا ئالدى بىلەن: «خان بەخت تېپىپ مال-تاۋارلىرىم كۆپەيسۇن دېسە، خەزىنىدارلىرىنىڭ كۆزى توق، بەبالى تۈز بولسۇن، كۆيۈمچان، ساق، ئويغاق، تېتىك، ئوبانلىق بولسۇن. خەزىنە ئىشلىرىغا پىختىل ياخشىراق، بېخىللىق بىلەن مالنى ساقلىماق كېرەك. ئاغىچى ئۆزىنى تۇتقۇچى، مەي ئىچمەس بولسۇن. ئەگەر مەي ئىچسە مىلىغا بەك سېخىيلىق قىلىدۇ، ئاندىن كىشىگە مال بېرىپ ئالالماي قالىدۇ. شۇڭا، خەزىنىدار قولى چىڭ، سېخىي ئەمەس، ساق بولسۇن. خەزىنە مىلىنى چاچمىسۇن. سېخىيلىق ياخشى ئىش، ئۇنى [illegible]لىماسلىق كېرەك، لېكىن ئۇنى خەلق مىلى بىلەن قىلماسلىق [illegible]» دېيىلگەن. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ سارايدىكى رىئايە [illegible] ئىنتىزاملىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «سارايدا [illegible] مۇنداق بولىدۇ: بۇ ياخشى كىشى ئۆزىنى بەك [illegible] دېسە، كۆڭلى، تىلى [illegible] ساقلىسۇن، [illegible].» (122)

[illegible]

قىلسۇن. خەزىنىدار تۆت ئەمەلنى چىڭ ئىگىلەپ، ھېسابىتا كۆڭلىنى بەر قارار تۇتسۇن. ھېسابىتا تۆت ئەمەلنى ئۇققاچ، ئۇ يەنە ھەندەسە بىلەن شۇغۇللانسۇن» دېيىلگەن (123).

«قۇتادغۇ بىلىك» مەيدانغا كېلىۋاتقان چاغدا، سودىدا كۆپىنچە چىندا ئىشلەنگەن يىپەك رەختلەر ئالاھىدە ئورۇندا تۇراتتى. «چۇز» دېيىلگەن قىزىل رەڭلىك زەرباپ (124)، كەز (كەس) (125)، «زۇنكۇم» (126)، «چىناخسى» (127)، «قاچاچ» (128) قانارلىق چىندا ئىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك رەخت (دۇردۇن) لەر، «لوختاي» دېيىلىدىغان چىندا ئىشلەنگەن سېرىق تەڭگە گۈللۈك يىپەك رەخت (129)، شۇنداقلا «خۇلىك» دەپ ئاتىلىدىغان چىندىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك رەخت (130) لەر يىپەك رەخت سودىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. «باقىر» (131) ۋە «قامدۇ» (132) دەپ ئاتىلىدىغان، چىندا قۇيۇلغان مىس ئاقچا چىن سودىگەرلىرى بىلەن بولغان ئېلىم-بېرىمدا كۆپرەك ئىشلىتىلەتتى. چىن سودىگەرلىرى ئۇيغۇرلار يېرىگە كېلەتتى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمۇ چىن يەرلىرىگە باراتتى. چىن سودىگەرلىرىنىڭ مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋەرلىرىنى ئالدىن يەتكۈزگۈچى خەۋەرچىلەر «بۇگۇرگەن» (133) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ چاغدىكى ئاغىچىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى خانىدانلىقنىڭ خەزىنىسىگە قاراپ ساقلاشتىن تاشقىرى، يەنە سودا قىلىشمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئاغىچى نىزامىدا شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بەلگىلىمىلەرمۇ تۈزۈلگەن: «ئۇ، تىجارەت يولىنى بىلسۇن، ئەگەر ئۇنى بىلمەيدىكەن، ئايان تاپالماس. ئۇ، پۈتۈن مال-تاۋارلارنى بىلىشى كېرەك، باھالىق، باھاسىزلىرىنى ئۇققاق كېرەك. ئۇ، باھانى بىلسۇن، ھەم ئالداتمىسۇن، مالنى ئېلىم-ساتاردا زىيان تارتمىسۇن. ئېلىم-بېرىمدە مۇلايىم بولسۇن، ئۇلۇغ ھەم كىچىككە دائىم چىرايلىق يۈز بولسۇن، [illegible]

ئالسا ئۇنى بىر بەرسۇن. ئۇ ئالماق-ساتماقتا مۇلايىم بولسا، ئۇنىڭغا كىرەكلىك مال كېمەيمەس.» (134)

خەزىنىچىلەر ئىزامىدا: «ئەگەر خان ئەسكەرلىرىگە ئىنئام قىلسا، ئۇ، ئىرچۇن يۈزلۈك بىلەن شۇ زامان بەرسۇن. ئەگەر ئىھسان ئېسالسا، قوشۇن دىل بۇزمىدۇ، قوشۇننىڭ كۆڭلى سۇنسا بەگكە داغ يېقىدۇ. خىزمەتچى قىسىلىپ ھاجەتمەن بولسا، بەگ يارلىق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىھسان ئەتسە، ئۇنى ئەگەر خەزىنىچى كەينىگە سوزۇپ بەرمىسە، موھتاج خىزمەتچى يۈز ئورۇپ كېتىدۇ» دېيىلگەن (135).

ئاغىچى ئىزامىدا، خەزىنىچى بولىدىغان كىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك شەرتلىرى كۆرسىتىلگەندىن كېيىن يەنە ئەڭ ئاخىرىدا: «خان ئەگەردە مۇشۇنداق ئۇياتچان، مۇلايىم، ئاقىل، بىلىملىك كىشىنى تاپقاندا، ئۇنىڭ ھەققىنى ئۆتەپ ئۇنىڭغا ئىشەنسە، مال-خەزىنىنى ئۇنىڭغا ئۇتقازسا بولىدۇ» دېيىلگەن (136).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان باش ئاشپەزنىڭ [illegible] بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز [illegible] ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ سەككىز[illegible] بولۇپ، ئۇ، ئەسلى [illegible] بويىچە ئىشقاندا، باش [illegible] ئاشپەزلەر ئىزامىدۇر. ئۇنىڭدا باش ئاشپەز[illegible] ۋە شەرتلىرى ئىزاھلاشتۇرۇلغان.

[illegible] ئاشپەزلەر ئىزامىدا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ [illegible]: «باش ئاشپەز سارايدا داستىخان [illegible] كەلسە گاللدىن كېتىدۇ. باش [illegible] بولسا، بەگلەرنىڭ ئوزۇقلىنىشى [illegible]» دېيىلگەن (137).

باش ئاشپەز ئىزامىدا، بەگلەرنىڭ ئوزۇقلىنىدىغان [illegible] ئىنتىزاملىرى بىلەن باش ئاشپەزلەرنىڭ بەگلەرگە داستىخان سالىدىغان ۋاقىتتىكى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزاملىرى تەڭ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن: «خەلق باشلار ئەرگە يېغىنىڭ ئوزۇقى ھەمىشە قورۇقلۇق تۇرىدۇ. شۇڭا بەگلەر ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۆزەتسۇن، يېمەك-ئىچمەكتە كۆزىنى ئاچسۇن. كىشىلەر ئارا چىن، توغرا بىر كىشى تېپىلسا، بەگ ئاش-سۇ ئىشلىرىنى شۇنىڭغا تاپشۇرسۇن» دېيىلگەن (138).

باش ئاشپەز ئىزامىدا: «باش ئاشپەز كۆزى توق، كۆڭلى باي، ئۆزى پاكىز ھەم يۈزى كۆركى ئاي بولسۇن، ئۇ تەقۋادار، شەرىئەت بىلەر بولسۇن، ئۇ، توغرا، چىن، قىلىقتا راستگۆي بولسۇن. باش ئاشپەز بېگىگە كۆيۈمچان بولسۇن، نەپسىنى يېغىپ ئۇياتچان بولسۇن. باش ئاشپەزگە ئەقىللىك، بىلىملىك، تاماق ۋاقتىدا تېتىكلىك كېرەك. ئۇ ئىشنى ئىزاملىق يۈرۈپ ئىشلىسۇن، كىرەردە-چىقاردا كۆزى ئۆز بولسۇن. ئەقىل بىلەن ئىشلەپ ئۆزىنى كۆزەتسۇن، بىلىم بىلەن ئىشلەپ كۆزىنى تىيسۇن» دېيىلگەن (139).

باش ئاشپەز ئىزامىدا: «باش ئاشپەزنىڭ يۈزى، ھۆسنى كۆركەم، خۇلقى ئۆز بولسۇن، ساقال-چاچچى رەتلىك، تىلى-كۆڭلى ئۆز بولسۇن، كۆركەم كىشى كۆزگە ئىلىغ كۆرۈنىدۇ، ئاش ئىلىغ بولسا، ئۇ بوغۇزغا ئىلىغ تېتىيدۇ. شۇڭا ئاشقا ناپاك كىشى يېقىن كەلمىسۇن» دېيىلگەن (140).

باش ئاشپەز ئىزامىنىڭ ئاخىرىدا: «ئاشچى بېشى مۇشۇ خىلدا بولسۇن، شۇ چاغدا ئۇ داستىخان سېلىپ، ئاش-ئاياق سۇنسا، بەگ ھېچ گۇمان قىلماستىن ئاشنى يېسە بولىدۇ» دېيىلگەن (141).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئىچىملىك باشنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ توققۇزىنچىسى

بولۇپ، ئۇ، ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئىچىملىك باشى نىزامىدۇر. ئۇنىڭدا ئىچىملىك بېشىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى، ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» مەيدانغا كېلىۋاتقاندا، قاراخانىلار ئوردىسىدىكى ئىچىملىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار «ئىچىملىك باشى» دېيىلەتتى. ئىچىملىك كۆپىنچە ھاللاردا «ئىدىش» دەپ ئاتىلىدىغان قاچىغا قاچىلانغاچقا ئىچىملىك ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىمۇ «ئىدىشچى باشى» دەپ ئاتالغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرىچە، قاچا-قۇچىلار «ئىدىش» دەپ ئاتىلاتتى. ياغما، توخسى، ئوغۇز تىللىرىدا داس، چۆگۈن، لېگەن، تاۋاققا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ «ئىدىش» دېيىلەتتى[142]. ئىدىشلار سىر بىلەن نەقىشلەپ بېزىلەتتى. سىرچى ئۇستىلار «ئاياقچى» ياكى كۆزال دېيىلەتتى[143]. ئىدىشلارنى سىرلاشقا «سىر» دەپ ئاتىلىدىغان، چىندىن كەلتۈرۈلگەن بىرخىل يېلىملىك بوياق ئىشلىتىلەتتى[144].

ئىچىملىك دەپ ئاتىلىدىغان ئىستېمال سۈيۈقلۇقى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنەتتى. بىرىنچىسى ھاراق بولۇپ، ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تە «بور»، «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە «چاقىر»[145] دەپ ئاتالغان. ئۇ زاماندا مەخسۇس شاراب ساتىدىغان شاراب دۇكانلىرى بولۇپ، بۇنداق دۇكانلار «كەنىس»[146] دەپ ئاتىلاتتى. ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرى شارابنى «قىزىل سۈرچىك»[147] دەپ ئاتايتتى. «سۈچۈك» دېيىلىدىغان يەنە بىرخىل شەربەت بولۇپ، ئۇمۇ شاراب ئورنىدا ئىچىلەتتى. ئۇ قايىنىتىپ ياسالغاندىن كېيىن سوغۇق يەرگە قويۇپ سوۋۇتىلاتتى. قايىنىتىلغىنى «پىششىق سۈچۈك»[148]



دېيىلەتتى. ئىككىنچىسى، ئىچىملىك دەپ ئاتالغان بىرخىل ئېچىتقۇ بولۇپ، ئۇ شارابتىن پەرقلىنەتتى. بۇ خىلدىكى ئىچىملىكلەر بۇغداي، ئارپا، تېرىق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئېچىتىلىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا «بوزا»[149]، «ئاغارتغۇ»[150] «بەگنى»[151]، «بوخسۇم»[152] دەپ ئاتىلاتتى. بۇلاردىن باشقا مەخسۇس بۇغداي شارابى ياسىلاتتى[153]. ئۈزۈم شىرنىسى (مۇسەللەس) ياسىلاتتى ھەم كۆتەكتىن ئويۇپ ياسالغان ئولاققا قۇيۇپ سوۋۇتۇلاتتى[154]. بۇلارنى باشقا يەنە «فۇقا» ۋە «مىزاب» دەپ ئاتىلىدىغان ئىچىملىكلەرمۇ ياسىلاتتى. سىركە ئېچىتىلىپ كۆپىقا قاچىلىناتتى[155]. ئىچىملىكلەر يەنە «تىم» (تۇرسۇق) دېيىلىدىغان تۇلۇملاردا ساقلىناتتى. ئۇنى ساتقۇچىلار «تىمچى» دېيىلەتتى، بەزىلەر ئىچىملىك ساتقۇچىنىمۇ «تىم» دەپلا ئاتايتتى[156]. شاراب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان كەمچەن «بارت» دېيىلەتتى[157]. ئىچىملىكلەر يەنە «ساغىر» دەپ ئاتىلىدىغان تۆۋى تار، ئاغزى كەڭ بىرخىل قاچىغا قاچىلاپمۇ ساقلىناتتى[158]. ئۈچىنچىسى، جۇۋارىش، مەئجۇن، سۈرگە قاتارلىق دورا-دەرمەكلەرگە قۇرۇق ھۆل يېمىش، گۈل، ھەسەل، گۈلئاب (گۈل سۈيى) قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان قىززىۋەت كۈمۈلچى ۋە سۈيۈقلۇقى بولۇپ، بۇمۇ «ئىچىملىك» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېيىشكە، بەزىلىرى تىل بىلەن يالاشقا، بەزىلىرى بولسا شاراب ئورنىدا ئىشتىھانى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىشكە تەييارلىناتتى. ئىچىملىكلەر ئۆۋرىقا، كوزىغا ياكى ئىدىشقا قاچىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزى مەخسۇس ياغاچتىن تەييارلانغان تىقىن بىلەن مەھكەم ئېتىلىپ ساقلىناتتى. بۇنداق تىقىن ياغاچ «توغاقلىق»[159] دېيىلەتتى. ئىچىملىكلەرنى ئىشلىتىدىغان چاغدا ئىچىملىك مەخسۇس سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ دۇغلىرى بىرتەرەپ قىلىنغاندىن

كېيىن ئاندىن ئىستېمال قىلىناتتى. ئىچىملىكلەرنى سۈزۈش ئۈچۈن قاچىلارنىڭ (ئىدىش ۋە ئۇرۇق) ئاغزىغا بېكىتىلىدىغان يىپەك سۈزگۈچ «سارىم» (160) دەپ ئاتىلاتتى. ئىچىملىكلەر ئىدىشلارغا قاچىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن «ئىدىشچى باشى» ئۇنىڭغا تامغا بېسىپ پېچەتلەپ ساقلايتتى. قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن «قاتار بەزمە» (مەشرەپ) ئويۇشتۇرۇلاتتى. بۇنداق قاتار بەزمىلەر «سوغدىچ»(161) دېيىلسە، كېچىلىك ئولتۇرۇشلار «سۈرچۈك» (162) دېيىلەتتى، ئىچىملىكلەر مانا مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئىچىلەتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئىچىملىك بېشى نىزامىدا بەلگىلەنگەن قانۇن-يوسۇنلار يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۈچ خىل ئىچىملىك ئىچىدىكى ئۈچىنچى خىل ئىچىملىككىلا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ خىل ئىچىملىك خان، بەگلەرنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىنىشىدا، زىياپەت ۋە كۆڭۈل ئېچىشلىرىدا كەم بولسا بولمايتتى. شاراب ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش بۇ چاغدا خاندىن تارتىپ ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەرقاندىقىنىڭ شۇغۇللىنىشى مەنئى قىلىنغان ئىشلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىچىملىكلەر «بوشغۇت» دېيىلىدىغان «ساقى» (مەنىسى قەدەھ تۇتقۇچى)لار تەرىپىدىن ئىدىشلارغا تارقىتىپ بېرىلەتتى. «بوشغۇت»لار يېشىل، كۆك، سېرىق ياكى ھال رەڭ يىپەك تون كىيەتتى.

ئىچىملىك بېشى نىزامىدا، «ئىدىشچى باشى»نىڭ شەرتلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئىدىشچى باشى خان بىلەن بىر قېرىنداش بولۇشى، ھېچ بولمىغاندا كۆپ يىل سىنالغان كىشى بولۇشى، نەپسى يىغىپ تۈز يولدا ماڭغان ئەر بولۇشى لازىم. ئىدىشچى باشى ئىشەنچلىك، كۆيۈمچان، كۆزى-كۆڭلى توق بولسۇن، خۇلقى-مىجەزى خۇددى ئوقتەك تۈز بولسۇن. كۈچى يېتىشسە مەينىمۇ ئۆزى ياسىيالايدىغان



بولسۇن. ئۇنىڭدا يېيىشكە، يالاشقا ۋە ئىچىشكە تەييار ھەممە دورىلار تېپىلسۇن. ئاشچى، ئىدىشچى بېگىگە سادىق بولمىسا بەگنىڭ يېيىشى-ئىچىشى بەك قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئىدىشچى باشى پۈتۈن ئىشنى دۇرۇسلۇق بىلەن قىلسۇن، يارامسىز، يامانلارنى يېقىن يولاتمىسۇن. مەينى ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ياسىسۇن، تامغا بېسىپ ئۆزى ساقلىسۇن. ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈپ ۋە كۆيۈنۈپ مېھرىبان بولۇپ، ئىدىشنى كۆزەتسۇن. شۇ ياڭلىغ ئىدىشچى بېشى تېپىلسا، ئىدىشچى ئىشنى ئۇنىڭغا بەرسە بولغاي.» (163)

ئىچىملىك باشى نىزامىدا «بوشغۇت» (ساقى) لارنىڭ شەرتلىرى ۋە ئىنتىزاملىرى دەپ مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: «ئۇ ياش ئوغلان، يۈزى تولۇندەك، بويى تال چىۋىقتەك، چېچى قاپقارا، ئۆزى سۈرەتتەك بولسۇن. بېلى نازۇك، يەلكىسى كەڭ، تېنى ئاق، مەڭزى قىزىل بولسۇن. يىمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ياراشقاي دېسە، يېشىل، كۆك، سېرىق ياكى ھال رەڭ تون كىيسۇن. مەيگە قىل، تۈك ياكى خەس چۈشمىسۇن دېسە، ساقى ئېرىنمەس ۋە ساقالسىز بولسۇن. ئىدىشچى بېشى ئاشۇنداق، قەدەھ تۇتقۇچىلار مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇ چاغدا بەگلەر ئۇلارغا چىنپۈتۈپ ئىشەنسە ۋە ئۇلارنى دۇرۇس ئەر بىلىپ ئۆزىگە يېقىن تۇتسا بولغاي.» (164)

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىدە خانلىقتا كېلىدىغان بالا-قازالار مۇنداق تۆت خىل كىشىلەر تەرىپىدىن بولاتتى، ئۇنىڭ بىرى ئەلچى، ئىككىنچىسى پۈتۈكچى، ئۈچىنچىسى ئىدىشچى، تۆتىنچىسى ئاشچى ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ ئىش ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ يۇقىرىقى توققۇز ماددىسى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلۇپ: «ئەگەر ئەلچى، پۈتۈكچى نالايىق بولسا، ئەلگە ئۇنىڭدىن كۆپ زىيان-زەخمەت تېگىدۇ.

ئەگەر ئىدىشچى ۋە ئاشچى يامان بولسا، ھايات يولى — جانغا زىيان يېتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ بىرقانچە كىشىنى خىللاشقا ئىرىشىش، تولۇق خىللاپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا ئىش تاپشۇرۇش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن (165).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى ئەمەلىيەتتە پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى بولۇپ، ئۇ بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئونىنچىسىدۇر. «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دا، بەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر نىزاملاشتۇرۇلغان.

ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن بەگكە خىزمەتكە قويۇلىدىغان كىشىنىڭ باللىق ۋە چوڭ بولغان ۋاقتىدا خىزمەتكە قويۇلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن ئەڭ ياخشىسى ئادەم باللىق ۋاقتىدا بەگ ئىشىغا ئارىلاشسا ناھايىتى ياخشى بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ھەمدە ئېنىق قىلىپ: «خىزمەتچىلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى باللىق ۋاقتىدا ئىشقا كىرىدۇ، يەنە بىرى بەگلەر ئىشىنى قىلىش ئۇنىڭغا چوڭ بولغان چاغدا نېسىپ بولىدۇ. بۇنىڭدىن ياخشىراقى كىچىك ۋاقتىدا خىزمەتكە كىرىپ كۆڭۈل تۈزەتكىنىدۇر. كىم خىزمەتكە ئىشىك ئاچاي دېسە، كىچىك ۋاقتىدىن خىزمەت قىلىشقا كىرىشكەي. قائىدە-يوسۇن، ئۇسۇل بىلىپ، كىرىش-چىقىش بىلەن ئەدەبنى ئۆگەنسۇن. سەھەر تۇرۇپ ئىشقا تەييار بولسۇن، مۇلايىم بولۇپ، دىلى ۋە تىلىنى كىچىك تۇتسۇن. ئۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىپ، قولاق-كۆزىنى ئىشىك قىلغاي، ئۆزىدىن ئۇلۇغقا خىزمەت قىلغاي، تىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سۆزىنى كۆزەتسۇن. ئەگەر كىچىك ئىشلارنىمۇ مۇشۇنداق بېجىرسە، بېگىگە يېقىنلاپ



كىچىك ئاسانلايدۇ. ئۇ، ئۆتۈنۈچتە دەل بولۇپ، كىرىش-چىقىشتا قائىدە-يوسۇنلارغا ئەمەل قىلغاي. كىچىكلەر شۇ ھالغا ئېرىشسە، ئۆرلەپ نېمە ئىشقا يارايدىغانلىقىنى بېگى بەلگىلەيدۇ» دېيىلگەن (166).

«بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دا، بەگ ئوردىسىدا ۋە بەگكە تەۋە جايلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسىدە بەش خىل مەنسەپتىكى خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش شەرتلىرى نىزاملاشتۇرۇلۇپ: «جەسۇر، مەرگەن بولسا ئوقياچى بولىدۇ، خۇلقى دۇرۇس بولسا تامغىچى بولىدۇ، خۇيى پاك، يۈزى چىرايلىق بولسا ساقى بولىدۇ. ھېساب ۋە خەت بىلسە ھېسابچى بولىدۇ، ئەگەر ئاقىل بولسا، پۈتۈكچى بولىدۇ. ھەر كىشىكى بۇلاردىن قايسىغا ئۇلاشسا، دىققەت بىلەن ئەيمىنىپ، ئىشنى ئۆز قىلغاي» دېيىلگەن (167).

بۇ بەش خىل خادىملار «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىدە خانلىقنىڭ ئوڭ تۆۋەن قاتلىمىدا خىزمەت قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەگلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت قىلغان چاغلىرىدىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-يوسۇن ۋە ئىنتىزاملىرى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن. ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. بەگكە روبىرو تۇرغاندا كۆزى يەردە، قولاق تۈزدە بولۇش، پۇتنى تۈزەپ، ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇش.

2. ئىشىكتىن كىرگەندە ئوڭ پۇتىنى ئېلىپ كىرىش، ئەمر قىلسا، پاراسەت بىلەن ئاڭلاش.

3. ئۆتۈنۈچ قىلاردا قولىنى تۆۋەن تاشلاپ، سىلىق، يۇمشاق بولۇپ، ئىككى تىز بىلەن چۆكۈش، ئوڭ-سول تەرەپكە قىيا قارىماي، ئەيمىنىپ تۇرۇپ سۆزىنى ئاڭلاش.

4. سوئال سورىسا راستلىق بىلەن جاۋاب بېرىش، يارلىقنى راستلىق بىلەن تولۇق بەجا كەلتۈرۈش.
5. بىكار لاغايلاپ يۈرمەسلىك، هاراق ئىچمەسلىك، يارامسىز، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش.
6. قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان سۆزلىنى ئاڭلىماسقا، كۆز بىلەن كۆرگەن ئىشنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈش.

« بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى » دا، يۇقىرىقى بەش خىل خادىملارغا ئالتە خىل ئىنتىزام بەلگىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن: « كىشى خىزمەتكە مۇشۇنداق يارىسا، بەختى كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ ئىشى تۈزۈلىدۇ » دەپ كۆرسىتىلگەن (168).

ئۇنىۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئىككىنچىسىدە بەش خىل مەنسەپ تەسىس قىلىنىپ: « بىرى توپ چېرىككە توپ بېشى بولىدۇ، بىرى ئات ئۈزرە ئەل باشى بولىدۇ، بىرى هاجىپ بولىدۇ، بىرى قوماندان بولىدۇ، بىرى كاتىپ بولىدۇ. ئەركىشىكى خىزمەتتە مۇشۇنداق ئورۇنغا يېتىشسە، ئۇلۇغلۇق تېپىپ مەقسەتكە يېتىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن (169).

ئۇنىۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈچىنچىسىدە توققۇز خىل مەنسەپ تەسىس قىلىنىپ: « بىرى ئەقىل بىرلە كېڭەشچى بولىدۇ، بىرى ‹ كۆك ئايىق › لىق ئۇنىۋانىنى ئالىدۇ. بىرى ئىنانچ بەگ، بىرى چاغرى بەگ، بىرى تېكىن بەگ، بىرى چاۋلى بەگ بولىدۇ. بىرى يابغۇ، بىرى يۇغرۇش بولىدۇ. يەنە بىرى ئامىسىز ئىش — مۇشاۋىرلىقنى قىلىدۇ » دېيىلگەن. ئەمەلدە « خادىملارنىڭ دەرىجىسى شۇ قەدەر بولۇپ، رۇتبىسى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆسمەس. بەگ ئۆز خادىملىرىنى شۇ ھالدا يەڭگۈزسە، ئۇ خادىملىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەركىشى مۇشۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولۇپ خىزمەت قىلسا، بىكمۇ كۆپ تەپ ئېلىپ ئارزۇسىغا يېتىدۇ. ئەگەر بۇ



دەرىجىگە يەتكەنلەر ئىچىدە گۇستاخ ئەردىن بىرەرى چىقىپ قالسا، بېگىگە چوڭ زىيان يېتىدۇ. شۇڭا بۇ دەرىجىنى ئالايىتقا بەرمەسلىك كېرەك » دەپ بەلگىلەنگەن (170).

بەگ ئوردىسى ۋە بەگكە تەۋە جايلاردىكى ئۇنىۋانلىق خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىككىنچىسىدىكى بەش خىل مەنسەپ بىلەن ئۈچىنچىسىدىكى توققۇز خىل مەنسەپتىكىلەر خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ۋە ئوتتۇرا قاتلىمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەمەلدارلار بولۇپ، « بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى » دا، ئۇلارنىڭمۇ سارايغا كىرىپ-چىقىدىغان چاغدا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر بولغان بىرقانچە بەلگىلىمە، قائىدە-يوسۇنلىرى بەلگىلەنگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سارايغا كىرگەندە بابقاپ، چېچەن يۈرۈش، ئۆزىنى قەدىرلىگەنلەرنى ئەزىز كۆرۈش.
2. كۆرەڭلەپ قولىنى سېلىپ كىرمەسلىك، باشقىلارنىڭ سالىمىنى ئېلىك ئېلىش، غاپىل بولماسلىق.
3. ئولتۇرار بولسا ئۆزىنىڭ قەيەردە ئولتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ ئولتۇرۇش، سىلىق بولۇش، كىشىلەرنى رەنجىتمەسلىك.
4. قالايمىقان تۈكۈرمەسلىك، كېلىنى قاتتىق قاقىرتماسلىق.
5. بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرماسلىق.
6. يېنىچە ياتماسلىق.
7. قاقاقلاپ قاتتىق ئۈن سېلىپ كۈلمەسلىك.
8. تىرناق ئالماسلىق.
9. پۇتىنى مىڭگەشتۈرۈپ ئولتۇرماسلىق.
10. قەسىرگە هاراق ئىچىپ مەست كىرمەسلىك.
11. ۋاقتى كەلمىگۈچە بەگكە كۆرۈنمەسلىك، بەگ چاقىرىش بىلەن تەڭ شۇئان كىرىپ كۆرۈنۈش.
12. بەگ سوئال سورىسا قىسقا جاۋاب بېرىش، بىلگىنىنى تولۇق ئېيتىش، بەگ سۆزىنى توختاتسا توختاش.

13. بەگلەر ئاشقا قىچقارسا ئەدەپ بىلەن يېيىش، تاماقنى ئوڭ قول بىلەن ئېلىش، ئاۋۋال بىسمىللاھىررەھمانىررەھىمنى ئېيتىش، كىشىنىڭ ئالدىغا قول ئۇزارتماسلىق، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكىنى يېيىش، پىچاق چىقىرىپ سۆڭەك غاجىماسلىق، يېيىشنى ئۇزارتماسلىق، تويمىغۇردەك ئالدىراپ يېمەسلىك ھەم ئاياللاردەك ناز قىلىپمۇ تۇرماسلىق، ھەرقانچە توق بولسىمۇ بەگ ئىشىنى يېيىش.

14. بەگ ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇسا سەممىي ئىشلەش[171].

«بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دا، خانلىقنىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قاتلىمىدا خىزمەت قىلىدىغان مەنسەپدارلار ھەققىدە باشقىچە بىر لايىھىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ لايىھە «قۇتادغۇبىلىك» تە «بىر ئالىم ئەجەب ياخشى كەپ ئېيتقان، بۇ كەپتىن ساپ ئالتۇن كەبى نەپ تېگىدۇ» دېگەن مۇقەددىمە بىلەن بايان قىلىنغان. بۇلار: بىرىنچى، بەگ، ئىككىنچى، يابغۇ، ئۈچىنچى، لەشكەر بېشى (سۇ ئەركى)، تۆتىنچى، ھايىل (بىر توپ لەشكەر)، بەشىنچى، ئون ئوتاغ (ئون چادىر باشلىقى)، ئالتىنچى، ۋەزىر، يەتتىنچى، كېڭەشچى، سەككىزىنچى، كۆك ئايۇق، توققۇزىنچى، ئەل باشى (ۋىلايەت بېشى)، ئونىنچى، لەشكەر باشى (سىز بېشى)، ئون بىرىنچى، ھاجىپ، ئون ئىككىنچى، خەزىنىچى (ئاغىلىقى)، ئون ئۈچىنچى، خاس كاتىپ (بىتىكچى [illegible]) قاتارلىقلاردۇر. بۇ لايىھىنىڭ ئاخىرىدا: «ئۇنۇۋانلىق خىزمەت قىلغۇچى شۇلاردۇر، بۇلەكلىرى بۇلارغا تەۋە بولغۇچىدۇر» دېيىلگەن ھەمدە ئۇنۇۋانلىق خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا تېخى «يەنە بىرقانچە ئىشچى، تۆشەكچى، قۇشچى، ئاشچىلارمۇ بار» دەپ ئەسكەرتىلگەن[173].

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش، ئاۋام خەلق بىلەن قانداق



مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئون بىرىنچىسى بولۇپ، ئۇ ئەسلى مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، تەركىدۇنيالىقتىن ۋاز كېچىپ، خان ئەمرىنى تۇتۇشقا تەمشىلىۋاتقان زاھىدلارنىڭ ساراي ئەھلى ۋە ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشىنىڭ يوللىرى كۆرسىتىلگەن پۇقرادارچىلىق ۋە مۇناسىۋەت نىزامىدۇر.

ئۇنىڭدا ئەڭ ئاۋۋال قىلىپ: «بەگ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ يېقىنلىقىنى تىلىسەڭ، ساراي ئەھلى بىلەن يېقىنلىق تىلە، ئۆزۈڭگە ئۇلۇغلۇق تاپاي دېسەڭ، خادىملار بىلەن خوپ ئۆت. ئەگەر ساراي ئەھلى بىلەن ياراشمىساڭ، ھاياتىڭ تېتىقسىز بولىدۇ، شۇڭا ساراي ئەھلى بىلەن چىقىشماق، ئۇلارغا قېتىلماق، ئۇلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلماق كېرەك. شەھەر-كەنت ئارا كىرمەكچى بولساڭ، خەلققە قوشۇلماق كېرەك» دېيىلگەن[173].

پۇقرادارچىلىق نىزامىنىڭ ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە، ساراي ئەھلى ساراي ئەھلى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان ئوبيېكت ئۈچۈن ئېيتقاندا، چوڭلار، تەڭ-تۇشلار ۋە كىچىكلەر دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ھەمدە ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى نىزاملاشتۇرۇلۇپ: «ساراي ئەھلى دەل ئۈچ گۇرۇھ كىشىدۇر. بىرى، ئۆزۈڭدىن چوڭلار، ئۇلۇغلاردۇر، بىرى تەڭ-تۇشۇڭدۇر، يەنە بىرى سەندىن كىچىكلەردۇر. چوڭلارغا ئىشلىسەڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ئۇلۇغلا، سۆزلىرىنى قەدىرلە، ئۇلار يۈزىنى يورۇتۇپ سېنى ياخشى كۆرگەي. تەڭ-تۇشلىرىڭنى يىراقلاتساڭ يېغى، يېقىنلاتساڭ ئاداش بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ جاۋابىغا مۇناسىپ جاۋاب بەر. كىچىكلەر بىلەن كۆڭلۈڭ ئاچچىق-چۈچۈك ئۆتكەي.

شۇڭا كىچىككە بوزەك بولمىغىن، تىلىڭنى يىپىشىپ تۇت، ھەزىللەشمىگىل» دېيىلگەن (174).

بەلگىلىمىدە، دوست تۇتۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىق ئىككى تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بولىدۇ ھەم شۇ ئىككى تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن كىشى دوست تۇتىدۇ. بىرى، تەڭرىلىك ئۈچۈن يولداش تۇتىدۇ، بۇنىڭدا ئەگرىلىك ئۈچۈن ئورۇن يوق، يەنە بىرى، نەپ ئېلىش ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، بۇ دوستلۇق ئىگىزسىز، مەجبۇرىي بولىدۇ. ئەگەر تەڭرىلىك ئىشىنى تۇتساڭ، يۈكىنى يۈد، ئاچچىق بولسا، يۈزۈڭنى پۈرمە، بۇنىڭ پايدىسىنى بۇندا كۈتمە، چىدا، بۇنىڭ ئەجرىنى خۇدا تاڭنا كۈنى بەرگەي. دوستلۇق ئەگەر جاھان نەپئى ئۈچۈن بولسا، ئۇنداق دوستلۇققا قېتىلما، قېتىلغان بولساڭ قولۇڭنى ئۈز.» (175)

بەلگىلىمىدە يەنە: «كىشىلەرنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئاداش تۇت. يېقىن بولغىلى تولۇق ئەر تىلىسەڭ، بۇنىڭغا يەتكىلى مۇنداق ئىككى خىل كىشى بار. بىرى، ئەسلى ياخشى، تولغان كىشى. ئەگەر شۇنداق كىشى تېپىلسا، ئۇنى سەن ئاداش تۇت، يەنە بىرى، تەقۋادار كىشى، ئۇنداق كىشى، خۇدانى بىلىدۇ. كىشىلىك شۇنىڭدەك كىشىدىن كېلىدۇ. شۇڭا شۇ ئىككى خىل ئەرگە يېقىنلاش، ياخشىلىق شۇلاردىن ساڭا يانىدۇ، يامان ئاتلىق كىشىدىن يىراق بول، چۈنكى، ئۇ ياغلىغ كىشىلەرنىڭ قىلىقى قارا بولىدۇ. مۇنداق ئىككى خىل ئەرگە قېتىلما، يىراق تۇر، قېتىلساڭ جاپاق چېقىدۇ: بىرى جىنچى، پىتنە-پاساتچى، بىرى ئىككى يۈزلۈك، ئىززەت مەنپەئەتچى. يەنە مەيخورلى ئاداش تۇتمىغىن، چۈنكى ئۇ ۋاپاسىز بولۇپ دىلنى غەش قىلىدۇ. خۇدبىن دوستقا ھەرگىز كۆڭۈل بەرمە، ئەگەر نەپ تەگمىسە ھامان ئاۋ



بولىدۇ» دېيىلگەن (176).

يۇقرادارچىلىق نىزامىنىڭ ئاۋام بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە، ئاۋام خەلق ئاۋام بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا تېگىشلىك ئوبيېكت ئۈچۈن تىپتاندا، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ھەم يېقىرلەر دەپ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان 12 خىل گۇرۇھقا بۆلۈنگەن. بەلگىلىمىدە، ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، ھال-ئەھۋالى، ئىش ھەرىكىتى، غەم-غۇسسىلىرى، پەزىلەت-خۇسۇسىيەتلىرى، ئارتۇقچىلىقلىرى، نۇقسان، ئاجىزلىق، قۇسۇر، كەمچىلىكلىرى، ئىنسانچىلىققا كەلتۈرىدىغان پايدا-زىيانلىرى، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىگە چۈشىدىغان ھاجەت، موھتاجلىقلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان ھەمدە: «ئەلدە بولىدىغان تۈرلۈك قوشۇلغۇ كىشىلەر شۇلاردۇر. ئۇلاردا ئىشىڭ بولسا ياكى ئۇلارنىڭ سەندە ئىشى بولسا، كۆيۈمچان بولۇپ ئىشلىرىنى ھەل قىلساڭ، ئۇلار ساڭا يېقىنلاپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا سېنىڭمۇ ئىككىلا ئالەمدە ئىشىڭ ياخشى بولغاي، ئۇنۇڭ تارالغاي» دېيىلگەن (177).

## ئالتىنچى، ھەربىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار

ھەربىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن — دۆلەتنىڭ قانۇن سىستېمىسى ئىچىدىكى قوراللىق كۈچلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى دۆلەتنىڭ سىنىپىي خاراكتېرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ، قوراللىق كۈچلەر ئىچىدىكى ئادەتتىكى قانۇن، ھەربىي ئىشلار قانۇنى، ئۇستاپ، قوماندان ۋە باشلىقنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن

ئورنىتىلغان مۇناسىۋەت تۈزۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر سىز دەۋاتقان ئەنە شۇ ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ نەزمىلەشتۈرۈلگەن ۋارىيانتىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ھەربىي ئىشلار قانۇنىدا، قوشۇن تەشكىللەش، قوشۇننىڭ تۈزۈلۈشى، قوشۇنغا باشچىلىق قىلىدىغان ھەربىي قوماندانىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى، بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلىرى، قوشۇننىڭ ھەربىي ئىنتىزامى، ئەسكەرلەرنى قوماندانغا ئىتائەت قىلدۇرۇش ۋە بېقىندۇرۇش تەدبىرلىرى، ھەربىي يۈرۈش ۋە جەڭ قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرى، جاسۇس ۋە ھىيلە ئىشلىتىپ دۈشمەننىڭ ئاخباراتىنى ئىگىلەش، جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئىشلار بەلگىلەنگەن.

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ قوشۇن تەشكىللەش قىسمىدا: «لەشكەر تۈزۈپ قوشۇن باشلىماق ۋە ياۋنى قىرىپ تاشلىماق ناھايەتىن چوڭ ئىشتۇر. شۇڭا بەككە جەزمەن ياۋنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىشقا ياراشماس قوشۇن باشچىسى كېرەكتۇر» دېيىلگەن. ھەممە قوشۇن تەشكىللىنىدىغان قوماندانىنىڭ قانداق شەرتلەر بىلەن قوشۇننى قانداق تەشكىللىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «بۇ ئىشقا جەسۇر، بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، ناھايىتى قاتتىق ئەركەك يۈرەك، خىل ۋە ھوشيار ئەرەن كېرەكتۇر. شۇ چاغدا ئۇ، غاپىللىق بىلەن تۆھمەت كۆرمىگەي. ئۇ، مۇلايىم، باتۇر، سېخىي، تەمكىن، نان-تۇزى كەڭرى بولسۇن. قوشۇن باشلار كىشى سېخىي بولسا، ئۇنىڭ قېشىغا سەرخىل كىشىلەر يېشى يىغىلغاي، ئۇ ئىززىگە بېرئات، تون ۋە قورال قالدۇرۇپ، بارلىق مېلىنى جېمىرىكلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەرسە، ھەممىنى ئۆزىگە



ئاداش-دوست ۋە قولداش تۇتسا، ئېتى جاھانغا مەشھۇر بولسا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايىدۇر».

قانۇندا ھەربىي قوماندانىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى مۇنداق بەلگىلەنگەن: «قوماندان، يۇسۇن تۈزەپ ئۆزىنىڭ مۇنداق بىرقانچە ئىشنى رەتكە سېلىشى كېرەك. بىرىنچى، سۆزى چىن، ئېيتقىنى تامام راست بولسۇن. چۈنكى ئۇلۇغ يالغانچى بولسا، ئاۋام پۈتمەس. ئىككىنچى، سېخىي بولسۇن، چۈنكى، ئالارمەن كىشى بېخىلغا يولىماس. ئۈچىنچى، يۈرەكلىك ۋە جەسۇر بولسۇن. چۈنكى يۈرەكسىز ئادەم ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتىدۇ. تۆتىنچى، ئۇ ھىيلە ۋە پىلان بولسۇن. چۈنكى كىشى ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتىدۇ. قوشۇننى بۆسۈشكە چىڭ بولماق، چېرىك قوزغىتىشقا تېز بولماق كېرەك. ئەگەر قوماندانىدا مۇشۇ خىسلەتلەر بولسا، يىغىنى يىغىپ ھەيۋىسىنى يوقىتىدۇ. شۇ خىل قوماندان قوشۇننى باشلىسا، دۈشمەن ئۈستىدىن ھامان غالىپ كېلىدۇ» دېيىلگەن[179].

قانۇندا يەنە ھەربىي قوماندانغا كۆيۈنۈش لازىملىقى ھەققىدە توختىلىپ: «تۇز، نان، ئېشى كەڭ بولغۇلۇق، ئات، قورال، تونمۇ ھەم تەڭ بولغۇلۇق لازىم» دېيىلگەن بولسا، ھەربىي قوماندانىنىڭ قورقماس يۈرەكلىك بولۇشى ھەققىدە توختىلىپ: «يۈرەكسىز كىشى سوقۇشتا كارغا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ چىشىغا ئوخشايدۇ. ئۇ، قوشۇننى بۇزىدۇ. قوشۇن بۇزۇلسا، قوشۇندىكى ئەرلەر بىر-بىرىنى بۇزىدۇ. شۇڭا ئۇرۇشتا قوماندان يۈرەكلىك، چىدامىلىق بولۇش كېرەك» دېيىلگەن [179].

قانۇندا: «قوشۇن بېشى كەمتەر، مۇلايىم بولسا، ئۇ ئۆزىنى دائىم خەلققە سۆيدۈرىدۇ. كىچىك دىل كىشى كىشىنى بىللىتىدۇ، ئىنىڭ تىل كىشى كىشىنى قاچۇرىدۇ. قوماندان ئۆزىنى يوغان تۇتاركەن، دۈشمەندىن بىگۇمان تاياق يېگەي.

نەكە بىۇر كىشلەر غاپىللىق قىلدۇ، غاپىللار بۇزۇلدۇ ياكى بىۋاقىت ئۆلدۇ» دېيىلگەن (180).

قانۇندا ھەربىي قوماندانىنىڭ رولى، قوشۇندا بولۇشقا تېگىشلىك ھەربىي ئىنتىزاملارنىڭ قانداقلىقىنىڭ قوشۇننىڭ ھايات-ماماتلىق تەقدىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ: «قوماندان ئېيتىم چىقسۇن دېسە، جەسۇر، ساقال-چېچى رەتلىك، بەھەيۋەت، غەيۇر بولسۇن. قوماندانلارنىڭ ياماننغا قورقۇنچلى ھەيۋەت، ياۋاشلارغا سۆيۈملۈك ياخشىلىق بولۇش كېرەك. قوشۇننىڭ بارلىق ئىشى سىياسەتكە باغلىقتۇر، شۇڭا قوشۇن بېشى سىياسەت يۈرگۈزسۇن. قوشۇن سىياسەت بىلەن باشچىسىز قالماس، باش بولسا قوشۇن شۇبھىسىز ئۇيۇشقاي. قايسىبىر قوشۇن باشسىز، بوشاڭ بولسا، ئۇنداق قوشۇن بۇزۇلىدۇ» دېيىلگەن (181).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ دۈشمەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان قىسىمنىڭ قوماندانلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا ئاجرىتىلغان بۆلىكىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ياۋغا يۈرۈش قىلغاندا، قوماندان مۇنداق بىرقانچە ئىش ئۈچۈن يوسۇن تۈزۈش كېرەك: ئۇ سۇقۇشقاندا بولۋاستەك يۈرەكلىك، تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك، تۈلكىدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچ ئالغۇچى، قىزىل تۈلكىدەك ئېلىگەر، بۇغرا تۆگىدەك ئاداۋەتچى بولسۇن. سېغىزخاندىن سەگەكرەك، كۆزى قىيا قۇزغۇندەك يىراقنى كۆرىدىغان، كېچىسى ھەر زامان ھۇقۇشتەك ئويغاق، ھەممەتتە ئارسلاندەك بولسۇن. ئۇ مۇشۇ خىل سۈپەتلەر بىلەن ئاندىن جەڭچى بولالايدۇ.» (182).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ قوشۇننىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى بۆلىكىدە: «قوشۇن بېشىغا كۆپ چېرىك ئەمەس بەلكى خىل چېرىك كېرەك. چېرىككە ھەللانغان خىل قورال كېرەك. قوشۇن



سانى كۆپ بولسا باشسىز بولىدۇ. قوشۇن باشسىز بولسا جەڭچىلىرى يۈرەكسىز بولىدۇ. سىنالغان بىر ھەربىي، ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۈچلۈك قىلىدۇ، تۆت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتىدۇ، دەپ ئېيتقان. كۆپ ئەسكەر يېيىلسا، ئىچى بۇلغىنىدۇ، ئۇنداق قوشۇن يارامسىز بولۇپ، تۈزەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاتاقلىق جەسۇر بىر سوقۇشچى، قوشۇننى كۆپەيتمەي يىگىتلەر بىلەن قورالنى خىل قىل، سانى كۆپ چېرىك كۆپ قىيىم يېگىلىگەن، قوشۇن مۇنتىزىم بولسا، كۆپىدىن ئېزى خوپ، دېگەن. بۇ سۆزنى ئىشتىكەچ ئەمەل قىلىش كېرەك» دېيىلگەن (183).

قانۇننىڭ ھەربىي يۈرۈش ۋە ئۇرۇش قىلىش قىسمىدا: «قوماندان ئەگەر يېغىغا ھۇجۇم قىلسا، يېغى ئۇرار ئەرلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسۇن. قوماندان چارلىغۇچى قىسىملىرىنى خىللىماق، قولاق-كۆزنى ساقلاپ يىراق قارىماق كېرەك. چارلاۋچى تۇتغاق (دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى) غا ئۇچراشسا، ئارقىدىن يېتىپ بېرىپ ھۇجۇم قىلسۇن. قوشۇننى ساقلىسۇن، مۇنتىزىم قىلسۇن، سەپتە ھېچكىم ئىلگىرى-كېيىن يۈرمىسۇن. ئۇ قارارگاھ ۋە يۇرتۇغ (مۇھاپىزەتچى قىسىم) تۈزۈشنى بىلسۇن. قوشۇن ساقچىلىرى ھوشيار تۇرسۇن. ئەلەم تۇتقان ئەر ھەرىكەتنى كۆزەتسۇن، ياۋنى ئۇرار ئەر ھېچ چەتتە قالمىسۇن. يۇختا جاي كۆرۈپ قوشۇننى چۈشۈرسۇن. قوشۇن توپ بولۇپ تۇرسۇن، يىراق كەتمىسۇن. ئۇ ھوشيار بولسۇن، غەپلەتتە قالمىسۇن، غاپىل بولسا، دۈشمەن زىيان ئۇرىدۇ. دۈشمەننىڭ دېرىكىنى ئېلىپ ياۋغا يېقىنلاشسا، ئوت، سۇنى كۆرۈپ قارارگاھ قۇرسۇن» دېيىلگەن (184).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ جاسۇس ئىشلىتىش قىسمىدا، ئۆز تەرەپنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى قاتتىق ساقلاپ دۈشمەنگە بىلدۈرمەسلىك، ئامال قىلىپ دۈشمەن تەرەپنىڭ

ھەربىي ئاخباراتنى ئىگىلەپ، ئۇنى يوقىتىشنىڭ چارىسىنى قىلىش ئىزاملاشتۇرۇلۇپ: «ئۇ، قوشۇننى كۆزەتسۇن، دۈشمەنگە تىل (خەۋەر — ئەسىر مەنىسىدە) بەرمىسۇن. قوشۇن ئازمۇ، كۆپ، ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن. ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك، بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك. ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن، ياۋ بېشىنى كېسىپ، بويىنىنى يانجىسۇن» دېيىلگەن (185).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ ھىيلە ئىشلىتىش قىسمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ياۋنى يوقاتماققا ئىككى قورال كېرەك، بۇ ئىككى قورالدىن ياۋ زاۋال كۆرىدۇ. ئەڭ ئاۋۋال ھىيلە ئىشلىتىش كېرەكتۇر، ياۋ ئالدانغانلىقىدىن يۈزى قىزارسۇن. ئىككىنچى، سەگەكلىك — ئويغاقلىق لازىمدۇر، كىم سەزگۈر، ساق بولسا، ئۈستۈن كېلىدۇ، كىم جەڭدە ساق، ئويغاق، ھوشيار بولىدىكەن، ئۇ، ياۋغا گۇمانسىز زىيان سالىدۇ ۋە ئۇتۇپ چىقىدۇ.» (186).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ ستراتېگىيە قىسمىدا، ئۆز بىلەن دۈشمەن كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى ئىزاملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا: «دۈشمەننىڭ داڭقى يىراقتىكى چاغدا، كۆزگە كۆرۈنمەس چاغدا ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، كۆرۈشكەندە بولسا، بۇ شۆھرەت كېمىيىپ كېتىدۇ. دۈشمەننىڭ قوشۇنى كۆپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنى ئاز بولسا، دەرھال ساز تەدبىر كۆرۈش، سوقۇش قىلماسلىق، مۇمكىنقەدەر ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ مۇمكىنچىلىك بولمىسا، ساۋۇت كىيىپ ئېلىشىش لازىم» دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭدا يەنە: «دۈشمەننى غەپلەتتە قوي، كېچىسى ھۇجۇم قىل، چۈنكى، كېچىدە ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلىنمەس. ئەگەر يەنە بېكىتكە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئەلچى ئەۋەتىپ ياراشقىن. تىلىڭ سىرلە، ئەل بول، ئۆزۈڭنى كۆزەت، سوقۇشماقتا ئالدىرىما،



سۆزۈڭنى بەس ئەت. ئەگەر بۇمۇ بولماي يېغى قوزغىسا، ئۇرۇشماقنى ئىستەپ كۆڭۈل بەرمىسە، ئىشىڭنى ئۇزارتماي قوشۇن تۈز» دېيىلگەن (187).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ تاكتىكا قىسمىدا، «چېرىكنىڭ بىر قىسمىنى مۆكتۈرۈپ قوي، سەن ئالدىن يۈرۈپ ياياق ئۇقچىنى سال. ساقال-چاچلىرى ئاقارغان كىشى كۆرەشچى ۋە كۆپ ئىشنى بىلىدىغان بولىدۇ. كىچىك ياش يىگىتلەرنىڭ ھەرىكىتى بەكمۇ تېز بولىدۇ، ئەمما ئۇلار يۈز ئۆرۈسە، ئوتى تېز ئۆچىدۇ. شۇڭلاشقا، ئېشى چوڭ كۆرەشچان، جەسۇرلارنى سەپ ئالدى قىل، جەڭچىلەرنى باشلاپ ماڭسۇن. ئالدى بىلەن سەپنىڭ ئوتتۇرىغا ئىشەنچلىك كىشىنى قوي، كېيىن ئوڭ-سولۇڭغا يەنە باشقىدىن ئادەم بېكىت. لەشكەرلەر يېقىنلىشىپ ئەرلەر تۇتۇشقاندا، ئەرلەر تارتىپ ئۇدۇلدىكىنى ئۇرسۇن. ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوق ئاتقۇلۇق، يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق. جەڭگە كىرىشكەندە، دۈشمەننى پالتا، قىلىچ بىلەن چاپ، تىرناقتا تاتىلاپ، ياقىدىن تۇت، چىشلە، چىدا. ياۋغا ئارقاڭنى تۇتۇپ بەرمە. ياۋنى يوقات، ياكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ يات» دېيىلگەن (188).

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھەربىي قانۇنىدا، دۈشمەننى يېڭەلمەسلىك، ئاجىز كېلىپ يېڭىلىش، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىش، قوشۇننى تالاپەتكە ئۇچرىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابكارلىرى دەخلىسىز ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىناتتى. بۇ تامامەن ئۇلارنىڭ مەردلىك، باتۇرلۇقىدىن چىقىش قىلىنغان بولۇپ، پۈتكۈل بىر مىللەتنىڭ شەرەپ-نومۇس تۇيغۇسىنىڭ قانۇن-تۈزۈمدىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى. «سۆيىنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە: تۈركلەر «جەڭ مەيدانىدا سوقۇشۇپ ئۆلۈشنى شەرەپ، ئۆز ئۆيىدە

ئاغرىپ ئۆلۈشنى نومۇس بىلىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئۇلارنىڭ
ئادىتى ھۇنلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش» دېيىلگەن

خەنزۇچە تارىخى مەنبەلەردىكى بۇ مەلۇماتلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمى ئاستىدىكى ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان مەزمۇنلىرىنى بېيىتىدۇ ھەم ئۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىرەك چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قەيت قىلىنغان ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ يۇقىرىدىكى مەزمۇنغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا، باتۇرلۇق، ئۇياتلىق بولۇشنىڭ ئۇرۇشتا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كېلىن قىزنىڭ سۆيۈنگەن ۋاقتى توي قىلغان كېچىسىدۇر، باتۇرنىڭ سۆيۈنگەن ۋاقتى جەڭ قىلغان كۈنىدۇر. باتۇر يېغىنى كۆرسە تۆزاندەك قوپىدۇ، ئۆۋەتنى بۆلەكلەرگە ھەرگىز بەرمەس. باتۇر ئات چاپتۇرۇپ لەشكەرنى ئالغا سۈرىدۇ، دۈشمەن قېتىنى لاچىن قۇش ئالغاندەك تۆكىدۇ. باتۇر چېرىك كۆرسە ئارسلان بولۇپ، ياۋنى يوق قىلىدۇ ياكى ئۆزى جان بېرىدۇ. باتۇر يېغى كۆرسە، جەڭدە ئۆزىنى قىزىل قانغا بويايدۇ، ئېگەر، ئات-ساۋۇتلار قىپقىزىل بولىدۇ، قىزارغان قىزىل يۈز ياپېشىل بولىدۇ. نەرگە ئۇيات كېرەك، كىشى ئۇياتلىق ئۈچۈن ياكى ئۈچىنى ئالمىغۇچە ياۋنى ئورىدۇ. ئۇيات بىلەن ئىنسان ياۋنى يوق قىلىدۇ. ئۇرۇشتا ئەڭ ئاۋۋال ئۇياتسىز كىشى قاچىدۇ. قورقۇنچاقمۇ ئۇيىلىپ باتۇرلۇق قىلىدۇ، ماختىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدۇ. يۈرەكلىك ئاتالغان كىشى ئۇياتلىق بولىدۇ. ئۇياتلىق نەر ئۆلسە ئۇرۇشۇپ ئۆلىدۇ» (١٨٧).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇرۇش قىلىش قىسمىدا، ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋاقىتتىكى قىسىمنىڭ ھالىتى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ھەربىي ساۋاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ: «يېغى ساڭا ئات سېلىپ ھۇجۇم قىلسا چىدا، تەن بەرمە، ئۇ چوقۇم توزۇيدۇ.



ئەگەر يېغى تەۋرىسە، سەنمۇ تەۋرىگىن، ئۆرە ئاياغ تۇرۇپ دەرھال باپلىغىن. ئەگەر ياۋ چېكىنسە، قوغلاپ ئۆتمەسلىك، ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ئەسىر ئالماسلىق، جەسۇر جەڭچىلىرىڭنىڭ سېپى بۇزۇلىدۇ، ياۋ كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتا ھۇجۇم باشلايدۇ. يېغى قاچسا، ئۇزاق يەرگىچە قوغلاپ بارما، چۈنكى، يىراق قوغلىغان تويغۇچە قامچا يەيدۇ. يېغى بىر چېچىلسا يىغىلمىقى تەس، ئۈمىدسىز كىشىلەر ئۆلۈمنى كۈتىدۇ، ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆزى ئۆلىدۇ. ياۋ ئۈمىدسىز بولسا ئۆلۈمگە يۈزلىنىدۇ، ئۆلۈمدىن قورقمىغانغا كىم تەڭ كېلىدۇ؟ ئەر غاپىل بولسا، كېتىپ بېرىپ ئۆلىدۇ، ئەر غاپىل بولمىسا، تىلىكىگە يېتىدۇ» دېيىلگەن (١٩٠).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىدا جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى دۈشمەن قولىدىن بوشىتىپ قايتۇرۇپ كېلىش، يارىدارلارنى داۋالىتىش، قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش قاتارلىق ئىشلارمۇ نىزاملاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «كىم ئىش قىلسا ئۇنىڭغا تېز مال بەرگۈلۈك، مال بېرىپ يۈزىنى قىزىل قىلغۇلۇق لازىم. ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك، بۇ تارتۇق بىلەن ئەر خۇش يۈرەك بولسۇن. يامان ماختىلىش بىلەن ياخشى بولىدۇ، ياخشى ماختالسا قاچان كېيىن قالىدۇ؟ ئەرنى ماختىساڭ ئۇ قولى بىلەن شىرنى تۇتىدۇ، ئەگەر ئېتىڭنى سىلىساڭ قۇشقا قوغلاپ يېتىدۇ. يارىدار بولسا داۋالات، ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بولسا قۇتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇپ كەل. ئەگەر ئۆلگەن بولسا، قەدىرلەپ كۆتۈرگىن، ئوغۇل-قىزى بولغان بولسا ئۇنىڭ ھەققىنى بەر. قوشۇنۇڭ بۇنى كۆرسە كۆڭلى سۆيۈنگەي ھەم جەڭ مەيدانىدا جېنىنى پىدا قىلغاي.» (١٩١).

ھەربىي ئىشلار قانۇنىدا يەنە: «كىشىگە بۇنداق ئۈچ

نەرسە ياخشى بىر ئىشتۇر، ئۇ بولسىمۇ شېرىن سۆز، كۈلەر يۈز، مال-نەرسە بېرىش. شۇڭلاشقا كىشىگە كۈلەر يۈز، شېرىن سۆز بىلەن ئاۋاز بەر، شۇ چاغدا ئازاد ئەرلەر بۇ ئۆيگە كېلىپ توپلىنىدۇ. كۈمۈش بىلەن ئالتۇنغا قول سېپىۋالسا، مۇشۇ ئۈچ نەرسەڭنى پەيدا قىل، ئۇ، ھەممىنى يىغىدۇ. قوشۇن باشلىقى شۇنداق بولماق كېرەك، شۇ چاغدا ئۇ قوشۇن باشلىسا، ئەزگۈرەك بولىدۇ. ئەگەر ئالتۇن-كۈمۈشنى سوۋغات ئەيلىسەڭ، كىشىلەر ساپ ئالتۇنغا تەڭ جانلىرىنى ساڭا پىدا قىلىدۇ. مۇشۇ ئۈچ نەرسە بىلەن خىزمەتچى ساڭا قول بولىدۇ، بۇ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۇلى بولۇپ، ئۇنى بەگ چوقۇم بىلگۈلۈكتۇر. ئەگەر خان مۇشۇنداق قوماندانى تاپسا، ئۇنىڭ ئىشى ھامان ئىشەنچلىك ھالدا باشقا چىققاي» دېيىلگەن (192).

## يەتتىنچى، جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن - يوسۇنلار

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قەيت قىلىنغان جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» بابىدا ئاندىن كېيىن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى بابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ نىزاملاشتۇرۇلغان. ئۇنى دۆلەت ئىشلىرى جىنايىتى، دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى، سۇيىقەست ۋە جېدەلچىلىق قىلىش جىنايىتى، ئائىلىۋى ئىشلىرى جىنايىتى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دۆلەت ئىشلىرى جىنايىتى — دۆلەت خادىملىرىنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارا قىلىش، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش قىلمىشى، ئاۋام خەلقنىڭ بەگلەر ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت



قىلىش قاتارلىق قىلمىشلىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغان ھەرقانداق كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 30-بابى — «ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا» دا: «ئىككى ئىش بۈيۈك بولۇپ، ئۇلۇغلۇق ئۇنىڭ ئىچىدۇر. بىرى ۋەزىرلىكتۇر، قولىدا قەلەم بار، يەنە بىرى ئەسكەر باشلىغۇچىدۇر، قولىدا ئەلەم بار. بۇ ئىككىسى بىرىكىپ ئەلنىڭ تەرتىپىنى تۈزەيدۇ، بۇ كىشىلەر خىللانغان بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇلار بەگكە زىت بولسا، بېشى كېتىدۇ» دېيىلگەن (193). 47-بابى — «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دا: «ئەگەر كىشى مۇنداق ئۈچ ئىشتا ئۆزىنى كۆزەتمىسە ئۆزىنىڭ بېشىنى يەر. بىرىنچى، بەگلەرنىڭ سۆزىنى ئەستە چىڭ تۇتماق؛ ئىككىنچى، توپىلاڭ بولغان كۈنلىرى ئەلگە ساداقەت بولۇش؛ ئۈچىنچى، سارايدا ئۆزىنى تۈز تۇتۇپ يۈرۈش، يارامسىز ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق قىلىش. ئەگەر بۇ ئۈچ ئىشتا كىشى غەپلەتتە قالسا ھەرقانچە بۈيۈك بولغان بىلەنمۇ بېشى كېسىلگەي» دېيىلگەن (194). 31-بابى — «ئۇلۇغ ھاجىپلىقتا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا» دا: «خىزمەتچىگە ئۈچ ئىش دۇچ كېلىدۇ، ھەزەر ئەيلىمىسە ئۆز بېشىنى يەيدۇ. بىرى، ئاڭلىغان سۆزىنى چىن ساقلىسۇن. ئىككىنچىسى، ناچار ئىش كۆرسە كۆز ئاچمىسۇن، ئۈچىنچىسى، كۆڭلىنى سۆيۈنچ بىلەن ئۆتكۈزسۇن، ئۆزىنى تۇتۇۋالسۇن» دېيىلگەن ھەمدە: «ئاۋام ئەلگە گۇناھ قىلسا بېشى كېتىدۇ، سۆزدە خاتالاشسا چىشى سۇنىدۇ. ئورغۇن لايىقسىز كىشىلەرنىڭ ئەلگە جىنايەت قىلىپ بېشى كەتتى. بېشىڭنى خالىساڭ بەگ سۆزىنى دېمە، ئەلگە جىنايەت قىلىپ بېشىڭنى يېمە» دەپ ئەسكەرتىلگەن (195). 7-باب — «تىلنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى ۋە پايدىسى بىلەن زىيىنى بايانى» دا: «تىل كىشىنى قەدىرلىك قىلىدۇ، بىراق بىلەن

كىشى بەختىنى تاپىدۇ. تىل ئەرنى خار قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەرنىڭ بېشى كېتىدۇ. شۇڭا سۆزۈڭنى كۆزەتكىن، بېشىڭ كەتمىسۇن، تىلىڭنى كۆزەتكىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن» (196). دېيىلگەن. 27-باب — «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئەقىلنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى بايانى» دا: «كىشىلەر ئىشتىمەك بىلەن ئالىم بولىدۇ، تولا سۆز قىلىشتىن ئەرلەرنىڭ بېشى كېتىدۇ» دېيىلگەن (197).

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قەيت قىلىنغان جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرى جىنايىتى ۋە بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلارغا بەلگىلەنگەن جازا قىسمىدا، قانۇننىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. 26-باب — «ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايانى» دا: «بەگلەرنىڭ سۆيۈنچىنى تىلىگەن كىشىلەر بەگلەرنىڭ تىلىگىنى بويىچە ئىشلارنى پۈتۈن قىلىش كېرەك. قۇل ئەگەر بېگى خالىماس ئىشنى قىلسا، زەبۇنلۇق يېسە، گۇناھى ئۆزىگە دۇر» دېيىلگەن (198). 47-باب — «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى» دا: «بەگلەر گوياكى جەسۇر ئارسلاندۇر، ماختاپ بەرسە يىپەككە ئوخشاش يۇمشايدۇ. ھەقىر كۆرسەڭ ئاچچىقلىنىپ باش كېسىدۇ. تۆمۈرنى تېشىدۇ، شوراپ قان ئىچىدۇ. ئەزىز جانغا يېتىش بارما، بارساڭ خارلىق يېتىدۇ» دېيىلگەن (199). 38-باب — «خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى ھەققىدە» دە: «خىزمەت قىلغۇچى ئىككى خىلدۇر، بىرى ھۆر، بىرى قۇلدۇر. قۇل ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتچىدۇر. ئەگەر ئۇ خىزمەت قىلمىسا تەگدىن تاياق يەيدۇ» دېيىلگەن (200).

دىنىي ئەقىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىش جىنايىتى — دىننىڭ قائىدە-قانۇنلىرىغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» -



تە قەيت قىلىنغىنى ئۇنىڭ ناھايىتى ئاز ئەمما ئەجەللىك قىسمى بولۇپ، مەزمۇنلىرى — خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنمەي، ئاللاغا شەك كەلتۈرۈپ ئۆز ئالدىغا مەبۇت ياساپ تاۋاپ قىلىش، مەيخانىلەرنى كەڭرى سېلىپ ھاراق ئىچىش، زىناخورلۇقنى ئەۋج ئالدۇرۇپ پاھىشە قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى گۇناھ دەپ تونۇپ، ئېغىرلىرىنى قوراللىق جازالاپ باستۇرۇش، يەڭگىللىرىنى بولسا نەسىھەت بىلەن توسۇپ چەكلەش، بۇ ئارقىلىق ئوڭشالمىغانلارنى دوزاخنىڭ قىيىن-قىستاقتا ئېلىپ دەھشەتلىك جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 72-بابى — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا: «دىلىنى پاك تۇتۇپ، كۈچىنى ھەقتىن تىلەپ، ياۋنى لاۋۇلەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ يانجىش كېرەك» دېيىلگەن (201).

ئۇنىڭدا يەنە مەيخانىلەرنى تامامەن بۇزۇش كېرەكلىكى قانۇنلاشتۇرۇلۇپ: «ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقنى سۆزۈپ دۆلەتنى تۈزگۈلۈك لازىم. ئېھسان قىلىپ دوستلارنى خۇشال ئەيلە، سېنى سۆيمىگەنلەرنى سۈرۈپ ھەيدە. بۇنىڭدا ئاۋۋال ئەل تۈزەتمەك كېرەك، بۈتۈن مەيخانىلەرنى بۇزماق كېرەك. سەن خەلقنى قانۇن بىلەن تولۇق كۆزەت، يارامسىز قىلىقلار ئەلدە يوق بولسۇن» دېيىلگەن (202).

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 57 - بابى — «دېھقانلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانى» دا: «باي بولاي، يېقىر بولماي دېسەڭ ھەرگىز زىنا قىلما» دېيىلگەن (203). 71-بابى — «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى» دا: «ھالال يېگەن كىشى ھەققە گۇناھ ئەيلىمەس، كىمنىڭ كۆڭلى، ئەقلى ئېرىغ بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى قويماي ئېرىيدۇ» دېيىلگەن (204). 76- بابى — «ئودغۇرمىشنىڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئۆگدۈلمىشنى چاقىرغانلىقى بايانى» دا:

«ھەممە كىشى ئاز-تولا گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، جاھاندا گۇناھسىز كىشى كەم بولىدۇ. كىشى ئاغرىسا گۇناھى ئۆكۈلىدۇ، گۇناھى تۈگىسە ئۇل كىشى جازادىن قۇتۇلغاي» دېيىلگەن (205).

سۇيىقەست، چېقىمچىلىق قىلىش جىنايىتى ۋە ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 75-بابى — «توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىكتە ئادەمگەرچىلىك قىلىش بابانى» دا: «ھەرقانچە غەيۋەت - شىكايەتكە قۇلاق سالمايدىغان ئەرمۇ چېقىمچى ئارىغا كىرسە ئۆزگىرىدۇ. بەگ ھەرقانچە ئەقىللىك، ھوشيار بولغاندىمۇ، چېقىمچى ئۇنىڭغا يېقىن بولسا، ئىشقا چوڭ زىيان يېتىدۇ. كىمكى بىراۋنى ساڭا چاقسا، ھەممە سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلا ئەمما دىلدا ئورۇن بەرمە، كېرەكلىكلىرىنى ئال، كېرەكسىزلىرىنى تاشلا. راست-يالغانلىقىنى تېگى - تەكتىگىچە سوراپ تەكشۈرگىن. تەكشۈرۈشتىن نېمە چىقسا شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم چىقار. راستلىرىنى قوبۇل قىل، چېقىمچىلىق قىلىپ يالغان ئېيتقانلارنى جازالا» دېيىلگەن (206). 48-بابى — «ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش توغرىسىدا» دا: «پىتنىخورغا يېقىن بارما ۋە قوشۇلما، ئۇنىڭ تىلىدىن ئوت-چېقىن چىقىدۇ. جاھان پىتنىسىنى پىتنىچى تېرىيدۇ. ئۇنىڭ بېشىنى كەس» دېيىلگەن (207). 8-باب — «مۇئەللىپنىڭ ئۆز ئۆزرىنى ئېيتقانلىقى بابى» دا: «ئادەم ئەسكى ئەقىل بىلەن ئېزىلغاي، خەلق پىتنىسى بىلىم بىلەن بېسىلغاي. بۇ ئىككى يول بىلەن ئىش پۈتمىسە، بىلىمنى قويۇپ قولۇڭغا قىلىچ ئال» دېيىلگەن (208).

ئامانلىق ئىشلىرى جىنايىتى — دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ جانى ھەم مال-مۈلكىنىڭ قوغدىلىشىغا بىۋاسىتە تەھدىت سالىدىغان قىلمىشلار بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆرسىتىلگەنلىرى قاتىللىق، ئوغرىلىق، قاراقچىلىق، بۇلاڭچىلىق ۋە خىيانەتچىلىك



قاتارلىقلاردۇر، ئۇنىڭدا بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ بېرىلىدىغان جازالارمۇ كۆرسىتىلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 71-بابى — «ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى» دا: «خەلقنىڭ خۇي-پەيلى ئۆزگىرىپ بۇزۇلسا، ئۇنى تەكشۈرۈپ قاتتىق تۈزەت. قىلىچ، تاياق، قامچىلار بەگدە بولىدۇ، جازا يامانلارغىلا بېرىلىدۇ. يامانلار تاكى يامانلىقنى قويمىغۇچە جازانى كېمەيتمە. ھامان قامچا ئۇر. ئەگەر يامانلار تاياق يەپ تۈزەلمەس بولسا، ئۇلاردىن مۇمكىنقەدەر ساقلانغىن» دېيىلگەن (209). 72-بابى — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا: «ئەل ئىشلىرىنى تۈزەپ ۋە سوزۇپ تۇر، ئەتە ئەل بىلەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىنى كۆرىسەن. يامانى يامانغا يورۇت، يامانلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىڭدىن ئېرىت» دېيىلگەن (210). 36-بابى — «باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا» دا: ئوغرى، خىيانەتچىلەر ھەققىدە توختىلىپ: «ئەگەر خانىنىڭ ئاش باشچىسى ئەگرى بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشچىسى ئەگرى بولىدۇ. بىر توپ ئاش ئوغرىلىرى يىغىلسا، بەگنىڭ داستىخىنى قاچانمۇ ئۆزىنىڭ بولىدۇ؟ ئەگەر خىيانەت قەيەرگە ئاياغ باسسا، پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىراق قاچىدۇ. ئەگەر خىيانەتچى ئەگىلا قول سۇنسا، دېڭىزنىڭ سۈيىمۇ، يەرمۇ ئوخشاشلا قۇرۇپ كېتىدۇ» دېيىلگەن (211). يەنە 72-باب — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا: «پۈتۈن يوللارنى ئەمىن قىل، قاراقچى بىلەن ئوغرىلارنى يوقاتقىن. شەھەر-كەنت ئىچىدىن ئوغرىنى ئېرىت، كارۋان، مۇساپىرلارنى ئەمىن يورۇت. ئەل ئىچىدە زوراۋانىنى يوقات. يۇرت تېشىدا قاراقچىنى تۈگەت. يامانغا پەقەت يامانلىق يارىشىدۇ. شۇڭا يامانىنىڭ خۇلقىنى جازا بىلەن تۈزەت، يامانغا زەنجىر ياكى زىندان

كېرەك» دېيىلگەن(212).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ جىنايەتنى جازالاشتا مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا يەنە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جىنايەتنى توغرا بېكىتىش، گۇناھلىق بولسا جازالاش، گۇناھسىز كىشىنى گۇناھلىق دەپ خاتا جازالاپ قويماسلىق، روھىي كېسەللەردىن ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا جازالىماسلىق، ئاياقلاشتا ئېغىر، ئېھسان قىلىشتا كەڭ بولۇش، خىزمەتچىلەرنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش قاتارلىق بەزى پرىنسىپاللىق مەسىلىلەرمۇ ئىزاھلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ 15-بابى — «ئايتولدى ئۆزىنىڭ بەخت-سائادەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقى بايانى» دا: «خادىملار ئىشنى خاتا قىلسا چاقىرتماق ۋە ئېمىشقا پىكىلىگەنلىكىنى سورىماق كېرەك. گۇناھى بار بولسا تۇتۇپ قىينىسۇن، يوق بولغان بولسا دىلىنى ئاۋۇتماسلىق كېرەك» دېيىلگەن(214). 44-باب — «ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە خەت يېزىپ ئەۋەتكەنلىكى بايانى» دا: «ئەلچى سۆزدىن يانمىسا، ئامانەت سۆزنى چىن، ئۇلۇق سۆزلىسە، ئۇنىڭغا ئەيىب يوق. ئەلچى راست گەپ قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم ياكى قىيناش بۇيرۇلماس. ئاڭلىغان سۆزنى چىن يەتكۈزگەن ئەلچى ئۆلتۈرۈلمەس» دېيىلگەن(215). 10-باب — «بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى» دا: «ئەگەر يەلۋە بىر ئەرنى راست ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، قىساس ئېلىنماس. ئېمىشقا دېيىلسە، چۈنكى، ئۇ ئەقىلسىزدۇر، ئەقىلسىز ئادەم مۇكاپات ۋە جازاسىز بولىدۇ» دېيىلگەن(216). ئۇنىڭدىن باشقا 71-باب — «ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى» دا: «ئېھسان قىلىدىغان چاغدا تولا ئالدىرا، ئاياقلاشتا، جازا بېرىشتە ئېغىر بول» دېيىلگەن بولسا، 41-باب — «ئودغۇرمىشنىڭ ئويغدۇلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى بايانى» دا: «دېدەك، قول خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنى كەچۈرۈپ



ساۋاپ ئال» دېيىلگەن(216).

جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئاخىرىدا جىنايى ئىشلارنى باشقۇرۇپ ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا قوللىنىدىغان ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق، ۋەزىپىلىرى شۇنداقلا ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ئىزاھلاشتۇرۇلغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 71-بابى — «ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىگكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى» دا، «قازى» (سوتچى)لارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «قازى ناھايىتى پاك، ئېرىغ، خەلققە پايدىلىق، تەقۋا بولسۇن» دېيىلسە، 72-باب — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا: «مۇختەسىپ» (تەپتىش ئەمەلدارى) نىڭ ھوقۇق، ۋەزىپىلىرى كۆرسىتىلىپ: «ئەلدە مۇختەسىپلەر كۈچلۈك بولغاي. ئۇلار مەسچىتنى جامائەت بىلەن تولدۇرۇپ، بىكارچىلار بىلەن پاسىقلارنى قىسىپ تۇتسۇن. ئۇلار يەنە جامائەت كېزىپ يامانلارنى يىغسۇن، سودىگەرلەرنىڭ ئامانەتلىرىنى كۆزەتسۇن، ھۈنەرۋەنلەر شاگىرتلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشسۇن، دېھقانلار تېرىلغۇغا ئەجىرنى قىلسۇن، چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى كۆپەيتسۇن» دېيىلگەن(217).

## سەككىزىنچى، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇندا، ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى قانۇنىي مۇناسىۋەتنىڭ سۇبيېكتلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈمرانلارغا خىزمەت قىلغۇچى خادىملار بولۇپ، ئۇنى كەڭ مەنىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇن ۋە تار مەنىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت

قانۇن-يوسۇن دەپ ئاتىغىلى بولۇشى مۇمكىن. كەڭ مەنىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇن — ھۆكۈمدارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدار ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تىزىملاشتۇرۇپ، كىمنىڭ كىمدە قانداق ھەقلىرى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى قانداق ئادا قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغان بەلگىلىمىدۇر. ئۇنىڭدا پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدارلارغا بولغان ياللانما بېقىندىچىلىقى «خىزمەت قىلىش»، ھۆكۈمدارلارنىڭ خىزمەتچىلەر ۋە پۇقرالارنى تاللاپ ئىشقا سېلىشى «مۇناسىۋەتتە بولۇش»، «مۇئامىلىدە بولۇش» دەپ قارالغان ھەمدە ھۆكۈمدارلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىلىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر-بىرىگە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ھەقلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 72-بابى — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا، بەگ «سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئۈچ ئىرۇر. ئۇنىڭغا سەن ھەرگىز كۈچ ئىشلەتمە، بۇ ھەققى ئۈنە، بىرى، ئۆز ئىلكىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت، ئالتۇن، كۈمۈش پۇللارنىڭ ساپلىقىنى كۆزەت. يەنە بىرى، خەلقىڭگە ئوتتۇرا قانۇن تۈزۈپ بەر، بىرى-بىرىنى ئەزمەكچى بولىدىن كۆتۈر. ئۈچىنچى، بۈتۈن يوللارنى ئەمىن قىل، قاراقچى بىلەن ئوغرىلارنى يوقاتقىن. شۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ ھەقلىرىنى ئۇلاردىن ئىلەسەن. خەلقىڭنىڭ بۇ ھەقلىرىنى ئۆتەپ بولۇپ ئاندىن كېيىن ئۆزۈڭنىڭ ھەققىڭنى تىلە. پۇقرالار ئۆزە مىسكىنىڭ ئۈچ ھەققى بار. بىرى، بارلىقىنى ئەزىز تۇتسا، تېنە بولسا ئۇنى بىردىن قالسا، ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىنى بۇيسۇنسا، ھەقىنى دەل چاغدا تاپشۇرسا، ئۈچىنچى، بېشىغا بەگ بولسا، سېنىڭ سۆزىڭنى سىنسا، بۇ چاغدا ئۇلارمۇ



ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنى ئۆتىگەن بولىدۇ» دېيىلگەن (218).

بۇ قانۇن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان فېئوداللىق دەۋرنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە ھېچقايسىغا ئوخشىتىپ بولمايدىغان باشقىچىرەك ئۆزگىچە بىرخىل قانۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە نىسبەتەن پۇلنىڭ تۇراقلىقلىقىنى، يەنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ياخشى قانۇن-نىزام ئورنىتىپ، ئۇنى ئادىللىق بىلەن يۈرگۈزۈش، زومىگەرلىك ۋە قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىش؛ دۆلەت ئىچىدە ئادەمنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى يوق قىلىش؛ مەملىكەت ئىچىدە ئامانلىق ئىشلىرى توغرىسىدا تەرتىپ-ئىنتىزام ئورنىتىپ، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلەرنى يوق قىلىپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم، ھوزۇر ۋە ئىشەنچ ئىچىدە ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىقى، پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمدارغا نىسبەتەن، ئەمر-پەرمانلىرىغا مۇتلەق ئىتائەت قىلىش، خەزىنە ھەققى بولغان باجنى ياكى دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان باشقا سېلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇش، ھۆكۈمدارنىڭ دوستىنى دوست، دۈشمىنىنى دۈشمەن دەپ بىلىش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

تار مەنىدىكى ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇن — ھۆكۈمدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى خادىملار ۋە ھۆكۈمرانلارغا تەۋە بولغۇچى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىش تاپشۇرغۇچى ئىش ئىگىلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش ھەققى ۋە ئېھسانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنداق تەتبىقلىنىش دائىرىسى سەل كەڭرەكتۇر. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 72-بابى — مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا، خادىملار ھەق تەلەپ قىلىدىغان «خىزمەت-

جىلەر بۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، سېنىڭدىن يۈز-ئابرويى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ تىلەكلىرىنى قاندۇرۇپ ۇي. يەنە بىرى، سەندىن تاۋار-مال تىلەيدۇ، تاۋار بەر، ئۇلار جانلىرىنى ساڭا پىدا ئەيلىسۇن، يەنە بىرى، ھەم مال، ھەم شان-شەرەپ ئىزدەپ، سېنىڭدىن ئات، تون ۋە نام-ئۇنۋان تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بولسا بىر جەسۇردۇر، ئۇنىڭغا كۈمۈش بەر، قىلىچ تۇرسۇن، ساڭا كەنت-شەھەرلەردىن ئېلىپ بەرسۇن» دېيىلگەن[219]. 75-باب — «توغرىلىقتا توغرىلىق، ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش بايانى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئېلىگ سەن مۇنداق ئۈچ خىل كىشىنى ئەزىزلە: بىرى قەھرىمان، قورچ يۈرەكلىك ئەرەن، ئۇ قىلىچ بىلەن ئەلگە تۈمەنلەپ نەپ بېرىدۇ. ئىككىنچى، ھېكىم، ئالىم، ئېلىچى كىشى، ئۇ ئەل ئىشىنى تۈزەيدۇ. ئۈچىنچى، زېرەك ئۇستا. كاتىپ، ئۇ كىرىم-چىقىمنى بىلسە خەزىنە تولىدۇ. بۇلارنى خىللاپ ھامان پەرقلىك تۇت، قەدىرلە، يەنگە لايىق ئېھسان قىل، شۇ چاغدا بۈتۈن ئىشلىرىڭ بارا-بارا يۈزلىنىپ ئېلىڭ قۇدرەت تېپىپ، بېرىڭ كېڭەيگەي»[220].

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 38-بابى — «خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى ھەققىدە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «بەگلەر ئۈزرە خادىملارنىڭ ھەققى باردۇر، ئىشلەشتىن بۇرۇن ىڭ ئاۋۋال يېمەك-ئىچمەك، قورال بەرمەك كېرەك. ئىش قىلماق ئىستىقلىلىك، قانىق ئىشىدۇر، بەگلەر بۇنى بىلسە، ئىشچىلىرى بەھرىلىنىدۇ، خادىملار جان-تەنلىرىنى پىدا ئەيلەپ، بەگلەردىن قەۋەتە بىلەن قۇللۇق قىلار، ئىسسىق-سوغۇقتا ئاچ-توق، يايلاق ئۆلۈك بەرۇپ، قىلىچ، ئالما، ئوق يەر، بەزىدە ئالغا، بە ... ئارقىغا، بەزىدە سولغا، بەزىدە ئوڭغا يۈگۈرەر، ئۇلار ... ئۆلۈمنى بەدەل ئەتكىنى ئۈزۈرلىرىغا بەلگىلەر، بېشىغا قارشى ... قورال ئۇلار. بەگلىك خابانىي ئىلەپ ئۆلۈمگە

ماگار، بەگلەرنىڭ سۆيۈنچىنى تىلەپ كۈنتى تۈنگە ئۇلاپ شۇ خىلدا ئۆزىنى ئەمگەتۇر. بەگلەر شۇ خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا مېھرىبان بولۇپ ئوبدان كۆرگۈلۈك ھەم ھەققىنى بەرگۈلۈكتۇر.» ئۇنىڭدا يەنە: «بەگلەر خىزمەتچىلىرىنى، يارامىلىقلىرىنىڭ قانچە، يارامسىزلىرىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشى لازىم. يارامىلىقلىرىغا ئېھسانلار تارتىپ، بىچىرگەن ئىشىغا تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك» دېيىلگەن[221]. 26-باب — «ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى بايانى» دا: «كىشى ساڭا بەلگىلىك ئەمگەك قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان ئەمگىكىنى ئۇنتۇما، ئەگەر بىرەرى ساڭا ئەمگەك سىڭدۈرسە، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن تولاراق جاۋاب قىل، كىشىنىڭ قىلغان ئەمگىكىنى بىلمەيدىغان كىشى پۈتۈنلەي ئۆي بولىدۇ، باشقىلار كىشىلىك قىلسا سەنمۇ كىشىلىك قىل ۋە شۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك جاۋاب ئەيلەگىل. ۋاپاغا ۋاپا قىلىش كىشىلىك ھەققىدۇر، شۇڭا كىشىگە ۋاپا قىل» دېيىلگەن[222].

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 64-بابى — «خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش بايانى» دا: «خىزمەتچىلەرنى ياخشى تۇتقىن، يېمەك-ئىچمەك بەر، ئەگىنىنى پۈتۈن قىل، كۈچىگە مۇناسىپ يۈك يۈكلە، ھەددىدىن ئارتۇق ئەمگەك يۈكلىمە. ئۇلارمۇ خۇدانىڭ قۇلىدۇر. خۇدا ئۇلارنىڭ ھېسابىنى سېنىڭدىن سورايدۇ. سەن ئۇلارغا زۇلۇم قىلما، ئەگەر قىلساڭ ھەق ساڭا غەزەپ قىلىدۇ» دېيىلگەن[223]. 60-باب — «قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بايانى» دا: «ھۈنەرۋەنلەر ئىشىڭنى قىلسا ئىش ھەققىنى تېز بەر. ئىشىكنى كەڭرى قىلىپ يېدۈرگىن، ئىچۈرگىن، خەلق ئارا سېنى كىشىلەر ئەيىبلىمىسۇن، ئېتىڭ بۇزۇلمىسۇن» دېيىلگەن. 72-باب — «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» دا، يەنە، ئالىملارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ھەققىدە: «ئۇلارنى

قەدىرلە، نىمە دېسە قىل، ئاش-ئوزۇق بېرىپ ھەققىنى ئادا قىل. ئۇلار قىسىلىپ قالمىسۇن. ئاسايىشتا ئىلىم ئۆگەنسۇن، بىلمىسىلەر ئۇلاردىن بىلىم ئۆگەنسۇن» دېيىلگەن. 50 - باب — «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش بابى» دا: «ئۇلارنى كۆڭۈل تېگىدىن قاتتىق سۆي، مال بېرىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئال» دېيىلگەن (224).

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ھەق تەلەپ، دەۋا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇندا، خەلق دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگان ۋە خادىملارنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ئەرز سۇنۇش ۋە سۇنۇلغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق سوت تەرتىپى دائىرىسىگە ياتىدىغان قانۇنىي مەسىلىلەر نىزام-لاشتۇرۇلغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 18-بابى — «ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى» دا، خەلق دەۋا ئىشلىرىنى ناھايىتى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە توختىلىپ، «دەۋاغا كەلگەن كىشىلەرنى ساقلاتماي، ئىشلىرىنى پىچاقنىڭ بىرەر تەرىپىنى كەسكەندەك كېسىپ ھەل قىلىپ بېرىش، بىرەر كىم زۇلۇم يەتتى دەپ ئىشىككە ئادالەت تىلەپ كەلسە، ئۇنى شېكەردەك لەززەتلەندۈرۈپ ياندۇرۇش، ئىشىككە دۆلەتنى ئىشلىتىش ئادالەتنى يىراقلاشتۇرغانلارنى ئۇراغۇن ئىشىكتەك قىلىۋېتىش» لازىم، دەپ بەلگىلەنگەن (225).

ئۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇندا، ئۇلار زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھۆكۈمدار ئۇلارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي، خەلقنىڭ ھەق تەلەپ، ھوقۇق مەنپەئىتى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغاندا ۋە ياكى مۇشۇ ھوقۇق — مەنپەئەت ئۈستىدە تالاش-تارتىش كېلىپ چىققاندا، بىرەر ھوقۇقلۇق ئورگاندىن



سوت قىلىش ئارقىلىق قانۇنىي جەھەتتىن قوغداشنى تەلەپ قىلىدىغان بىرخىل دەۋا ھەرىكىتى بولغان ئەرز قىلىش ۋە ئەرز قوبۇل قىلىشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

## توققۇزىنچى، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن - يوسۇنلار

«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلاردا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، ئۆيلەش مەجبۇرىيەتلىرى، ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى، ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئالدىدىكى ھوقۇقلىرى، ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر، شۇنداقلا زىياپەتكە بېرىش ۋە چاقىرىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى نىزاملاشتۇرۇلغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 63-بابى — «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بايانى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئاي كەبى قىز-ئوغۇل تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭلا تەربىيىچى بول. ئېرىغ ياخشىنى ئىنىكە قىلىپ ئال، ئوغۇل-قىز پاك ۋە ساغلام بولۇپ ئۆسىدۇ، ئوغۇل-قىزغا بىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگەت، بۇ ئۇنىڭغا ئىككىلا دۇنيادا نەپ بېرىدۇ. ئوغۇلغا پەزىلەت ئۆگەت، پەزىلەت ئۇنىڭغا مال يىغىپ بېرىدۇ. ئوغۇلنى بوش قويۇپ بەرمە، ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ بىكارچى بولىدۇ» (226). 21 - بابى — «ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى» دا: «ئاتىنىڭ ئەمگىكى ئوغلىغا كۆپ سىڭسە، ئوغۇلنىڭ خۇي-پەيلى خوپ بولىدۇ، ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ئاتا-ئانىسى بەختلىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ چىڭ تۇتۇلماي ئىكەن، ئۇ ئوغۇل زايە بولىدۇ، كىمنىڭ ئەركە ئوغۇل-قىزى

بولىدىكەن، ئۇ ئاھ چېكىپ ھەسرەتتە يىغلايدۇ. ئوغلىنى كىچىك چاغدا ياۋا-بەڭباش قىلىپ تەربىيىلىسە، ئوغۇلدا گۇناھ يوق، جاپاسى ئاتىغا بولىدۇ. ئوغۇل-قىزنىڭ خۇي-پەيلى يامان بولسا، ئۇلارنى يامان قىلغان ئاتادۇر. ئوغلىنى ئاتىسى ئىلىم ئۆگىتىپ قىسىپ تۇتسا، ئوغۇل-قىزلىرى چوڭايغاندا، سۆيۈنىدۇ. شۇڭا ئاتا بولغۇچى ئوغۇلنى قىسىپ تۇت، كېيىن كەلگۈچىلەر ساڭا كۈلمىسۇن. ئوغۇل-قىزغا پەزىلەت، بىلىم ئۆگەت، پەزىلەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خۇلقى مۇلايىم بولسۇن» دېيىلگەن [227].

63-باب — «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش بايانى» دا: «قىزىڭ ئۆيدە ئەرسىز ئۇزاق تۇرمىغاي، پۇشايماندا ئاغرىماي ئۆلەرسەن. ئوغۇلنى ئۆيلەندۇر، قىزنى ئەرگە بەر» دېيىلگەن [228].

نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلارنىڭ ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى قىسمىدا ھوقۇق ئەرلەرگە كۆپرەك، ئاياللارغا ئازراق، مەجبۇرىيەت ئاياللارغا كۆپرەك، ئەرلەرگە ئازراق تەدبىق قىلىنغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 41-بابى — «ئودغۇرمىشنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن مۇنازىرە قىلغانلىقى بايانى» دا: «ئەرەن ئۈچۈن ئەۋلادى يوق دېيىلسە سەتتۇر. خوتۇن ئال، ئۇ ئوغۇل-قىز تۇغسۇن. ئۆزىدىن كېيىن بىرەر ئەۋلاد قالدۇرسا، ئۇنى ئۆلدى دېمەيدۇ، تىرىكتۇر دېگەن. ئەركىشى نەسىلسىز ئۆلسە ئۇرۇقى ئۆچكەيدۇ. جاھاندا ئىسمى، نۇرى بوش قالىدۇ» دېيىلگەن.

62-باب — «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى بايانى» دا، ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ تۆت خىل بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلىپ: «كىم ئۆيلىنەي دېسە تۆت خىلدىن بىرىنى ئالىدۇ، بىرى باي خوتۇننى ئالماقنى ئىستەيدۇ، بىرى چىرايلىق ئۈچۈن كۆز تىكىدۇ، يەنە بىرى ئېسىل مەنسەپلىكنى تىلەيدۇ، يەنە بىرى نەپىس، تەقۋادارنى ئىزدەيدۇ. باي خوتۇن



ئۆزىنىڭ مېلىغا سۆيۈنۈپ تىلىنى ئۇزارتىدۇ، ئۇنىڭ رايى سېنى ھەر كويغا سالىدۇ. گۈزەلنى ئالساڭ ئەلنىڭ كۈلكىسى ياغىدۇ، ئۇرۇق-نەسلى بۇيۇكنىڭ سۆزى ھەم تىلى ئۇزۇن بولىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆمرۈڭنى خار ئەتمە» دېيىلگەن ھەمدە يۇقىرىقى بۇ تۆت خىل خوتۇنلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ئېسىلى تەقۋادار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىپ: «ياخشى بىر تەقۋادار چىشى تېپىلسا، ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ ئال، ئۇنىڭدىن تۆت شەرت ئىپادە بولغاي، خوتۇن تەقۋادار بولسا قالغان ئۈچ نەرسىمۇ ئۇنىڭدا تېپىلىدۇ» دېيىلگەن [229].

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 65-بابى — «زىياپەتكە بېرىش قائىدە-يوسۇنلىرى» دا، زىياپەت تۈرىنىڭ ئالتە خىل بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، نىكاھ توي، ئىككىنچىسى، سۈننەت توي، ئۈچىنچىسى، بۆشۈك توي، تۆتىنچىسى، تەڭ-تۇش، چوڭ-كىچىك، قولداش، ئاداش، يېقىن كىشىلەر ئۆتكۈزگەن خالىس چاي-ئولتۇرۇشلار، بەشىنچىسى، ئۆلگەن كىشىگە ئاتىلىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر، ئالتىنچىسى، مەرتىۋە ئۆسكەچ بېرىلىدىغان چايدۇر. ئۇنىڭدا ئاداش، قولداش، قاياش، دوستلارنىڭ ئۆتكۈزگەن چايلىرىغا بېرىش، يېقىن قوشنىلىرىنىڭ تەكلىپى ئۈچۈن بەرگەن زىياپەتلىرىگە قاتنىشىش، ئەڭ مۇھىمى خاس بېرىلگەن زىياپەتلەرگە بېرىش، ئۇلاردىن تاشقىرى بولغان بېرىم-ياتا، كالتا ئولتۇرۇشلارغا بارماسلىق، مەسىلەرنىڭ ئۇتتۇشۇپ جېدەل چىقىرىشىدىن ساقلىنىش، بىر تويۇم ئاش ياكى ئىچكۈنى دەپ ئۆزىنى خار قىلماسلىق كېرەكلىكى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن.

66-باب — «زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى» دا، زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئادەمنىڭ تۆت خىل، بارىدىغان جايىنىمۇ تۆت خىل بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئاشقا تەكلىپ قىلىنغان ھامان بارىدىغان، باشقىلارنىڭكىنى

[illegible]دىغان، ئىچىدىغان، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆيىگە مېھمان [illegible] ئادەملەر، ئىككىنچىسى، ئاشقا قىچقارسا بارىدىغان [illegible] باشقىلارنىمۇ ئېيتقا قىچقىرىدىغانلار، ئۈچىنچىسى، كىشىلەرنىڭ [illegible] بارمايدىغان ھەم ئۆزىنىمۇ كىشىلەرنى چېيىغا چاقىرمايدىغان- [illegible]، تۆتىنچىسى، كىشىلەرنىڭ چېيىغا بارمايدىغان ئەمما [illegible]لىق مال سويۇپ باشقىلارغا زىياپەت بېرىدىغانلاردۇر. [illegible]، ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر تىرىك ئەمەس بەلكى [illegible] كىشىلەر دەپ قارىلىپ، كىشىلەرنىڭ تىرىكلىكتە ئۇلارغا [illegible]لىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان. تۆتىنچى خىلدىكى كىشىلەر بولسا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى دەپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بولسا ئالىم، ھېكمەتلەر ماختىغان ئىشلار دەپ قارالغان.

«زىياپەتكە بېرىش قائىدە-يوسۇنلىرى» دا: «پۈتۈن [illegible]رسىنىڭ تەرتىپ-يوسۇنى بار. ئەركىشى يوسۇنلۇق بولسا [illegible] تۈزۈلىدۇ. ئىنسان يوسۇن بىلسە تۆر بېشى بولىدۇ. [illegible] كىشى قائىدە-يوسۇن ئۇقماس ھەم كىشىگە قوشۇلسا [illegible] تۈزەلمەس، يوسۇنسىز، ئەقىلسىز، قىلىقسىز كىشىنىڭ [illegible] ئۇچۇرسا نېمە گاڭگىرايدۇ» دېيىلگەن ھەم [illegible] ئۇلۇغ ئاشقا بارار ئىكەنسەن، ئاشنى ئەدەب بىلەن [illegible]» دەپ نەسىھەت قىلىنغان(۱۱۱). ئۇنىڭدا، ئۇلۇغ كىشى [illegible] قول ئۇزارتىشتىن بۇرۇن قول ئۇزارتماسلىق، ئۆز [illegible] بېسىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا قول ئۇزارتماسلىق، [illegible] سۆڭەك چاچماسلىق، چاپقاق بولماسلىق، [illegible] قىلماسلىق، قىزىق ئاشنى پۈۋدىمەسلىك، يېمەكلىكلەرنى [illegible]، ئاشنى تولا يېمەسلىك، [illegible] [illegible] ئىسسىقلىق قىلىش، [illegible] كۆپ [illegible]، قىزىق [illegible] [illegible]

ياشتىن ئاشسا، سوغۇقلۇقنى ئەش تۇتماي، ئىسسىقلىق قىلىش، قۇرۇق سوغۇقى ئاشسا ھۆل ئىسسىقلىق قىلىش، ھۆل سوغۇقى ئاشسا ئىسسىق قۇرۇقلۇق قىلىش قاتارلىقلار ئەدەب دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە: «تولا يېگۈچىنىڭ ئىشى سىڭمىگەي، ئاش ھەزىم بولمىسا، ھەر يان ئاغرىغاي، ئادەم ئىرىق ياشقا كىرسىمۇ مىزاج بىلمىسە، كۆپ زامانلار ئۆتسىمۇ ھېكىم بولمىسا، ئۇنى ئادەم دېمەي بىر ھايۋان دېسە بولىدۇ» دېيىلگەن(۲۱۱).

«زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى» دە: «ئەگەر كىشىنى قىچقارماق بولساڭ كۈتۈش ئىشلىرىنى ياخشى قىلغىن» دېيىلگەن ھەمدە مېھمان ئولتۇرىدىغان جايغا كۆرپە سېلىش، داستىخان تەييارلاش، قاچا-قۇچىلارنى پاكىز يۇيۇش، يېمەك-ئىچمەكنى ئوبدان خىللاش، غىزانى پاكىز ھەم تاتلىق ياساش، مېھمانلار توپۇپ ماڭغۇدەك كەڭتاشا قىلىش، تاماقتىن كېيىن ئىچكۈلۈك تەڭلەش، تۈگىسە يەنە قايتا ھازىرلاش، ئاۋۋال چوڭلارغا ئاش تارتىش، ئاندىن كىچىكلەرگە ئاش تارتىش، كېچىكىپ كەلگەنلەرگە ئايرىم داستىخان راسلاش، غىزادىن كېيىن شىرنىلىك يېمىش، قۇرۇق-ھۆل يېمىشلەرنى بېرىش، قايتىدىغان چاغدا قورىي يەنە يېمەك رەخت يېرتىپ چىش ھەققى تارتىش قاتارلىقلار زىياپەتكە چاقىرىشنىڭ قائىدىلىرى دەپ ھېسابلانغان.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان زىياپەتكە بېرىشنىڭ ۋە زىياپەتكە چاقىرىشنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىمۇ رەسمىي مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان «تۆرى»، «قانۇن»، «نىزام» مەنىلىرىدە ئوخشاش تەبىرلىنىپ «تۆرۈ» (Törü) دېيىلگەن.

كىتابىمىزنىڭ بۇ بابىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» كە قىلغان سەيرىمىزدە، دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتقىنى شۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» تە «تۆرۈ» (Törü)،

« توقۇ » ( Toku ) دىن باشقا يەنە « قانۇن » ۋە « ئادەت » نى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان « ئۆگدى » ( Өngdi ) (232) ۋە « ئۆگدۈ » ( Өngdü ) (233) كەلىمىلىرى كۆزۈلمەكتە ، بۇلار مەنىسى ئوخشاش ئەمما ئېيتىلىشتا پەرقلىق بولغان خاس ئىسىملار بولۇپ، بەزىدە « تۆرۈ » بىلەن « ئۆگدى » بىرلىكتە كېلىدۇ، بەزىدە ئايرىم كېلىدۇ. بەزىدە « تۆرۈ ئۆگدى » دېيىلسە ، بەزىدە « ئۆگدى تۆرۈ » دېيىلىدۇ. بەزىدە « تۆرۈ » بىلەن « توقۇ » قوشۇلۇپ « تۆرۈسىن توقۇسىن » دېيىلىدۇ. بۇ ئاددىي پەرىزىمىزچە ، بىر تەرەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىنىڭ قاپىيىسى ئېھتىياجى ئۈچۈن قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىردىكى پىكىرلەرنى كۈچەيتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆز سەنئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مۇرەككەپرەك تەپەككۇر قىلغاندا ، « قانۇن » غا مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇنچە كۆپ ۋە ھەر خىللىقتا ئىگە ئاتالغۇلارغا ئىنچىكە ئەھمىيەت بەرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەندە ، قانداقتۇر شېئىرىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ، ئۇلارنىڭ كۆپ خىل خاراكتېرلىنىدىغان « قانۇن » لار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇتۇش مەقسىتىدىمۇ بولالايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

« قۇتادغۇبىلىك » تە قەيت قىلىنغان « تۆرۈ » ، « توقۇ » (234) لارنى « تۆرى » ، « قانۇن » ، « نىزام » ۋە « ئادەت » ، « دوزبى » ، « تۆرى » (235) دەپ ئاتىغان ئەمما مېجىتانداق ئەسكەرتىش بەرمىگەن تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ تۈۋىتىدە « ئۆگدى » ، « ئۆگدۈ » لەرنىڭمۇ « قانۇن » ، « ئادەت » دەپ مەنا بەرگەنلىكىنى ، يەنە « ئاد » ( Bk ) (236) دەپ ئەسكەرتكىنىدىن قارىغاندا ، Toku ، Toru لار قاراخانىلار خاندانلىقى مەركىزى ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنلار كودېكسى ، Өngdi ، Өngdü لەر بولسا



مەركىزى ھاكىمىيەتكە قاراشلىق يەرلىك بەگلەر ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بولسا كېرەك.

بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەلىمى ئاستىدىكى « تۆرۈ » نىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللىنىپ شۇ ھالغا كەلگەن ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرى ھۆكۈملىرىنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ « جىنايەت » ۋە « جازا » مەسىلىلىرىدە جەمئىيەت پىشىنكىسى ، جىنايەت پىشىنكىسى ھەم قانۇن لوگىكىسى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەن ، ئىجتىمائىي ھاياتنى قېلىپقا سالىدىغان قائىدىلەر بولۇپ ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمىر - پەرمانلارنى ، سوتچىلارنىڭ ھۆكۈملەرنى شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

« قۇتادغۇبىلىك » ئىنچىكە كۆزىتىلسە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىلمىگە ئالاقىدار بولغان ئىدىيىسى ئوقتىلىق شەرھلەنگەن بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ قۇرۇلىسىدا بىر « سېھرىي » - كۈچنىڭ بارلىقى بىلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ مەزمۇنىدا بەزى ئوخشاشلىقلارنىڭ تەكرارلانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق ئوخشاشلىق بىلىشكە ئېگىشلىك دەپ قارالغان قانۇن - يوسۇنلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئوبيېكتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىدىڭ تەدبىق قىلىنىدۇ ، ھەربىر ئوبيېكتلەردىن ئۈزۈلگەن بارلىق قانۇن - يوسۇنلارنىڭ ھەممىسى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىملىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئوبيېكتى قانچە بولسا بىرخىل مەزمۇننىڭ تەكرارلىنىشىمۇ شۇنچە بولىدۇ. مەزمۇننىڭ تەكرارلىنىشى قانچە بولسا ، ئۇنىڭ ئوبيېكتىدا مۇجەسسەملىنىشى شۇنچە بولىدۇ. « قۇتادغۇبىلىك » تە دە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا ، ئۇنىڭدىكى « تەكرارلىق » لار ھەم ئۇ بايان قىلغان « قانۇن » ،

[illegible]ىسون » لاردا كۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە [illegible] ئىپدۇ.

---

(1) بۇ ھەقتە « قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن [illegible] » [illegible] خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 8-ئاي نەشرى) [illegible] 62-بەتتىكى « ( كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى ) غا [illegible] » قا قارالسۇن. تەتقىقات ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈلگەن تەسلى [illegible] نىڭ تىرانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلارنىڭكە ئاساسەن بېرىلدى.

(2) يۇقىرىقى كىتاب، 93-بەتتىكى « ( بىلگە خاقان مەڭگۈ [illegible] ) غا ئىزاھات » قا قارالسۇن. يادىكارلىقنىڭ تېكىست ۋە تەرجىمىسى ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلارنىڭكى ئاساس قىلىندى.

(3) بۇ ھەقتە جېڭ سۇلۇنىڭ « خەنزۇچە ( توققۇز ئۇيغۇر [illegible] يىپ ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ) دىكى [illegible] مەسىلىلەر [illegible] » [illegible] « تۇرپان [illegible] ماقالىلەر توپلىمى » ، جۇڭخۇا كىتابچىلىق [illegible] 1983-يىل [illegible] نەشرى 2-كىتاب 706-، 707-ۋە [illegible] بەتلەر، خەنزۇچە.

(4) بۇ ھەقتە [illegible] [illegible] تۈركولوگىيەشۇناس [illegible] « [illegible] مەڭگۈ تېشى — دەسلەپكى تەتقىقات » [illegible] ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر [illegible] 1983-يىل [illegible] 109-، 116-بەتلەر، ئۇيغۇرچە.

(5) [illegible] « قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى » [illegible] ئۇيغۇرچە، 1980-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، [illegible].

(6) [illegible] « [illegible] ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن ئاللاما » نىڭ [illegible] « ( ئالتۇن يارۇق ) ھەققىدە ئىزاھات » قا قارالسۇن.



(7) يۇقىرىقى كىتاب 181-بەت. « ( ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى ) ھەققىدە ئىزاھات » قا قارالسۇن.

(8) يۇقىرىقى كىتاب 230-بەت. « ( مانىزى سىمت ) ھەققىدە ئىزاھات » قا قارالسۇن.

(9) يۇقىرىقى كىتاب، 271-بەت. « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ( شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى ) ھەققىدە ئىزاھات » قا قارالسۇن.

(10) بۇ ھەقتە يۇقىرىقى كىتاب 351-بەتتىكى « ( ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ) ھەققىدە ئىزاھات » قا ھەم 352-بەتتىكى « ئەسلى تېكىستى » ۋە 353-بەتتىكى « تەرجىمىسى » گە قارالسۇن.

(11) بۇ ھەقتە « شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى » (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى 6-ئاي خەنزۇچە نەشرى) دېگەن كىتابنىڭ 359-بېتىدىكى گېڭ شىمىن ئەپەندىنىڭ « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر توغرىسىدا ئىزاھ » دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن. ئۇيغۇرچە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكە ئۇيغۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن نەقىل كەلتۈرۈلگەن تېكىست ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسى گېڭ شىمىننىڭ شۇ ماقالىسىدە بەرگەن يۇقىرى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن ئىشلەندى — ئاپتور.

(12) [illegible] يەنە يۇقىرى ئالىملار، ئۇلاما، ئىلىم-ئېرپان [illegible] ، ئىسلام دىنىدىكى « ۋەخپە » گە باراۋەر كېلىدۇ — ئاپتور.

(13) سۇلتان — مەھمۇد قەشقەرى « دىۋان لۇغەتىت تۈرك » تە [illegible] ئاتالغان [illegible] ئۇيغۇر [illegible] بىرى. بۇ شەھەر « [illegible] » نىڭ 124-جىلدىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان، بۇ [illegible] شەھەرگە توغرا كېلىدۇ — ئاپتور.

(14) [illegible] « [illegible] دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى.

(15) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: « قۇتادغۇبىلىك » مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل [illegible]-ئاي 1-نەشرىدە قارالسۇن.

(16) «ئەلشىر ناۋائى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قارالسۇن.

(17) بۇ مەسنەۋىنى تەرجىمە قىلىشتا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «ottuz» سۆزىنى «ئۈچ دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىشى بار. مەن ئۇنى kunut دە ياغمىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۈچ قېتىم ئىچەيلى دېيىشنىڭ ئورنىغا ‹ئوتتۇز ئىچەلىم› دەيدۇ» (I توم 192-بەت) دېگەن مەلۇماتىغا ئاساسلاندىم — ئاپتور.

(18) مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 6-ئاي 1-نەشرى II توم 223-بەت.

(19) مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1792-يىلدىن 1750-يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى بابىل پادىشاھلىقىنىڭ 6-ئەۋلاد پادىشاھى. (سوبوتامىيە) دىكى تۇنجى مەركىزىي ھوقۇقدارلىق تۈزۈمىدىكى قۇلدارلىق دۆلىتىگە ئاساس سالغۇچى — ئاپتور.

(20) جۇڭگو تارىخىدىكى جىڭ بەگلىكىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى سىماژېگۈننىڭ ئوغلى. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 543-يىلدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 522-يىلغىچە جىڭ بەگلىكىدە ھاكىمىيەت باشقۇرغان. بۇ چاغدا ئۇ جازا قانۇنىنى داغقان ئۈستىگە ئويدۇرغان — ئاپتور.

(21) سەي جۇڭشىن: «تۈرك قانۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. تارىخ تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1965-يىل 5-سان، 97-بەت، خەنزۇچە.

(22) جاڭ ۋۆگېن: «تۈرك يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. لىن گەن تۈزگەن «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى». جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1987-يىل 7-ئاي 1-نەشرى 876-بەت، خەنزۇچە.

(23) جۇ لىەنتۈەن: «دېڭىزلارنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە قوھۇملۇقىنىڭ شىمالدىكى نەسىللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دە كەلتۈرۈلگەن



نەقىل. يۇقىرىقى كىتاب 66-بەت، خەنزۇچە.

(24) شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1980-يىل 3-سان ئۇيغۇرچە 53-بەت. «پادىشاھلىق تۈزۈمى» گە قارالسۇن.

(25) سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمقىدىكى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن، 1968-يىل نەشرى، 581-بەت.

(26) كلاۋسون: «مەركىزىي تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى». ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1972-يىل نەشرى.

(27) «ناۋائى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى». ئۆزبېكىستان س س س ر پەن نەشرىياتى، تاشكەنت 1984-يىل نەشرى، 269-ۋە 270-بەتلەر.

(28) مىرزا مەھمۇد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 6-ئاي 1-نەشرى خەنزۇچە 1-توم، 176-بەتتىكى ① ئىزاھاتقا قارالسۇن.

(29) مىرزا مەھمۇد ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 6-ئاي 1-نەشرى خەنزۇچە، 1-توم 176-بەتتىكى ① ئىزاھاتقا قارالسۇن.

(30) «جەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن. 137-، 138-بەتلەر.

(31) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، III توم، 305-بەت.

(31) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، III توم، 358-بەت.

(33) يۇقىرىقى كىتاب، II توم، 442-بەت.

(34) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، II توم 461-بەت.

(35) «قۇتادغۇبىلىك». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل

1-نەشرى، 262، 264، 522، 577، 1015، 2071، 2196، 4604-بېيىتلار.

(36) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1976، 3425، 3503، 6605، 6641-بېيىتلار.

(37) قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 614، 844، 1661، 1681، 1959، 6594-بېيىتلار.

(38) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 262، 263، 902، 3959، 4055-بېيىتلار.

(39) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1002-بېيىت.

(40) « قۇتادغۇبىلىك » ،مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 844-بېيىت.

(41) قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 308، 3034-بېيىت.

(42) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 2553-بېيىت.

(43) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4026-بېيىت.

(44) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 1-نەشرى، 818-بېيىت.

(45) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، B 27، 1612، 2869، 4043، 4603-بېيىتلار.

(46) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 828، 830-بېيىتلار.

(47) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 54، 60، 1888، 2497، 4752-بېيىت ۋە 47، 65، [illegible] 52 [illegible].

(48) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل

1-نەشرى، 2196، 2196، 3112، 3461، 3464، 4014، 4290، 4595، 4604-بېيىتلار.

(49) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3739، 4447، 4603-بېيىتلار.

(50) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4603-بېيىت.

(51) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3387، 4504-بېيىت.

(52) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1242، 1242-بېيىت.

(53) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4744، 4745-بېيىت.

(54) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، B 2، 1، 15، 124، 1242، 1243، 1343، 3188، 3715، 3743، 3897، 4745-بېيىتلار.

(55) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 1-نەشرى 4743-بېيىت.

(56) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4744-بېيىت.

(57) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3341-بېيىت.

(58) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 692، 1818-بېيىت.

(59) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 2227، 3195-بېيىت.

(60) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1934-بېيىت.

(61) « قۇتادغۇبىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل

1-نەشرى، 15-بېيت.

(62) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 692، 882، 883، 3192، 4743، 5413-بېيتلار.

(63) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 15، 6397، 6416-بېيت.

(64) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1242-بېيت.

(65) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 5-بېيت.

(66) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 13، 14، 21، 378، 1152، 1257، 1258-بېيتلار.

(67) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3، 4، 19، 125، 127، 148، 382، 1022، 1024، 1097، 1044، 1344، 1347، 1922، 2227، 3191، 3194، 3404، 3662، 3663، 3718، 3719، 3724، 3727، 3744، 3791، 4854-بېيتلار.

(68) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 3332-بېيت.

(69) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 1340-، 1682، 1821-بېيتلار.

(70) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4459-بېيت.

(71) «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988-يىل 12-ئاي، 1-نەشرى، 101-بەت.

(72) سەيىد مۇئمىنوف: «سۆزنامە (سەمەرقەند نەزگىرىسى) [illegible] ئەھمەد مۇلادوبە»گە قارالسۇن. تارىخ مەجمۇئەسى 20-نومۇر، 103-بەت، خەنزۇچە.



(73) ئا.بۇداگوۋ: «تۈرك — تاتار تىلىغا دائىر لۇغەت قوللانما»، پېتربورگ 1869-يىل نەشرى، I 390-بەت.

(74) «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار، ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 178-، 179-بەتلەر.

(75) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل 1-نەشرى، 4009، 4010-بېيتلار.

(76) «قۇتادغۇبىلىك»، 1931-بېيت.

(77) سەي خوڭشىن: «تۈرك قانۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش». «تارىخ تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1965-يىل 5-سان، 97-بەت، خەنزۇچە.

(78) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 834، 950، 964، 1120-بەت، 47، 65، 66-ۋە 72-بابلارغا قارالسۇن.

(79) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 4010، 4013، 4014، 4002، 4003، 4004، 4021، 4017، 4019، 4018، 4026، 4029، 4030، 4030-بېيتلارغا قارالسۇن.

(80) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 4082، 4070، 4290، 4298، 4299، 4309، 4588، 4595، 4605، 4606، 4752-بېيتلارغا قارالسۇن.

(81) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، III توم 187-بەت.

(82) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» III توم 443-بەت.

(83) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، III توم 458-بەت.

(84) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، II توم 337-بەت.

(85) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 2083، 2084، 2086، 2087-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(86) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 1956، 1957، 1961، 1964، 1965، 2168، 2169، 2170، 2171، 2172، 2173-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(87) «قۇتادغۇبىلىك»، 2057، 2058، 2059، 2060، 2061، 2062، 2064، 2066، 2069، 2070-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(88) «قۇتادغۇبىلىك»، 2157، 2158، 2159، 2160، 2161-بېيىتلار.

(89) «قۇتادغۇبىلىك»، 264، 2165، 2166، 2081-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(90) «قۇتادغۇبىلىك»، 3867، 3868، 4996، 4999 ۋە 5000-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(91) «قۇتادغۇبىلىك»، 2182، 2183، 2187-بېيىتقا قارالسۇن.

(92) «قۇتادغۇبىلىك»، 2193، 2188، 2190، 2199-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(93) «قۇتادغۇبىلىك»، 2218، 2219، 2223، 2234، 2229-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(94) «قۇتادغۇبىلىك»، 2217، 2208، 2209-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(95) «قۇتادغۇبىلىك»، 2235، 2236، 2237، 2238، 2239، 2260، 2261، 2240، 2241، 2242-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(96) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 2436، 2437، 2438، 2439، 2440، 2442، 2444، 2445، 2446، 2447، 2437، 2461، 2441-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(97) «قۇتادغۇبىلىك»، 2473، 2475، 2476، 2480، 2481، 2482-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(98) «قۇتادغۇبىلىك»، 2487، 2488-بېيىتلارغا قارالسۇن.



(99) «قۇتادغۇبىلىك»، 2484-، 2524-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(100) «قۇتادغۇبىلىك»، 2484-، 2454-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(101) «قۇتادغۇبىلىك»، 2490، 2492، 2474، 2493، 2494، 2495، 2496، 2497، 2498، 2499، 2500، 2501-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(102) «قۇتادغۇبىلىك»، 2503، 2504، 2506-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(103) «قۇتادغۇبىلىك»، 2519، 2520-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(104) «قۇتادغۇبىلىك»، 2507، 2508-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(105) «قۇتادغۇبىلىك»، 2529، 2530، 2531، 2532، 2576-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(106) «قۇتادغۇبىلىك» 2533 — 2550-گىچە ھەم 2557، 2558، 2562، 2564، 2565، 2566، 2567-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(107) «قۇتادغۇبىلىك»، 2581 — دىن 2589-بېيىتقىچە قارالسۇن.

(108) «قۇتادغۇبىلىك» 2554، 2555، 2556-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(109) «قۇتادغۇبىلىك»، 2561-بېيىتقا قارالسۇن.

(110) «قۇتادغۇبىلىك»، 2598، 2599، 2593، 2595، 2596-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(111) «قۇتادغۇبىلىك»، 2607، 2608، 2611، 2613، 2615، 2616-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(112) «قۇتادغۇبىلىك»، 2622، 2623، 2621، 2624، 2630، 2631، 2632، 2633، 2634، 2635، 2636، 2637-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(113) «قۇتادغۇبىلىك»، 2660، 2666، 2665، 2661 ۋە 2648-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(114) «قۇتادغۇبىلىك»، 2662، 2642، 2639-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(115) «قۇتادغۇبىلىك»، 2640، 2649، 2650، 2651، 2652،

2653، 2654، 2658، 2659، 2655-بېيتلارغا قارالسۇن.

(116) «قۇتادغۇبىلىك»، 2663، 2664-بېيتلارغا قارالسۇن.

(117) «قۇتادغۇبىلىك»، 2667، 2668-بېيتلارغا قارالسۇن.

(118) «قۇتادغۇبىلىك»، 2674، 2675، 2676، 2677، 2678، 2679، 2680، 2681، 2698-بېيتلارغا قارالسۇن.

(119) «قۇتادغۇبىلىك» 2693، 2721، 2722، 2723، 2724، 2725، 2726-بېيتلارغا قارالسۇن.

(120) «قۇتادغۇبىلىك»، 2729، 2730، 2731-بېيتلارغا قارالسۇن.

(121) «قۇتادغۇبىلىك»، 2703، 2704، 2705، 2706، 2707، 2708، 2709، 2773، 2733، 2734، 2735، 2736، 2738-بېيتلارغا قارالسۇن.

(122) «قۇتادغۇبىلىك»، 2750، 2761، 2762، 2766، 2764، 2765، 2799، 2800، 2791، 2793-بېيتلارغا قارالسۇن.

(123) «قۇتادغۇبىلىك»، 2679، 2771، 2772، 2773، 2774، 2780، 2782، 2783-بېيتلارغا قارالسۇن.

(124) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 426-بەت.

(125) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 427-بەت.

(126) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 631-بەت.

(127) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 636-بەت.

(128) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى II توم، 141-بەت.

(129) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، III توم، 330-بەت.



(130) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، III توم، 507-بەت.

(131) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 468-بەت.

(132) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، I توم، 546-بەت.

(133) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، III توم، 73-بەت.

(134) «قۇتادغۇبىلىك»، 2801، 2802، 2803، 2804، 2805، 2806-بېيتلارغا قارالسۇن.

(135) «قۇتادغۇبىلىك»، 2807، 2808، 2815، 2816-بېيتلارغا قارالسۇن.

(136) «قۇتادغۇبىلىك»، 2821، 2822-بېيتلارغا قارالسۇن.

(137) «قۇتادغۇبىلىك»، 2824، 2832، 2835-بېيتلارغا قارالسۇن.

(138) «قۇتادغۇبىلىك»، 2834، 2833، 2829-بېيتلارغا قارالسۇن.

(139) «قۇتادغۇبىلىك»، 2843، 2844، 2859، 2876، 2868، 2896، 2870-بېيتلارغا قارالسۇن.

(140) «قۇتادغۇبىلىك»، 2854، 2855، 2858-بېيتلارغا قارالسۇن.

(141) »قۇتادغۇبىلىك»، 2877، 2878-بېيتلارغا قارالسۇن.

(142) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 83-بەت.

(143) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 405-بەت.

(144) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 424-بەت.

(145) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 470-بەت.

(146) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 463-بەت.

(147) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 531-بەت.

(148) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 283-بەت.

(149) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، III توم 81-بەت.

(150) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، III توم 600-بەت.

(151) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 565-بەت.

(152) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 631-بەت.

(153) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 71-بەت.

(154) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 91-بەت.

(155) (156) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 278-بەت ۋە 281-بەت.

(157) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، III توم 187-بەت.

(158) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 444-بەت.

(159) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 529-بەت.

(160) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 655-بەت.

(161) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 516-بەت.

(162) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 593-بەت.

(163) «تۆركىي تىللار دىۋانى» ، I توم 264-بەت.

(164) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2884، 28885، 2886، 2888، 2891، 2901، 2902، 2905، 2911-بېيتلارغا قارالسۇن.

(165) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2941، 2951، 2916، 2917، 2925، 2926-بېيتلارغا قارالسۇن.

(166) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2928، 2929، 2930، 2931، 2932-بېيتلارغا قارالسۇن.

(167) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4031، 4023، 4033، 4037، 4038، 4039، 4040، 4041، 4042، 4043، 4044-بېيتلارغا قارالسۇن.

(168) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4046، 4047، 4048، 4049-بېيتلارغا قارالسۇن.

(169) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4055 — 4063-بېيتقىچە قارالسۇن.

(170) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4064، 4065، 4066-بېيتقىچە



قارالسۇن.

(171) «قۇتادغۇبىلىك» 4067، 4068، 4069، 4070، 4071، 4072، 4073، 4074-بېيتلارغا قارالسۇن.

(172) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4110، 4111، 4112، 4113، 4114، 4115، 4116، 4125، 4126، 4128، 4129، 4130، 4131، 4132، 4133، 4134-بېيتلارغا قارالسۇن.

(173) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4136 — 4148-گىچە قارالسۇن.

(174) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4171، 4172، 4169، 4168، 4316-بېيتلارغا قارالسۇن.

(175) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4174، 4175، 4181، 4182، 4183، 4184-بېيتقا قارالسۇن.

(176) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4201 — 4206-گىچە قارالسۇن.

(177) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4233 — 4238-گىچە قارالسۇن.

(178) «قۇتادغۇبىلىك» ، 4472، 4473، 4474-بېيتلارغا قارالسۇن.

(179) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2272، 2270، 2274، 2275، 2276، 2278-بېيتقا قارالسۇن.

(180) «قۇتادغۇبىلىك» 2323 — 2330-غىچە قارالسۇن.

(181) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2317، 2271، 2273، 2283، 2284، 2285-بېيتلارغا قارالسۇن.

(182) «قۇتادغۇبىلىك» 2294، 2295، 2296، 2297-بېيتلارغا قارالسۇن.

(183) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2298، 2299، 2300، 2301، 2302-بېيتلارغا قارالسۇن.

(184) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2309-دىن 2315 گىچە قارالسۇن

(185) «قۇتادغۇبىلىك» ، 23332-2340-گىچە قارالسۇن.

(186) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2341-2439-گىچە قارالسۇن.

(187) «قۇتادغۇبىلىك» ، 2350، 2351، 2352-بېيتلارغا قارالسۇن.

(188) «قۇتادغۇبىلىك»، 2355، 2356، 2357، 2358، 2359-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(189) «قۇتادغۇبىلىك»، 2368 ۋە 2359-2366-گىچە قارالسۇن.

(190) «قۇتادغۇبىلىك»، 2370-2378 گىچە قارالسۇن.

(191) «قۇتادغۇبىلىك»، 2380، 2382، 2381، 2383، 2384، 2385، 2290، 2291، 2293-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(192) «قۇتادۇغبىلىك»، 2386-2397-گىچە قارالسۇن.

(193) «قۇتادغۇبىلىك»، 2398-2404-گىچە قارالسۇن.

(194) «قۇتادغۇبىلىك»، 2405، 2408، 2409، 2410، 2411، 2412، 2413-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(195) «قۇتادغۇبىلىك»، 2417، 2418، 2419، 2420-بېيىتقا قارالسۇن.

(196) «قۇتادغۇبىلىك»، 4119، 4120، 4121، 4122، 4123-بېيىتقا قارالسۇن.

(197) «قۇتادغۇبىلىك»، 2510، 2511، 2512، 2515، 2516، 2514-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(198) «قۇتادغۇبىلىك»، 163، 164، 165، 166، 167-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(199) «قۇتادغۇبىلىك»، 1914-بېيىتقا قارالسۇن.

(200) «قۇتادغۇبىلىك»، 1609، 1610-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(201) «قۇتادغۇبىلىك»، 4098، 4099، 4100-بېيىتقا قارالسۇن

(202) «قۇتادغۇبىلىك»، 2987، 2988-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(203) «قۇتادغۇبىلىك»، 5484، 5487-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(204) «قۇتادغۇبىلىك»، 5495، 5496، 5497، 5498-بېيىتقا قارالسۇن.

(205) «قۇتادغۇبىلىك»، 4409-بېيىتقا قارالسۇن.

(206) «قۇتادغۇبىلىك»، 5350، 5351-بېيىتقا قارالسۇن.

(207) «قۇتادغۇبىلىك»، 5981، 5982، 5983-بېيىتقا قارالسۇن.



(208) «قۇتادغۇبىلىك»، 5863، 5864، 5873، 5874، 5876، 5872 ۋە 5877-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(209) «قۇتادغۇبىلىك»، 4212، 4213-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(210) «قۇتادغۇبىلىك»، 221، 222-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(211) «قۇتادغۇبىلىك»، 5198، 5279، 56280، 5281-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(212) «قۇتادغۇبىلىك»، 5504، 5505-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(213) «قۇتادغۇبىلىك»، 2860، 2861، 2865، 2866-بېيىتقا قارالسۇن.

(214) «قۇتادغۇبىلىك»، 5577، 5546، 5547، 5548 ۋە 5549-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(215) «قۇتادغۇبىلىك»، 641، 642-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(216) «قۇتادغۇبىلىك»، 3815، 3816، 3817، 3818، 3819-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(217) «قۇتادغۇبىلىك»، 295، 296-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(218) «قۇتادغۇبىلىك»، 5218، 3435-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(219) «قۇتادغۇبىلىك»، 5555، 5556، 5588، 5589، 5590-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(220) «قۇتادغۇبىلىك»، 5574-5583-گىچە قارالسۇن.

(221) «قۇتادغۇبىلىك»، 5515-5519-گىچە قارالسۇن.

(222) «قۇتادغۇبىلىك»، 5910، 5911، 5912، 5913، 5914، 5915-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(223) «قۇتادغۇبىلىك»، 2957-2965-گىچە قارالسۇن.

(224) «قۇتادغۇبىلىك»، 2973، 2974-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(225) «قۇتادغۇبىلىك»، 1595، 1597، 1598، 1690، 1691-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(226) «قۇتادغۇبىلىك»، 4527، 4528، 4529، 4530-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(227) «قۇتادغۇبىلىك»، 4471، 4462، 4463، 4397، 4398، 4399، 4360، 4342، 4348، 4349، 4350، 5553، 5554، 4338-بېيتلارغا قارالسۇن.

(228) «قۇتادغۇبىلىك»، 2493، 2498، 2473، 811، 812، 813، 814-بېيتلارغا قارالسۇن.

(229) «قۇتادغۇبىلىك»، 4504، 4505، 4506، 4507، 4508، 4509-بېيتلارغا قارالسۇن.

(230) «قۇتادغۇبىلىك»، 1218، 1219، 1220، 1223، 1224، 1225، 1226، 1227، 1228-بېيتلارغا قارالسۇن.

(231) «قۇتادغۇبىلىك»، 4510، 4507-بېيتلارغا قارالسۇن.

(232) «قۇتادغۇبىلىك»، 4486، 4487، 4488، 4489، 4490، 4491، 4492، 4493، 4494، 4495، 4496، 4497، 4498، 4501-بېيتلارغا قارالسۇن.

(233) «قۇتادغۇبىلىك»، 4517، 4518، 4513، 4514، 4520، 1303، 1304-بېيتلارغا قارالسۇن.

(234) «قۇتادغۇبىلىك»، 4605، 4604، 4066، 4595، 4594، 1614، 4637، 4640-بېيتلارغا، 1456، 1449، 1460، 1547، 1931، 2111، 2179، 2490، 3077، 4016، 4018، 4605، 5735، 5737، 6588، 6593، 6594، 6595، 4309، 1547، 3049، 4720، 4720، 5765، 6344، 6492-بېيتلارغا قارالسۇن.

(235) (236) رېشىت رەھمەتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك» ئىندېكسى، ئىستانبۇل 1979-يىل نەشرى، تۈركىيە، 362-، 458-، 462-بەتلەر.



ئۈچىنچى باب

# ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام جامائەت قانۇنى تەلىماتىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كۆرسەتكەن تەسىرى

«قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ياشىغان دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنچىلىق ئەھۋالاتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام دىنى VII ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلدى. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك بىر ئىسلاھات بولۇپ، ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سىياسىي جەھەتتە نىسپىي تۇراقلىقنى بارلىققا كەلتۈرگەن سىياسىي ۋەزىيەت يارىتىپ كونا قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئىللەتلىرىنى يوقاتتى، جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئەخلاق قائىدىلىرىگە كۈچلۈك خاتىمە بەردى. دىن، قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ بىگچە ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىدا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، بۇنداق ئۆزگىرىش بۇرۇنقى قەبىلىۋازلىق ئادەت كۈچلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى. قىسقىسى، بۇ ئىسلاھات تامامى ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ، ئۇلارنى فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى راۋاج تاپقان ئىسلام يېڭى ئىجتىمائىي كاتېگورىيىسىگە جەملىدى. ئۇ، گەرچە

شۇنچىۋالا ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئەمما، «شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان ئامىلغا ئايلىنالمىدى. ئەكسىچە، فېئودال كۈچلەر پايدىلىنىدىغان نەزەرىيىۋى قورالغا ئايلىنىپ، ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقان ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى قوغدايدىغان مەنىۋى ئاساسقا ئايلاندى... خەلىپە، ئىمام ۋە ئەمىرلەر مەزھەپنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قارا نىيىتى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى پەردازلىدى. ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە سودىدىكى ئىشلەپچىقىرىش بايلىق مەنبەلىرىنى تىزگىنلەش يولىدا ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشلىرىنى ئاقلىدى.» (1)

ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت نەپەر خەلىپىنىڭ ئادىل، دىيانەتلىك ئىستىلى قانۇن تۈزۈشنىڭ پرىنسىپى قىلىنغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قانۇننىڭ ھەممىگە تەڭ تەدبىق قىلىنىشى ئەمەل قىلىنمىسا بولمايدىغان مىزانغا ئايلانغانىدى. كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە بۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىنمىدىلا ئەمەس، بەلكى سۈپەت جەھەتتە تۈپلۈك يامان ئۆزگىرىش ياسىدى. بۇ ھەقتە يەمەن تارىخچىسى سۇلتان ئەخمەد ئۆمەرنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆتۈشلا كۇپايە. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خەلىپە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھاكىملىرى ھوقۇقلىرىنى ئىسلام ئېتىقادىدىكى ۋەھىيلەرگە ئاساسەن يۈرگۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ باي ياكى كەمبەغەل، قۇلدار ياكى قۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلاتتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە بۇ ھاكىملار ئۆز نەپسىگە جوغ تارتىدىغان نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئاچكۆزلۈكنى



ئۆزىگە زادىلا يېقىن كەلتۈرمىگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق پرىنسىپى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. ئەمما خەلىپە ئوسمان دەۋرىدىن باشلاپ، شۇنىڭدەك كېيىنكى مۇئاۋىيە دەۋرى ھەم ئۇمەۋۋىيلەر بىلەن ئابباسىيلار قاتارلىق ئىككى خاندانلىقتىكى خەلىپىلەر دەۋرىگە كەلگەندە بۇ خىل روھ تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاپ يوقىلىشقا باشلىدى. خەلىپىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن كىشىلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ قابىلىيەتلىك ياكى قابىلىيەتسىزلىكى، پاك دىيانەتلىك ياكى ئەمەسلىكى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمىدى، ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقلارنى ئاۋۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ ئەزدى.» (2)

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆز زامانىسىدىلا يېڭىدىن بىرلىككە كېلىپ ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان ئەرەب دۇنياسىدىكى «جاھىلىيەت دەۋرى» دىن پەرقلىق ھالدا مەيدانغا كېلىۋاتقان، ئادالەتنى تەكىتلەيدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بەرپا قىلىش ۋەزىيىتىنىڭ ئەبەدىي بولالمايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كەينى-كەينىدىن يەڭگۈشلىنىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ ئايىنىپ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇزۇلۇشقا ئۇچراي-دىغانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭلاشقا ئۇ: «ئەڭ ياخشى كىشىلەر مېنىڭ دەۋرىمدە ياشىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر، ئۇلاردىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردە ياشىغان كىشىلەردۇر. سىلەردىن كېيىن شۇنداق بىر خەلق كېلىدۇكى، ئۇلار خىيانەتكار، ئىشەنچسىز، ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بېرىدىغان، ئەمما گۇۋاھلىققا تارتىلمايدىغان، ئاللاغا قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار دۇنياغا تولىمۇ ھېرىس ۋە

راس. تېرەس كېلىدۇ» دېگەنىدى (3).

ئىسلام تارىخىدىن مەلۇم بولۇشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن 4-ئورۇن باسار خەلىپە ئەلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلىپىلىك ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس قالدىغان نەسەب تۈزۈمى بويىچە ئەمەس بەلكى سايلام تۈزۈمى بويىچە داۋاملاشقان بولۇپ، مۇئاۋىيەدىن كېيىنلا ئۇ، مىراس تۈزۈمگە ئايلاندى. بۇ دەۋرلەردە ئالدىنقىلار تەرىپىدىن مىراس بولۇپ قېپقالغان خەلىپىلىك ھوقۇقىنى تالىشىش كېسىلى قايتىدىن قوزغىلىپ كۈرەش يېڭىباشتىن ئەۋجىگە چىقتى. دېمىسىمۇ «ئىسلام دىنىدا خەلىپىلىكنى تالىشىش مەسىلىسىدىنمۇ بەك ئېغىر قان تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلە يوق» بولۇپ، «ھەربىر خەلىپە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بىرىنچى خىزمىتى قىلىپ ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىغا سادىقلىق بىلەن ئىشلىگەنلەرنى ۋە باشقا ۋىجدانلىق كىشىلەرنى، ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنى ئۆلتۈرۈش، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېقىن-يىراق ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىچىدىكى ئۆزىگە رەقىب بولغان ۋە بولۇش ئېھتىمالى بولغانلارنى جەھەننەمگە ئۇزىتىش» (5) بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقى دەۋرى (مىلادى 661 — 750) دە، ئوسمان، ئەلى، تۆلەيھە ۋە زۇبەيرە قاتارلىق مەشھۇر زاتلار ئارقا-ئارقىدىن شېھىت قىلىندى. بۇ دىنىيلىق كىشىلەرنى قاتتىق ئويغا سالغان بولۇپ، ھەممىلا جاي ئىسلامىيەتنىڭ ئەقىدىرى ئوستىدە باش قاتۇرىدىغان مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلاندى، خەلىپە ئوسماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟ ئەلى ئوسماننى ئۆلتۈرۈشنى يالانلىغۇچىمۇ ئەمەسمۇ؟ تۆلەيھە، زۇفەر، ئائىشە قاتارلىقلار ئەلى بىلەن ئۇرۇش قىلسا بولامدى ياكى بولمامدى؟ ئەلىنىڭ «قۇرئان» ھۆكمى بىلەن ئۇرۇش ئەنزارچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقى توغرىمۇ-خاتامۇ؟... دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر دائىم بولىدىغان



مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ئىدى. ئەرەب تارىخچىسى ئىبن سائادنىڭ «ئات-تاباگات ئەل-كۇبرا» (مەشھۇر زاتلار ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەر) دېگەن كىتابىنىڭ 7-توم 118 — 119-بەتلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بەسىرە قازىسى ھەسەن بەسىرە ئىلىم مۇتائىلە قىلىۋاتقىنىدا كىشىلەر دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭدىن ئۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىغان. بەزىسى ھەججاجغا (6) قانداق قارايسىز؟ ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قان تۆكسە، بۇلاڭچىلىق قىلسا، يەنە كېلىپ ناماز ئوقۇمىسا... دەپ سورىسا؛ بەزىلەر، سىز ئۇرۇشقا قانداق قارايسىز؟ دەپ سورىغان. يەنە بەزىلىرى، يېزىد مۇخاللاپ بىلەن ئىبن ئەشئاس قاتارلىقلارغا قانداق قارايسىز؟ دەپ سورىغان. ھەسەن بەسىرە: ئۇلارغىمۇ ئەگەشمەيمەن، بۇلارغىمۇ بولۇشمايمەن، دەپ جاۋاب بەرگەن. سۈرىيىلىك بىر ئادەم ئۇنداقتا سىز خەلىپىلەرگىمۇ بولۇشمايدىكەنسىز-دە، دېگەندە، ھەسەن بەسىرە ناھايىتى قاتتىق زەردە بىلەن: شۇنداق، ھەتتا ئەگەشمەيمەن، دەپلا جاۋاب بەرگەن. (7)

ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىن باشلاپ «بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە مۇقەددەس جاينىڭ مۇھىملىقى تۆپەيلىدىن، مەككە كۈندىن - كۈنگە بېيىپ، كەيپ-ساپا ۋە ئەيش-ئىشرەت تېزدىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى.» (8) خەلىپىلەرنىڭ ئوردىسىدا خىزمەتكە سېلىنىدىغان قۇللار ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئەسىرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە سېتىۋېلىنغان، بۇلاپ كېلىنگەن ئاياللار، ئۆسمۈرلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قۇللارنى ئېلىپ-سېتىش ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ناھايىتى تېزلا پۇل تېپىپ باي بولۇشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. «ئىسپانىيەدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇللارنىڭ ھەربىرى 1000 دىنارغا، تۈرك قۇللىرىنىڭ ھەربىرى 600 دىنارغا يارايتتى.» ... ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇمەۋىيلەرنىڭ شىمالىي

ئافرىقىغا ئەۋەتكەن ھاكىمى مۇسا ئىبنى نۇسەير (640 — 716) ئافرىقىدا 300 مىڭ ئەسىرگە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى خەلىپە ۋەلىدكە سوۋغات قىلغان. ئۇ مىلادى 711-يىلى مۇئاۋىن باش قوماندان تارىق ئىبنى زىيادنى ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى پەتھى قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئىسپانىيە گوت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن 30 مىڭ قىزغا ئىگە بولغان، مۇسۇلمان گېنېراللىرى تۈركىستاندىن 100 مىڭ ئەسىرگە ئىگە بولغان.(9)

ھاراق ئىچىش — ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى — «شەرىئەت» تە مەنئى قىلىنغان «جىنايەت» دەپ قارالغان قىلمىشنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە قانۇننىڭ بۇ ماددىسىغا ئەمەل قىلىنمىدى. تارىخىي قەيتلەرگە قارىغاندا، ئۇمەۋىيلەر خاندانلىقىنىڭ 2-خەلىپىسى يەزىد ئۇچىغا چىققان ھاراقكەش بولۇپ، بارغانلا يېرىدە قولىدىن ھاراق رومكىسى چۈشمىگەن. شۇڭا ئۇنى كىشىلەر «ھاراقكەش يەزىد» دەپ ئاتاشقان. مەشھۇر قانۇنشۇناس ھەسەن بەسرى (مىلادى 642 — 728) ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسارىتى بىلەن ئالتۇن تەختتىكى «ھاراقكەش يەزىد» نى كۆپ قېتىم يۈزتۇرانە تەنقىد قىلغانىدى. مەرۋان II ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغ (مىلادى 744 — 750) دا، مەشھۇر ھەزرىتى ئىمام ئەززەم ئەبۇھەنەفە(10) ئىراق ۋالىيسى يەزىد ئىبنى ئۆمەرنىڭ كۇفەدىكى قازىلىق مەنسىپىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن ئەدەبلەش جازاسى بېرىلگەن. ۋەلىد II مۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق ھاراقكەش بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا «شاللاق خەلىپە» دەپ نام ئالدى ۋە ھىجرىيىنىڭ 126-يىلى (مىلادى 743 — 744) باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدە گەرچە ئىسلامىيەتچە بولغان بەزى مۇنەسسەبىلەر تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ



تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە فۇنكسىيىلىرىنىڭ مۇستەھكەم بولغان ئۇلى ئۈستىدە ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى تەرەپتىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇق خەلىپىنىڭ قولىدا بولۇپ خەلىپىنىڭ قول ئاستىدىكى زور بىر تۈركۈم تۇۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلار خەلىپىلەرنىڭ نوپۇزى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرىدىغان زېمىنلىرى ۋە مەمۇرىي ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىشلاردىلا قانۇننى يۈرگۈزەلەيتتى. ۋەزىرلەرنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلار مالىيە، ھەربىي ئىشلار، سوغىرىش قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى ۋە شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈشكە مەسئۇل ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋالىيلىرى، ھەربىي قوماندانلار، خەزىنە باشقۇرغۇچىلار، بازار تەپتىشلىرى، سۇ باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدىلا سوت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى، شۇرتا (ساقچى ئەمەلدارى) لار جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلاتتى، ئىلگىرى مەيلى تۆت خەلىپە دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدە بولسۇن، گۇناھكار دەپ قارالغانلار نەسىھەت قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش، تۇۋا قىلدۇرۇش، دەررە ئۇرۇش قاتارلىق جازالارغا تارتىلاتتى، ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئورنىنى قاماققا ئېلىش، ئۆلۈم جازاسى بېرىش قاتارلىق قاتتىق بولغان قانۇنىي جازالار ئالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلىپىلەرنىڭ ئوردىسىدا رەسمىي ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئايالتىلىق جاللاتلار ۋە ئادەم سولايدىغان زىندانلار بارلىققا كەلدى.

ئابباسىيلار (مىلادى 750 — 1258) دەۋرىدىمۇ ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىكىگە ئوخشاش «كوللېكتىپ توپلىشىپ ھاراق ئىچىش ۋە يەككە ئۆز ئالدىغا ھاراق ئىچىشلەر ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ھاراق ئىچىشنى مەنئى قىلىش ئەسلىدە ئىسلام

دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ھالبۇكى...
خەلىپە، پادىشاھ، ۋەزىر ھەتتا سوتچىلارمۇ بۇنىڭغا سەل
قارىدى. چىلان چىلانغان ھاراقلار ئەڭ ئېسىل ئىچىملىك
ھېسابلىناتتى. زىياپەتلەردە قىزلارنى ناخشا ئېيتقۇزۇش بىلەن
بەزمە قىلىش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ھېسابلانمايتتى...
كۆرگىلى بولىدۇكى، بۇنداق زىياپەتلەرگە قاتناشتۇرۇلىدىغان
ناخشىچى قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەھۋانە چۆرىلەر
بولۇپ، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى ياشلارنىڭ ئەخلاقىغا نىسبەتەن ئەڭ
ئېغىر تەھدىتنى شەكىللەندۈرۈپ تۇراتتى.» (11) بۇنداق
چىرىكلىك خەلىپىلەرنىڭ مۆمىن (مۇسۇلمانلار) لەر بىلەن
بىراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ تەختىنى دوملاپ چۈشۈشىنى تېزلەتتى.
ئۇرۇش سەپلىرىدە بولسا، رەقىبلىرىنى كۆپەيتىپ كىشىنى
چۆچۈتكۈدەك سۈيىقەست ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا
قىلدى.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئابباسىيلار خاندانلىقىدا
37 نەپەر خەلىپە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىگە 508 يىل
(يەنە بەزى ئېيتىلىشلاردا 523 يىل دېيىلىدۇ) ھۆكۈمرانلىق
قىلغان بولۇپ، خاندانلىقنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىسى بولغان
ئەبۇئابباس ئالتىنچى خەلىپە مۇھەممەد ئەمىن زۇلىيەمىن
تەرىپىدىن، ئونىنچى خەلىپە موتەۋەككىل ئون بىرىنچى
خەلىپە مۇنتەسىر تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان(12). خاندانلىقنىڭ
ئاخىرقى توققۇز خەلىپىسىمۇ قىسقىغىنە 50 يىل ئىچىدە قول
ئاستىدىكى تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ
ئاشلىقلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، بەزىلىرى دارغا ئېسىلغان،
بەزىلىرى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئەڭ ئاخىرقى خەلىپە
ئەلمۇستەئسىم مىلادى 1258-يىلى ھۇلاكۇخان تەرىپىدىن
ئىككى ئوغلى بىلەن قوشۇپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن(13). بۇ



ھەقتە پاكىستانلىق مۇسۇلمان تارىخچىسى سەئىد فەيياز
مەھمۇدنىڭ ئابباسىيلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كەيپ-ساپا،
چىرىكلىك تۇرمۇشى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى تېخىمۇ
ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇ كىتابىدا: «قىلچە مۇبالىغە قىلمىغان
ھالدا ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئوردا
تۇرمۇشى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ياكى پۈتكۈل تارىختا ئۆزىنىڭ
ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالىقى بىلەن ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدۇكى، بىرەر پادىشاھنىمۇ ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ،
ئۇ دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۆز گۇناھى تۈپەيلىدىن
جاجىسىنى يېدى» دەپ يازىدۇ(14).

ئاببىاسىيلار دەۋرىدە بىدئەت ئەۋج ئالدى. 2-خەلىپە
مەنسۇر ئەبۇجەئفەر تەختتىكى ۋاقتىدا (مىلادى 754 —
775)، ئىمام ئەزەم ئەبۇھەنىفە زىندانغا تاشلاندى ۋە شۇ
يەردە ۋاپات بولدى. 7-خەلىپە مەئمۇن (ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن
ۋاقتى مىلادى 813 — 833) بىلەن 8-خەلىپە مۇستەئسىم
بىللاھ (ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى مىلادى 833 — 845)
دەۋرىدە مۇئتەزىلەلەر(15) مەزھىپىنىڭ «‹قۇرئان› ئاللا
تەرىپىدىن نازىل بولمىغان، ئۇنى ئادەم يېزىپ چىققان»
دېگەن تەشەببۇسى ئېتىراپ قىلىندى ھەمدە دىنىي ئۆلىمالارغا
مەجبۇرىي تېڭىلدى. مەئمۇن مۇئتەزىلەلەردىن بولغان ئەبۇ
ئىبىن دۇۋادنى قازى قۇزاتلىققا تەيىنلەپ، دىنىي سوت تەسىس
قىلدى ھەمدە ئۇنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئالىي ئەمەلدار-
نىڭ مۇشۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالىنى مەخسۇس
تەپتىش قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇردى. مانا مۇشۇ چاغدا
ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل(16) مۇئتەزىلەلەر مەزھىپىنىڭ
يات تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن
زىندانغا تاشلاندى.

قىسقىسى، بۇ دەۋردە قانۇن ئاياغ-ئاستى قىلىندى،

خەلىپىلەر ئۆز خاھىشلىرىغا ئاساسەن پەرمانلار چۈشۈرۈپ، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە ئارىلاشتى، بۇنىڭ بىلەن قانۇن ئورگانلىرى پاسسىپ ھالغا چۈشتى. خۇددى مىسىرلىق قانۇنشۇناس ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن «ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە ئىسلام شەرىئىتى» دېگەن ئەسىرىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەندەك «ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئەدلىيە خىزمىتى سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمىدى. خەلىپىلەر ئەدلىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغانلىقتىن، قازىلار قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ۋاقىتلىرىدا زادى قانداق قىلىشلىرىنى ۋە قايسىسىنى ئىجرا قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. خەلىپىلەر ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغىمۇ ئارىلىشىۋالغانلىقتىن، قازىلار دائىم خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى.»(17) بۇ ھەقتە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسىيا-ئافرىقا ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، پروفېسسور ن. ج. كورسۇن ئەپەندى مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئابباسىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى 〈شەرىئەت〉 نىڭ ھامىيلىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ماختىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۆزىنىڭ سىياسەت توغرىسىدىكى شەخسىي چۈشەنچىلىرىنى 〈شەرىئەت〉 بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئاساسى قىلىشقا كۆرسەتمە بېرەتتى، سوتنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويمايتتى، سوتنىڭ بىردىنبىر مەسئۇلىيىتى 〈شەرىئەت〉 نى يولغا قويۇش دەپ قارايتتى. پۈتۈكچىلەر قازىلار تەرىپىدىن ھۆكۈم قىلىنغان ئىشلارنىڭ خەلىپە ۋە ھاكىملارنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىلگەن ئىشلەتمىسىنى ناش قاتۇرۇپ پۈتۈشكەندەك قىلسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچە چاغلاردا پۈتىدىغىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ قازىلارغا چۈشۈرگەن ئۇلارنىڭ پەتىۋالىرىنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلار-



نىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغان سوتچىلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قىسقا پەرمانلىرى بولاتتى.»(18)

مانا مۇشۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش نەتىجىسىدە ئەينى زاماننىڭ ئۆزىدە ئەدەبىياتتا ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى بولغان خەلىپىلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىن توغرا يولغا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان «ئوردا ۋەزىر-ۋۇزرا مەزھىپى» دەپ ئاتالغان ئەدەبىيات شەكلى(19) شەكىللەنسە، ئەنگلىيىلىك كورسۇن ئەپەندى تەرىپىدىن «جامائەت قانۇنى تەلىماتى» دەپ ئاتالغان قانۇن يىغىلاش ھەرىكىتى قانۇنشۇناسلار ئارىسىدا بارلىققا كەلدى ۋە ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى شۇنداقلا قانۇنشۇناسلىرىغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، ھەربىي ۋە ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت ۋە شەرتلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە بىر تۇتاش قېلىپقا سېلىپ ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشى — ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان باغدادتا مەيدانغا كەلگەن «جامائەت قانۇن تەلىماتى» ۋە بۇ تەلىماتنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان قانۇن يىغىلاش ھەرىكىتى ئۇچقۇنلىرىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق ئەمەلىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

جامائەت قانۇن تەلىماتى — كالامىزم ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق بىلەن قانۇنشۇناسلىقتا ماسلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، VIII ئەسىردە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى تەرىپىدىن يېتىلدۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا تۇنجى ئۇل قويغۇچى كىشى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ 5-خەلىپىسى ھارۇن رەشىد (ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى مىلادى 786 — 809) دەۋرىدە «قازى قۇززات» (ھازىرقى ئەدلىيە

مىنىستىرىغا توغرا كېلىدۇ) لىققا تەيىنلەنگەن كوفەلىك مەشھۇر قانۇنشۇناس ئەبۇ يۇسۇپ (731 ــ 798) دۇر. ئۇ ھارۇن رەشىدكە تۈزۈپ بەرگەن «كىتابۇل خىراج» (يەر بېجى قانۇنى) دېگەن دەستۇرىدە بۇ تەلىماتنىڭ بەزى چەكلىمىلىك تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر ۋە مۇنازىرىلەر باشلاندى. XI ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن رەسمىي بىر مۇكەممەل تەلىمات بولۇپ شەكىللەندى. ئۇنى بۇ ساھەدە ئەڭ ئەتراپلىق، ئەڭ سىستېمىلىق شەرھلىگەن كىشى شافى (20) مەزھىپىنىڭ شەرىئەتشۇناسى ئەبۇ ھەسەن ئەل مەۋەردى (ۋاپاتى مىلادى 1057-يىللار) دۇر. ئۇ «كىتابۇل ئەھكام ئەسسۇلتانە-يە» (سۇلتانلارنىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرى) دېگەن ئەسىرىدە بۇ تەلىماتنى ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا شەرھلىدى. كېيىنچىرەك بۇ مۇھاكىمىگە ھەنبىلى مەزھىپىنىڭ تەفسىرچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئىبن تەيمى (ۋاپاتى مىلادى 1338-يىللار) بىلەن مالىك ئىبن پارخۇن (ۋاپاتى مىلادى 1395-يىللار) لار قاتناشتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى.

شۇنداق قىلىپ « XI ئەسىردىن باشلاپ قانۇنشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى بىر خىل جامائەت قانۇنى تەلىماتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئەمەلىيىتىدە ئۇزۇندىنلا ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان 〈شەرىئەت〉 نىڭ نورمىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساسلىدى. بۇ تەلىمات سۈننى (21) مەزھىپىنىڭ بارلىق قانۇنشۇناسلىق ئېقىملىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاق بولۇپ، خەلىپىلەرنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان مەجبۇرىيەت ۋە شەرتلىرىنى قانۇن قىلىپ بېكىتتى. بۇ شەرتلەر ئىچىدە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مۇھىم بەلگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى قاتتىق ئىخلاسمەن ۋە تەقۋادار



بولۇشتەك ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ۋە شۇ ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىش؛ يەنە بىرى ئاللانىڭ قانۇن ھەققىدىكى كەلىمىلىرىگە ۋە ئىبارىلىرىگە توغرا تەفسىر ئېيتىش ئىقتىدارى يەنى ئىجتىھات بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ تەلىمات يەنە يۇقىرىقى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان قەدەم باسقۇچلار بويىچە ئىش كۆرۈشىگە، دىنىي قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان پرىنسىپلارنى يۈرگۈزۈش ۋە تولۇقلاشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.» (22)

بۇ مەسىلەك ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى قانۇن تەلىماتىنىڭ مەزمۇنلىرى ئىسلام قانۇنچىلىقىدا ئىلگىرى بولمىغان ئادۋوكاتلىق تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش؛ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى ناھەقچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئادالەتنى بەرپا قىلىش؛ خەلىپىلەر ۋە ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ يەنى دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتىكى مەجبۇرىيەت ۋە شەرتلىرىنى نىزام قىلىپ بېكىتىپ قانۇنلاشتۇرۇش؛ يۇقىرىلارغا زۇلۇم سېلىپ قانۇننى بۇزۇپ، يولدىن چىققان ئەمەلدارلار ئۈستىدىن سۇنۇلغان ئەرز-شىكايەت دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ تەرگاۋ قىلىش ۋە جازالاشقا تېگىشلىكلىرىنى قانۇن بويىچە جازالاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ مەسىلەكنىڭ تەلىماتى ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، «شەرىئەت» نىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ قوش سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

قوش سوت تۈزۈمى — يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاغزاكى سۇنۇلغان ئەرزلەرنى بىرتەرەپ قىلىش سوتى بىلەن ئىلگىرىدىن تارتىپ بولغان دىنىي سوتنىڭ قوبۇل قىلىنمىدىغان دەۋالارنى تەقسىملىشىۋېلىپ ئۆز ئالدىغا تەرگاۋ قىلىش تۈزۈمى بولۇپ،

قانۇنشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، بۇنداق سوت قۇرۇلغاندا دىنىي سوت يالغۇز تۇرغان ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا خاتالىق ۋە ئۇۋالچىلىقلار كەم سادىر بولاتتى ياكى ئۇلارنىڭ ئالدى ئېلىناتتى. بۇنىڭ بىلەن دىنىي سوت ھەل قىلالمايدىغان بەزى دەۋالار «ئاغزاكى سۇنۇلغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سوتى» غا تاپشۇرۇپ بېرىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى دىنىي سوت «مەھكىمە شەرئى» دەپ ئاتالغان بولسا، مانا بۇ چاغدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاغزاكى سۇنۇلغان ئەرزلەرنى بىر تەرەپ قىلىش سوتى «مەھكىمە مەزالىم» دەپ ئاتالدى. «مەھكىمە شەرئى» نىڭ ھامىيلىرىدىن بولغان «قازى» لار ئاللانىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلغۇچىلار بولسا، «مەھكىمە مەزالىم» نىڭ ھامىيلىرىدىن بولغان «ساھىب-ۇلمەزالىم» لار مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار قانۇنلىرىنىڭ ئادالەتلىك بىلەن يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەكالەتچىلەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ قانۇن ئەمەلىيىتىدە بارا-بارا يەنە بۇ ۋەكالەتچىلەرگە ۋەكالەتەن كونكرېتنى ئىش قىلىدىغان، «قازى» لار تەكشۈرۈشنى رەت قىلغان دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان «ساھىبۇل رادىد» (ۋەكالەتلىك قىلىپ ئىگىسىگە قايتۇرغۇچى دېگەن مەنىدە) لەر بىلەن مەخسۇس جىنايى ئىشلار دەۋالىرىنى تەپتىش قىلىدىغان «ۋالىئەلجارائىم» (ھۆكۈمدارغا ۋەكالەتەن جىنايى ئىشلار قىلمىشلىرىنى سوتلايدىغان كىشى دېگەن مەنىدە)لار مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى «قازى» لار بىلەن «مۇختەسىب» (ياكى مۆھتەسىب) دېيىلىدىغان تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى.

«قازى» لار بىلەن «مۇختەسىب» لەر ئۆممۈۋىلەر دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان مەنسەپلەر ئىدى. «قازى» —



ئەڭ ئاۋۋال ئۆممۈۋىلەرنىڭ ھەربىي ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا مەيدانغا كەلدى. دەسلەپتە «قازى» دېيىلىدىغانلارنىڭ ۋەزىپىسى خۇسۇسىيلارنىڭ قانۇنغا چېتىلىدىغان شەخسىي جېدەل-ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش بولۇپ، ئۇ ھەربىي مۇئەسسەسەلەر ئىچىدىكى بىر خىل مەمۇرىي خىزمەت ھېسابلىناتتى. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ھەر خىل قوشۇمچە تارماقلىرىدا كۆپرەك ئىشلىگەن بولسا، ئۆممۈۋىلەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، مەمۇرىي تارماقلىق خاراكتېرىنى يوقىتىپ، مەركىزىي ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئايلاندى. لېكىن ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرىدىغان ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىدىن بولماي، خەلىپىگە بېقىندىغانلاردىن ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى شۇلارنىڭ ئۆزىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك سىياسىي ھۆكۈمدارلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتەتتى. ئۇلار ھۆكۈملىرىنى ئۆزلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ياردىمىگە تايانماي تۇرۇپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلالمايتتى.

«مۇختەسىب» دېيىلىدىغان تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىمۇ دەسلەپتە ئانچە زور ئەمەس ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭغىمۇ يەۋقۇلئاددە چوڭ ھوقۇقلار بېرىلدى، خۇددى كورسۇن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «بۇ ئەمەلدارلار يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئادەتتىكى دىنىي ئەخلاق ئۆلچىمى نورمىلىرىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا قويۇلغان بولۇپ، ۋەزىپىسى — مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئۆتەش، پەرھىزلەرنى ئادا قىلىشىنى ئارتىپ تاكى ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشماسلىقىغىچە بولغان ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈش ۋە تەپتىش قىلىش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقىرى ئۇلار يەنە بازارلاردا سادىر بولغان يەككە خاراكتېردىكى جىنايى قىلمىشلار ھەم سېتىلىدىغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ پىشۇرۇلىش

بىسەمدارلىق قىلىش، تاۋارلارنىڭ قوسۇرىنى يوشۇرۇپ ناچار ماللارنى ياخشى دەپ سېتىش قاتارلىقلارنى قانداق ۋاقىتتا ئۇچراتسا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سوتلاپ بىر تەرەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ — ئۇلارنىڭ قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىناتتى. ئاۋادا ‹مەھكىمە مەزالىم› نى قازىلار ئىركاۋ قىلىشقا ئامالسىز قالغان دېلولارنى ئىركاۋ قىلىدۇ دېسەك، ئۇنداقتا قازىلارنىڭ يۇقىرى ئىززەت-ئابروي ئالدىدا بىرەر قېتىم قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىلىدىغان دېلولارنى ‹مۇختەسىب› لەر سوتلاپ بىر ياقلىق قىلاتتى.» (24)

«مەھكىمە مەزالىم» نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەلدۇن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ ھاكىمىيەت بىلەن ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ۋەزىپە ئورگىنى بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ ھوقۇق ۋە يۇقىرى ئابروي بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ناھەقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلار باستۇرۇلىدۇ، يولدىن چىقىپ كەتكەنلەر جازالىنىدۇ، قازىلار ھەل قىلالمايدىغان چىگىش دېلولار ھەل قىلىنىدۇ، دەلىل-ئىسپات، ھۆكۈمگە يوللانغان دېلو ماتېرىياللىرى ۋە باشقىلارنىڭ دېلو ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرىغا قايتا قاراپ چىقىلىدۇ، ھۆكۈملەرنىڭ ۋاقتى كېچىكتۈرۈلۈپ دېلولارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ئېنىقلىنىدۇ ياكى دەۋاگەرلەر بىلەن جاۋابكارلار مۇرەسسەگە تارتىلىپ ئىختىلاپلار تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىدۇ ياكى بولمىسا قايتىدىن يېڭى دەلىل-ئىسپات ئېلىنىپ باشقىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ قازىلارنىڭكىدىنمۇ كەڭرەك بولغانلىقىدىندۇر.» (24) ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يايلاق» دېگەن كىتابىنىڭ II توم 430-بېتىدە، ئابباسىيلارنىڭ 14-خەلىپىسى مۇھتەدىنىڭ



ھىجرىيىنىڭ 255 — 256-يىللىرى (مىلادى 869-يىللار) تۆت تەرەپكە قارىتىپ دەرۋازا قويۇلغان بىر ئېگىز مۇنار ياساتقانلىقى ھەم ئۇنىڭغا «مەزالىم مۇنارىسى» دەپ نام بېرىپ ئۇنى پۇقرالار ۋە دەردمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كېلىپ دەردىنى تۆكىدىغان ھەم ئۆزىنى ئاقلايدىغان جايغا ئايلاندۇرغانلىقىنى يازىدۇ، ھەم «سالىھ ئىبنى ئەلى، بىر كۈنى مەن مۇھتەدىنىڭ ‹مەھكىمە مەزالىم› ىدە بىر ئۇۋال قىلىنغان دېلونى سوراق قىلىشقا قاتناشقىنىمدا ئۇنىڭغا سۇنۇلغان ئەيىبنامە بىلەن ئۇنىڭ جايلارغا چۈشۈرگەن پەرمانىنىڭ ناھايىتى تېز ئۈنۈم بېرىپ مېنىڭچە بولغاندا، ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، دېگەنىدى» دەيدۇ (25).

«مەھكىمە مەزالىم» بىلەن «مەھكىمە شەرئى» نىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى پەرقلەرنى مەۋەردى ناھايىتى ئەتراپلىق شەرھلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پەرق ئاساسلىقى «مەھكىمە مەزالىم» رىياسەتچىلىرىنىڭ قازىلارغا قارىغاندا ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. ئۇنىڭ شەرھلەشىچە، ئۇلار تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ دەۋاگەرلەرنىڭ ئەيىبكارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشىغا قارشىلىق كۆرسىتىشىنى چەكلەشكە، بۇلاڭچىلىق ۋە زومىگەرلىك ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى مەنئى قىلىپ توسۇشقا ھوقۇقلۇق، گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپات ماتېرىياللىرىنى، ئادەم ئىسپاتى، ماددىي ئىسپات قاتارلىقلارنى قايتا تەپتىش قىلىپ ئۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا ھوقۇقلۇق، ئەگەر دەۋالاشقۇچىلار لىللا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىگە قايىل بولمىسا، «ساھىبۇلمەزالىم» لەر دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئېنىشىۋاز سىلىۋىراشىگە يول قويىدۇ، ئاندىن قازىلار

دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىدۇ. «ساھىبۇلمەزالىم»لەر گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدىن گۇمانلانسا، ئۇلارنى قەسەم قىلىشقا زورلايدۇ ياكى گۇۋاھچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ گۇمانىنى يېشىدۇ. گۇۋاھچىلار كەلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئالدىنئالا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپ قويۇلىدۇ. ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە دەۋاگەرلەرنىڭ ئېنىق گۇۋاھچىلارنى كۆرسىتىشى ئالدىن بۇيرۇلىدۇ، گۇۋاھچىلار تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرىنى ئاڭلاشقا بولىدۇ.

«مەھكىمە مەزالىم»دە سوتنى ئادەتتە خەلىپىلەر ياكى خەلىپىلەرنىڭ قانۇنىي ۋەكالەتچىلىرىدىن بولغان «ساھىبۇلمەزالىم»لەر ئۆزلىرى بىۋاستە ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئەرز سۇنغۇچى تەرەپ ناۋادا ئەمەلدار بولسا، مۇتەۋەللىلەر سوتنى ئەرز سۇنغۇچىنىڭ تەلەپ قىلغان كۈنىگە توغرىلاپ بېرىدۇ. ئايرىم سوتلاشقا تېگىشلىك بولغان دەۋالارغا قارىتا ئۇدا يەتتە كۈن سوتلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەرەب تارىخچىسى سۇيۇتىنىڭ «خەلىپىلەر تارىخى» دېگەن كىتابىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «مەھكىمە مەزالىم» تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاباسىيلار خاندانلىقىدىكى ۋەزىرلەرمۇ كېيىنچىرەك «مەھكىمە مەزالىم»غا بېرىپ دەۋا سورايدىغان بولغان. بۇ دەۋردە ئوردا نائىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇلار تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سوت يىغىنلىرىغا قاتنىشاتتى، بەزى ھاللاردا «مەھكىمە مەزالىم»نىڭ «ساھىبۇلمەزالىم»لىكىگە ئاياللاردىنمۇ تەيىنلەنگەنىدى. ئاباسىيلار خاندانلىقىنىڭ 18-خەلىپىسى مۇقتەدىر (مىلادى 908-يىلى تەختكە چىققان، 25 يىل خەلىپە بولغان)نىڭ ئانىسى مانا مۇشۇنداق يۇقىرى مەنسەپكە تەيىنلەنگەن



بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ھىجرىيىنىڭ 306-يىلى ئۆزىنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ئايال خوجايىنى تومارنىڭ «مەھكىمە مەزالىم»دە مەنسەپكە تەيىنلەنگەن چېغىدىكى ھوقۇقىنىڭ دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. تومار خەلىپىنىڭ ئانىسى تەرىپىدىن پەرمان چۈشۈرۈلۈپ ياساتقۇزۇلغان رىسافى شەھىرىدە ئەنە شۇنداق بىر سوت تەسىس قىلىپ، ھەر جۈمە كۈنى يۇقىرىلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى تىڭشاپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئوردىنىڭ دائىملىق كۈنتەرتىپىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇ دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلغان چاغدا قازى ھەم ئۆلىمالارمۇ قاتناشتۇرۇلاتتى، قارار ھەم ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئىمزا قوياتتى.(26)

پروفېسسور كورسۇننىڭ تەتقىق قىلىشىچە، بۇ چاغدىكى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن تۈزۈش ئەمەلىيىتى قوش سوت تۈزۈمى ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي فۇنكسىيىسى نەزەرىيە جەھەتتىنلا دىنىي خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. ئەمما «مەھكىمە مەزالىم»نىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى بىلەن شەرىئەت سوتىنىڭ سوت قىلىش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق ئايرىما بولۇپ، ئۇ ئۆرپ-ئادەت سوتى بىلەن دىنىي سوتنىڭ پەرقلىق ئايرىمىسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. كورسۇننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «‹مەھكىمە مەزالىم›نىڭ يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئۆزى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بەلگىلەيتتى ھەمدە ئۇنى داۋاملىق كېڭەيتىپ ‹مەھكىمە شەرئى›لەرگە ئورۇش ئېلان قىلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋاللارنى ئەرز سۇنۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى سوتى (ماجىپ)نىڭ مەملۇك خاندانلىقى دەۋرىدە مىسىردا كەڭ دائىرىلىك سوت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن.»(27) پروفېسسور كورسىن بۇ يەردە بىر تەرەپتىن، «ھاجىپ» نى «مەھكىمە مەزالىم»نىڭ

مەلۇم دائىرە بويىچە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرەرى بىلەن خاراكتېرلەپ «ئەرز سۇنۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى سوتى» دەپ ئاتىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ھاجىپ»لارنىڭ مىسىردا سوتقا چىقىپ دەۋا سوتلىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئەھۋالدىن شەپە بېرىدۇ ھەمدە «ئەرز سۇنۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى سوتى» (ھاجىپ) دا، خۇسۇسىي قانۇنلارغا چېتىلىدىغان دەۋالارنى كۆپىنچە قازىلار تىرگاۋ قىلىدۇ، دەيدۇ.(28)

مەلۇمكى، بۇ يەردە XX ئەسىردە ياشىغان ئەمما «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلغانلىقى تېخى بىزگە مەلۇم بولمىغان ئەنگلىيىلىك بىر قانۇنشۇناسنىڭ يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرى بىلەن XI ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان، قاراخانىلارنىڭ قانۇنشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ «ھاجىپ» سۆزىگە بەرگەن تەبىرلىرىدە كۆرۈلمەكتە. بۇ ئورتاقلىق «ھاجىپ»نى ھەر ئىككىلىسىنىڭ، ئەرز ئېيتىپ كەلگەن پۇقرالارنى كۈتۈۋالىدىغان، يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانغا مەلۇم قىلىدىغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ۋە جەبىر-لەنگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، دەردۇ ئەھۋالغا يېتىدىغان، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى نامۇۋاپىق ناچار قىلمىشلارنى ئوردىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى بىلەن تۈزەپ يولغا سالىدىغان ھوقۇقلۇق خادىم دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقىدا بولۇپ، پەرقى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ھاجىپ» كەلىمىسىنى كورسۇنغا ئوخشاش «سوت» دەپ ئاتىمىغانلىقىدۇر.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەرەب تارىخچىلىرىدىن مەۋەردى، ئىبنى خەلدۇن، مەسئۇدىلەر «مەھكىمە مەزالىم» ھەققىدە كەڭ مەلۇمات بەرگەندەك، سەلجۇقىيلار تارىخچىسى



نىزامۇلمۇلك،(29) غەزنەۋىلەر تارىخچىسى بەيھەقى(30) يېقىنقى زامان مىسىر تارىخچىسى ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن، پاكىستان تارىخچىسى سەئىد فەييياز مەھمۇدلەرمۇ «مەھكىمە مەزالىم»غا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان «ھاجىپ»لەر ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ قەيتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «ھاجىپ» — ئۇممۇۋىلەر، ئابباسىيلار، سامانىلار، سەلجۇقىيلار، غەزنەۋىلەر، مەملۇكلەر شۇنداقلا قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردەك تەسىس قىلىنغان مۇئەسسەسە بولۇپ، ئۇنىڭغا تەيىنلەنگەنلەر ھەربىر ھاكىمىيەتلەردە ۋە ھەربىر دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان تارىخىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى. ئۇممۇۋىلەرنىڭ ئاندالۇزىيە (ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبى) دە قۇرغان بىر تارماق ھاكىمىيىتىنىڭ خەلىپىسى ھىشام II (مىلادى 976 — 1000) دەۋرىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبى ئامىر ئىسىملىك بىر كىشى يۈكسەك تالانتىغا ئاساسەن دەسلەپتە ساراي مۇشاۋىرلىقىغا كۆتۈرۈلۈپ كېيىن «خاس ھاجىپ» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇ بىر يېڭى ساراي سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «مەدىنە قەسرىسى» دەپ نام بەرگەن. مىتال پۇل ئۈستىگە ئىسمىنى ئويدۇرۇپ، نامىنى خۇتبىدە ئوقۇتقان. ئاندالۇزىيىگە 30 يىل ھۆكۈمران بولۇپ، ئارمىيىنى قايتىدىن قۇرۇپ تەشكىللىگەن، «مەنسۇر» (غالىب كەلگۈچى دېگەن مەنىدە) دېگەن نام بىلەن 50 قېتىمدىن ئارتۇق ھەربىي يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان. ئۇ ئوردىدا خەلىپىنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرىنى تەشكىللىگەن(31). ئابباسىيلاردا ئۇممۇۋىلەردىن ئىككىنلىكى بىلىنگەن بىر كىشى ھاجىپ مەنسىپىدە خىزمەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئارىسىدا ئەلچىلەر، شىكايەت قىلغۇچى ۋە تەلەپچى ئادەملەرنىڭ سۇنغان ئەرز ئىلتىماسلىرىنى ئاڭلاپ ھۆكۈمدارغا مەلۇم قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئائىت مەسىلىلەر ئورۇن

ئالمىغان.

سامانىلار خانلىقى (مىلادى 874 — 999) دا، «ھاجىپ»لار ساراي ئۇنۋانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ھېسابلىناتتى. «الھاجىپ» دېيىلىدىغانلار ھاجىپلار ھاجىپى يەنى باش ھاجىپلار بولۇپ، باش ھاجىپلار ساراي ئەمەلدارلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى باشقۇراتتى. نۇھ ئىبنى ناسىر (ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتى مىلادى 943 — 954) نىڭ ۋارىسى ئابدۇلمەلىك دەۋرى (954 — 961) دە، ئۇ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى تۈرك ئەسكەرلىرى باشلىقى ئىل تىگىننى سارايىنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىقىغا تەيىنلىگەنىدى.(32)

بۈيۈك سەلجۇقىيلار ئىمپېراتورلۇقىدا «ئۇلۇغ ھاجىپ» ئۇنۋانى قوللىنىلغان ھەم يەنە «ھاجىپى دەرگاھ» (ساراي ھاجىپى) دېگەن بىر مۇئەسسەسە بار ئىدى. سالجۇقىيلاردىكى ھاجىپلارنىڭ بەزىسى ساراي خىزمەتچىلىرىنى كۆرسەتسە، بەزىسى ئەمىرلىك مەنسىپىدىكى ھەربىي قوماندانلارنى كۆرسەتتى، بۇنداق ھەربىي قوماندانلار تەخمىنەن 50 كىشىلىك ئەسكەر بىرلىكلىرىنى باشقۇراتتى. نىزامۇلمۇلككە ئائىت بىر مەلۇماتتىن بىلىنىشىچە، سەلجۇقلار ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىدىن چىقالمىغان بىر ھاجىپقا «مەن سېنى پەقەت ھوزۇرۇمغا كېلەلمەيدىغان ئاجىز قېرى بوۋايلار بىلەن مومايلار ئۈچۈنلا خىزمەتكە سېلىۋاتىمەن، سەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا يەتكۈزمىگەنلىكىڭ-دىن ساڭا ئېھتىياجىم قالمىدى» دېگەنىكەن. بۇنىڭدىن سەلجۇقىيلاردىكى ھاجىپلارنىڭ ھۆكۈمرانلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئارىچىلىق رول ئوينىغان، پۇقرالارنىڭ دەردۇ ئەھۋالىنى ھۆكۈمدارغا يەتكۈزۈپ، ئۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم بىر ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقى، ئاۋادا بۇ ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن



كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ئەھمىيىتىدىن چىقالمىغان چاغلىرىدا خىزمىتىدىن تەخىرسىز قالدۇرۇلۇۋېتىلىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

غەزنەۋىلەردە «ھاجىپ»لار ساراي ھاجىپى ۋە قوماندان ھاجىپى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنەتتى. سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئەرتېگىن ئاتلىق بىر ساراي ھاجىپى، ئالتۇنتاش، بەگ توغدى، بەي تېگىن، تاش - فەرراش قاتارلىق قوماندان ھاجىپلىرى بولغانىدى. ساراي ھاجىپلىرى ساراي ئىشلىرىنى باشقۇرسا، قوماندان ھاجىپلار قوشۇن تۈزۈش، جەڭ قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. غەزنەۋىلەردە ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ئىشلارنى «ھاجىپ»لار ئىشلىمەيتتى، بەلكى «رەسۇلدار» دېيىلىدىغان بىر مەنسەپتىكى ئەمەلدار ئىشلەيتتى.

مەملۇك خاندانلىقى (1250 — 1517) سارىيىدىكى «ھاجىپ»لار ئاساسەن دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى. قاراخانىلاردىكىدەك ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالىدىغان ئىشلار «ھاجىپ»لارنىڭ بولماي، «مىھماندار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەمەلدارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىدا چوڭ ھاجىپ ۋە ھاجىپ دېگەن ئەمەللەر تەسىس قىلىنغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۇلۇغ ھاجىپ باشقا ھاجىپلارغا باش بولسۇن»(33) شەكلىدىكى قەيتى ئۇنىڭ ئەمرىدە ھەر خىل مەرتىۋىدىكى ھاجىپلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتسە، «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ئايتولدى ھېكايىسى ئۇلۇغ ھاجىپلار بىلەن باشقا ھاجىپلارنىڭ قول ئاستىدا ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۇيان-بۇيان چېپىشىپ يۈرۈپ ئىشلەيدىغان «ئوغلان»(34)لار ۋە «ھاجىپ كىشىسى»(35) نىڭ بولىدىغانلىقىنى يورۇتماقتا. ھاجىپلار خان، بەگلەرنىڭ قوبۇل قىلىشلىرىدا «بىروق» (بۇيرۇق) دەپ ئاتىلىدىغان

بىر كۆتكۈچى ئەمەلدارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايتتى. مەھمۇد قەشقەرى، قوبۇللاردا دۆلەت چوڭلىرىنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوزۇرىغا مەنسەپ ۋە مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئورۇن ئالغۇزۇش ئىشى «بىروق» دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى[36] ئۇنىڭ قارىشىچە، دەرىجىسىگە قاراپ ئولتۇرۇش «قورام ئولتۇرۇش» دېيىلەتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، XI ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياركەنت رايونىدا يېزىلغان تېرىلغۇ يەرلەرنى سېتىش ھۆججەتلىرىگە تۆت نەپەر ھاجىپنىڭ ئىسمى ئايرىم-ئايرىم يېزىلغان. بۇ قاراخانىلاردا تۈرلۈك ھاجىپلارنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنە قاراخانىلاردا ھاجىپلار چەت ئەللەرگە ئەلچى بولۇپمۇ چىقاتتى. مەنبەلەردىكى بۇغراخان ھارۇننىڭ ئۆزىنىڭ بىر ھاجىپىنى غەزنەۋىلەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن «مەھكىمە مەزالىم» دىن ئىبارەت بۇ ئىلغار شەيئى ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ 14-خەلىپىسى مۇھتەدى دەۋرىدە بىر مەزگىل جانلىنىپ ئۇنىڭ سۇيىقەستلىك ئۆلۈمى بىلەن ئاجىزلىدى. 18-خەلىپە مۇقتەدى دەۋرى (مىلادى 908 — 933) دە ۋە تۈرك قۇللىرىدىن تەشكىللەنگەن مەملۇك خاندانلىقى دەۋرلىرىدە قايتىدىن جانلاندى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پائالىيەت سورۇنى باغدادتىن ئاندالۇزىيە (بۈگۈنكى ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى)، مەغرىب (مىسىر ۋە سۈرىيە قاتارلىق جايلار) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا كېڭەيدى.

گەرچە، بىز ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان مەنبەلەردىن قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكىگە



ئوخشاش «مەھكىمە مەزالىم» دەپ ئاتالغان ئالاھىدە مەھكىمىلەرنىڭ تەسىس قىلىنىپ، خەلىپە مۇھتەدىنىڭ تۆت تەرەپكە قارىتىپ دەرۋازا قويۇلغان ئىمارەت ياسىتىپ، ئۇنى پۇقرالارنىڭ ۋە دەردمەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلۇم سالغۇچىلار ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت ئېيتىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرغىنىدەك بىرەر پاكىتلىق ماتېرىيالنى ئوتتۇرىغا قويالىغۇدەك ئەھۋالدا بولمىساقمۇ، كۆزىتىشلەر بىر تەرەپتىن، ئەبۇ يۇسۇپنىڭ «كىتابۇل خىراج»ى بىلەن ماۋەردىنىڭ «كىتابۇل ئەھكام ئەسسۇلتانىيە»لىرىنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»كە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، «قۇتادغۇبىلىك»دىكى قانۇن ھادىسىلىرى ۋە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ھەققىدە گەپ قىلغاندا، بۇ مەسىلىگە ماكان، زامان نۇقتىسىدىن ياندىشىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق كۆرۈنۈشلەرنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى ئۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلىم ساھەسىگە باغداد، ئاندالۇزىيە، مىسىردىكى ئەرەبلەر بىلەن سەمەرقەند ۋە قەشقەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدلىيە مۇئەسسەسىلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاك بېسىپ تۇرىدىغان بەزى پاكىتلارنى تېپىپ بەرمەكتە.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي قاراخانىلارنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم ئىبن ناسىر ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان چېغىدا ئەبۇناسىر مەنسۇر ئىبن ئەخمەد ئىبن ئىسمايىل دېگەن كىشىنى سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ «ساھىبۇلمەزالىم ۋەلھەكەم» (ئەدلىيە باشلىقى ۋە ھاكىم) لىككە تەيىنلىگەنىدى. تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا «ھاجىپ» ئۇنۋانىدىكىلەرنىڭ بار-يوقلۇقى،

«ساھىبۇلمەزالىم ۋەلھەكەم» لىككە تەيىنلەنگەن. بۇ ئادەمنىڭ «ھاجىپ»لار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداقلىقى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئادەمنىڭ «ھاجىپ»-لارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن تەيىنلەنگەن-تەيىنلەنمىگەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە مەلۇماتىمىز يوق (تارىخىي مەنبەلەردە تامغاچ بۇغراخاننىڭ ئوغلى شەمسۇلمۇلۇك دەۋرىدە ئۇنىڭ ئوردىسىدا ئۇلۇغ ھاجىپ ئۇنۋانىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ بولغانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلار كۆرۈلمەكتە). ئەمما ئالىملار تەرىپىدىن قاراخانىلار خاندانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مەنبەسى دېيىلۋاتقان «قۇتادغۇبىلىك»تە «ساھىب» ۋە «مەزالىم»لارنىڭ «ئۇلۇغ ھاجىپ» مەنسىپىدىكى يۈسۈپنىڭ قەلىمى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويۇلغانلىقى «ساھى-بۇلمەزالىم ۋەلھەكەم» لەرنىڭمۇ «ئۇلۇغ ھاجىپ»لارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدىكى خادىملار ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە.

ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتا غەربىي قاراخانىلارنىڭ پايتەختى بولغان سەمەرقەندتە يەنە «قازى قۇزات» (باش سوتچى) بىلەن «قازى ئەسكەر» (ھەربىي سوتچى)لەر بار ئىدى. ئەمما شەرقىي قاراخانىلاردا بولسا، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس بولۇپ، دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەدلىيە خادىملىرى غەربىي قاراخانىلاردىكىدەك «ساھىبۇلمەزالىم ۋەلھەكەم» دېيىلمەي «قازى ۋەلھەكەم» (سوتچى ۋە ھاكىم) دېيىلەتتى. بۇ بىزگە جامائەت قانۇنى بەلمانىسنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا تارقىلىپ ئۆزلەشكەنلىكىنى، شەرقىي قىسمىغا بولسا تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار ۋە مۇلاھىزىلەردىن كېيىن



قاراخانىلاردىكى «ھاجىپ»لارنىڭ خاراكتېرىنى تۆۋەندىكى سخېما بويىچە چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.




يۇقىرىدىكى سخېمىدا كۆرسىتىلگەن «ساھىبۇل رادىد» ۋە «ۋالئەل جارائىم» لار ھەققىدە «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا قاراخانىلار تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە ھازىرغىچە مەلۇمات ئۇچراتمىدۇق، ئەمما بىزچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دە قەيت قىلىنغان «چاپتىقان ئەر» دەپ ئاتالغان گۇناھكارلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغان ئەمەلدار شۇلارنى، «چاۋۇش» دەپ ئاتىلىپ ئارمىيە ئىچىدىكى قانۇنسىزلىق ھەرىكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مەنسەپدار «قازى ئەسكەر»نى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ سخېما بىر تەرەپتىن قاراخانىلاردىكى «ھاجىپ»لارنىڭ قانۇن جەھەتتە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنىڭ دائىرىلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئارىسىدىكى پاراللېللىقنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە، «ھاجىپ»لار-

نى بەگ ۋە ۋەزىردىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. «ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لايىقلىقى توغرىسىدا» مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ھاجىپلارنىڭ شەرتلىرى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە كەسكىن يوليورۇقلار بېرىدۇ، بۇيرۇقلار قىلىدۇ، «ھاجىپ» سۆزىنى 47 بېيىتتا تىلغا ئالىدۇ[37]. «ئۇلۇغ ھاجىپ» لىق سالاھىيىتى بىلەن «شەرىئەت» كە كۆرسەتمە بېرىدۇ، «شەرىئەت» نىڭ بۇلغانلىقىدىن قاتتىق كايىيدۇ. «شەرىئەت» دېگەن سۆزنى سەككىز جايدا تىلغا ئالىدۇ[38]. «قازى» لارنىڭ ۋەزىپىلىرى[39]، «مۇختەسىب» لەرنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە بۇلارنى كۈچەيتىش لازىملىقى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئاللا تەرىپىدىن زىنا، تۆھمەت، ئوغرىلىق، ھاراق ئىچىش، بۇلاڭچىلىق ۋە دىنغا ئاسىيلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا مەخسۇس بەلگىلەنگەن جازالاردىن بولغان ئىلاھىي جازا — «ھەد» نى تىلغا ئالىدۇ.[40] «خەلىپەت» ۋە «مۇئەززىن» لەر ھەققىدە گەپ قىلىدۇ.[41] «ھاجىپ» لارنىڭ خىزمەت ئوبيېكتلىرىدىن بىرى بولغان «زۇلۇم كۆرگۈچى» لەرنى «مەزالىم» دەپ ئاتايدۇ[42].

«مەزالىم» — ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كورسۇن ئۇنى خەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئەرز قىلماق، دەرد ئېيتماق، شىكايەت قىلماق، ئىزھار قىلماق دېگەننى بىلدۈرىدۇ. كەڭرەك مەنىسى بويىچە چۈشەنگەندە سىياسىي جەھەتتىكى ئابرويلۇقلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكالەتچىلىرىنىڭ يۈرگۈزىدىغان سوت قىلىش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ[43]. تىلشۇناس مۆمىن ئابدۇللا «مەزالىم» نى «زۇلۇم»، «ئەدلىيە ئىدارىسى» دەپ ئىزاھلايدۇ[44]. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەزمە نۇسخىسىنى ئىشلىگۈچىلەر ئۇنى «زۇلۇم كۆرگۈچى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ئۇ كورسۇندا mazalim، مۆمىن ئابدۇللادا mezalim، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مىللەتلەر



نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىدە mazalim شەكلىدە ئۇچرايدۇ.

ناۋادا بىز «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچرايدىغان «مەزالىم» سۆزىگە يەنە شۇ «قۇتادغۇبىلىك» دىكى «ئۇل»[45] دېگەن باغلىغۇچى بىلەن «ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ساھىب»[46] سۆزىنى قوشىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا مۇنداق بىر فورمۇلا كېلىپ چىقىدۇ:

ساھىب + ئۇل + مەزالىم = ساھىبۇلمەزالىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دىكى «مەزالىم ۋاقتى» شەكلىدىكى قەيتى بىلەن بىزنىڭ بۇ فورمۇلىمىز قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ پۇقرالارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن «مەزالىم» (ئەدلىيە ئىدارىسى) غا كېلىپ دەۋا سوراشقا بىۋاستە چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» تە خاتىرىلەنگەن زۇلۇم يەتتى دەپ ئادالەت تىلەپ دەۋاغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئىشىنى ساقلاتماي، پىچاقنىڭ نەرسىنى كەسكىنىگە ئوخشاش تېز كېسىپ، تېز ھەل قىلىپ بېرىش ھەم شېكەر يېگەندەك سۆيۈندۈرۈپ قايتۇرۇۋېتىشتىن[47]. ئادالەتتىن يىراقلىشىپ، پۇقراغا كۈچ ئىشلىتىپ زۇلۇم قىلغۇچىلارغا قاپاقنى تۈرۈپ يۈزسىزلىك قىلىش، ھۆكۈم قىلغان چاغدا ئۇراغۇن (زەھەر) ئىچكەندەك قىلىۋېتىش[48] توغرىسىدىكى قەيتلەر بىلەن قوشۇلۇپ، «مەھكىمە مەزالىم» دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا روھىي تۈۋرۈك بولۇپ تۇرغان «جامائەت قانۇنى تەلىماتى» نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى قانۇنچىلىقىغا جانلىق تەتبىق قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، يۈسۈپ خاس

ھاجىپ قانۇن-تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئاقچا ۋە مالىيەنى تەرتىپكە سېلىش، سودا ۋە قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاش، دېھقان ۋە چارۋىچى خەلقلەر مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۆلەملىك ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان»(49) ئىدى. ئۇ، «مەھكىمە شەرئى»لەرنىڭ ئىشلىرىغا ئاشكارا ئارىلىشالايتتى. خان، بەگلەرگە قانۇنلارىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش توغرىسىدا تەكلىپلەر ۋە مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىللىقتىن چەتنىگەن، قانۇننى ئۆزى تۈزگەن تۇرۇقلۇق ئۆزى بۇزىدىغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەم ئەدلىيە خادىملىرىنى باشقۇرۇشقا قۇربى يېتەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى تۇتۇپ جازالىيالايتتى. بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى كىتابخانلارنىڭ سەمىگە سېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمىتى ئارات تەرىپىدىن تۇرغۇزۇپ چىقىلغان ترانسكرىپسىيىلىك تېكىست ئىچىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە لىرىكا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى بولغان «يىگىتلىككە ئېچىنىپ قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى»نىڭ بىر يېرىدە، ئۇ، «ئەيسا بولۇپ كۆككە ئۇچۇپ چىقتىم. نوشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرگۈزدۈم» دېسە، يەنە بىر يېرىدە «قانچىلىغان كىشىلەرگە كايىدىم، ئۇلارنى تىللىدىم، گۇناھسىزلارغا قولۇمنى ئۇزارتتىم. كىشىلەرنى تۇتۇپ زورلۇق ئىشلىتىپ پۇلىنى ئالدىم، بىرىگە ئازار بەرسەم، يەنە بىرىنى رەنجىتتىم» دەيدۇ(50). ھەممىگە مەلۇمكى، خان، بەگلەرنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى قانۇن ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمدە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇننى تۈزۈش ۋە ئۇنى قانداق ئىجرا قىلىش مەسىلىسىنى خان، ۋەزىر ياكى



ھاجىپقا ئوخشاش يۇقىرىلارنىڭ دۆلەت خادىملىرى ئۈستىدىن سۇنغان ئەرز شىكايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ھوقۇقلۇق خادىملار ئاغزىغا ئالمىسا باشقا ھەرقانداق بىرەر شەخسنىڭ ئاغزىغا ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداقتۇ «نوشىرۋاندەك ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈش» (قانۇن تۈزۈش)، كىشىلەرنى «ئۇرۇش» (تەن جازاسى بېرىش)، «تىللاش» (خورلاش ياكى ھاقارەتلەش)، «تۇتۇش» (قاماققا ئېلىش)، «كۈچەپ پۇلىنى ئېلىش» (مال-مۈلۈكىنى مۇسادىرە قىلىش) قاتارلىق جىنايى جازالارنى قوللىنىشتىن ئېغىز ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. بىلىمىزكى، بۇ قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ پەقەت ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ئۇلار تەرىپىدىن پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىلگەن مەخسۇس ئەدلىيە ۋە قانۇن خادىملىرىنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئىش، مۇشۇ نۇقتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يەنە بىر قېتىم، قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان دەپ ھۆكۈملەشكە توغرا كېلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن جامائەت قانۇن تەلىماتى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقىدا دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغايدىغان بىر مەسىلە بار. يەنى ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 85-بابى — «ئېلىكنىڭ ئۆگدۈلمىشكە تەزىيە بىلدۈرگەنلىكى بايانى»دا، ئۇنىڭ «خەلقتىن ۋاپا كەتتى، جاپا غولدىدى، ئىشەنچ قىلغۇدەك بىرمۇ كىشى قالمىدى» دېگىنى، كىتابىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككىنچى لىرىكا — «زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى توغرىسىدا»دا: «ئەگەر ئىشەنچ، ئەمىنلىك ئاتنى (قەسەم) بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان بولسا، بۇ ئاتنى ئوتقۇچى كىم؟ ئۇنى مەن ئەر ئاتاي» دېگىنى شۇنداقلا 71-بابى — «ئودغۇرمىشنىڭ ئېلىككە نەسىھەت قىلغانلىقى بايانى»دا: «غۇبار، چاڭ - توزاندىن ئۆزۈڭنى نېرى تارت، ئۇلۇغ مەڭگۇ

يۇرت كۈت، سۆزۈڭ مەڭگۈ ئەل كۈت» دېگەنلىكىدۇر[51].

بۇ قەيتلەرنىڭ مۇھىم سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بارلىقىدا گۇمان يوق. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «مەھكىمە شەرئى» نىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە يولغا قويۇلغان «قەسەمنى دەلىل-ئىسپات ئورنىدا قوللىنىش» تىن ئىبارەت ئۆلۈكلۈك ۋە قاتماللىق كېيىنكى دەۋرگە كەلگەندە بارا-بارا ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. مىسال ئۈچۈن تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان زىنا قىلىش جىنايىتىنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى دەلىل-ئىسپات پەقەت بىراۋنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن تۆت كىشىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ئارقىسىدا تۇرغۇزۇلۇپ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئۆلۈك ھالدىكى ئىسپات ئېلىش ئۆلچىمىنىڭ بەلگىلىنىشى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كۆپلىگەن ناھەق-چىلىقلارنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق ئىسپاتلارنىڭ تەگدىن تولىسى شۇ خىل تەستە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغان گۇۋاھلىق بېرىش مەسئۇلىيىتىنى دەۋاگەرگە مەجبۇرىي ئارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزى يۈزى قېلىن شەرمەندە زىناخورلار ئۆزلىرى جەزمەن ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان دەۋا مەسئۇلىيىتى ۋە جىنايى مەسئۇلىيەتتىن يەڭگىللىك بىلەن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق «مەھكىمە شەرئى» ھېچ بولمىغاندا، قانۇننىڭ مەلۇم ساھەلىرى بويىچە دەۋاگەرلەرنى تولۇق رازى قىلالمايدىغان ئورگانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىلاردا ئەنە شۇنداق ئىشەنچ، ئەمىنلىكنى قەسەم قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغان بوپقالغاچقا خانلىقتا «مەھكىمە شەرئى» دىن باشقا يەنە «مەھكىمە مەزالىم» نىڭمۇ تەسىس قىلىنىشى زۆرۈر بوپقالغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 16 - بابى —



«بەخت - دۆلەتنىڭ سۆيپىتى توغرىسىدا» دىكى كونا نەرسىلەرنىڭ يېقىمسىز بولىدىغانلىقى، پۈتۈن تەم ۋە لەززەتنىڭ يېڭى نەرسىدە بولىدىغانلىقى، ئىنسان شۇ لەززەتنى ئىزدەپ كۆپ قېينىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەنىلىك، قاراتمىلىق قەيتلىرى ئۇنىڭ مانا مۇشۇ «مەھكىمە مەزالىم» دىن ئىبارەت يېڭى شەيئىنى قوبۇل قىلىش كۆز قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ، «مەھكىمە شەرئى» لا بولسا، قەسەم قىلىش بىلەن ئىشەنچ ۋە ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن يېڭى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىزگە ئۇقتۇرىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «يېڭى نەرسە» دەۋاتقىنى «جامائەت قانۇن تەلىماتى» بىلەن «مەھكىمە مەزالىم» دۇر.

تارىخىي تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ئۆتكۈر، ئەقىللىك، قابىلىيەتلىك، تۈز كۆڭۈل، ھەقىقىي ئادەملەرنىڭ كۆشەندىسى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىختا يەنە ئاقىللاردىن ياخشى كۈنگە قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك: «بۇ جاھان بىلىمسىزلەرگە جەننەت، ئۇلار ھۇزۇرىدا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن ھەرقانداق زاماندا ھېچ نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ، ئەكسىچە بۇ دۇنيا ئاقىللارغا تىكەن، ئاياغ باسسىلا سانجىلىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيا بىلىملىك كىشىلەرگە بىر ئوغا، شۇڭا ئۇلار ئاش يېيەلمەي كۈچى ئاجىزلاپ بارىدۇ»[52]. ئۇنىڭ دېگەنلىرى دەرھەقىقەت بولغاچقا، ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ چىقارغان دانا يەكۈنىنىڭ سىرتىدا قالمىدى. شۇڭا ئۇ: «يىگىتلىككە ئېچىنىپ، قېرىلىق ھەققىدە ئېيتقانلىرى» دا ئۆزىگە سوئال قويۇپ: «ھاياتقا پايدىلىق قانداق ياخشىلىقلارنى قىلدىم، تىرىكلىكتە قەيەرگە دان چاچتىم؟» دېسە، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «نېمە تېرىغان بولسام ئاخىر شۇنى ئوردۇم، نېمە ئورغان بولسام ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەمىنى تېتىتتىم» دەيدۇ.[53] يۈسۈپ

خاس ھاجىپ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دېھقاننى ۋە دېھقاننىڭ ھوسۇل يىغقىنىغا ئوخشىتىپ، ئۆزى چاچقان دانىدىن ئۈنۈپ چىققان زىرائەتنى ئۆزىنىڭ ئورغانلىقىنى، نېمە ئورغان بولسا شۇنىڭ ئەمىنى ئۆزىنىڭ ئېتىغانلىقى ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرىدۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ ھەرگىز زىرائەت تېرىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىشلەمچى دېھقان ئەمەس بەلكى «قانۇن» ئۇرۇقىنى چاچقۇچى. ئۇنىڭ بۇ يەردە سۈرەتلەۋاتقىنى قانداقتۇر دېھقاننىڭ مول - ھوسۇلدىن كېيىنكى شادلىنىشتىن كېيىن كېلىپ چىققان ھۇزۇرلىنىش كارتىنىسى ئەمەس بەلكى، ئۆزىنىڭ قاراخانىلارنىڭ بوز يەرلىرىگە «قانۇن» ئۇرۇقىنى چېچىش ئارقىلىق سىڭدۈرگەن مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن ھالاللىقنىڭ ئاخىرىدا باشقىلار تەرىپىدىن خارلىنىپ قالغانلىقىغا بولغان قاتتىق پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ، نارازىلىق، مانا مۇشۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىتابخانلارغا دېمەكچى بولغان راست گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. بۇ يوشۇرۇن مەنە ئۇنىڭ «بىلىملىك كىشى كىشەنلەنگىلىك بولۇپ، ئەركىن يۈرەلمەيدۇ، بىلىمسىزلەر تىلەككە يېتىلگەن بولىدۇ. ئالىم سەن كىشەن-لەندىڭ، بىلىمسىزلەر بولسا ئەركىن-ئازاد يۈرۈۋاتىدۇ» دېگەنلىرىدە يېشىلىدۇ (54).

«قۇتادغۇبىلىك» كە ئىلاۋە قىلىنغان 2-لىرىك پارچە — «زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى» دا، خۇداغا يۈزلىنىپ ئېيتىلغان «ئىگەم، ۋاپاسىزغا ئۇچراپ مۇڭغا چۆمدۈم، كىم ۋاپالىق بولسا، شۇنىڭغا شېرىن جېنىمنى بېرەي» (55) دېگەن سۆزى بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر ۋاپاسىز، نائەھلى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىلكىدە يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق چاغدا «مەن كىمگە كۆڭۈل بېرەي. دەردىمنى كىمگە ئېيتاي. مەن مۇڭلاندىم،



ئەمدى بىرئاز مۇڭ تۆكەي» (56) دەپ خۇداغا يىغلايدۇ. «ئەگەر ۋاپالىق، سېخىي ئەرتاپسا، ئۇنى يەلكىسىدە يۈدۈپ، كۆزىگە سۈر» مەكچى، «تاپالمىسا ياۋايى كېيىك بىلەن ئۆمۈر سۈر» مەكچى، «ئوت-كۆكنى يېمەكلىك، يامغۇرنى سۇ، قۇمنى تۆشەك قىلىپ، تاغار تون كىيىپ» يۈرمەكچى، ياكى «ۋەھشىيلىشىپ باياۋاندا يۈگۈرۈپ، كىشىدىن يىراقلاپ، جاھاندىن يىت» مەكچى، «ئەگەر ئۆمۈر بولمىسا، بۇ دۇنيانى تاشلاپ ئېقىنىدەك ئېقىپ، شامالدەك ئۇچ» ماقچى، ياكى ئۇچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، «بۇنداق ياخشىلىق تاپالمىغان شەھەر-يۇرتنى تاشلاپ، كىشىلەردىن قاچ» ماقچى، ياكى ئۆزىگە «جەبىر - جاپالار كەلمىسۇن» ئۈچۈن «بۇ گۆستاخ پەسلەردىن يىراقراق تۇر» ماقچى بولىدۇ (57). ئۇ بۇ چاغدا ئۆزىنى «خاس ھاجىپ» لىق مەنسىپى بىلەن ئەمەس بەلكى يۈسۈپ بىلەن ئاتايدۇ ھەمدە «ئېتىمنى بىلمىسۇن، مېنى كۆرمىسۇن، تىلەپ تاپمىسۇن» دەپ قاتتىق خىتاب قىلىدۇ (58). ئۆز زامانىسىنىڭ ئادەملىرىدىن ئىخلاسى شۇنچە يېنىپ كەتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ناھايىتى زور ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دەۋردىن بىزار بولغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا يەنە دۆلەتكە ھەم ئۆزىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆز-ئۆزىگە: «تەلۋە ياكى ئەخمەق بولۇپ ئاينىدىمۇ ياكى سەۋدا كۆچىيىپ مېڭەم بۇزۇلغانمۇ؟ ياكى ئەھۋال كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنىدىمۇ؟ ياكى شۇنداق كىشىلەر ماڭا دۇچ كەلدىمۇ؟ ياكى ئۆزۈم تەتۈرمۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ (59). نەتىجىدە ئۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئادەملەر ھەققىدە چىقارغان يەكۈنلىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىدۇ، ھەم «ماڭا بۇ جاھىللار ئارا ئەلەم يەتتى» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ (60). ئاخىرىدا غەيرەتكە كېلىپ «ھېلىمنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، جاھىلنى سۈرۈپ» ، ئېگىمباشتىن «قانۇن-يوسۇنلارنى

تۇز» مەكچى، ئۆزىنىڭ «ئاداش قولداشلىرى ئىچىدە ئىشەنچلىكلەر بولسا، بۇنى بەگ قىلىپ» تىكلەپ، ئۇنىڭغا شەخسەن «ئۆزى قۇل بول» ماقچى بولىدۇ.(61)

بۇ — ھەم يامانلارنى يوق قىلىپ ياخشىلارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرىدىغان ئىسلاھاتچى روھى، ھەم ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەي ئەل نەپسىنى كۆزلەپ، ئەلنى روناق تاپقۇزىدىغان پەزىلەت ئەھلى روھىدۇر.

قىسقىسى، مانا مۇشۇ روھقا ۋەكىللىك قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە كۆپ قىرىم شەرھلىگەن دۆلەت، ھوقۇق، قانۇن ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ئائىت ئىدىيىلىرى ئۇنى قانۇنشۇناس دەپ مۇئەييەنلەشتۈرسە، بىزنىڭ يۇقىرىقى مۇھاكىمىلىرىمىز بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تە خاتىرىلەنگەن «قانۇن ۋە يوسۇن ناھايىتى نازۇك ئىشتۇر. ھاجىپ بولغان كىشى ئۇنى رەتلەپ ئىشلىك ئاچىدۇ»(62) دېگەن قەيتلەر ئۇنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام قانۇنچىلىق تارىخىدا بارلىققا كەلگەن «جامائەت قانۇنى تەلىماتى»نى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى قانۇنچىلىقىغا جانلىق تەتبىق قىلىپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان قەدەم-باسقۇچلار بويىچە ئىش كۆرگەن ئادىل قانۇنچى ھەم «ئەرز سوئۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى سوتى»نىڭ ئادىل رىياسەتچىسى دەپ بېكىتىشىمىزنى ئەمەلىي ئاساسلايدۇ.

---

(1) سۇلتان ئەخمەد ئۆمەر: «يەمەننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىغا بىر نەزەر» (نظرةفى تطورالمجتمع اليمنى). بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە. 1975-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 75-، 76-بەتلەر.

(2) يۇقىرىقى كىتاب، 54-، 55-بەتلەر.

(3) مۇستەفا مۇھەممەد ئەمارە: «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى



ۋە قەستەلانى شەرھى». مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1981-يىلى 10-ئاي 1-نەشرى، 127-، 128-بەتلەر.

(4) فىلىپ. ك. ھىتتى: «ئەرەب قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە، ARABS A SHORT HISTORY (THE) خەنزۇچە. شاڭۋۇ نەشرىياتى 1973-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى، 76-بەت.

(5) زاۋىپ دۆلەت: «ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندە — X ئەسىر ئېنسىكلوپېدىستلىرى توغرىسىدا»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1980-يىل 3-سان 15-بەت.

(6) تولۇق ئىسمى ھەججاج ئىبنى يۈسۈپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شۇ چاغدا ئىراقتا تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى.

(7) ئەھمەد ئەمىن: «ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى» خەنزۇچە، شاڭۋۇ نەشرىياتى 1982-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 1-توم 196-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(8) خاملتون. ئا. گىببى: «ئەرەب ئەدەبىياتى» (قىسقىچە تارىخى) ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 61-بەت.

(9) فىلىپ ھىتتى: «ئەرەب قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە، شاڭۋۇ نەشرىياتى 1973-يىل 1-ئاي دەسلەپكى نەشرى، 118-، 119-بەتلەرگە قارالسۇن.

(10) ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپى ئىچىدىكى مەشھۇر ھەنەفىيە مەزھىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. تولۇق ئىسمى ئەبۇ ھەنىفە ئەل نۇمان ئىبنى ئاخابىت. مىلادى 699-يىلى كۇفەدە تۇغۇلغان. بالىلىق دەۋرىدە شەرىئەتشۇناس خاممات ئىبىن ئابى سۇلايمان ( ? — 738) ھەم كۇفەلىك مۇدەررىس ئامىرئىبىن شاراخىل شابى ( ? — 728) لاردىن بىلىم ئالغان، ئىمام جەئفەر سادىق (700 — 765) نىڭ شاگىرتى. 767-يىلى ۋاپات بولغان. ھەنەفى مەزھىپى «قۇرئان»غا ئاساسلىنىدۇ، «ھەدىس»نى ئېھتىياجىغا

قاراپ قوللىنىدۇ، «قىياس» قا ئەھمىيەت بېرىدۇ، «ئىجما» غا جانلىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئەبۇ يۇسۇپ (731 — 798) ۋە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانى (749 — 805) قاتارلىقلاردۇر.

(11) فىلىپ ھىتتى: «ئەرەب قىسقىچە تارىخى»، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1973-يىلى 1-ئاي دەسلەپكى نەشرى، 148-، 149-بەتلەر.

(12) موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «چىڭگىزنامە». ئۇيغۇرچە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 50-بەت.

(13) بۇ ھەقتە لې. گ. فىدروۋنىڭ: «چەت دۆلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 9-بابى — «ئەرەب خەلىپىلىك دۆلىتى» گە قارالسۇن. جۇڭگو خەلق داشۆسى قانۇن فاكۇلتېتىدىن يې جاڭلياڭ رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمىسى، 1984-يىلى 7-ئاي شىڭگراف باسمىسى 6-بەت.

(14) سەئىد فەيياز مەھمۇد: «ئىسلام دىنى قىسقىچە تارىخى». خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1981-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 112-، 113-بەتلەر.

(15) بۇ ئەرەبچىدە «ئەلمۇتازىلە» دېيىلىدۇ. مەنىسى بۆلۈنۈپ كەتكۈچىلەر دېگەنلىك بولىدۇ. ئاساسلىق ۋەكىللىرى ۋاسىل ئىبنى ئاتا (699 — 748) بىلەن ئەمىر ئىبنى ئۇبەيد (699 — 761) لەردۇر. بۇ ئىككىيلەن ئەسلىدە ھەسەن بەسىرە (تولۇق ئىسمى ئەلھەسەن ئىبنى ئەبى ئەلھەسەن ئالبەسىرى) نىڭ شاگىرتلىرىدىن بولۇپ، بىر قېتىم ئىلىم مۇنازىرە قىلىۋاتقىنىدا ئاتىكاچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دەرىسخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئايرىم مەزھەپ بولۇپ شەكىللەنگەن.

(16) ئىسلام دىنىدىكى مەشھۇر تۆت ئىلمىي مەزھەپنىڭ بىرى بولغان ھەنبىلى مەزھىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. ئۇ مىلادى 780-يىلى باغدادتا تۇغۇلغان. ئىمام شافىئىدىن فىقھى بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن.



ئىمام شافىئى مىسىرغا كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەلىمات ياراتقان، مىلادى 855-يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان.

(17) «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1982-يىلى 2-سان، خەنزۇچە، 27-بەت.

(18) كورسۇن: «ئىسلام قانۇنى تارىخى». خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1986-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 100-بەت.

(19) تارىختىكى قەيتلەرگە قارىغاندا بۇ ئەدەبىيات شەكلىنى ئۇممەۋىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى خەلىپىسى مەرۋان II نىڭ ۋەزىرى ئابدۇلھەمىت ئىبنى يەھيا (ۋاپاتى 750-يىل) نىڭ پارس شاگىرتى روزبى (يەنە بىر ئىسمى ئىبنى مۇقپە، 757-يىلى ۋاپات بولغان) ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھزادىلەر، ئوردا خىزمەتچىلىرى، ۋەزىر-ۋۇزۇرالار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە قارىتا ئۇچۇق نىزاملار بەلگىلەنگەن، ئەخلاقىي قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆگىتىش ۋە ئۇنى مەدھىيىلەش رولىنى ئوينىغان. بۇ ھەقتە خاملتون. ئا. گىببىنىڭ «ئەرەب ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىنىڭ 86-، 87-بەتلىرىگە قارالسۇن.

(20) ئىسلام دىنىدىكى تۆت ئىلمىي مەزھەپنىڭ بىرى. پەلەستىنىنىڭ ھازا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان مەككە قۇرەيش قەبىلىسىدىكى ھاشىملار ئۇرۇقىدىن بولغان ئىمام مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى (767 — 820) بۇ مەزھەپنىڭ ئاساس سالغۇچىسىدۇر. بۇ مەزھەپتىكىلەر قانۇن تۈزگەندە مالىك ۋە ھەنەفە مەزھەپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، «ھەدىس» بىلەن «قىياس» نى بىرلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ئەمما «قىياس» قا قاتتىق چەك قويىدۇ، «ئىجما» غا مالىك مەزھىپىگە قارىغاندا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاساسلىق دەستۇرى «شەرىئەت» توغرىسىدىكى «رىسالە» سىدۇر.

(21) ئىسلامىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلغۇچى ئاساسىي مەزھەپ. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئەبۇبەكرى (خەلىپىلىكتە ئولتۇرغان ۋاقتى مىلادى 632—634)، ئۆمەر (634—644)، ئوسمان

(644_656)، ئەلى (656_661) قاتارلىقلارنى قانۇنلۇق خەلىپىلەر دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. «شەرىئەت»تە ھەنەفى، شافى، مالىك ۋە ھەنبەل تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. دۇنيادىكى مۇتلەق زور كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار مۇشۇ مەزھەپكە كىرىدۇ.

(22) كورسۇن: «ئىسلام قانۇنى تارىخى». خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1986-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 105-بەت.

(23) كورسۇن: «ئىسلام قانۇنى تارىخى». خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1986-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 107-، 108-بەتلەر.

(24) ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن: «ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە ئىسلام شەرىئىتى» دە «ئىبنى خەلدۇن مۇقەددىمىسى» نىڭ 193-بېتىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل. بۇ ھەقتە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى خەنزۇچە 1982-يىل 2-سان 31-، 32-بەتلەرگە قارالسۇن.

(25) يۇقىرىقى مەنبەدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(26) يۇقىرىقى مەنبەدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(27) كورسۇن: «ئىسلام قانۇنى تارىخى»، خەنزۇچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1986-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 105-بەت.

(28) يۇقىرىقى كىتاب.

(29) ئەسلى ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى قوس بولۇپ، سەلجۇقىيلار خاندانلىقىدا ۋەزىر بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» ۋە «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن «نىزامۇلمۇلك» (مەملىكەتنىڭ نىزامى) دەپ ئاتالغان. 1092-يىلى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

(30) تولۇق ئىسمى ئۇبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن



بەيھەقى (996 — 1077) دۇر. غەزنەۋىلەر خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى سۇلتان مەھمۇد (998 — 1030) ۋە سۇلتان مەسئۇدنىڭ خارجى ۋەزىرى بولغان. ئۆمرىدە 30 تومدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان، ئەمما بۇنىڭدىن سۇلتان مەسئۇد (مىلادى 1030-يىلى) نىڭ ۋەقەلىرىگە ئائىت يېزىلغان «مەسئۇدىلار تارىخى» دېگەن كىتابىلا دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

(31) سەئىد فەيياز مەھمۇد: «ئىسلام دىنى قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1981-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 192-، 193-بەتلەر.

(32) ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 54-، 55-ۋە 52-بەتلەر.

(33) «قۇتادغۇبىلىك»، 2432-بېيت.

(34) «قۇتادغۇبىلىك»، 574-، 575-بېيتلار.

(35) «قۇتادغۇبىلىك»، 520-بېيت.

(36) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم 490-بەت.

(37) «قۇتادغۇبىلىك»، 27 A، 28 A، 35 C، 62 B، 63 B، 505، 507، 509، 512، 520، 521، 522، 523، 526، 529، 530، 538، 553، 559، 560، 562، 568، 574، 576، 577، 578، 580، 2431، 2432، 2436، 2442، 2464، 2483، 2484، 2485، 2487، 2489، 2490، 2492، 2493، 2501، 2503، 2519، 2524، 2555، 4065، 4144-بېيت.

(38) «قۇتادغۇبىلىك»، 54، 59، 89، 446، 2844، 4345، 5488-، 5552-بېيت.

(39) «قۇتادغۇبىلىك»، 5329-بېيت.

(40) «قۇتادغۇبىلىك»، 5555، 5588-بېيت.

(41) «قۇتادغۇبىلىك»، 4982-بېيت.

(42) «قۇتادغۇبىلىك»، 5330-، 4364-بېيت.

(43) «قۇتادغۇبىلىك»، 2499-بېيت.

(44) كورسۇن: «ئىسلام دىنى قانۇنى تارىخى»، خەنزۇچە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1986-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 199-بەت.

(44) مۆمىن ئابدۇللا: «تۈركچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1989-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 549-بەت.

(45) «قۇتادغۇبىلىك»، 3010-بېيت.

(46) «قۇتادغۇبىلىك»، 3007-بېيت.

(47) «قۇتادغۇبىلىك»، 811، 812، 813-بېيت.

(48) «قۇتادغۇبىلىك»، 814، 815، 816-بېيت.

(49) ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1981-يىل 1-سان 5-بەت، ئۇيغۇرچە.

(50) «قۇتادغۇبىلىك»، 6550، 6538، 6543-بېيت.

(51) «قۇتادغۇبىلىك»، 6466، 6588، 5425، 5426-بېيت.

(52) «قۇتادغۇبىلىك»،، 6382، 6383، 6384-بېيت.

(53) «قۇتادغۇبىلىك»، 6556، 6555-بېيت.

(54) «قۇتادغۇبىلىك»، 6614، 6615-بېيت.

(55) «قۇتادغۇبىلىك»، 6574-بېيت.

(56) «قۇتادغۇبىلىك»، 6581-بېيت.

(57) «قۇتادغۇبىلىك»، 6569، 6570، 6571، 6572، 6573، 6599، 6603-بېيت.

(58)، (59)، (60) «قۇتادغۇبىلىك»، 6589، 6590، 6591، 6602، 6627، 6600-بېيت.

(61)، (62) «قۇتادغۇبىلىك»، 2490، 6586، 6594-بېيت.



تۆتىنچى باب

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى ئۆزى ياشىغان ئىسلام مۇھىتى ئاستىدا قانۇن ئارقىلىق تۈزەش بىلەن ئىنسان تەبىئىتى نەزەرىيىسىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە تاقالغان. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## بىرىنچى، كونا ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلىپ ياخشى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش

كونا ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلىپ ئەلنى ياخشى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ئاپپاراتىنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بالدۇرقى قانۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭ ئىلغار ۋە ئادىل بولغان تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋارىسلىق قىلىش، چەت ئەلدىكى بەزى قانۇن ئىسلاھاتچىلىق ھەرد-

كەتلىرىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش، قاراخانىلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدىكى زامانغا لايىقلىشالمايۋاتقان تەرەپلەرنى بىكار قىلىپ، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىپ، ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇنلارنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇننى ئەقىل-ئىدراك ۋە بىلىم بىلەن تۈزەش، تۈزۈلگەن ئەنە شۇ ياخشى قانۇنلار بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «ئادەمزات دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاقىللار ياخشى قانۇن تۈزۈپ كەلگەن. جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم بولغان بولسا، شۇلار قانۇننى ياخشى تۈزگەن، قايسى بەگ دۆلىتىدە قانۇن تۈزۈپ يولغا قويالىغان بولسا، شۇ دۆلىتىنى ئوبدان تەرتىپكە سالغان ۋە تەبىيارلىق قىلىپ تىرىكلەر ئۇچۇن ئۇنى پۈتۈپ قويغان. بۇ ياخشى قانۇنلار (ئاندىن) كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالغان. (ئۇكۆنكى كۈندە) كىم ئۇنى ئوقۇپ بىلەلىسە ۋە قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالىسا، ئۇنى ئۇلگە قىلىپ خەلقلىرىگە بەخت يارىتىپ يۇقىرى ئۆرلىيەلەيدۇ.»(1)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ، ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «نۇشىرۋان ئەقىل كۆزى بىلەن جاھاننى يورۇتۇپ قانۇننى توغرا تۈزگەنلىكى ئۈچۈن دۆلىتى بېيىغانىدى. (شۇڭا) بىر ھېكىم: ئۇ دوزىخى بولسىمۇ شۇ قىلغان ساۋابى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىيامەت ئازابى بولمايدۇ، دەپ ئاھايىتى توغرا ئېيتقان.»(2)

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان نۇشىرۋان (خۇسراۋ I دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 531 ــ 578) غەربىي ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەت ــ پاتىيا خاندانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 247-يىلدىن مىلادى 224-يىلغىچە) يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەن ساسانىلار سۇلالىسى (مىلادى 224 ــ 651) نىڭ يىگىرمىنچى ئەۋلاد خانى بولۇپ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا «باج تۈزۈمى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغان. بارلىق تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىنقىلاپ چىقىپ، بىر يىلدا ئىككى قېتىم ئېلىنىدىغان يەر بېجىنىڭ مۇقىم ئۆلچىمىنى بېكىتكەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېلىنىدىغان باج ۋە ئۇنىڭ نورمىسى ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك فېئوداللار تەرىپىدىن خالىغانچە بېكىتىلەتتى. بۇ ئىسلاھات دۆلەت خەزىنىسىگە توپلىنىدىغان كىرىمنى ئاشۇرغان. نۇشىرۋاننىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتى ساۋۇتلۇق ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن دېھقانلاردىن تولۇقلانغان پىيادە ئەسكەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇشتا بىر تەجرىبە بولغان. نۇشىرۋاننىڭ مۇشۇنداق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى نەتىجىسىدە خان جەمەتى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت بارغانسېرى مۇستەھكەملىنىپ، پۈتكۈل دۆلەت ئىچىمۇ بەك قۇدرەت تاپقان»(3). يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى نۇشىرۋان ھەققىدىكى بايانلىرىدا ئۇنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىنى قانۇن يېڭىلاش جەھەتتىكى ھەرىكەتلىرى دەپ قارايدۇ ھەمدە قاراخانىلارنىڭ خانلىرىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى باي، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا دالالەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قانۇن بىر قېتىم تۈزۈلۈپلا ئىككىنچىلەپ ئۆزگەرمەيدىغان قاتمال نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ، قانۇننى زامان ۋە ماكانغا قاراپ ئۆزگەرتىپ داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشنى، ئۇسىقۇرۇلمىدا بىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، كونا ئادەت كۈچلىرىدىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاشنى دائىم ئويلايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىكار قىلىشقا تېگىشلىكلىرى كونا نەرسە، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرى يېڭى

نەرسىلەر ئىدى. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق كونا نەرسىلەر يېقىمسىز بولىدۇ، يېقىمسىز نەرسىلەر كۆڭۈلسىز بولىدۇ. يېڭى نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا كونا نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق، سەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ناچار نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق. پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭى نەرسىدە بولىدۇ، كىشىلەر بۇ لەززەتنى ئىزدەپ كۆپ قىينىلىدۇ. مۇنداق دېسەم باشقىلار مېنى تۇراقسىز ئىكەن دەپ ئەيىب قويۇشىدۇ. تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس، مەن ئۆزۈمگە داۋاملىق يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ تۇرىمەن.»(4)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە «يامان قانۇن»، «ياخشى قانۇن»، «قانۇننى يامان تۈزۈش»، «قانۇننى ياخشى تۈزۈش» دېگەن ئىبارىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ «يامان قانۇن» دېگىنى — پۇقراغا زۇلۇم سېلىپ ئېكسپىلاتاتسىيىنى ياقلايدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئەمىر-پەرمانلار؛ «ياخشى قانۇن» دېگىنى — ئەلدە ئېزىش ۋە ئېزىلىشنى تۈگىتىپ ھەممە تەبىقىلەر تەڭ-باراۋەر ياشايدىغان ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ھەر خىل ئەمىر-پەرمانلار ئىدى. ئۇ، قانۇننى مانا مۇشۇنداق «ياخشى» ۋە «يامان» دەپ ئىككى خىل كاتېگورىيىگە بۆلگەندىن كېيىن يۇقىرىقى پايدىلىق «ياخشى قانۇن»لارنى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بەگلىكتە ئەگەر ئوبدانراق بىر قانۇن (تۈزۈلۈپ) يولغا قويۇلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. (بۇنىڭدىن كېيىن) ئەل ئىچىدە بىر ئىسىم ئۇستۇن ئورۇن ئالسا ئەل ئۈچۈن بىر ياخشى قانۇن قالسۇن. (كىمكى) ھەممە بىر مەشھۇر بەگ بولاي دېسە ئۇنىڭلۇق قانۇننى تەدبىق قىلسۇن. قايسى بەگ بۇنىڭدىن



بولەك يول تۇتسا ئۇنىڭ بەگلىكى بۇزۇلار، نەسىبىنى ئالالماس. كىم ئۆز دەۋرىدە يامان قانۇن تۈزسە، ئۇ كېيىن ئۆزىگە يامان ئات قويار، كىم ياخشى قانۇنلارنى بەرپا قىلسا، ئۇنىڭ شۆھرىتى تا ئەبەدكە ياشار. (شۇڭا) قانۇننى يامان تۈزمە، بەك ياخشى تۈز، (شۇ چاغدا) كۆڭلۈڭ ياخشى، بەختىڭ ئۆز بولغاي. بەگلەر، ھاكىملار يامان تەرتىپ ئورناتمىغاي. قانۇن يامان بولسا ئۇلار ھاكىم بولالماس. توغرا، قانۇن-نىزاملار باشقىچە تېگىشلىسە ياخشىلىقلار تامام بۇزۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا بىر يامان ئورۇنغاي. (ئۇ چاغدا) خەلق زۇلۇم چېكىپ ھېچقانداق ھۇزۇر قالمىغاي.»(5)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ئورۇندا زالىملىق ۋە زۇلۇم بىلەن بۇزۇلدى، تىرىكلەر ئاخىر ئاچلىق بىلەن ئۆلدى. بەگ غاپىل بولۇش، زۇلۇم سېلىش بىلەن ئەلنى بۇزار. زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى سۈرەلمەس، (چۈنكى) خەلقى ئۇنىڭ زۇلۇمىنى كۆتۈرمەيدۇ. قانۇن بىلەن ئەل ئارتار، جاھان تۈزىلەر، زۇلۇم بىرلە ئەل كېمىپ جاھان بۇزۇلار.»(6)

ئۇ بۇ ئىدىيىسىدە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، قانۇننىڭ رولىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ ئادىل قانۇن بىلەن گۈللىنىپ تۈزۈلىدىغانلىقىنى، زۇلۇم بىلەن ئاجىزلاپ بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە قەيت قىلىدۇ ھەم ھۆكۈمرانلارغا زالىم بەگلەرنىڭ بەگلىك دەۋرىنى ئۇزۇن سۈرەلمەيدىغانلىقىنى، پۇقرالىرىنىڭ زۇلۇمنى كۆتۈرمەيدىغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تەكشىسىزلىكى تۈپەيلىدىنمۇ جىنايەت سادىر بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە

مۇشۇ خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن جىنايەت سادىر قىلغۇچىلارنىڭ جىنايەت مەنبەسىنى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئىبارەت ئوبيېكتتىن ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» تە ھازىر بىز يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ دەۋاتقاندەك ئوتتۇرىغا قويۇلمىسىمۇ، «ئاللانىڭ ئىرادىسى» بويىچىلا يەتكىلى بولىدىغان تەڭلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلق ئىچىدىكى باي، ئوتتۇرا ھال، يوقسۇللاردىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىنى قانداق قىلىپ تۇرمۇش سەۋىيىدە تەڭلەشتۈرۈپ بىر ھالغا كەلتۈرۈشنى پەقەت قانۇننىڭ ياردىمى بىلەنلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان تۆۋەندىكى بايانلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

«ئاۋام خەلق ئۈچ گۇرۇھتۇر. ئۇلارنىڭ بىرى بايلار، ئىككىنچىسى ئوتتۇرا ھاللار، ئۈچىنچىسى خەلق يوقسۇللىرى. بايلار خەلقنىڭ كۈچلۈكىدۇر. ئوتتۇرا ھاللار بايلارنىڭ ئىشىنى قىلالمايدىغانلاردۇر. ھەممىدىن ناۋۋال خەلق يوقسۇللىرىنى كۆزىتىش كېرەك. بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇرا ھاللارغا يۈتكۈزمەسلىك، ئوتتۇرا ھاللارنىڭ يۈكىنى يېقىرلارغا يۈتكۈزمەسلىك كېرەك. ئاۋادا بايلارنىڭ يۈكى ئوتتۇرا ھاللارغا يۈتكۈزۈلسە، ئۇلار بۇزۇلۇپ خاراب ھالغا چۈشەر. ئاۋادا ئوتتۇرا ھاللارنىڭ يۈكى يېقىرلارغا يۈتكۈزۈلسە، يېقىرلار يىلتىزىدىن قىرىلىپ ئاچلىقتىن ئۆلەر. يېقىرنى كۆزەتسەڭ ئورتا بولۇر، بىر ئاز تىنسا، ئوتتۇرا ھال ئابلىق تاپۇر. يېقىر ئوتتۇرا ھال بولسا، ئوتتۇرا ھال باي بولۇر، ئوتتۇرا ھاللار باي بولسا، بۇ ئەل بېيىغاي. (شۇڭلاشقا) ئۇلارغا قانۇن بىلەن ئوبدان قاراش كېرەك.»(7)

بۇ يەردىكى «يۇلغ» كەلىمىسى ھەققىدە مەنبەلەردە ئېنىقراق بىرەر شەرھى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ شۇ چاغدا خان،



بەگ (خانلىق، بەگلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ) لەر تەرىپىدىن پۇقرالارغا سېلىنىدىغان ئالۋان-ياساق ياكى ئائىلە، ئادەم بېشىنى بىرلىك قىلىپ تۇرۇپ ئېلىنىدىغان باج-خىراجلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قانۇن ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن تۈزۈلەتتى. ئەمما ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا شەخسىي مونوپولىيە قىلىۋالىدىغان خۇسۇسىي مۈلكى ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق ئامىللار ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ياخشى قانۇن تۈزۈش ۋە ئۇنى ئەلگە ئاشكارا جاكارلاش — ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ئامىل ئىدى. شۇڭا ئۇ، قانۇن-نىزاملار تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئەلگە ئاشكارا جاكارلاپ پۇقرالارنى ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقۇزۇشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەلنى تېخىمۇ ياخشى، ئادىللىق ھالدا ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى بەگلەر بىلەر، قانۇن، تەرتىپ، ئادەت شۇلاردىن كېلەر. (شۇڭا) قانۇننى خەلققە ئۈگىچە يەتكۈز. ئەمىنلىك ۋە قانۇن ئەل راھىتىدۇر. خەلققە قانۇن تۈزۈپ بەر، ھۇزۇر ئەيلىسۇن. خەلققە قانۇندىن ئۈلۈش بەرمەك كېرەك، خەلقنىڭ كۆڭلى قانۇن بىرلە سۆيۈنسە، ئەل رەتكە چۈشۈپ بەگ قۇدرەت تاپار.»(8)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بايانلىرىدا خەلققە قانۇن-يوسۇنلارنى قانداق ئۆگىتىش، قانداق يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى قانداق قىلىپ قانۇن يولىغا سېلىش مەسىلىلىرى ئۇقتۇرۇلۇق شەرھلەنگەن. ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە يوسۇنلاردىن بىخەۋەر تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا قانۇنسىز ۋە يوسۇنسىز بولىدىغانلىقى، خەۋەردار بولغان ۋاقىتلىرىدا ئۇنداق بولمايدىغانلىقى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ بۇ

ئىدىيىسىنى يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان
ئودغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىشنىڭ قانۇن-يوسۇنلارنى قانداق
ئۆگەنگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى دىئالوگلىرى (بۇ ھەقتە
كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى بابىغا قاراڭ) شۇنداقلا دېھقانلار،
چارۋىچىلار، سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر بىلەن قانداق
مۇئامىلە قىلىش ۋە مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى
ھەققىدىكى بايانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق،
ئۇنىڭدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئىمتىياز دېگەن نەرسىلەر بىلەن
ئانچە كارى بولمايدىغان تارقاق بىر قەبىلىنى قانداق قىلىپ
ماكان تۇتۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بىرەر
ھۆكۈمرانىنىڭ ئىتائىتى ئاستىدا ھۈنەر ۋە سودا-تىجارەتنى
ئاساس قىلغان شەھەر ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەندۈرۈش
مەسىلىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخىي مەنبە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن مەلۇم
بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ماكانلىرىدىن بىرى بولغان
تارىم ۋادىسىدا شەھەر تۇرمۇشى خېلى بۇرۇنلا باشلىنىۋېتىلگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئورقۇن ۋادىسىدا ياشايدىغان شەرقىي
ئۇيغۇرلاردا بۇ سەل كېيىنچىرەك بولۇپ، VIII ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاندىن شەھەر، ئۆي-ئىمارەتلەر
بەرپا قىلىنىپ يېرىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان
ھالەت بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلارمۇ
تۈركلەرگە ئوخشاشلا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.
«قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان تاغدىن چۈشۈپ
شەھەرگە كېلىپ ياشاش، شەھەر-كەنتلەرنى بىنا قىلىش،
ئۆينى چوڭ يولغا يېقىن سالماسلىق، تاشار دەريانىڭ ياكى
بەگنىڭ قوشنىسى بولماسلىق، ھاراغا يېقىن تۇرماسلىق، ئۆي
سېتىۋالماقچى بولسا قوشنىسىغا قاراش، يەر سېتىۋالماقچى بولسا



سۈيىنى تالاش توغرىسىدىكى تۇرمۇشقا ئائىت مەلۇماتلار(٩)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنە شۇ چاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىدىن
ئۆي-ئىمارەت سېلىپ، ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىشقا قاراپ
يۈزلىنىشكە باشلىغان ھالقىلىق پەيتتە تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.
مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد
قەشقەرى ياشىغان دەۋردە، ئورقۇن دەريا ۋادىسىدا قۇرۇلغان
ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇپ، بىر بۆلۈك ئۇيغۇر
قەبىلىلىرىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان تىيانشان ئەتراپىنى
چۆرىدەپ ئورۇنلاشقىنىغا ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ
قانۇن-تۈزۈم، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى يەنىلا ئاۋۋالقى
كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە مانا مۇشۇ بىر
دەۋرنىڭ ئەينەن ئەھۋالى ئوچۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تارىخشۇناسلار كۆچۈپ يۈرۈپ يايلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئولتۇراقلىشىپ شەھەر دۆلىتى ھاياتىنى
ئۆتكۈزۈشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى
زور ئىلگىرىلەش دەپ قارايدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغاندا تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى ناھايىتى ئاددىي
بولىدۇ. شەھەرلەشكەندە يېڭى شەھەر دۆلىتى مەدەنىيىتى
بارلىققا كېلىدۇ. تارقاقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندە ئائىلىلەرنىڭ
يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىشى ئازراق، شەخسىي
قەھرىمانلىق ئالامەتلىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شەھەرلەشكەندە
سودىگەرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشى
تېز بولىدۇ. يايلاق قوغلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن چارۋىچىلارنىڭ
مائارىپ ئىشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىز بولىدۇ.
شەھەرلەشكەندە ئائىلىلەرنىڭ مەدەنىي ساپاسى ئاشىدۇ.
سودىگەرلەر ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن باردى-كەلدى
قىلمايدىغان خەلقنىڭ تىلى ئىپتىدائىي بولىدۇ، شەھەر دۆلىتى

خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىنى قېلىپقا سېلىپ تۈزىدىغان قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلىشى بىرقەدەر كۈچلۈكرەك بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلاردا بولسا ئاجىزراق بولىدۇ. شۇڭا ئېيتىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئەينى زاماندا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش رولىنى ئوينىغانىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بىر تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلغارلىق ھەم يۈكسەك تەرەققىيپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## ئىككىنچى، قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى

قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى — مۇنداقچە ئېيتقاندا قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، چەت ئەللەردىن تارتىپ جۇڭگوغىچە بولغان بارلىق قانۇنشۇناسلارنىڭ بىردەك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدىمۇ كەڭ دائىرىدە بەرتىق قىلىنغان چوڭ تېما. ئۇ، قانۇن بىلەن ھوقۇق (دۆلەت)نىڭ كېلىپ چىقىشى، تەبىرى، ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە بەخىرسىزلىكى قاتارلىق پرىنسىپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتكۈل قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ جېنىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ھەققىدىكى تەلىماتى دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەب ۋە زۆرۈرىيەتلەر، دۆلەتنىڭ قانداق شەكىللىنىدىغانلىقى ۋە شەكىللەنگەنلىكى، دۆلەتكە قانداق كىشىلەرنىڭ باش بولۇشى



كېرەكلىكى، قانداق كىشىلەر باش بولسا دۆلەت روناق تاپىدىغانلىقى، قانداق كىشىلەر باش بولسا دۆلەت مۇنقەرز بولۇپ تۈگىشىدىغانلىقى يەنى داھىيلارنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى ئورنى ۋە رولى، دۆلەت ئورگانلىرىدا قانداق-قانداق مۇئەسسەسەلەرنىڭ بولۇشى لازىملىقى، بۇ مۇئەسسەسەلەرگە قويۇلىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنىڭ دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر دەپ قارالغان ئارمىيە، ساقچى، تۈرمە، سوتتىن ئىبارەت تۆت ئامىل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت تەلىماتىدىمۇ تېپىلىدۇ. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ باشقا بابلىرىدا ئايرىم-ئايرىم توختىلىدىغان ۋە توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە شۇنچىلىك دېيىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇننىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خۇدايىم ئادەم بالىسىنى، ئۇلۇغلارنى، كىچىكلەرنى، يامانىنى، ياخشىنى، بىلىملىكلەرنى، بىلىمسىزلەرنى، پېقىر ياكى گادايلارنى، ئەقىللىك، ئەقىلسىز، جاھىل ياكى بايلارنى ياراتتى. ئەل-يۇرتنى تەرتىپكە تۈزمەك، جاھاننى سۈزمەك ئۈچۈن بۇ بەگلەر تىكلەندى. كىشىلەر ئەل تۇتۇش ۋە بەگ ئىشى ئۈچۈن، قانۇن، ئۇسۇل، ھەم يوسۇن تۈزۈپ چىقتى.» (10)

خوش، ئۇنداق بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن ھوقۇق (بۇ يەردىكى ھوقۇق دۆلەت مەنىسىدە ئەمەس ئىمتىياز مەنىسىدە كېلىپ بارىدۇ)قا نېمىدەپ تەبىر بېرىدۇ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن بىلەن ھوقۇققا تەبىر بەرگەندە ئۇلارنى تەبىئەت ھادىسىلىرى، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوبرازلاشتۇرىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 18-بابىدا

قانۇننى مۇستەھكەم تەۋرەنمەي تۇرىدىغان ئۈچ پۇتلۇق كۇرسىغا، 28-ۋە 38-بابىدا ئەلنىڭ يىلتىزىغا، باغ (بۇ يەردىكى باغ، «مېۋىلىك باغ» دىكى باغ ئەمەس، بەلكى «نىشانباغ» دىكى باغ يەنى بىرەر نەرسىنىڭ ئوتتۇرسىنى كۆرسىتىدۇ) قا، ئاچقۇچقا ۋە ئېقىپ كېتىۋاتقان سۇغا، 41-بابىدا ئاسماننى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈۋرۈككە ئوخشاتسا، «قۇتاد-غۇبىلىك» نىڭ 16-بابىدا ھوقۇق، دۆلەت، بەخت، جاھان، مال-دۇنيا ۋە تىرىكلىكنى بىر ئىزىدا توختىماي دائىم دومىلاپ تۇرىدىغان يۇمىلاق توپقا، تۇتسا تۇرماي قاچىدىغان شامالغا، قارايدىغان يورۇق كۈنگە، تولۇپ يەنە كېمىيىپ تۇرىدىغان تولۇنئايغا، 22-بابىدا ئۇخلىغاندا كۆرگەن چۈشكە ۋە تۇتسا ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشقا، 42-بابىدا دىلنى ئويىنىتىپ گوللاپ قويىدىغان ياسانچۇق كېلىنگە ۋە قوغلاپ يېتىشكىلى بولمايدىغان ئالۋۇنغا، 68-بابىدا تۇراقسىز كۆلەڭگىگە، 71-بابىدا گۈرۈلدەپ چېقىپ، يېغىپ توختاپ قالىدىغان بوران ۋە يامغۇرغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «قانۇننىڭ ۋەسىپىنى ئۈچ ئاياغلىق كۇرسىدىن سورا. بۇنۇن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر، ئۈچ پۇتى تۈز تۇرۇر ھەم قايىماس بولۇر. ئەگەر ئۈچ ئاياغنىڭ بىرى قىڭغايسا، قالغان ئىككىسى قايار، ئولتۇرغۇچى چۈشەر. بۇنۇن ئۈچ ئاياغلىق (نەرسە) توغرا، تۈز تۇرۇر، ئەگەر (ئايىغى) تۆت بولسا، بىرى ئەگرى بولۇر. مېنىڭ قانۇنۇم ئاشۇنداق تۈز ۋە قىڭغايماستۇر. قانۇن ئەلنىڭ يىلتىزى، باغ، ئاچقۇچ. ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر، ئۇ قانۇن يىقىلسا ئاسمان يىقىلۇر. زۇلۇم ئوت، يېقىنلاشسا كۆيدۈرەر، قانۇن-سۇ، ئۇ ئاقسا نېمەتلەر ئۈنەر. توپ ئۆزىچە نېچۇك دومىلىسا، دۆلەتمۇ شۇنداق سۇرۇلۇپ كېتەر، تىرىكلىك دېگەن شامالدەك كېتەر، قاچار، تۇتسا تۇرماس. دۆلەت كېلىپ كەتمەس بولسا ئىدى، يورۇق كۈنمۇ قارايماس ئىدى. بەخت تۇراقسىز



تەلۋىدۇر. دۆلەت تولۇنئاي كەبى كېمىيۇر، بەخت چۈشتەك كېچەر، قۇشتەك ئۇچار. دۇنيا ئۆزىنى بېزەپ كۆرسىتىپ ياسانغان كېلىندەك دىلنى ئويىنىتار. جاھان بىر بوراندۇر ھەم تۇراقسىز كۆلەڭگىدۇر. بۇ دۇنيانى بوران ياكى يامغۇر سانا، ئۇ بىرئاز گۈرۈلدەپ يەنە تېز توختاپ قالار.» (11)

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى باياناتلىرىدا قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنى مۇقەددەس دەپ بىلىدۇ. ئەكسىچە دۆلەت، ھوقۇق، بەخت، مال-دۇنيانى بىرەر كىمگە باقىۋەندە قىلىۋېتىلگەن خۇسۇسىي مۈلۈك دەپ قارىمايدۇ. بەلكى ئۇ، قولدىن-قولغا كۆچۈپ تۇرىدىغان، بەزىدە قولغا كېلىدىغان، بەزىدە قولدىن كېتىدىغان تۇراقسىز نەرسە، ئۇنى پەقەت ھەر خىل نېمەتلەرنى ئۈندۈرەلەيدىغان سۇ — يەنى مۇقەددەس قانۇننىڭ ياردىمى ۋە كاپالىتى بىلەنلا قولغا كەلتۈرگىلى، تۇتۇپ تۇرغىلى ۋە ئۇزاق داۋام قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، مۇشۇ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن خان، پادىشاھ، بەگلەرگە قولىدىكى ھوقۇقىغا (5326-بېيىت)، دۆلىتىگە (694-بېيىت)، بەختىگە (668-بېيىت)، جاھانغا (1331-بېيىت)، مال-دۇنياغا (1403، 1377-بېيىت)، خەزىنىتىگە (4091، 4093-بېيىت) ۋە تىرىكلىككە (1332-بېيىت) ئارتۇقچە ئىشىنىپ كېرىلەنمەسلىك ۋە مەغرۇرلانماسلىق ھەققىدە قاتتىق نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەت، بەخت تۇراقسىز ئەمەس بولسا، نە ياخشى ئىدى. (ئەمما) ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك، دۆلەت ئۇزۇن توختىمايدۇ. (شۇڭا) بۇ بەگلىككە تولا مەغرۇر بولمىغىن، ئۆزۈڭنى كۆپ كۆزەت، كىبىر قىلمىغىن. بەختكە گۈۋەنمە، ئۇ كېلەر ھەم كېتەر. دۆلەتكە ئىشەنمە، ئۇ ئالار ھەم بېرەر. دۆلەت كىم بىلەن كېلىپ ياراشسا، شۇ كىچىكلىك قىلىپ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقاي. دۆلەت (بىرەر) كىشىگە كۈلۈپ

كىلەر بولسا، (شۇ كىشى) كىچىك دىل بولۇپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ بېكىتسۇن(12).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاكىمىيەت (دۆلەت)نى قانۇن ئارقىلىق تۇتۇپ تۇرۇش، مۇستەھكەملەشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى تۆۋەندىكى بايانلىرى ئارقىلىقمۇ كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەگلىك قانۇن بىلەن رۇس ئۆرە تۇرار. ئەگەر قايسى بەگ خەلققە قانۇن بەرمىسە، خەلقنى كۆزەتمەي يېگەنلەر يېسە، ئىلى بۇزۇلۇپ ئۇ خەلققە ئوت چاچار، بۇ بەگلىك ئۇلى شەكسىز نابۇت بولغاي، بەگ كۆڭۈلنى تۈزەپ قانۇن يۈرگۈزسە، بەگلىك بۇزۇلماس، بەلكى ئۇزۇن تۇرار. (شۇڭا) ئەلگە ئۇزۇن ھۆكۈمران بولاي دېسەڭ، قانۇن تۈز، يۇرت، خەلقنى ھامان ئاسرا.»(13)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قانۇننىڭ ئاساسى ئادالەتتۇر. ئۇ، ئادالەتسىز قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا يول قويماسلىقى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل ناھەقچىلىك ۋە ئۆۋالچىلىقلارنى توسۇشى، كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان باراۋەرسىزلىكلەرنى يوق قىلىشى لازىم. شۇ چاغدىلا قانۇن ئىسمى-جىسمىغا لايىق قانۇن بولالايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىن تارتىپ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئادەتتىكى باردى-كەلدى پائالىيىتىگىچە يۇقىرى تەبىقە ۋە تۆۋەن تەبىقە دېگەن تامغا بېسىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىق ۋە پەرقلەر خېلىلا چوڭ ئىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدىن بىلىشىمىزچە، ئانىسى نەسىلزادە، ئاتىسى ئاددىي خەلقتىن تۇغۇلغان ياشلار «ئىنال» دېيىلەتتى(14). ئاددىي خەلقنىڭ چوڭلىرى بىلەن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكلىرى مەرتىۋىدە ئوخشاش سانىلىپ



«ئۆگەتەگىت» دەپ ئاتىلاتتى(15). ئاددىي خەلقتىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم «يۇغرۇش»(16)، ئاددىي خەلقتىن چىقىپ خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغىنى «يابغۇ»(17)، ئۈچ دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغىنى «توكسىن»(18) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. خاقانلار ۋە بەگلەر ئۆلسە ئۇلارغا ئاتاپ مەخسۇس قەبرە قاتۇرۇلۇپ، ئۈستىگە «ئەشۈك» (ياكى كۈشۈك) دېيىلىدىغان يىپەك يوپۇق يېپىلاتتى. بۇ يوپۇق كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىلەتتى(19). كەمبەغەللەر «چىغاي»(20) دېيىلەتتى. مەدىكار ئىشلەيدىغان ۋە كۈنلۈكچىلەر «ماراز»، «خىيارماراز»(21) ۋە «تەرچى»(22) دېيىلەتتى. تىلەمچىلەر «ئومدۇچى»(23)، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ تىلەيدىغان قەلەندەرلەر «قاراچى»(24) دېيىلەتتى. ئۇ زاماندا سىنىپىي زۇلۇم ئېغىر بولۇپ، بەگلەر ۋە ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى قول چوماقچىلىرى كەمبەغەل مېھنەتكەشلەرنى خالىغانچە بوزەك ئېتەتتى. كۈچىگە تايىنىپ پۇقرالارنىڭ ئات-ئۇلاغلىرىنى تۇتۇۋېلىپ ھەقسىز ئىشلىتىۋالاتتى(25). بەگلەر پۇقرالارغا ھەرخىل ئالۋان-ياساقلارنى سالاتتى. ئالۋاڭ-ياساق ۋە باج-سېلىقلارنى يىغىدىغان ئەمەلدارلار «ئىمغا»(26) دېيىلەتتى. ئۇلار يېزا ئاقساقاللىرىنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بولغان «چوپان»(27)لار بىلەن بىرلىشىپ، ئېرىق-ئۆستەڭ قېزىشقا، توغان تۇتۇشقا چىقمىغانلاردىن سېلىق ئالاتتى(28). قۇللار ئەر-ئايال دەپ ئايرىلماي بىردەك «قاراباش»(29) دېيىلىپ، ئۇلارغا «سۇلى»(30) دېگەن ئىسىم قويۇلاتتى. قۇللار قول ئىگىلىرىگە ھەر يىلى بىرىم بېرەتتى. بۇنداق بىرىم «بەرت»(31) دېيىلەتتى. قۇللار ئۆز ئىگىسىگە قىممىتىنى تۆلەش بىلەن ئازاد بولاتتى(32). ئازاد قىلىنغان بۇنداق ھۆر قۇللار «بوش»(33) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ دەۋردە قاراخانىلارنىڭ

سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەن ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى قۇل قىلىناتتى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىنمۇ بىر تۈلۈك قۇل سېتىۋېلىنىپ كېلىنەتتى(34). قۇللار ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىنغان خىزمەتچىلەر بولۇپ، دائىم دېگۈدەك خوجايىنلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلىشكە ۋە تىل-ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇراتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «بەگ ئۇنى كەمسىتتى» (35) شەكلىدىكى ۋە «بەگ ئۇنىڭغا كايىدى، ئۇنى دۈشكەللىدى» (36) شەكلىدىكى قەيتلىرى ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، خوجايىنلىرىنىڭ ئۇلارنى «قاشالىق»(37) دەپ تىللايدىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. قۇللار بېگى ۋە خوجايىنلىرىنىڭ تاپشۇرغان ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا تاياق يەيتتى(38). قۇللارنى ئۇرۇش «توقدى»(39) دېيىلەتتى. بۇ «ئەدەبلەش»، «ئىزىغا سېلىش»، «تىزگىنلەش» مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ، «قانۇن»غا ئاساسەن شۇنداق قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. قۇلدارلارنىڭ قۇللارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى ناھايىتى قاتتىق بولغاچقا، قۇللار دائىم دېگۈدەك خوجايىنلىرىغا قارشى چىقىپ تۇراتتى(40). مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ دەۋردە خەلق ئارىسىدا «كۈچ ئەلدىن كىرسە، تۆرە تۈڭلۈكتىن چىقار» (مەنىسى: زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساپ ۋە قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار)(41) دېگەن ماقال كەڭ تارقالغانىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان بۇنداق تەڭسىزلىكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەڭسىزلىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىللىقتىن چەتنەپ كەتكەنلىكىدىن، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن، ئەلدە زۇلۇم ۋە



زالىملىقنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن ھەممە بۇلارنى سورايدىغان چىن ئىنساننىڭ قالماي ئادەم قىسلىقى ئۆتۈلگەنلىكىدىن ئىزدەيدۇ. ئۇ، پادىشاھلارغا زاھاكتەك(42) خەلقنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىماي، پەرىدۇندەك(43) خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش، يامان خۇيلۇق بولماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەگ بولسۇن، قۇل بولسۇن، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، بەرىبىر ئۆزى ئۆلىدۇ، ئىشىدىن نىشان قالىدۇ. بۇ نۆۋەت بەگلىك ئورنى ساڭا تەگدى، بۇرۇنراق ياخشىلىق قىل. تىرىكلەر ئاخىرى ئۆلىدۇ، يەر ئۇنىڭغا تۆشەك بولىدۇ. ئەگەر ئۆزى ياخشى بولسا نامى ئۆلمەيدۇ. جاھاندا بىر ياخشى بىلەن بىر ئەسكىنىڭ ئىتى ئۆچمەيدۇ. يامانلىرى سۆكۈلىدۇ، ياخشىلىرى ماختىلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا قارا، ئۇنىڭدىن ساڭا قايسىسى ياقىدۇ. سەن ياخشى بولساڭ نامىڭ ماختىلىدۇ، يامان بولساڭ سۆكۈلىدۇ. يامان خۇيلۇق زاھاك نېمىشقا سۆكۈلدى؟ قۇتلۇق پەرىدۇن نېمىشقا ماختالدى؟ بىرى ياخشى ئىدى، خەلق ئۇنى ماختىدى. بىرى يامان ئىدى، خەلق ئۇنى قارغىدى. ساڭا يامانلىق كېرەكمۇ-ياخشىلىقمۇ؟ قارغىشلىق كېرەكمۇ، ماختاشلىقمۇ؟ قايسىسىنى تىلىسەڭ، ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا، لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالما.»(44)

ئۇ، ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان خان، بەگلەردىن ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىشنى، قانۇندا ئادىل بولۇشنى، بىر-بىرىنى بوزەك قىلىشقا، بىر-بىرىنى ئېزىشكە يول قويماسلىقنى، زۇلۇمخۇمار بولماسلىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى تۆۋەندىكى بايانلىرىدىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەگلىكنىڭ ئاساسى ئادالەتتۇر. بەگلەر ئادىل بولسا، تىرىكلىك بولار. بەگلەر ئەلگە ئادىل بىرلە ھۆكۈم قىلسا، تىلەك ئارزۇسىغا يەتكىلى بولار. بەگلىكنىڭ مەڭگۈلۈكىنى تىلىسەڭ قانۇندا ئادىل بول،

زۇلۇمنى تامام يوقاتقىن. توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر، بىرىنى بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر. قانۇندا ئادىل بولۇشقا تىرىش، كۈچ كۆرسەتمە. پۈتۈن خەلق ئۈچۈن مېھرىبان بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا كىچىك-چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل.» (45)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قانۇن ئادىللىقتىن چەتنىگەن، جاھاننى بۇزۇۋاتقان بارلىق نامۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى توسىدىغان توسۇقچى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇپ، ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ يولدىن چىقىپ كەتكەن خان، پادىشاھلارمۇ ئايىلىپ قالمايدۇ. ئۇ قانۇننىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تەكىتلىگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق چەكلەشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇن ئىگىسى ۋە قانۇن ساپاسى ئۈستىدە توختىلىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ خۇي-پەيلىنى تۈزەش بىلەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۈزەشنىڭ بېقىندىچىلىق مۇناسىۋىتىنى فورمىلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
«خان ئادەت ۋە قانۇننى قانداق تۇتسا، خەلقمۇ شۇنداق، شۇ ئادەتسىمان بولار. ئېلىگ يامان بولسا جاھاننى بۇزار، توسۇقچى بولمىسا يولدىن ئازار. بەگلەرنىڭ ھەرىكىتى يامان بولسا، يامانلار كۆچىيىپ ئەنئەنە بۇزار. خەلق بۇزۇلسا ئۇنى بەگلەر تۈزەر، ئەگەر بەگ بۇزۇلسا ئۇنى كىم تۈزەر؟ ئۇلۇغلارنى سۆزۈك بولسۇن دېسەڭ ئاۋۋال سەن سۆزۈل، كېيىن خەلقمۇ تۈزۈك بولغاي. تۈزۈك يارامىلىق ئىشلارنى تىلىسەڭ يارامسىزنى تاشلا.» (46)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھلارنى، بەگلەرنى، قۇللارنى، ئوغلىنى، يېقىن تۇغقىنىنى، يات كىشىنى، يولۇچىنى، ئۆتكۈنچى مۇساپىرلارنى ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئادىل قانۇندا تارغاقنىڭ جىسمىدەك باراۋەر كۆرىدۇ. ئېگىز-پەس، چوڭ-كىچىك، ئەزىز-خار دەپ ئايرىمايدۇ، ھۆكۈم قىلغان ۋاقىتتا ھېچبىرىگە يۈز-خاتىر



قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەت سۈپىتىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتقانلىقى ۋە قانۇننىڭ ۋاسىپىنىڭ ئىملىكى ئۈستىدە قىلغان بايانلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھېچبىر كىشىنى بەگ ياكى قۇل دەپ ئايرىماي ئىشلىرىنى ئادالەت بىلەن ھەل قىلىمەن. مەيلى ئۇلار ئوغلۇم بولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم بولسۇن ياكى يولۇچى، ئۆتكۈنچى، قونىقىم بولسۇن، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن ئالدىدا باراۋەر، ھۆكۈم قىلىدىغان ۋاقىتتا بۆلەكچە بولمايمەن.» (47)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئىدىيىسىنى يەنە ئۇنىڭ «سەئىد» (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى) لەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئەخلاقلىق، ياخشى بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناچارلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىملىقىدىن ئىبارەت پوزىتسىيىسى ئىپادىلەنگەن 4340-بېيت بىلەن دۆلەت ئىشلىرى جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن ھەر قانداق بۈيۈك دۆلەت خادىملىرىغىمۇ قىلچە يۈز-خاتىر قىلماي ئۆلۈم جازاسى بېرىش لازىملىقى توغرىسىدىكى بايانلىرى (4119، 4120، 4121، 4122، 4123-بېيتلارغا قارالسۇن) دىن تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇياشنىڭ ئۆز يورۇقلۇقىنى پۈتكۈل كائىناتقا تەڭ چېچىپ چۈشۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت تەبىئىي قانۇنىيەتنى ئادىللىق بىلەن تولغان مەڭگۈلۈك ھادىسە دەپ قارايدۇ ھەمدە ھۆكۈمرانلارنى قۇياشقا ئوخشاش ئاشۇنداق ئادىل ئىش كۆرۈپ، ئاھالىلەرنى «ئېرىغ» ياكى «ئېرىغسىز» دەپ ئايرىماي، پۇقرالارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە شاپائەت كۆرسىتىشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ بۇ ئىدىيىسىنى

كۆنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئايتولدىغا ئادالەتنىڭ سۈپىتىنى تەرىپلىگەن بايانلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كۆن ئۆزىنىڭ يورۇقلۇقىنى ئومۇمغا ئېرىنغ ياكى ئېرىنغسىز دېمەي تەڭ چاچىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمغا بېرىدىغان يورۇقلۇقى زادى كېمەيمەيدۇ. مېنىڭمۇ قىلغىم مۇشۇنداق بولۇش (بولۇپ)، مېنىڭدىن ھەممىگە تەڭ ئۈلۈش تېگىدۇ. كۆن تۇغقاندا يەر ئىسسىيدۇ، چېچەكلەر ئېچىلىپ جاھان تۈمەنمىڭ تۈسكە كىرىدۇ. شۇنىڭچىلاپ مېنىڭ قانۇنۇممۇ قايسى ئەلگە كىرسە، ئۇ ئەل ناۋادا تاش ياكى قورام تاش بولسىمۇ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.» (48)

ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئېرىنغ» ۋە «ئېرىنغسىز» دېگەن سۆزلەر «تازا»، «پاكىز» ۋە «پاكىز بولمىغان»، «مەينەت» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە (49).

يىغىنچاقلىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى ئىدىيىدە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇنەسىر فارابى (مىلادى 870 — 950) غا ئوخشاش ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ گارمونىك ھەمجەھەتلىكىنى ياقلايدۇ. بۇ ئۇنىڭ يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر ئەنگۈشتەر بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى كۈندىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىكتۇر.

## ئۈچىنچى، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئېھسان قىلىشتا كەڭ قول بولۇش

پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئېھسان قىلىشتا كەڭ قول بولۇش — يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ قانۇن-تۈزۈمدىكى ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىشى. ئۇنى ھازىرقى



سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئەرزىيەت خىزمىتىنى قانۇن يولىغا سېلىپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق يەنى نەپىقە خىزمىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش دەپ ئاتىغان تۈزۈك. بۇ ئىدىيە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەرزىيەت ۋە نەپىقە خىزمىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا ئەرزىيەت ئىشلىرىنىڭ قەدىمدە قانداق يولغا قويۇلغانلىقى شۇنداقلا ئەرزىيەت خىزمىتىنىڭ قايسى تۈردىكى خىزمەت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەرزىيەت خىزمىتى — ئۇيغۇرلاردا تارىخى ناھايىتى ئۇزاق بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. تارىختا تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىرى پۇقرالار بىلەن ئالاقە باغلاشقا، دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىپ تۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، خېلى بۇرۇنلا «تاياغۇ» دېگەن مەنسەپنى تەسىس قىلغان، كېيىنچە ئىسلام دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان «ھاجىپ» سۆزىنى قوللىنىدىغان بولغان (50). مەيلى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى «تاياغۇ» لار بولسۇن، مەيلى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى «ھاجىپ» لار بولسۇن، ئۇلار ناھايىتى ئادىل، ھەققانىيەتچى ۋە خەلقپەرۋەر كىشىلەردىن تەيىنلىنەتتى. پۇقرالار شۇلار ئارقىلىق ئارزۇ-تەلەپلىرىنى پادىشاھلارغا مەلۇم قىلىپ يەتكۈزەتتى، پادىشاھلارمۇ پۇقرالىرىنىڭ ھال-ئەھۋاللىرىنى شۇلار ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملىشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانىدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شەرقىي-شىمالىغا 72 كىلومېتر

كېلىدىغان تۇمشۇق تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچى تەرىپىگە جايلاشقان «توققۇز ساراي» قەدىمكى خارابىسىدىن قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە ھۆججەتنى تاپقان. بۇ ھۆججەت ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنى «قول قاغۇرماچ» دەپ ئاتىغان بىر نامرات كىشىنىڭ خوتۇن ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن بەگلەردىن بىر دېدەك ئىلتىپات قىلىشنى تەلەپ قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن(51). گەرچە بۇ ئەرزنىڭ شۇ ۋاقىتتا قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى، «قول قاغۇرماچ» نىڭ تەلىپىنىڭ ھەل قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، بۇ — شۇ دەۋردە كەمبەغەل، نامرات، ئىگە-چاقىسىز كىشىلەرنىڭمۇ بەگلەرگە ئەرز سۇنۇپ ئۆزىنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى ئىزھار قىلالايدىغانلىقى ۋە شۇنداق قىلىشقا يول قويۇلغانلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەرزىيەت دېگەن ئاتالغۇ بۈگۈنكى كۈندە «ئەرز» ۋە «يەت» دېگەن تاق سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، «ئەرزى يەتتى»، «ئەرزى يەتسۇن»، «ئەرزى يېتىپ مەلۇم بولسۇن» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئاڭلىتىپ، ئەرزلەرنىڭ مەلۇم جايلارغا ئاپىرىپ يەتكۈزۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرزلەر قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە خەت يېزىپ سۇنۇش، ئەرز سۇنۇلىدىغان جاينىڭ يىراق-يېقىنلىقىدىن قەتئىينەزەر ئەرز قىلغۇچى ئۆزى بىۋاستە بېرىپ مەلۇم قىلىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق دەۋانى تىڭشايدىغان مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا يەتكۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تېگىشلىك جاۋاب ئېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ، خەت-چەك ۋە بېرىپ ھال ئېيتىش قاتارلىق ئىككى تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرزىيەت خىزمىتى — جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جەمئىيەتنى ئىدارە



قىلىدىغان باشقۇرغۇچىلارغا بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ نامىدىن ئەھۋال ئىنكاس قىلىدىغان بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي سىياسىي باردى-كەلدى پائالىيىتى. ئەگەر قانۇننى سىياسىي، ئىقتىساد، ئائىلە، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بېكىتىلگەن ھەر خىل تۈزۈملەرنىڭ مىزانى دېسەك، ئۇ ھالدا ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئاشۇ تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئۈنۈمىنى ئىنكاس قىلىپ تۇرىدىغان كۆزنەك دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەرزىيەت خىزمىتى قەدىمدىمۇ، ھازىرمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەت ئىشۇناسلىقنىڭ بىر قىسمى. ئۇ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش، ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭىچە تەدبىرلەرنى ئورنىتىشتا مەسلىھەت كۆرسىتىش، مۇرەككەپ چىگىش مەسىلىلەرنى مۇرەسسە قىلىپ ھەل قىلىش قاتارلىقلاردا باشقا تارماقلار ئوينىيالمايدىغان روللارنى ئوينايدۇ. ئەڭ مۇھىمى جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ يۈزلىنىشىنى تەتقىق قىلىپ قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدۇ.

بىر ئېغىز گەپ بىلەن يىغىنچاقلىغاندا، ئەرزىيەت خىزمىتى مەيلى قەدىمدە بولسۇن، مەيلى ھازىرقى دەۋرىمىزدە بولسۇن، ئۇ، قانۇنچىلىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر بولسا، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە مانا مۇشۇ يۇقىرىقى مەسىلىلەر ناھايىتى روشەن يورۇتۇلغان ۋە خېلى دەرىجىدە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەتنى روۋناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن پۇقرالارنىڭ خانلىققا، خانلىقنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان چوڭ-كىچىك ھەربىي، مەمۇرىي، قانۇن ئەمەلدارلىرىغا، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك

سىياسەت، قانۇن-تۈزۈملىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا بولغان پىكىر، تەلەپ ۋە ئىنكاسلىرىنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە لازىم ئىدى. ئۇ يۇقىرىقى مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يۇقىرىلارنىڭ خان، پادىشاھ ۋە بەگلەرگە دەيدىغان گەپلىرىنى دېيىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تەشكىلىي جەھەتتە تەدبىر كۆرۈپ ئەرزىيەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس خادىملارنى تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، «ھاجىپ»لار مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەيدىغان خادىملار ئىدى(52).

«قۇتادغۇبىلىك»تىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە خاراكتېرى ھازىرقى كۈندىكى «يىغىۋېلىپ كونترول قىلىش، يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇش پونكىتى»غا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر مۇئەسسەسەنىڭ بارلىقى ئېنىق. ئۇ بولسىمۇ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان «مۇساپىرخانا» دۇر. مۇساپىرلارنى كۈتىدىغان بۇنداق بىر ئورگاننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان تارىشا پۈتۈكلەردىمۇ قەيت قىلىنىشى، ئۇيغۇرلاردا ئاجىز، يېتىم-يېسىرلارنى، بىقىمسىز قالغان كىشىلەرنى يۆلەشنىڭ بىر خىل ساخاۋەتلىك ئىش ھېسابلىنىپ ئەزەلدىنلا بىر خىل تۈزۈملەشكەن ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، قاراخانىلار خانداتلىقىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئورگانلىرىدا سارايى ئەھلىنىڭ قانۇن-نىزاملارغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدىغان «ھاجىپ»قا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار «چاۋۇش» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا سەپ تۈزەشكە مەسئۇل بولسا، تىنچلىق ۋاقىتلىرىدا ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزۇپ خەلققە زۇلۇم سېلىش، خەلقنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان



ھەرىكەتلىرىنى توسۇش، چەكلەش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش ئىدى(53). مىلادى 1068-يىلى تەختكە ئولتۇرغان قاراخانىلارنىڭ غەربىي ئېلىكخانلىقىنىڭ خانى شەمسۇلمۇلۇك ناسىرنىڭ ئاتىسى تامغاچقان ئىبراھىمغا ئوخشاش ئادىل شاھ دېگەن نامى بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلىرىگە ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ئەسكەرلىرىنى شەھەردە تۇرغۇزماي دائىم بۇخارانىڭ يېنىدىكى بىر يېزىغا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ شەھەرگە كىرىپ شەھەر ئاھالىسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىنلا سىرتتا قونۇپ قالمايتتى(54).

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىلارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئەرز-شىكايەت ۋە دەۋالارنى تېز ۋە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەت ئورگانلىرىدا نەپەقە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلار، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا دۆلەت خەزىنىسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىپ قۇتقۇزۇش بېرىش خانلىقنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماي، يەنە ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، دۆلەتنى باي قىلىشنىڭمۇ ئاساسى ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق خانلىقتىن نارازى بولىدىغان ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنى ئازايتىپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توپىلاڭ ۋە مالىمانچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى. ئۇ، مۇشۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەپەقە بېرىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ. بۇلار زۇلۇم چېكىپ يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگەن پېقىرلار، تۇل، يېتىملار، خىزمەت كۆرسەتكەن ھەربىيلەر(55) جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى، ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچى خادىملار شۇنداقلا كارۋان ۋە مۇساپىرلار ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە

مۇشۇ خىل كىشىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندىلا قانۇن ھەقىقىي تۈردە نامايان بولغان بولىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بەگلىكتە بەزىلەر زۇلۇم چېكىدۇ، بەزىلەر يوقلۇقنىڭ غېمىدە بىناۋا يۈرىدۇ. بەزىلەر ئاچ، بەزىلەر يالىڭاچ، بەزىلەر قايغۇ بىلەن غەم قىلىپ يىغلاپ چېكىدۇ. خادىملارنى توپلاپ ئېھسان قىلغۇلۇق، پېقىرنى باي قىلىپ، ئاچنى تويغۇزغۇلۇق، ئالتۇن-كۈمۈش خەزىنىلەرنى تولا يىغماي، نېمە بولسا شۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگۈلۈك لازىم. ئېھسان كۆپ قىلىنسا، پېقىر، تۇل، يېتىملار قوروۇقدالغاي، پېقىر، تۇل-يېتىملار قوروۇقدالسا چىن قانۇن نامايان بولغاي. پېقىرلارغا كۆيۈمچان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھەل قىلسالىڭ، ئۇرغۇن كىشىلەر ساڭا يېقىنلاپ كەلگەي. خاقان ئەسكەرلىرىنى سۆيۈندۈرمىسە قىلىچ قىنىدىن چىقمىغاي، قىلىچ قىنىدىن چىقمىسا، يېغى تەۋرىگەي، يېغى تەۋرىسە بەگ تىنچىيالمىغاي. شۇڭا، قىلىچ ئۇرغۇچىنى سۆيۈندۈرۈپ، ئېھسان قىلىدىغان چاغدا تولا ئالدىراش كېرەك. جەڭدە ئۆلگەنلەرنى قەدىرلەپ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش، ئوغۇل-قىزلىرى بولسا ئۇلارغا ھەق بېرىپ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش لازىم. ئوردىدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملارنى خەزىنە بىلەن سۆيۈندۈرۈش، ئەمگىكىگە مۇناسىپ ئىھسانلار تارتىش، ئۇلارنى قەدىرلەش، بېسىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى زورايتىش، تاۋار، مال ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش ۋە يېگۈزۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئاچ-توق قالدىمۇ، كىيىم-كېچەك، تونلىرى ئۆپراپ كونىرادىمۇ-يوق؟ بۇلارنى بىلىپ تۇرۇش، ناۋادا قولى قىسقىلىقتىن موھتاجلىق تارتقان بولسا، ھەق بېرىپ ئۇنى موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى قىلىش، ئىشقا تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى ئىشقا تونۇشتۇرۇش، ئالتۇن-كۈمۈش بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە ئالتۇن-كۈمۈش بېرىپ ئىھسان قىلىش لازىم.



بەگلەر خادىملىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىھسان يولىنى ئېچىش كېرەك. ھۈنەرۋەنلەر ئىشنى قىلسا ئىش ھەققىنى تېز بەرگۈلۈك، يېدۈرگۈلۈك ۋە ئىچۈرگۈلۈك لازىم. خانلار ئۆزىگە ياخشى ئات تىلەپ، داڭقىنى جاھانغا يېيىشنى مەقسەت قىلسا، مۇساپىر ۋە كارۋانلارنى ياخشى كۈتۈشكە تىرىشىش لازىم.» (56)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىكى يۇقىرىقى مەسىلىلەر قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن يۈز بېرىۋاتقان پارچىلىنىش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاپ ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ مالىيە مەبلىغىنى ئاشۇرۇش، دۆلەت زېمىنىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەرەپلەرنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەدبىقلىنىش دائىرىسى كۆپىنچىرەك خانلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق خادىملار بولۇپمۇ خانلىقنى قوغدايدىغان مۇھاپىزەتچى قوشۇنلار، ئوردىدا خىزمەت قىلغۇچى ھەر دەرىجىلىك خادىملار شۇنداقلا دۈشمەنگە قارشى بىرىنچى سەپتە تەر ئاققۇزۇپ، قان تۆكۈپ كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە بېرىلىدىغان ئىھسانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ، شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە مەلۇم جەھەتتە خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن يۇقىرىلاردىن تولۇقلانغان ئارمىيە ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان زىددىيەتلىكنى تەڭشەپ تۇرۇش رولىنىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر كىشىگە باشقا بىر كىشى ئەجىر قىلسا، ئۇنىڭغا جاۋابەن كىشىلىك ئىشى قىلماقلىق كېرەك. ناۋادا ئۇ كىشى بىراۋنىڭ قىلغان ئەمگىكىنى بىلمىسە، ئۇنى ئادەم دېمەي ھايۋان دېيىش كېرەك. قول ئىشتا تۇرۇپ بەگلەرنىڭ ھەققىنى ئۆتەركەن، بەگلەرمۇ ئىش كۆرۈپ قۇللارنىڭ ھەققىنى ئۆتەش كېرەك. خانلارنىڭ قۇللاردا قانداق ھەققى بولسا، قۇللارنىڭمۇ بەگلەردە يەنە شۇنداق ھەققى بار. كىشى ئاۋۋال يىلقىسىنى تويغۇزار، ئۇنىڭدىن كېيىن پايدىنى

كۆرەر. كىشى يىلقىدىن پەس ئەمەستۇر. بەگلەر ئېھسان قىلسا، ياخشى سۆزلىرىنى ئېيتسا، خىزمەتچىلەرمۇ ئۆزىنى بەككە پىدا ئەيلەر. خادىملار بەگدىن سۆيۈنچە تىلەپ جېنىنى ۋە تېنىنى پىدا ئەيلەپ ئىشلەر ھەم قۇللۇق قىلۇر. ئىسسىق-سوغۇقتا ئاچ-توق يۈرۈپ، ياياق ۋە يېلىڭ پېتى قىلىچ، پالتا، ئوق يەر. گاھى ئالغا، گاھى ئارقىغا، گاھى ئوڭغا، گاھى سولغا يۈرەر، بۇنىڭ بىلەن بەگنى ھۇزۇرغا يەتكۈزەر. يېغىغا قارشى سەپلەردە بەگنىڭ ھاياتىنى تىلەپ قورال بولار ۋە ئۆلۈمگە ماڭار. (شۇڭا) بەگلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ قانچە ئىكەنلىكى، يارامىلىقىنىڭ قانچە، يارامسىزلىرىنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇشى، يارامىلىقلىرىغا ئېھسان قىلىپ، بىجىرگەن ئىشىغا قارىتا ھەق بېرىشى كېرەك.» (57)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگلەر بىلەن خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بازار سودىسىدىكى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ، خىزمەتچىلەرگە ئېھسان قىلىش ئارقىلىق دۆلەتكە كۆپ پايدا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بەگ بىلەن خىزمەتچىنىڭ مۇناسىۋىتى ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ساتقۇچى مال دەسمايە قىلىپ بېرىدۇ، ئالغۇچى ئېلىپ ئەلدىن-ئەلگە يۈرۈتىدۇ. يىل، ئاي، كۈن ئۆتكەندە پايدا توپلىنىدۇ، يەنە يۈز كۆرۈشۈپ ئالغان پايدىنى بۆلۈشىدۇ. مۇشۇنداق قىياس قىلىنسا ئىش ئۆزىنىڭ ئۆلچىمىنى تاپىدۇ. بەگ قۇلغا ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ مال بەرسە، خىزمەتچى ئۆزىنى پىدا ئەيلەپ ئىش قىلار. خىزمەتچى جېنىنى پىدا قىلىپ تىغ ئۇرسا، ئۇنىڭ پايدىسى شەكسىز ئەل-يۇرت بولار، ئۇ، ياۋ بويىنىنى ئۈزۈپ خەزىنە يىغار. شۇنىڭ بىلەن تىلەك، نېمەت، ئارزۇ ئۇتۇشۇپ كېلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە پايدا ۋە كىرىمدۇر، شۇڭا بەگكە نەپ



بەرگەنلەرنى ياخشى كۆرۈش، ئەجرىنى بىلىپ ئۇنى قەدىرلەش لازىم.» (58)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئېھسان قىلىشتا كەڭ قول بولۇش ئىدىيىسىدە ئەرزىيەت ئىشلىرىنى ھاجىپلارنىڭ ئىشلەيدىغانلىقى، خەير-ئېھسان قىلىش خىزمىتىگە ھاجىپلار بىلەن ئىشكئاغىسىنىڭ مەسئۇل ئىكەنلىكى، ئېھسان قىلىنىغان مال-مۈلۈك ۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى تارقىتىشقا خەزىنىچىلەرنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماقنىڭ ئېنىق بولغان ئىش تەقسىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ھاجىپ»لار جەمئىيەتتىكى يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن، يېقىر، مۇساپىرلارغا ئېھسان قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل. «ئىشكئاغىسى» — ئوردا ئىچىدىكى ئاچ-توق قالغان، كىيىم-كېچەكلىرى كونىراپ كەتكەن، قولى قىسقىلىقتىن موھتاجلىق تارتقان خادىملارغا ئېھسان قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل. «خەزىنىچى»لەر — يۇقىرىقى ئىككى خىل خادىملار تەرىپىدىن خانغا مەلۇم قىلىنىپ تەستىقلانغان نەپىقە ئوبيېكتلىرىغا مال-مۈلۈك ۋە ئالتۇن-كۈمۈش تارقىتىشقا مەسئۇل. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئۈچ تارماق ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى تارماقنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، خاننىڭ يارلىق چۈشۈرۈپ قىلغان ئېھسانلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانمۇ، ئۇنىڭغا توسالغۇلۇق قىلىپ، سەۋەب كۆرسىتىپ ۋاقتىدا بەرمەيدىغانمۇ خەزىنىدارلار ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك»تىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە، بەزى خەزىنىدارلارنىڭ خان ۋە بەگلەرنىڭ يارلىقىنى ئۆز ئەينى ئورۇنداپ، ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىنغان نەرسىلەرنى جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن چېرىكلەر ۋە ھاجەتمەنلەرگە ئۆز ئەينى بويىچە تولۇق بەرمىگەنلىكى ياكى كېيىنگە سۈرۈپ ۋاقتىدا بېرىشكە تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تالاي ئەسكەرلەر ۋە خىزمەتچىلەر

بەگلەرنى «سۆزىدە تۇرمايدۇ» دەپ نىيىتىنى بۇزغان ۋە يۈز ئۆرۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جايلاردا، سۇيۇرغاللىق تۈزۈم يولغا قويۇلغانلىقتىن بەگلەرنىڭ خىزمەتچىلەرگە بېرىدىغان ئىش ھەققى ئۆلچىمى، نەپەقە سىياسىتىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزى خان، بەگلەر ناھايىتى كەڭ قول، سېخىي، بەزىلىرى بولسا ئاچكۆز، بېخىل ئىدى. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، خانلار تەرىپىدىن قىلىنغان ئىھسانلارنى توسۇپ قويىدىغان، خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققىنى تۆۋەن بېرىدىغان ھەتتا ھەق بەرمەي ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارنىڭ سادىر بولۇشى دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولۇپ، ئۇنى قەتئىي چەكلەش ۋە تۈگىتىش لازىم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خان ئەگەر ئەسكەرلىرىگە ئىنئام قىلسا، خەزىنىدار ئۇنى ئوچۇق يۈزلۈك بىلەن شۇ زامان بەرسۇن. ئەگەر ئىھسان توسۇلسا، قوشۇن دىل بۇزار، قوشۇننىڭ كۆڭلى سۇنسا بەككە داغ يۇقار. خىزمەتچى قىسىلىپ ھاجەتمەن بولسا، بەگ ئۇنىڭغا يارلىق قىلىپ ئىھسان ئەتسە، ئەگەر ئۇنى خەزىنىچى ۋاقتىدا بەرمىسە، ئۇ موھتاج خىزمەتچى يۈز ئۆرۈپ كېتەر. بېخىل ئۆزىنىڭ مېلىدىن ئۆزى قىزغىنار، ئۇنداقتا كىشىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە قاچانمۇ ئۇنار؟ (شۇڭا) خىزمەت قىلغۇچى لايىق بەككە، سېخىيلارغا قىلىش كېرەك. لايىق بەگ خادىملارنىڭ ھەققىنى بىلەر. ھېچقانداق ۋاقىتتا بېخىل خىزمىتىنى قىلماسلىق كېرەك، ئەگەر قىلسا ھاياتى بوشقا كېتەر.» (59)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بايانلىرىدا، بىر تەرەپتىن خىزمەتچىلەرگە قىلىنىدىغان ئىنئام، ئىھسان ۋە ئىش ھەققىنىڭ قانداق بولۇشىنىڭ دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان پايدا-زىيىنىنى تەھلىل قىلىپ دۆلەت ئورگانلىرىدىكى نەپەقە خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان



قاتتىق ئىنتىزامىنى بېكىتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى پاش قىلىپ، ئۇلارغا يالىنىپ ئىشلەش بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدىغان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىدۇ.

## تۆتىنچى، قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇش

قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، دۆلەتنى روۋناق تاپقۇزۇش — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى، قاراخانىلار دەۋرىدىكى پادىشاھتىن تارتىپ ھەرقايسى جايلارنىڭ چوڭ-كىچىك بەگلىرىگىچە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر مىزانى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر دۆلەتنىڭ روۋناق تېپىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ ياخشى، ياراملىق كىشىلەردىن تەيىنلەنگەنلىكى ياكى يامان، يارامسىز كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىۋالغانلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياخشى، ياراملىق كىشىلەرگە ئىگە بولغانلار جاھاننى سورايدۇ، ئەكسىچە، ياخشى، ياراملىق كىشىلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلار جاھاندىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭلاشقا ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇزاققىچە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياخشى ۋە ياراملىق كىشىلەردىن بولۇشى، ئاندىن كېيىن ياخشىلار بىلەن يامانلارنى، ياراملىقلار بىلەن يارامسىزلارنى ئايرىپ چىقىپ، خىللانغان ياخشى ۋە ياراملىق خادىملارنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشى، ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئەزىزلەپ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، يامان ۋە يارامسىزلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىشى، ئۇلارنى ئەلدىن

ئېرى قىلىشى كېرەك. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «بەگ ياخشى بولسا، ئۇنىڭ پۈتۈن خەلقى تۈز، قىلىق، يۈرۈشلىرى تۈز بولىدۇ. بەگلەرنىڭ دىلى ۋە تىلى تۈز بولسا، خىزمەتچىلىرى توغرىلىق يولىنى تۇتىدۇ. ياخشىلار بەگ بولسا يامانلار يوقايدۇ. بەگلەر ئۆزى يامان بولمىغۇچە يامانلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماس ۋە ئەلدە يامانىنىڭ يۈزى سۆيۈنمەس. ئەگەر بەگلەر زالىم ھەم يامان بولسا، ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى تۈز يولىدىن چىقىدۇ. بەگلەر ياخشىلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، يامانلارمۇ ئىشنى ياخشى قىلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر يامانلار بەگكە يېقىن بولسا، يامانىنىڭ قولى ئەلگە ھۆكۈمران بولىدۇ. يامانلار باش كۆتۈرسە، ياخشىلار تۈگەيدۇ. (شۇڭلاشقا) يامانغا يېقىنلاشماي ئۇنىڭدىن يىراق قېچىپ تۇرۇش، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەش، ئۇنىڭغا ئىش بەرمەسلىك، ئەلدىن ئېرى قىلىش، ياخشى كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش، ئۇلارنى ئەزىزلەپ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش (لازىم). ئادەم تاللاشقا كۆپ ئەقىل، ئىش قىلىشقا كۆپ بىلىم كېرەكتۇر. يارامىلىق بىلەن يارامسىزلارنى، كېرەكلىك بىلەن كېرەكسىزلەرنى ئايدان ئوقۇپ، چىڭ تاسقاپ ئېنىق تاللىسا، ئىش پۈتۈن ۋە پىششىق بولىدۇ.» (65)

ئۇ، بۇ ئىدىيىسىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ياخشى» دېگەننى ئىقتىدارلىق كىشىلەرگە، «يامان» دېگەننى ئىقتىدارسىز كىشىلەرگە قوللىنىدۇ ھەم ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يارامىلىق، ئىقتىدارسىز كىشىلەرنى يارامسىزلار دەپ ئاتايدۇ. ئۇ، بۇ ئىدىيىسىدە بەگلەر ئىقتىدارلىق بولسا، ئىقتىدارلىقلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئىقتىدارسىزلارغا بازار قالمايدۇ؛ بەگلەر ئىقتىدارسىز بولسا، ئىقتىدارسىزلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئىقتىدارلىقلارغا ئۇۋال بولىدۇ؛ بەگلەر ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ئىقتىدارسىزلارمۇ ئىشنى ئۇلاردىن ئۆگىنىپ



ياخشى قىلىدىغان بولىدۇ؛ بەگلەر ئىقتىدارسىزلارنى ئۆزىگە يېقىن تۇتسا، ياخشى ئىشمۇ بۇزۇلۇپ يامانغا ئايلىنىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئالغا سۈرىدۇ ھەمدە توغرىدىن-توغرا قاراخانىلار خانىدانلىقىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان نەسەپ سۈيۈرغاللىق تۈزۈمىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەشتە ساقلىنىۋاتقان ئىقتىدارلىق — ئىقتىدارسىزلىقنى سۈرۈشتۈرمەي خان، بەگ جەمەتىدىنلا بولسا ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىبارەت مەنسەپ مىراسخورلۇق تۈزۈمىگە دەلمۇ دەل تېگىش قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى ئەجدادلىرىدىن قېپقالغان «قۇت» (بەخت) قان ۋاسىتىسى بىلەن ئاتىدىن ئۆز خوتۇنلىرىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆتىدۇ ۋە شۇ تۈپەيلىدىن ھۆكۈمرانلار ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قانلىرىنى تۆككىلى بولمايدۇ، دەيدىغان بىر خىل ئېتىقاد بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلارچە بولغاندا، «قۇت»قا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ھۆكۈمران بولغان ئادەمنىڭ بۇ ئىلاھىي ئۈستۈنلۈكى بىر خىل ئىرسىيەتكە ئايلىنىپ، ھۆكۈمرانلىق ئورنى يەنى تەختى بالىلىرىدىن بالىلىرىغا مىراس بولۇپ قېلىۋېرەتتى. بۇ چۈشەنچە يەنە ئۇلاردا ھۆكۈمرانلار ئىلاھىيەت ئاتا قىلغان قانۇن-قائىدىگە ئاساسەن يەر يۈزىنى باشقۇرىدۇ، دېگەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئەمما ھۆكۈمران ئىنساندىن تاشقىرى تۇرىدىغان بىر خىل مەخلۇق دەپ ئەمەس بەلكى ئادەم دەپ قارىلاتتى. شۇڭلاشقا «قۇت»قا ئېرىشكەنلىكى ئادەمنىڭ ھەر قانداق، شۇنىڭغا لايىق ئىش-ھەرىكەتنىلا قىلىدىغان بولسا، ھەر قاچان، ھەر زامان ھۆكۈمرانلىق سەھنىسىگە چىقالايتتى.

مانا مۇشۇ ئېتىقاد ۋە چۈشەنچە «قۇتادغۇبىلىك»تە ناھايىتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پادىشاھلىقنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ئادەتنىڭ بارلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «بەگ

ئانىسىدىن تۇغۇلغاندىلا بەگلىك بىلەن تۇغۇلىدۇ. ئاتىسى بەگ ئىدى، ئۆزىمۇ بەگ بولدى. ئاتىسى بەگ بولسا ئوغلىمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ ۋە ئۇمۇ ئاتىلىرىدەك بەگ بولىدۇ. ئاتىنىڭ ئورنى ۋە ئېتى ئوغلىغا قالىدۇ، دېگەن ناھايىتى قەدىمكى بىر سۆز مەسەلدە كېلىدۇ. بۈگۈن ئاتا كەتتى، ئورنى بوش قالدى. بۇ يوچۇق ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن تولۇقلانسۇن.» (61) دېسە، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يالغۇز بۇلارنىڭلا بولۇشىنىڭ كۇپايە قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇنىڭغا يەنە باشقا مىڭلاپ-مىڭلاپ ياخشىلار قوشۇلسۇن»(62) دەيدۇ.

بۇ مەسىلە «قۇتادغۇبىلىك» تە بىرگە كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە: «سەن ئاتاڭدىن ماڭا بىرلا قالغانىدىڭ، ھازىر يەنە سېنىڭدەكتىن يەنە بولغان بولسا ئىدى، بۇ يولدىن ئۇلار ئۈزۈلمەي ئىلگىرى-كېيىن ماڭار ئىدى»(63) دەپ قابىلىيەتلىك كىشى ئىزدىگەنلىكى ئارقىلىقمۇ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ھاكىمىيەتنى مۇستەھ-كەملەش ئۈچۈن خانلىقتا ياخشى، ياراملىق بولغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىقتىدارلىق، ئەقىلدار مەسلىھەتچىلەر قوشۇنى بولمىسا زادى بولمايتتى. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «ياردەمچى كۆپ بولسا، كۆپ دېمەي يەنە تىلەش كېرەك، شۇ چاغدىلا بۈيۈك بەگ ئەلنى تۈزەپ غەمسىز ياتار. ياراملىق، تېتىكلەر ئەلدە كۆپ بولسا، بەگ ئەمەلىيەتتە ئاسايىش ئىشلارنى تاپار. ياردەمچى كۆپ بولسا، بەگلەرگە چەبىركەمرەك بولار، قانۇن-نىزاملار بۇزۇلماي ئىشلىرى يولغا چۈشكەي.» (64)

ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» تە، يەنە بىرگە ئىلىگ كۈنتۇغدىنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆزلىگەن خىياللىرى ئارقىلىقمۇ يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئىلىگ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈم يالغۇز ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قىلالماسمەن، بۇنىڭ



ئۈچۈن ماڭا ئىش قىلىشنى بىلىدىغان بىر ئەر بېشى كېرەك. ئەقىللىك، بىلىملىك، سەرخىل كىشىلەر بېشى كېرەك. ئۇلار كۆيۈمچان، راستچىل، تىلى بىلەن دىلى بىر ھەم تۈز بولۇپ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى قىلسا، ئىچى-تېشىمنى كۆرۈپ تۇرغان بولسا بولاتتى.»(65)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، بىلىمنى، بىلىملىكلەرنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەگلىكنىڭ ئىشلىرىنى بىلىملىكلەر ئىشلىسۇن، بىلىمسىز كىشىلەر ھېچقانداق ئىشقا يارىماس. ئۆزىنىڭ پايدا-مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئىش قىلىدىغانلار ئۆزىنىڭ پايدىسىنى دەپ ياراملىق كىشىلەرنى يارامسىزغا، يارامسىز كىشىلەرنى ياراملىققا چىقىرىدۇ. ھەقىقىي ياراملىقلار بىلەن يارامسىزلارنى ئالىملارلا پەرق ئېتەلەيدۇ. (شۇڭا) ئۇلارنى قەدىرلەش كېرەك. كىمكى ئەقىللىك بولسا، شۇنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت. بىلىملىكنىڭ سۆزىنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلاپ ھەققىنى ئادا قىل. چىن، دۇرۇس، ياخشى نامى بار كىشىلەرنى ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىش بەر. بىلىملىك، ئەقىللىك پاك-يۈرەك كىشىلەرگە مال بېرىپ ئۇلارنى قەدىرلە ۋە ئاۋايلا.» (66)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتا يەنە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قاراخانىلاردا ئىلگىرىدىن تارتىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر قاتماللىقنى قىلچە يۈز-خاتىر قىلماي بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۇ، «سەئىد» لەرگە، خان نەسەبىدىن بولغانلارغا، قۇللارغا ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياراملىق ھەم يارامسىز كىشىلەرنىڭ چىقىدىغانلىقى، ياراملىقلىرى بىلەن يارامسىزلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ياراملىقلىرىنى ئىشقا قويۇش، يارامسىزلىرىغا ئىش بەرمەسلىكنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئالدى بىلەن

«سەنئەت» لەرنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ياخشى بولۇشىنىڭ ناتايىنلىقىنى چەزمىلەشتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناچارلىرىنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى ئەگەر ناچار سۆزلىسە، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، قەيەردىلا بولمىسۇن نەسەپكە ئەمەس بەلكى ياخشىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. كۆيۈمسىز، نەپسىز ئوغۇلدىن، كۆيۈمچان، نەپلىك خىزمەتچى يۇقىرى تۇرىدۇ. قېرىندىشى كۆيۈمسىز ۋە نەپ يەتكۈزەلمەيدىغان بولسا، ئۇنى تاشلاپ، نەپلىكنى دوست تۇتۇش لازىم. ناۋادا قول بەگكە ئوغلىدىنمۇ يېقىنراق بولۇپ، پايدا يەتكۈزەلەيدىغان بولسا، ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش كېرەك. پايدىسىز ئوغۇل ئۆزىگە دۈشمەن، شۇڭا ئۇنىڭدىن يىراق قېچىش لازىم.»(67)

ئۇ، خانلىقتىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئىشقا قويۇشتا چوقۇم ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىق-ئېتىقادسىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇش، شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى ھەرگىز ۋەزىپىگە تەيىنلىمەسلىكنى قاتتىق نىزام قىلىپ بېكىتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «توپ بېشى، ئەل بېشى، ھاجىپ، قوماندان، كاتىپ، كېڭەشچى، كۆك ئايۇقلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكۈچى، ئىنانچ بەگ، چاغرى بەگ، تېكىن بەگ، چاۋلى بەگ، يابغۇ، بۇغۇرۇش، مۇشاۋىرلارنى ئوبدان تاللاش (كېرەك)، ناۋادا بۇلار ئىچىدىن بۇ دەرىجىگە يارىمايدىغان بىرەر كۆستاخ ئەز چىقىپ قالسا، ئۇنىڭغا بۇ دەرىجىنى بەرمەسلىك، ئۇششاق گەپ قىلىدىغان سۇخەنچىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىق، پىتنىخورلارنى بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىق، زالىم، يامانلارغا ئەل ئىچىدە نوپۇز بەرمەسلىك، نورىنى كۆتۈرۈپ ئۈستۈرمەسلىك (ۋە) ئۇلارنى بېسىماسلىق لازىم.»(68)



يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەڭ ئاخىرىدا قاراخانىلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئوردىغا ئەكىلىپ خىزمەتكە قويۇلغان خادىملارنىڭ ياخشى تاللانمىغانلىقى سەۋەبلىك نۇرغۇن بۇزۇق ئىشلارنى قىلىپ كاللىسى ئېلىنغانلىقىنى، خانلارنىڭ بۇلاردىن قاتتىق ئىبرەت ئېلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## بەشىنچى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتا قاتتىق بولۇش

مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتا قاتتىق بولۇش — تارىختىن بۇيانقى بارلىق دانىشمەن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىشتە ئىزچىل قوللانغان ئورتاق مىزانى. بارلىق قانۇنشۇناسلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قەدىمكى ئەمما جانلىق تېمىسى. مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتا قاتتىق بولۇش — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەلنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم ئىككى تەرىپى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەت مەنپەئىتىنى دەپ خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، ئۆز مەنپەئىتىنى دەپ دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان ئۇرغانلارنى جازالىغاندىلا، قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ دۆلەتنى قۇدرەت تاپتۇرغىلى بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نى ۋاراقلىشىمىز بىلەنلا «يامانغا جازا، ياخشىغا مۇكاپات» دېگەن بىر ئىدىيە كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى زاماندا ياشىغان ھۆكۈمرانلارنىڭ قاتتىق بولغان جازا قانۇنلىرىنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى باشقۇرغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، بۇرۇن ئۆتكەن «بەگلەرنىڭ بەگلىرى ناھايىتى ياخشى قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ، يامانلارغا جازا بېرىپ زىندانغا تاشلىغانىدى»(69) دېسە، ئۆۋەتتىكى خان، بەگلەرنىڭمۇ ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر-

نى جازالاشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە توختىلىپ: «خىزمەت قىلسا مال بەر، گۇناھ قىلسا ئۇر»(70) دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىل ئىككى بولۇپ، بىرى خەلققە قانۇندىن ئۇلۇش بېرىش، يەنە بىرى خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «دۆلەتنىڭ ئۇلى ئىككى نەرسىدۇر. بىرى خەلققە قانۇندىن ئۇلۇش بەرمەك، يەنە بىرى خىزمەت ئەتكەنگە كۈمۈش بەرمەك. خەلق قانۇن بىرلە تۇرۇپ سۆيۈنسە، خىزمەتچىلەر كۈمۈشنى كۆرۈپ كۈلەر. شۇ ئىككىسى بەگدىن خۇش بولغان زامان ئەل رەتكە چۈشۈپ بەگ شۇئان ئاۋۇنۇر. (شۇڭا) كىم ئىش قىلسا ئۇنىڭغا تېز مال بەرگۈلۈك، ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك.»(71)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ بايانلىرىدا «خەلققە قانۇندىن ئۇلۇش بېرىش» دېگەننى خەلققە قانۇن تۈزۈپ بېرىش بولۇپمۇ جازا قانۇنىنى تۈزۈپ بېرىش دېگەن مەنىدە قوللىنىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، خان ۋە بەگلەر جازا قانۇنىنى تۈزگۈچىلەر بولۇش بىلەن بىللە يەنە جازالارنىڭ ئىجراچىلىرىمۇ ھەم بولۇپ، خان ۋە بەگلىككە لايىق ھەيۋەت بولۇشتىن تاشقىرى يەنە يامانلارغا قوللىنىدىغان بىر يۈرۈش جىنايى جازالىرى بولۇشى، دۆلەتنى ئەنە شۇ جازاغا تايىنىپ باشقۇرۇشى ھەم ئاۋام خەلقنىڭ خۇي-پەيلىنى تۈزەپ تۇرۇشى لازىم. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خەلق باشچىسى بەگكە ھىممەت كېرەك، ئۇ ھىممەت بىلەن ھەم سىياسەت كېرەك. سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كېرەك. خان ئەلنى قانۇن، سىياسەت بىلەن تۈزەر، ھەم ئاۋام خەلقنى شۇ تامان ئىلتەر. بەگلەر سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەر، (شۇڭا) يامانغا سىياسەت يۈرۈتمەك كېرەك.»(72)

«قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»



دىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە جىنايەتنى شەكىللەندۈرىدىغان قىلمىشلار دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش، دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارا قىلىپ قويۇش، تاماق ۋە ئىچىملىكلەرگە زەھەر سېلىپ خان ۋە بەگلەرگە سۇيىقەست قىلىش، پىتنە-ئىغۋا تېرىپ ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، خاتا يول كۆرسىتىپ بىر-بىرىنى يولدىن ئازدۇرۇش، قەستلەپ پېيىگە چۈشۈش، قۇرۇق تۆھمەت چاپلاش، چېقىمچىلىق، بويۇنتاۋلۇق قىلىش، ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، مەككارلىق، ئالدامچىلىق، قاتىللىق، باسمىچىلىق، قاراقچىلىق، قىرغىنچىلىق، باسقۇنچىلىق، پارىخورلۇق، قىمار ئويناش ۋە ھاراق ئىچىش قاتارلىقلار ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جىنايى قىلمىشلار ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن جىنايەت قىلمىشلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىنى تولۇقلىسا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ زامانلاردا ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشى «ئۆلۈت»(73) دېيىلسە، ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل «ئۆلۈتچى»(74) دېيىلەتتى. خاتا يول كۆرسىتىپ بىر-بىرىنى يولدىن ئازدۇرۇش «ئازىتتى»، «ئازدۇرماق» ۋە «ئازىتماق»(75)، دېيىلەتتى. كىشىلەرنىڭ پېيىگە قەستلەپ چۈشۈش «ئوغراش»(76)، ئالدامچىلىق قىلىش «تەۋلۈگ»(77) دېيىلەتتى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تەۋلۈگلەندى» سۆزىگە بەرگەن «ئادەم ھىيلىگەر بولدى، ئالدامچىلارنىڭ يولىنى تۇتتى» شەكلىدىكى ئىزاھى بىزگە يەنە شۇ چاغدا قەبىلىلەر ئارا بولىدىغان ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش قاتارلىق قەدىمىي ئالامەتلەرنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ

مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلىتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇ چاغدا ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەپ دائىم توقۇنۇشۇپ تۇراتتى[78]، بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى پىستىرما قوياتتى[79]، خەنجەر تىقىشاتتى[80]، ماناشۇنداق چاغلاردا بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرى يەنە بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش نىشانلىنىۋالاتتى. «ئادەم قارلۇقلاشتى»[81]، «قىپچاقلاشتى»[82]، «ئادەم تۇبۇتلەندى»[83]، «تۈرك تاتلاشتى، تۈرك پارسلاشتى»[84]، «كەنچەكلەشتى» (كەنچەك قىياپىتىگە كىردى)[85]، «ئوغراقلاشتى» (ئوغراق قىياپىتىگە كىردى)[86]، «ئادەم ئوغۇزلاشتى» (ئادەم ئوغۇز قىياپىتىگە كىردى)[87] دېگەن قەيتلەر ئەنە شۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىچە، چېقىمچىلار «چامغۇت»[88] دېيىلسە، قۇرۇق تۆھمەت چاپلاش «يالالدى» ۋە «يالادى»[89] دېيىلەتتى. بويۇنتاۋلۇق قىلىش «ئارقۇقلىنىش»[90] دېيىلسە، ۋىلاڭ-تالاڭ قىلىش «ئۆپلەش»[91] دېيىلەتتى. باسقۇنچىلىقنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، دېدەكلەرگە باسقۇنچىلىق قىلىش «كۆچەندى»[92] دېيىلسە، ئوغۇل باللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش «كۆتلەش»، «كۆتلەتتى»[93] دېيىلەتتى، پارىخورلۇق بولسا «ئۆرۈنج»[94] دەپ ئاتىلاتتى.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە قاراخانىلار ئىچىدىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كەسكىنلەشكەن بولۇپ، ھاكىمىيەت تالىشىش، ئايلىق تالىشىش يۈزىسىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، سىياسىي سۇيىقەستلەر دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مىلادىيە 1056-يىلى يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا كۇپايە. ئاكادېمىك



بارتولدنىڭ «يەتتە سۇ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇغراخان مىلادىيە 1056-يىلى ئەتراپىدا ئارسلانخاننى ئەسىرگە ئېلىپ ئۇنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرغان بارلىق يەرلىرىنى ئۆز ئىگىدارچىلىقىغا ئالىدۇ. ئارىدىن 15 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى چاغرى تېكىن ھۇسەيىننى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋارىس قىلىپ بەلگىلىمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆزىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقىرىشنى كۆزلەپ خانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ[95]. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە بولىدىغان بۇنداق سۇيىقەستلەردە ئادەمنى تېز ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن «تالاغۇ» دېيىلىدىغان بىر خىل تېز ئۆلتۈرگۈچى زەھەر تاماققا ۋە ئىچىملىككە سېلىپ بېرىلەتتى[96]. بۇ خىل زەھەر بىلەن زەھەرلەنگەنلىكنى ۋاقتىدا سېزىۋالسا زەھەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن «ئۆرۈمتاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاش (پادىزەھەر) ئىشلىتىلەتتى[97]. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «تەرياق» (ئەپيۇن) دېيىلىدىغان بىر خىل زەھەر قايتۇرغۇچ بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا شۇ خىلدىكى زەھەرلەنگەنلەرگە بېرىلەتتى[98]. بۇ دەۋرلەردە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمىدىكى ئەمەلدارلارنى قاتتىق قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىگە چۈشۈرۈپ قويغان، بولۇپ، سۇيىقەستلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار بەزى ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللانغانلىقى مەلۇم. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، «چاتۇق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزىدىن پىچاققا ساپ ياسىلاتتى ھەم شۇ پىچاقنىڭ سېپى بىلەن تاماقتا زەھەرنىڭ بار ياكى يوقلۇقى تەكشۈرۈلەتتى. ئۇ، شورپا ۋە تاماققا سېلىنسا، تاماق (زەھەرلىك بولسا) ئۈتسىز

قايناتتى، قاچىغا سېلىنسا ھورسىز تەرلەيتتى (99). پادىشاھلار-نىڭ ئۆزىگىلا خاس داستىخان ۋە ئۇۋرىق (كوزا) لىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە «باشقىلار ئىشلەتمىسۇن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن تامغا بېسىپ قويۇلاتتى. بۇنىڭ ئۈستىدىكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىككە پادىشاھتىن باشقا كىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇلاردا بىر كىشىلىكلا تاماق ۋە شاراب بولاتتى. مانا مۇشۇنداق تامغىلانغان كىچىك داستىخانلار «تامغالىق» (100) دېيىلەتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گۇناھكارلارنى قاتتىق جازالاش توغرىسىدىكى باياتلىرىدا ھەممىدىن بەك دۆلەت ئىشلىرى جىنايىتىنى ئۆتكۈزگەن گۇناھكارلارنى، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ پىتنە-ئىغۋا تېرىغۇچىلارنى قاتتىق جازالاشنى، دۆلەت ئىشلىرىغا سادىق بولغان خادىملارنى خاتا جازالاپ قويماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىشى مۇنداق ئۈچ ئىشتا ئۆزىنى كۆزەتمىسە ئۆزىنىڭ بېشىنى يەر. بىرىنچى، بەگلەرنىڭ سۆزىنى ئەستە چىڭ تۇتماق؛ ئىككىنچى، تويلاڭ بولغان كۆڭلىرى ئەلگە ساداقەت بولۇش؛ ئۈچىنچى، سارايدا ئۆزىنى تۈز تۇتۇپ يۈرۈش، يارامسىز ئىشلاردىن ئۆزىنى يىراق قىلىش. ئەگەر بۇ ئۈچ ئىشتا كىشى غەپلەتتە قالسا ھەرقانچە يۆلۈك بولغان بىلەنمۇ بېشى كېسىلگەي. سۆزدىن يانمىغان، ئامانەت سۆزنى چىن، تولۇق سۆزلىگەن ئەلچىگە ئەيىب يوق. ئەلچى راست گەپ قىلسا قىينىماسلىق كېرەك. ئىشىتكەن سۆزنى چىن يەتكۈزسە، بۇنداق ئەلچىگە قىياش ۋە ئۆلۈم بۇيرۇلماس. ياسات قايدا بولسا بەخت توزۇپ قاچار، ياسات دائىم يەكلىكنى يۈزۈپ يۈرەر. پىتنىچى دائىم جاھان پىتنىسىنى تېرەر، (شۇڭا) ئۇنىڭ كاللىسىنى كەس. قىلىچ، ئاياق، قامچا يامانلارغىدۇر. يامانلار يامانلىقنى قويمىسا جازانى كېمەيتمە، ھامان قامچا ئۇر. ئەگەر يامانلار ئاياق



يەپ تۇرۇپمۇ تۈزەلمىسە سەن ئۇلاردىن مۇمكىنقەدەر ساقلانغىن (101).

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان قاماقخانا (تۈرمە) لىرى بولۇپ، ئۇ «قىسىغ» دەپ ئاتىلاتتى (102). بارسغان شەھىرىدە قاماقخانا ياكى زىندانلار «تۈنەك» (103) دېيىلەتتى. خان ۋە بەگلەر ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن سىياسىي ۋە جىنايى ئىشلار گۇناھكارلىرىغا ئالىي جازا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. جىنايى جازانىڭ تۈرلىرى ئون نەچچە خىلدىن ئاشاتتى. بۇلارنى چوڭ جەھەتتىن ئۆلۈم جازاسى، قاماق جازاسى، تەن جازاسى، سۈرگۈن جازاسى ھەم قىزغۇت جازاسى دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئۆلۈم جازاسى قىلىچ بىلەن كاللىسىنى چېپىش (104)، دارغا ئېسىش (105) ۋە بوغۇش (106) قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىجرا قىلىناتتى. باش كېسىدىغان جاللات «چاپتىغان ئەر» (107) دېيىلەتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەيت قىلىنغان «بەگ ئوغرىنى قاماتتى» (108)، «بەگ ئوغرىنى تۇتتۇردى» (109) دېگەن مەلۇماتلار بىز دەۋاتقان قاماق جازاسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قاماق جازاسى ئەينى زامان تىلى بويىچە ئېيتقاندا «بەكلەتتى» دېيىلەتتى. بۇ «تۇتقۇن» قىلىش (110) بولۇپ، تۇتقۇنلار تۆلەم بىلەن بوشىتىلاتتى (111).

تەن جازاسىنىڭ تۈرلىرى ھەر خىل بولۇپ، بۇ قوللارغا قوللىنىدىغان تەن جازالىرىنى ۋە جىنايى ئىشلار گۇناھكارلىرىغا قوللىنىدىغان تەن جازالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «بوشلاغلانسا بوخسوقلانۇر» (بويۇنتاۋلۇق قىلسا بويىنى زەنجىرلىنىدۇ) (112) دېگەن تەمسىلدىن قارىغاندا، ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان، نەسىھەتكە

قۇلاق سالمىغان، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان قۇللار ۋە ئەركىن خەلقلەرگە زەنجىرلەش جازاسى بېرىلەتتى. ئەسىر ۋە قۇللارنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان زەنجىر «بوخىوق» (113) دېيىلەتتى. «ئادەم قولىنى كىشەنلىدى» (114) دېگەن مەلۇمات قۇللارنىڭ كىشەنلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرسىتىپ تۇرسا، «قول بويىنى كەرتىلدى» (قول بويىنىغا ئەن سېلىندى) (115) دېگەن سۆزلەر قۇللارغا ئەنلەش جازاسىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ دەۋرلەردە «ئاتىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئاتىدىن كېيىن بالىغا ئارتىلاتتى» (116). ئوغرى جىنايەتچىلەر قولىغا چۈشكەندىن كېيىن يەڭگىللىرى قامچا ياكى چۇۋۇق بىلەن ئۇرۇلاتتى، بۇنداق قامچا ياكى چۇۋۇق «بەرگە» (117) دېيىلەتتى. ئېغىرلىرى باستۇرۇقتا بېسىلاتتى (118). پۇتىغا قۇۋۇق سېلىناتتى، قۇۋۇق «بۇقاغۇ» ياكى «بۇقوغۇ» (119) دېيىلەتتى. پۇتىنى قىستۇرۇپ ئىسكەنجىگە ئالاتتى (120). گۇناھكارلارنىڭ جىنايىتىگە ئىقرار قىلىشى «كۆندى» (121) دېيىلسە، ئىقرار قىلدۇرۇش «كۆنند كەردى» (122) ۋە «كۆنگەردى» (123)، دېيىلەتتى، گۇناھ «يازۇق» (124)، گۇناھكار «يازۇقلۇغ» (125)، قولغا ئېلىپ جازالىماق «يازۇقلىماق» (126) دېيىلەتتى.

بەگلەر گۇناھكارلارنى يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلىپ بالايتتى. بۇ «سۈردى» (127) ۋە «سۈرۈلدى» (128) دېيىلەتتى.

باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن گۇناھكارلارغا جامائەتنىڭ ئالدىدا توختىتىپ بېرىلىدىغان بىر خىل جازا بار ئىدى، ئۇ، ھازىرقى كۈندىكى كوچىغا ئاچىقىپ سازايى قىلىشنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ «قىزغۇت» (129) دەپ ئاتىلاتتى. بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتقانلىقى ياكى دەككە يېگەنلىكى، ياكى شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ پەندىيات چەككەنلىكى «قىزىلدى» (130)، «قىزغۇردى» (131) ياكى «قىزغادى» (132) دېيىلەتتى. گۇناھكارلارنىڭ ئۆز گۇناھىغا تەۋبە قىلىشى «ئۆكۈنچ» (133) دەپ ئاتىلاتتى.



خان، بەگلەر ئۆزلىرى گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قارىتا خالىغان چاغدا ئاختۇرۇش ئېلىپ باراتتى. ئۆي ئاختۇرۇش «يىندى»، «يىندتى» (134) ۋە «يىندۇردى» (135) «تۇربۇن» (136)، «ئۇشەل» (137)، «ئۇشەتتى» (138)، «ئارقادى» (139) (ئوغۇزچە) دېيىلەتتى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدىن بىلگەنلىرىمىزدىن قارىغاندا، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى فېئودال خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋاستىلەرنى ئىشقا سالغاندىن تاشقىرى يەنە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاشقا دائىر بەزى تۈزۈملەرنىمۇ ئورناتقانىدى. مەلۇم بولۇشىچە، خان، بەگلەر خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارنى ئورغۇن تارتۇقلار بىلەن ئالاھىدە مۇكاپاتلايتتى. بۇ «خان مۇكاپاتى» ئىدى. ئۇ «ئاچىغ» (140) دېيىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بەگلەر بەزى چاغلاردا ئۆزىنى خەلققە تالاتقۇزاتتى، يەنى ئۆزىنىڭ مال-دۇنيالىرىدىن خەلق ئاممىسىنىڭ مەلۇم ئۈلۈش ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. بۇ «يۇلۇتتى» (141) دەپ ئاتىلاتتى.

گەرچە ھۆكۈمران سىنىپلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى قوغداپ پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغان مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى مۇكاپاتلاش ۋە ئېھسان قىلىش تۈزۈملىرىنى ئورناتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىپ ھاكىمىيەتكە تەھدىت كەلتۈرىدىغان ئىشلاردا يەنىلا قاتتىق ۋە رەھىمسىز بولغان جازانى بىرىنچى ئورۇنغا قوياتتى. بۇ پۈتۈنلەي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىلگىرى گۇناھ

قىلىپ كېيىن گۇناھىغا تووۋا قىلغان بەزى ئۆزگىرىش ئىپادىسى بار ئازغان كىشىلەرنىڭمۇ جىنايى جازانىڭ سىرتىدا قېلىشى ياكى پەرقلەندۈرۈلۈپ كەڭچىلىككە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ جىنايەتنى جازالاش توغرىسىدىكى بايانلىرىدا مانا مۇشۇ بىر دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قانۇن-تۈزۈملىرىدە ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقان جازادا قاتتىق بولۇشنى قانداق قىلىپ جازادا يەڭگىلرەك بولۇشقا ئۆزگەرتىش، شۇ ئارقىلىق بەزى يېنىك جىنايەتنى ئېغىر جازالاپ نارازىلىق ۋە ناھەقچىلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىدە مۇكاپاتلاشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، جازالاشتا ئىمكان قەدەر ئېغىر بېسىق ۋە كەڭ قول بولۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا دەلىل-ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈلگەن ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىش، ئېلىنغان گۇۋاھلىق ئىسپاتلارنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئايرىپ چىقىپ، يالغان ئىسپات ۋە گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنى جازالاش قاتارلىق ئىنچىكە پىرىنسىپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«خەلقنىڭ خۇي-پەيلى ئۆزگىرىپ بۇزۇلسا، ئۇنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇتۇپ تۈزەت. ئېھسان قىلىدىغان جايدا تولا ئالدىرا، جازالاشتا ئېغىر بول. خادىملارنىڭ خاتالىقى بولسا ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ خاتالىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىماق كېرەك. گۇناھى بار بولسا تۇتۇپ جازالاش، بولمىغان بولسا دىلىنى ئاۋۇتماق كېرەك. بەك مۇلايىم ۋە كۆڭلى ئوچۇق بولسا، گۇناھلىق كىشىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسە، قوشۇن-ئەل ئىسسىنىپ كۆيۈمچان بولۇر،



كۆيۈمچان كىشىلەر ئىشچان بولۇر. بىرەر ئىشنى تەكشۈرمەكچى بولساڭ تېگى-تەكتىگىچە سوراپ تەكشۈرگىن، ئۇنىڭدىن نېمە چىقسا شۇنىڭغا قاراپ ھۆكۈم چىقارغىن. سۆزلىگۈچىنىڭ ھەممە سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭگە كېرەكلىكىنى ئال، كېرەكسىزلىرىنى تاشلا. راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، راستلىرىنى قوبۇل قىل، چېقىمچىلىق قىلىپ يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنى جازالا (142).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتا قاتتىق بولۇش ئىدىيىسىدە ئەقىلدىن ئاداشقان روھىي كېسەللەرگە جازا بىلەن مۇكاپاتنى باپ كۆرمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر تەلۋە كىشى بىر ئەرنى راست ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم يوق، قىساس ئېلىنماس. نېمىشقا دېسەڭلار ئۇ ئەقىلدىن ئاداشقان. ئەقىلسىز ئادەم مۇكاپات ۋە جازاسىز ئېرۇر» (143).

جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى قانۇن يولىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى ھەرقانداق دۆلەتتە ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، سەزگۈرلۈكى بەك كۈچلۈك بولغان رېئال مەسىلە. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دەۋردە ھەر خىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ھەر يەردە قاتراپ قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ نورمالنى تىرىكچىلىك قىلىشىغا كۈچلۈك تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قاراقچىلار «سەركەر» (144)، مال بۇلىغۇچىلار «تاۋار قاپغۇچى» (145) دېيىلەتتى. ئادەتتىكى ئوغرىلىق «قوندى» (146) دېيىلسە، مەخسۇس سودىگەرلەرنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ ئېلىۋېلىپ ئۇلارنى يالىڭاچلاپ قويۇش

قاتارلىق بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئوغرىلىق «چۇبارتتى» دېيىلەتتى(147)، ئانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان جىنايى قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇپ تۇرۇشى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى، جازالاشنىڭ قاتتىق ۋە كەسكىن ئەمەسلىكىدىن دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا ئۇ، بۇنىڭغا جىددىي تەدبىر كۆرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «شەھەر-كەنت ئىچىدىن ئوغرىلارنى تازىلا، كارۋان مۇساپىرلارنى ئەمىن يۈرۈت. پۈتۈن يوللارنى ئەمىن قىل، قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى يوقاتقىن. ئەل ئىچىدە زوراۋانلىقنى يوقات، يۇرت ئىچىدا قاراقچىنى تۈگەت. يامانىنىڭ خۇلقىنى جازالا-تۈزەت، يامانغا پەقەت يامانلىق يارىشۇر. (شۇڭا) يامانغا يا زەنجىر، ياكى زىندان كېرەك.»(148)

«قۇتادغۇبىلىك» تە «غەلىيان»، «مالىمان»، «توپىلاڭ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئۇچرايدۇ ھەمدە خان، بەگلەرگە «خەلقنىڭ مالىمانىدىن يىراق تۇر، ئامىمنىڭ توپىلىڭىدىن يىراق قاچ»(149) دەپ خىتاب قىلىنىدۇ. ھەرگىز خەلقنىڭ مالىمانىنى، ئامىمنىڭ توپىلىڭىنى جازالا ياكى باستۇر، دېگەن سۆز ئۇچرىمايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمى ۋە قاتتىق جازالىرىغا چىدىمىغان ئەمگەكچى مېھنەتكەشلەرنىڭ ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنىڭ خەلقپەرۋەر قەلەم ئىگىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تىلىدا شۇ زامانلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئوردا تەلەپپۇزى بويىچە سىلىقلاشتۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدە ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى ئازايتىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشى ئۈچۈن خەلقنىڭ رايىغا باقىدىغان جىددىي تەدبىرلەرنى كۆرۈشكە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتىلغان دانىشمەنلەرچە نەسىھەتتۇر.



## ئالتىنچى، ئەدلىيە خادىملىرىنى قاتتىق تاللاپ، قانۇننىڭ ئادىل توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش

ئەدلىيە خادىملىرىنى قاتتىق تاللاپ، قانۇننىڭ ئادىل ۋە توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش — يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇپ، دۆلەتنى روناق تاپتۇرۇشتىن ئىبارەت قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا تارىختىكى بارلىق ئىلغار تەرەققىيپەرۋەر قانۇنشۇناسلار تەرىپىدىن ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىنغان تېما.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئەلدە توغرا ۋە ئادىل قانۇن تۈزۈلۈشتىن تاشقىرى يەنە قانۇننى توغرا، ئادىل ئىجرا قىلىدىغان، پاك-دىيانەتلىك بىر تۈركۈم ئەدلىيە خادىملىرى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇ چاغدىلا قانۇننىڭ ئادىل ۋە توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىپ، دۆلەتنى تۈزەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ خان، ۋەزىر، بەگ، ھاجىپ، قازى، مۇھتەسىپلەرنى قانۇن تۈزگۈچىلەر ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلار دەپ قارايدۇ. ئۇ، بىرىنچىدىن، يۇقىرىقى قانۇن تۈزگۈچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارلارنى ناھايىتى ياخشى تاللاش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا قانۇن ئىلمىنى ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقىنى، ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ قانۇن سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىش لازىملىقى، قانۇن بىلەن تەرتىپنى ئۆزى

تۈزگەن تۈرۈۋقلۇق ئۆزى بۇزماسلىقنى، قانۇننىڭ ئاكتىپ ئىجراچىلىرىدىن بولۇشنىڭ لازىملىقى، شۇنداقلا كەسپىي ساپاسىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «(ئەدلىيە خادىملىرى) خەلقنى قانۇن بىلەن تولۇق كۆزەتسۇن. ئەلدە يارامسىز قىلىقلار يوقالغان بولسۇن. قانۇن بىلەن تەرتىپنى بىز تۈزىمىز، ئۇنى يەنە ئۆزىمىز بۇزساق ياراشقايمۇ؟ دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزگۈچى خادىملىرى راست بىلەن يالغاننى، ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتەلمىسە، ئۇنى قانداقمۇ قانۇن تۈزگۈچى دېگىلى بولسۇن؟» (150)

## يەتتىنچى، ھەم قانۇننىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم روھنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش

ھەم قانۇننىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم روھنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلەش — يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام ۋە ئەركانلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر بەلگە.

«قۇتادغۇبىلىك» تە، گەرچە ئىسلام قانۇنىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى بولغان «قۇرئان»، «ھەدىس» شۇنداقلا شەرىئەتشۇناس ئۆلىمالارنىڭ قانۇن تەفسىرلىرىدىن نەقىل ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا قانۇنشۇناسلىق كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە دىن كۆز قاراشلىرى بىلەن، قانۇن-مىزانلارنىڭ ئەخلاق ۋە دىنىي مىزانلار بىلەن بولغان بىرىكچانلىقىنىڭ بەزى روشەن ئامىللىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ، ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمرانلار ئاللا تەرىپىدىن تىكلەنگەن، دېگەن ھۆكۈمرانلىق ئىدىيال



چۈشەنچىسىدە، ھۆكۈمرانلارنى ئادىل قانۇن تۈزەشكە يېتەكلەپ ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىش بىلەن ئاخىرەتتە ياخشى كۈنگە ئېرىشىشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۈندەشلىرىدە شۇنداقلا خۇدا ئالدىدا قۇل بىلەن بەگنىڭ مەرتىۋىدە ئوخشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى باياناتلىرىدا ئىپادىلەنگەن.

ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«بەگلەر خۇدادىن قورقىدىغان ئېرۇر. قايسى ئەلدە قانۇن تامامەن ياخشى يولغا قويۇلىدىكەن، تەڭرى بۇ بەگلىكنى جەزمەن ئۆرە قىلىدۇ. بەگلەر خەلققە توغرا قانۇن تۈزۈپ بەرسە، قىيامەتتە ئۇنىڭ كۈنى ياخشى بولغاي. قۇل بىلەن بەگ ھەر ئىككىلىسى خۇدانىڭ قۇلى، بۇ قۇللۇقتا ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاشتۇر. پېقىر ۋە بايلار ھەر ئىككىلىسى ئۆلۈمدىن كېيىن قارا يەر قېتىدا باراۋەر بولۇرلەر. ناۋادا قانۇن بىلەن ئەلنى باشقۇرىدىغان خانلار بولمىغان بولسا، خۇدا يەتتە قات زېمىننى بۇزغان بولاتتى.» (151)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جىنايەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولىدىغان سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى ئامىلنى جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەمنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىپ ئۆز رىزقى بويىچە يېمىگەنلىكىگە تۈگۈنلەيدۇ ھەم گۇناھكارلارنى خۇداغا ئىشىنىپ ئۆز ئۈلۈشى بويىچە ئاش-نان يېيىشكە ئۈندەيدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«ئوغرى، مەككار، ئالدامچى، قاتىل، باسمىچى، قاراقچى ۋە قىرغىنچىلار تامامەن كىيىم-كال ئۈچۈن مال يىغار، ئۇلار بىلمىسىزلەردۇر. بۇ قىلمىشلار بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ قىلىقىدۇر. ناۋادا ئۇلار خۇداغا ئىشەنگەن بىلىملىك كىشىلەر بولغان بولسا ئىدى، (ئۇ ھالدا) ئۆز ئۈلۈشى بويىچە ئېشىنى تولۇق يەيتتى.» (152)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئۇچرايدىغان قانۇن ئاتالغۇلىرىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تەڭرى ئىرادىسى بىلەن قانچىلىك چىرمىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، گۇناھ قىلغان ئادەمنى قاماش، قىيناش، زىندانغا سېلىش قاتارلىق جازاغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىنمۇ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، بۇ دۇنيانى زىندانغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ: «ئادەم ئەلەيھىسسالام گۇناھ قىلغاچ تەڭرى ئۇنى قىيىندى، دۇنيانى زىندان قىلىپ ئۇنى قامىدى» دەيدۇ(153)، بۇ قاراش ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىكى ئىنكاسى بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، بۇ يەردە گۇناھنى «يازۇق»، تەڭرىنى «بايات»، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى «ئاپا»، زىندانىنى «تۇنەك» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ تەڭرى جازاسى ئۈستىدە گەپ قىلىۋېتىپ، گۇناھنى «يازۇق»، زىندانىنى «تۇنەك» دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ خان، بەگلەرنىڭ گۇناھكارلارغا قوللىنىدىغان ئەمەلىي جازالىرىغا بەرگەن تەبىرلىرىگە ئوخشايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بەگلەرنىڭ جازالىشى بىلەن تەڭرىنىڭ جازالىشى شۇ ۋاقىتلاردا سۆزدە بىر مەنە ئاڭلىتىپ، ئوخشاشلا «قىينادى» دېيىلەتتى(154).

دېمىسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈپ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن بۇ دۆلەتتە «جىنايەت» ۋە «جازا» نىڭ ئۇقۇملىرى ئىدېئولوگىيىلىك مەزمۇن بىلەن بىر ئىدى. شۇڭلاشقا قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ قانۇن-مىزانلىرىغا خىلاپ ئىش قىلغانلارنى «يازدى» (گۇناھ ئۆتكۈزدى دېگەن مەنىدە) دەپ جازالايتتى. بۇنداق جازالاش ئۇلارچە «بايات» (ئاللا) ئىرادىسىنىڭ ھۆكۈمرانلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىدە ئەكس ئېتىشى ئىدى. چۈنكى، ئۇ زامانلاردا مۇنداق بىر ئۇقۇم يەنى



«ئادىل پادىشاھ بەندىلەرنىڭ بېشىدىكى خۇدانىڭ سايىسى-دۇر» دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئىدى. شۇڭلاشقا، يۇقىرىلار ئىچىدىكى «گۇناھكار» لارغا بېرىلىدىغان جازالار ئاللانىڭ نامىدىن ھۆكۈم قىلىنىپ، ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «گۇناھكار»، «يازۇقلۇغ» لارنىڭ «گۇناھ» تىن كېچىش ياكى گۇناھىنى ساقىت قىلىش، كۆپ «ئازاب» لانغانلارنىڭ «شەپقەت»، «رەھمەت» كىمۇ ئېرىشىشى، «جازا» نىڭ «ئازابى» دىن قاتتىق قورقۇپ، «رەھمەت» نى كۈتۈپ تۇرۇش قاتارلىق قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نازۇك مەسىلىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپتا «بايات» (خۇدا) نىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تە: «گۇناھكار قۇلغا خۇدانىڭ پەزلى بار»، خۇدانىڭ «ئازابى كۆپ بولسا، رەھمىتىمۇ كۆپ»، شۇڭا گۇناھكارلار «ئازابىتىن قاتتىق قورقۇش، رەھمىتىنى كۈتۈش» كېرەك، دەيدۇ(155).

جازالاش بىلەن كەڭچىلىك قىلىش، جازالىنىش بىلەن كەڭچىلىككە ئېرىشىش ئەزەلدىن قانۇننى ئىجرا قىلىشتىكى ئەجەللىك مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ جېنى كىمنى قول قىلىش ۋە كىمگە قوللۇق قىلىش، قانداق قول قىلىش ۋە قانداق قوللۇق قىلىش مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. دىنىنىڭ ئاسارىتىدىكى قوللۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دۆلەتتە، قوللۇق قىلغۇچى قانۇن ئۇقۇمىدىن ئېيتقاندا، «گۇناھكار» دۇر. قول قىلغۇچى بولسا، ئەنە شۇ «گۇناھكار» نىڭ «گۇناھ» ىنى ئۆلچەپ، ھۆكۈم قىلىپ جازا كەسكۈچىدۇر. شۇڭلاشقا، «گۇناھكار» لار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ «گۇناھ» ىنى كېمەيتىش، ساقىت قىلىش ۋە كەڭچىلىككە ئېرىشىش يولىدا ھۆكۈم قىلىپ جازا كەسكۈچىگە قوللۇق قىلىش

مەسىلىسى مەۋجۇت. مانا مۇشۇنداق قىلىنىدىغان «قۇللۇق» يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە «خۇدانىڭ ئەدلىدىن چۆچۈپ يۈرۈش»، ئۇنىڭ «پەزلىدىن ھەمىشە ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇش» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ، دەپ قارالغان. شۇڭا بۇ، قۇللۇقنىڭ مەزمۇنى «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ھەمىشە خۇدانىڭ ئەدلىدىن چۆچۈپ يۈرۈش، ئۇنىڭ پەزلىدىن ئۈمىد كۈتۈپ تۇرۇش» تىن ئىبارەت دەپ بەلگىلەنسە، بۇ قۇللۇقنىڭ دائىرىسى «مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ»، «گۇناھ يۇقمىسۇن دېسە، قۇلى ئەقىللىك، ئويغاق، ھوشيار تۇرغۇلۇق» لازىم دەپ كۆرسىتىلگەن (156).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يەنە بىر مەسىلە باركى، يەنى ئۇ بولسىمۇ قانۇننىڭ خۇدا تەرىپىدىن تۈزۈلۈشى ۋە ئاخىرەت جازاسى ھەققىدىكى بايانلىرىدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇدا ئادەمنى دوزاخ ياكى جەننەت ئۈچۈن ياراتقان، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنە قايتا تىرىلىدۇ. ئاللا — ئادىل قانۇن تۈزگۈچى ھەم سوراق قىلىپ ھېساب ئالغۇچى، ئىنسان ھېساب بەرگۈچىدۇر. ئىنسانلار پانىي دۇنيادا قىلغان ئىش-ئەمەللىرىدىن ئۇ دۇنيادا ئاللا ئالدىدا ھېساب بېرىدۇ. ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان بولسا جەننەتكە كىرىدۇ، گۇناھ قىلغان بولسا دوزاختا تاشلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇ، بۇ ئىدىيىسىدە «ئاللا»، «گۇناھ»، «ساۋاب»، «دوزاخ»، «جەننەت» دېگەنلەر ئۈستىدە خېلى كۆپ توختالغان بولسىمۇ، ئۇنى ئېزىلگۈچى مېھنەتكەشلەرنى ئېزىش ھېسابىغا ئۆزى پاراغەت كۆرىدىغانلارغا يان بېسىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەزگۈچى كۈچلەرنىڭ كەيپ-ساپا تۇرمۇشقا بېرىلىپ كەمبەغەللەرنىڭ



پېقىرلىق تۇرمۇشى بىلەن كارى بولمىغانلىقتىن ئىبارەت جىنايى قىلمىشقا خاتىمە بېرىش ۋە ئۇنى چەكلەش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتىكى ھەر بىر بايانلىرىدا ئۇلۇغلۇقتا گۈۋۈنىپ، زەۋق-ساپا قوغلىشىپ، ھاياتىنى يەپ-ئىچمەك بىلەن ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمرانلارغا، بەگباش يۈرگەن خەلق ئۆكتەمەلىرىگە، ئۆز مەيلىچە يۈرگەن گۇناھكار مەئىيۇپلارغا ھەرقاچان، ھەر زامان ئاللانىڭ قانۇنى ئالدىدا ھېساب بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇرۇشى لازىملىقىنى ئۇچۇق ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«قۇدرەتلىك بايات ئادەم ئوغلىنى ئىككى ئىش ئۈچۈن يەنى دوزاخ بېگى ۋە جەننەت بېگى بولۇش ئۈچۈن ياراتتى. قادىر ھەق-ئادىل قانۇن تۈزگۈچى، ئۇنىڭ ئۆزى ياراتقان پۈتۈن خەلققە كۈچى يەتكەي. ئاخىرەتتە خۇدادىن سوراق بولىدۇ، خۇدا سورىقى گۇناھكارغا تۇزاق بولىدۇ. قىيامەتتە تەڭرى سېنىڭدىن سورايدۇ، خالىسىڭ ئۈچۈن جاۋابىنى تەييار قىل. كىم مەست بولۇپ ئۇلۇغلۇقتا گۈۋۈنىدىكەن، شۇ قارا يەر تېگىدە جازاسىنى يەيدۇ. خۇدا بوينۇڭغا ئامانەت يۈكلىگەن، ئېلىڭدە كېچىسى بىرەرى ئاچ قالسا، تەڭرى سېنىڭدىن شۇنى سورايدۇ. زەۋق-ساپا قوغلاشما، ئۇنىڭ جازاسى قاتتىقتۇر. بەگباش يۈرگۈچى خەلق ئۆكتەملىرىگىمۇ ھەقنىڭ سورىقى بار، جاۋابىنى تەييارلاش كېرەك، مەيلىچە يۈرگەن گۇناھكار مەئىيۇپلاردىنمۇ ھەق بىر كۈنى سوراقچى بولۇپ سورايدۇ.»(157)

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئورغۇن سەھىپىلىرىدە «ھارام»، «ھالال»، «ئەزىز»، «خار»، «ئۇ دۇنيا» ۋە «بۇ دۇنيا» دېگەنگە ئوخشاش قويۇق ئىسلام پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان خاس دىنىي ئاتالغۇلار ناھايىتى جىق ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەندە ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنى خۇدانىڭ نامى بىلەن ئەيمەندۈرۈپ

گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىككە يېتەكلىگەن ئەقىدىلىرىنى شەرھلەش بىلەن بىللە يەنە ئەڭ مۇھىمى بۇ ئەقىدىلەرنى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ رېئال ھاياتىغا ئىنچىكە تەتبىقلاپ، ئۆزىنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك مەيدانى ۋە كۆز قاراشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئۇ، ھۆكۈمرانلارغا ھالال بىلەن ھارامنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، ھالال ياشاپ ھارامدىن ساقلىنىش، خۇدانىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئادالەت يولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى خار قىلماي ئەزىز قىلىش، كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئالماسلىق ۋە قان تۆكمەسلىك، بۇ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكنى تاشلاپ، ئۇ دۇنيانىڭ بەخت-پاراغىتىنى ئىزدەش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ.

ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«ئىنسان ئۆزىنى ھارامدىن توسمىقى كېرەك، ھارام يېگۈچىنىڭ ئورنى دوزاخ تېگى بولىدۇ. ھالالغا ھېساب، ھارامغا ئازاب بار. ئەگەر كىشى خۇدادىن قورقىدىغان بولسا، شەك-شۈبھىسىز توغرا يولنى تۇتار. خۇدا ئىنساننى بۇ دۇنيادا خار ياكى ئەزىز تۇرۇشقا ياراتتى ۋە ئەزىزلىك بىلەن خارلىقنىڭ يولىنى ئايرىپ كۆرسەتتى. بۇ دۇنيا مۇسۇلمانغا بىر زىنداندۇر، بۇ زىنداندىن كۆڭۈلنى ئۈزۈپ، ھۇزۇر كۈتمەسلىك كېرەك. يۈز ئۆرۈپ بۇ دۇنيانى تاشلاش زۆرۈر، شۇ چاغدا ئۇ دۇنيا قولۇڭغا كېلۇر. ئۇ دۇنيادا ياخشى جاي تاپماق ئۈچۈن ئىنسان جاھان ئارزۇسىنى تامام تاشلىغاي. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تولۇق تەرك ئەتمەي تۇرۇپ، ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى قىلغىلى بولماس. ھەۋەسنىڭ بويىنىنى ئۇرۇۋەتمىگۈچە ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى ھەق-رۇسلۇق يولىنى تاپالماس. غاپىل بولما، بولساڭ بەگلىك كېتەر، غاپىل ھەر ئىككى جاھاندا ئاھ چېكەر. كىشى مېلىنى ئالما ھەم قان تۆكمە، بۇ ئىككى



گۇناھتىن جان ئىڭراپ چىقار. ئۇ دۇنيانى تاپاي دېسەڭ ئادالەت يولىنى تۇت. دوزاختىن يىراقلاشقا تىرىشقىن، دائىم ياخشىلىق قىل، خۇدا سېنى ساقلايدۇ» (158).

ناھايىتى روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئىدىيىسىدە «ئەزىز»، «خار» كەلىمىلىرىگە بۆلەكچە تەبىر بېرىپ، ئېزىز-خار بولۇشنى قانداقتۇر «ئېسىلزادىلەر ئەزىز، تېگى پەسلەر خار» دەپ ئەمەس بەلكى ئادالەت يولىنى تۇتقانلار ئەزىز، جاھالەت يولىنى تۇتقانلار خار، ئەزىزلەر جەننەتكە كىرىدۇ، خارلار دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ تەرىپلەيدۇ. ئۇ، «ھالال»، «ھارام» كەلىمىلىرىنى ئىسلام دىنىدا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئېيىشكە رۇخسەت قىلىنغان يېمەكلىكلەر بىلەن ئېيىش مەنئى قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇشتىن كۆرە، ئەڭ مۇھىمى ئىنساننىڭ ساپ مېھنىتى بەدىلىگە كەلگەن ھالال دۇنياسى بىلەن باشقىلارنى قاقتى-سوقتى قىلىش بەدىلىگە كەلگەن ھارام دۇنياسىنى پەرقلەندۈرۈشكە خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئەلا بىلىدۇ.

ئۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەخلاقىي-پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى قانۇننىڭ بۇزۇلغانلىقى دەپ قارايدۇ، ئەمما ئۇ قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى قانۇنسىز ئەمەلدارلارنى گۇناھكارلارنى جازالىغاندەك جازالاپ قامچىلاش ياكى زىندانغا تاشلاشنى سۆزلىمەيدۇ. ئۇ، خان، بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشقا ۋە بايلىق تۇپلاشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن خانلىقتا بۇلغىنىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى خۇسۇسىي ئىمتىيازلارنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ، جاھاندا پارىخور، مۇناپىق ئەمەلدارلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇنداق مۇناپىق، پارىخور ئەمەلدارلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاشنى تىلغا ئالمايدۇ. ئەكسىچە،

پارىخورلۇقنى خۇددى يالغۇز «ھاجىپ»لار بىلەن «پۈتۈكچى»لەرلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خاس قىلمىشتەك ھالەتتە يەڭگىل سۆزلەيدۇ ۋە خان، پادىشاھلارنى ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇشقا، ئاچكۆز بولماسلىققا، قانائەتچان بولۇشقا تەنبىھ-نەسىھەت قىلىش يولى بىلەن ئۈندەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» كە قارايدىغان بولساق، پارىخورلۇق ھەققىدىكى بايانلار پەقەت داستاننىڭ 31-بابى — «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لايىقلىقى توغرىسىدا ئېلىگكە ئېيتقانلىرى» دىن باشقا بابلاردا تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«ھاجىپلار ئىشنى پارا ئالماي قىلسۇن، يىراقلارنى بەگكە يېقىن ئەيلىسۇن. كۆزى توق ئادەم پارا ئالماس. ھاجىپ پارا ئالسا كۈلكىلىك بولۇر. ھەرقانداق ئوڭۇشلۇق ئىشنىمۇ پارا بۇزار، پىششىق ئاشنىمۇ پارا خام قىلار» (159).

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلارنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرىدە «مال-دۇنياغا بولغان تەمەگەرلىك سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، مال-دۇنيانى كۆرسە خۇددى تاپقا قونىدىغان ئۇس (تاپقۇش) تەك ئېتىلىدۇ» غان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى (160). بۇنداق ھالەت تەبىئىي ھالدا خانلىقتىكى نەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىك ۋە پارىخورلۇق ئىللەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنى شۇ دەۋردە خەلق ئىچىدە تارقالغان خەلق ماقاللىرى تېخىمۇ ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە «قالىن بولۇتوغ تۇپى سۈرەر، قاراڭغۇ ئىشىغ ئورۇنچ ئاچار»، «تامۇ قاپۇغىن ئاچار تاۋار» ۋە «قارا بۇلتىغ يەل ئاچار، ئورۇنچ بىلە ئەل ئاچار» دېگەنگە ئوخشاش ماقاللار خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى بۇ ماقاللارنىڭ بىرىنچىسىنى



«بۇنىڭ مەنىسى ئاسماننى قاراڭغۇلاشتۇرغان بۇلۇتنى بوران ئاچىدۇ، پادىشاھلارنىڭ ئىشىكىدىكى قاراڭغۇلۇقنى پارا ئاچىدۇ، دېگەنلىك. بۇ ماقال پارا تەمەسىدىكى ئادەملەر ۋە پادىشاھلارغا قوللىنىلاتتى» (161) دەپ، ئىككىنچىسىنى «بۇنىڭ مەنىسى پارا دوزاخنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىدۇيۇ، باشقىنى ئاچالامدۇ؟ دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرمەكچى بولغان كىشىنىڭ پارا بېرىش كېرەكلىكىگە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ» (162) دەپ، ئۈچىنچىسىنى، «بۇنىڭ مەنىسى قارا بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىۋالغاندا، ئۇنى شامال تارقىتىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشىكىنى پارا ئاچىدۇ، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ماقال ئىشنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن مال-مۈلكىنى ئايىماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ» (163) دەپ شەرھلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى رېئاللىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئالمايدۇ ھەم ئۇنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللانمايدۇ، ئەكسىچە پادىشاھلارنى ئۇياتلىق بولۇش، ئىنساپلىق بولۇش، ئاچكۆز بولماسلىق قاتارلىقلارغىلا ئۈندەيدۇ، خالاس. بۇنى ئۇنىڭ ياخشى ئەخلاقىي-پەزىلەتنىڭ كىشىنى يامان ئىشلاردىن توسۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلىرىدىنلا ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«خۇدا كىمگە ئۇيات، ياخشى خۇينى بەرسە، يەنە دۆلەت بىلەن كۆپ شان-ئابرويىنىمۇ بېرىدۇ. ئۇيات بىرلە ئەر كىشى ئابرويلۇق بولار، ئادەم كۆزى ئۇيات بىرلە نۇرلىنار. ئۇيات — ئىنساننى بارلىق يامان ئىشلاردىن توسقۇچى ھەم پۈتۈن ياخشى ئىشلارغا ئۇلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇيات كىمدە بولسا شۇ سىلىق خۇيلۇق بولىدۇ، ناچار ئىشلارغا ھەرگىز قول سۇنمايدۇ. كىشىنىڭ سەر خىلى ئۇياتلىق كىشىدۇر، ئۇياتلىق كىشى كىشىلەر بېشىدۇر. ئۇياتسىز كىشىلەر ئادەملەرنىڭ ئەڭ رەزىلىدۇر، ئۇلار دۇرۇس سۆز سۆزلىمەس. ئۇياتسىز كىشىنىڭ يۈزى بىر گۆشسىز سۆڭەكتۇر،

ئۇنىڭ كۆزى بولسا ئېتىلمەس تۈشۈكتۇر. ئۇياتسىز كىشىدىن تېزىپ نېرى تۇرۇش، ئۇياتلىققا ئالقىش ياغدۇرۇش، ئەدەبسىز پەسكە قوشۇلماسلىق كېرەك» (164).

مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە، كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى تەس بولۇپ، خۇددى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كىتابىدىكى «قىشتا لاي پاتقاقلار يۇغۇرۇلۇپ، ئۇيۇپ كېتىدۇ، يوقسۇل-يوپۇنلار دۈگدىيىپ توڭۇلۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بارماقلىرى قورۇلۇپ، قوۋۇشماي قالىدۇ-دە، بىرەر پارچە چوغ بىلەن سۇيۇلۇپ كېتىدۇ» (165) دېيىلگىنىدەك ئىدى. ئەمما خان، پادىشاھ، بەگ، خېنىملار ھېچنېمىدىن غەمسىز ھالدا ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى. ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، زىنا قىلىش قاتارلىقلار ئۇ چاغدا ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ ئويۇن-تاماشىلىرىدا سازەندىلەر ساز چالسا، دېدەك قىزلار ناخشا ئېيتاتتى. ئۇلار مانا مۇشۇ يول بىلەن كۆڭلىنى خۇش ئېتەتتى.

«دىۋان لۇغەت تۈرك» تىن مەلۇم بولۇشىچە، دېدەكلەر «كۈڭ» دېيىلەتتى (166) دېدەكلەر قورچاقتەك ياسىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا «قاچاچ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل چىن دۇردۇنىنىڭ ئېتى ئىسىم قىلىپ قويۇلاتتى (167) كېنىزەكلەر «ئۈنچە» گە تەقلىد قىلىنىپ «يىنجۇ» دېيىلەتتى (168) سازەندە ۋە ناخشىچىلار «يىراغۇ» (169) دەپ ئاتىلاتتى. قىمار ئويناش ئومۇمىي ئەھۋالغا ئايلانغان بولۇپ، بەگلەر يارماقلىرىنى (170)، ساۋۇتلىرىنى (171) تىكىپ قىمار ئوينايتتى. قىسقىسى، بۇ دەۋردە «ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ گۆشى بۇزۇلۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى پەردە سۈرىلىپ يۇرمەكتە (172) ئىدى.

بۇ خىل ئەھۋاللار يۈسۈپ خاس ھاجىپتا «گۇناھ»، «يامان قىلىق» ۋە «بۇزۇقچىلىق» دەپ قارىلىدۇ، ئەمما قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ



ئەمەس بەلكى تەنبىھ، نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق توسۇش ھالىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ خانلىققا ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ:

«جاھان تۇتقۇچى ئويۇنغا بېرىلسە، دۆلەتنى بۇزار. جاھان خانلىرى شارابقا ئۆگەنسە، دۆلىتى ۋە خەلقى كۆپ زىيان چېكەر. بېگى مەيخور، قوپال، بۇزۇق ئادەم بولسا، بارلىق خەلقى تولۇق ھاراقكەش بولۇر. مەي ئىچسە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن نەچچىسى تاشلىنىپ قالار، بولمىغۇر ئىشلاردىن نۇرغۇنلىرى بولار. خان مەي ئىچىپ ئويۇنغا بېرىلگەندە ئۇنىڭ ئېگى دۆلەت ئىشىغا قاچان يەتكەي؟ خانلىقنىڭ ئىشىنى ۋاقتىدا قىلمىسا، ئۇنى قوش سېلىپ قوغلىسىمۇ تۇتالماس. ھاراق ئىنسانىنى مىڭ گۇناھقا پاتۇرغاي. زىنادىن بەخت قېچىپ يۈز ئۆتكۈلەر. مۇبارەك بەخت بۇ قىلىقلاردىن قاچار، ئۇ، ئەرگە پېقىرلىق يولىنى ئاچار. پېقىر بولماي باي بولاي دېسەڭ مەي ئىچمە. بۇزۇقلۇقتىن يىراق بولغىن. زىنا قىلما، پاسىق دەپ ئاتاق ئالما، كىشى غەپلەت ئىچىدە ياشاپ ئۆتسە، ئۆزىنى ئەيىبلىك ساناپ ئۆتكۈنسۇن» (173).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق توغرىسىدىكى ئەھكاملىرى بىلەن بولغان ئۇيغۇنچىلىقى ئۇنىڭ خەير-ئېھسانىنى ئاللا يولىدا ساۋاب تېپىش مەقسىتىدە قىلىش لازىملىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ، خان، پادىشاھ، بەگلەرنى ۋە بايلارنى مال-دۇنيانى ھالالدىن تېپىشقا ۋە شۇ ھالالدىن تاپقان مال-دۇنيالىرىنىڭ بىر قىسمىنى كەمبەغەل، ئاجىز يېتىم-يېسىرلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئاخىرەتتە ساۋاب تېپىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللا يولىدا قىلىنغان مۇشۇنداق خەير-ئېھسانلار بەندىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلالايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

« ھالالدىن مال تېپىپ يېمەكلىك، يوقسۇللارغا بىر قىسمىنى بەرمەكلىك كېرەك. پېقىرلارغا كۆمۈش، مال-تاۋار بەرسەڭ، خۇدا خالىسا گەر بالانى توسار. كىشى بۇ دۇنيا تىلىسە كۆمۈش تاراتقاي، ئۇ دۇنيا ئۈچۈنمۇ قۇتۇلۇشنىڭ يولى شۇدۇر. شۇڭا كىشىگە مال ئۆلەشتۈر، يېدۈر، ئىچۈر. ئۇ سېنى كەچۈرگەي. ئەلگە ئېھسان قىلىپ ساۋابنى ئال. پېقىرلارنى مېلىڭ بىلەن يۆلە، بۇ ساڭا ساۋابتۇر. سېنى ئۆلۈم تۇتسا مال-دۇنيالىرىڭ قېپقالىدۇ، ئوغۇل-قىزلىرىڭ ئۇنى، يامانلىققا قورال قىلىدۇ. شۇڭا ئۆلۈشتىن بۇرۇن تارات، ھېسابتىن قۇتۇلۇپ ساۋاب ئالىسەن، ئايا خەلق ئىچرە باي بولغان خىل ئەر، مېلىڭنى تارقىتىش بىلەن ساۋاب تاپ. ئەي ئاچكۆز، تەمەخور، بېخىل ئەر، ئۆلۈمدىن بۇرۇن مال ئۆلەشتۈرۈپ بەر. قىيامەت — ئىنساننىڭ ھېساب بېرىدىغان كۈنى، ئۇنى چۈشىنىپ دورۇسلۇق بىلەن يۈر »(174).

مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى بەزى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرى ئويۇشتۇرغان خان زىياپىتى ۋە بايراملاردا مال-دۇنيالىرىنى يېتىم-ئوغۇل، تۇل خوتۇن، ئاجىز بىچارىلەرگە خۇدا يولىدا ئېھسان قىلىپ بېرەتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ساۋاب تېپىپ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۇزاققا داۋام قىلىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەر ئىككىلا دۇنيادا ئوبدان كۈن كۆرۈشىنى ئارزۇ قىلىشاتتى. بۇ ئەھۋال «قۇتادغۇبىلىك» تە: «ئېلىگ يېتىم-پېقىرلارغا مال-مۈلۈكلىرىنى تاراتتى، يوقسۇللارغا ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئۆلەشتۈرۈپ بەردى »(175) دەپ قەيت قىلىنسا، «دىۋان لۇغەت تۈرك» تە: «بايراملاردا ۋە خانلارنىڭ زىياپەتلىرىدە يۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇز گەز ئېگىزلىكتە مۇنار شەكلىدە داستىخان رۇسلىناتتى، بۇنداق داستىخان كەنچىلىۋ دېيىلەتتى » دېيىلگەن(176). بۇنى ھازىرقى ئۆلچەم بىرلىكىگە سۇندۇرغاندا ئون مېتىر ئېگىزلىكتە بولغان بولىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىسى مەلۇم



مەنىدىن ئېيتقاندا، قاراخانىلارنىڭ مەلۇم دەۋرلىرىدە جاھاننى بۇزۇۋاتقان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى توسىدىغان توسۇقچى بولغان.

خۇلاسىلىگەندە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن سەھىپىسىدە بىزگە ئايان بولغان يۇقىرىقى ئىدىيىلىرى شۇ دەۋرنىڭ مۇرەككەپ سىياسىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن. يەنە كېلىپ شۇ مۇرەككەپ سىياسىي ئىجتىمائىي ھايات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئۆزگىچە شانلىق قانۇن نەزەرىيىسىدۇر. لېكىن بىز شۇنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلاردىن ئىبارەت قويۇق ئىسلام مۇھىتىدا ياشىغان تەقۋادار مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرى بولغاچقا، بىز يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكەن ئۇنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسى ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي قاراشلىرى بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇلغان. شۇڭا ئۇ، قانۇن كاتېگورىيىسىدىكى ھەربىر مەسىلىنى شەرھلىگەندە تەقدىر-ئىلاھىيەتچىلىكتىن ئىبارەت تېئولوگىيىلىك قاراشلاردىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ ياشىغان دەۋر شارائىتىدىن ئالغاندا ئۇنداق قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بارلىق ئىلغار ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىغا ئوخشاش يول تۇتتى. بىز پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە ئورلىنىپ تۇرغان رېئال ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە ھەقىقانىي، خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرىنى قەدىرلەيمىز ۋە ئەينەك قىلىمىز.

ئىشىنىمىزكى، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنشۇناسلىقىمىز ئۆزىگە ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىنى يېتەكچى قىلىپ ئىلگىرىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىگە ئىجادىي ھالدا ۋارىسلىق قىلسا ۋە بۇنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تېخىمۇ

ئوبدان بەھىر ئالسا، ئۇلۇغ جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىدىكى ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئورتاق گۈللىنىش يولىدا يېڭىچە قەدەم تاشلاپ ئىلگىرىلىمەيدۇ.

---

(1) «قۇتادغۇبىلىك»، 219، 252، 258، 259، 269، 2017-بېيتلارغا قارالسۇن.

(2) «قۇتادغۇبىلىك»، 290، 291، 292-بېيتلارغا قارالسۇن.

(3) م. س. ئىۋانوۋ: «ئىران تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار» خەنزۇچە، 1958-يىل 2-ئاي بېيجىڭ بىرىنچى نەشرى، 35-بەت.

(4) «قۇتادغۇبىلىك»، 680، 681، 682، 683، 684، 685، 686، 687، 688، 689، 690-بېيتلارغا قارالسۇن.

(5) «قۇتادغۇبىلىك»، 454، 545، 5902، 5903، 5909، 1460، 1461، 1456، 1459، 5737، 5738-بېيتلارغا قارالسۇن.

(6) «قۇتادغۇبىلىك»، 2035، 2024، 2030، 2034-بېيتلارغا قارالسۇن.

(7) «قۇتادغۇبىلىك»، 5560، 5561، 5562، 5563، 5564، 5565، 5566، 5567، 5559-بېيتلارغا قارالسۇن.

(8) «قۇتادغۇبىلىك»، 1931، 4447، 4321، 4329، 2128، 5288، 5576، 5734، 5491، 2132، 2133، 2134، 2135-بېيتلارغا قارالسۇن.

(9) «قۇتادغۇبىلىك»، 1043، 4545، 4546، 4548-بېيتلارغا قارالسۇن.

(10) «قۇتادغۇبىلىك»، 1922، 1923، 4009 ۋە 4010-بېيتلارغا قارالسۇن.

(11) «قۇتادغۇبىلىك»، 800، 801، 802، 803، 804، 808، 2015، 3463، 2032، 662، 693، 696، 741، 1332، 3540، 4758، 5314-بېيتلارغا قارالسۇن.

(12) «قۇتادغۇبىلىك»، 695، 4914، 5326، 694، 1702،



1703-بېيتلارغا قارالسۇن.

(13) «قۇتادغۇبىلىك»، 5285، 2136، 2137، 2036، 2033-بېيتلارغا قارالسۇن.

(14) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 166-بەت.

(15) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 461-بەت.

(16) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى III توم 54-بەت.

(17) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى III توم 41-بەت.

(18) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 569-بەت.

(19) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 98-بەت.

(20) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 286-بەت، III توم 828-بەت.

(21) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 536-بەت.

(22) «دىۋان لۇغەتت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 544-بەت.

(23) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 191-بەت.

(24) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 580-بەت.

(25) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى I توم 589-بەت.

(26) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

I توم 172-بەت.

(27) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 523-بەت.

(28) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 542-بەت.

(29) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 307-بەت.

(30) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 320-بەت.

(31) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 445-بەت.

(32) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 115-بەت.

(33) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 430-بەت.

(34) «قۇتادغۇبىلىك»، 5000-بېيىتقا قارالسۇن.

(35) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 396-بەت.

(36) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 51-بەت.

(37) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 504-بەت.

(38) «قۇتادغۇبىلىك»، 2988-بېيىتقا قارالسۇن.

(39) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 366-بەت.

(40) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 427-بەت.

(41) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 167-بەت.

(42) زاھھاك — رىۋايەتتىكى پادىشاھ، ئىرقى ئەرەب، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىرانغا مىڭ يىللار ئۆپچۆرىسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ، دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ يالماۋۇزنى ھەمراھلىقتا قالدۇرغان، يالماۋۇز ئۇنىڭ يەلكىسىنى سۆيۈپ قويغاندا ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئىككى يىلان ئاپىرىدە بولغان. ئۇ بۇ يىلانلارنى بېقىش ئۈچۈن ھەركۈنى بىرمۇنچە ياشلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ مېڭىسى بىلەن يىلاننى باققان، شۇڭا ئۇ ئىراننىڭ «پىشدادىيان» سۇلالىسىدە زالىم شاھ دەپ نام ئالغان.

(43) پەرىدۇن — ئىراننىڭ «پىشدادىيان» سۇلالىسىدىكى بىر ئادىل شاھ.

(44) «قۇتادغۇبىلىك»، 235-، 244-گىچە قارالسۇن.

(45) «قۇتادغۇبىلىك»، 821، 822، 1435، 5576، 1451، 5197-بېيىتلارغا قارالسۇن.



(46) «قۇتادغۇبىلىك»، 2111، 5282، 5226، 5203، 5201، 5205-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(47) «قۇتادغۇبىلىك»، 809، 817، 818-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(48) «قۇتادغۇبىلىك»، 831، 832، 829، 830-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(49) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 15-ۋە 85-بەت.

(50) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 519-بەت.

(51) سابىت ئەخمەت: «قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت بىر پارچە ھۆججەت» كە قارالسۇن. شىنجاڭ يادىكارلىقلار ژۇرنىلى، ئۈيغۇرچە، 1985-يىل 1-سان.

(52) «قۇتادغۇبىلىك»، 2493، 2498، 2499، 2497، 2500-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(53) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»؛ I توم 477-بەت.

(54) ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئوچېرىكلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 112-بەت، خەنزۇچە.

(55) «قۇتادغۇبىلىك»، 5242، 5243، 5513، 5290، 5302، 4473، 2138، 2144، 2145، 2118، 2403، 5479، 5593، 1363، 2564، 2565، 2542، 635، 4081، 4462، 4435، 4437، 4558-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(56) «قۇتادغۇبىلىك»، 2985، 2986، 2954، 2953، 2976، 2975، 2977، 2960، 2961، 2962، 2963، 2973، 2974-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(57) «قۇتادغۇبىلىك»، 2994، 2995، 2996، 2975، 2998، 2999، 3000، 3001، 2989-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(58) «قۇتادغۇبىلىك»، 2807، 2808، 2815، 2816، 950،
947، 948، 949-بېيتلارغا قارالسۇن.

(59) «قۇتادغۇبىلىك»، 887، 2244، 890، 2247، 892،
2245، 888، 889، 890، 2258، 2259، 1296، 1297، 1378، 1455،
327، 328، 329، 330-بېيتلارغا قارالسۇن.

(60) «قۇتادغۇبىلىك»، 1932، 1936، 1950، 110،
1620-بېيتلارغا قارالسۇن.

(61) «قۇتادغۇبىلىك»، 111-بېيتقا قارالسۇن.

(62) «قۇتادغۇبىلىك»، 3132، 3131-بېيتلارغا قارالسۇن.

(63) «قۇتادغۇبىلىك»، 3143، 3144، 429-بېيتلارغا قارالسۇن.

(64) «قۇتادغۇبىلىك»، 422، 424، 423، 425-بېيتلارغا
قارالسۇن.

(65) «قۇتادغۇبىلىك»، 2449، 3494، 4343، 5229، 5230،
5520-بېيتلارغا قارالسۇن.

(66) «قۇتادغۇبىلىك»، 4340، 3507، 2574، 2575،
3003-بېيتقا قارالسۇن.

(67) «قۇتادغۇبىلىك»، 4064، 4065، 4066، 4067، 4068،
4069، 4070، 4071، 4072، 4073، 4074، 5303، 5521،
5522-بېيتلارغا قارالسۇن.

(68) «قۇتادغۇبىلىك»، 893-بېيتقا قارالسۇن.

(69) «قۇتادغۇبىلىك»، 4185-بېيتقا قارالسۇن.

(70) «قۇتادغۇبىلىك»، 2132، 2133، 2134، 2135، 2398،
2399-بېيتلارغا قارالسۇن.

(71) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 72-بەت.

(72) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 73-بەت.

(73) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 280-بەت.

(74) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 312-بەت.

(75) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 623-بەت ۋە II توم



404-بەت.

(76) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 139-، 140-بەت.

(77) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 136-بەت.

(78) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 312-بەت.

(79) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 402-بەت.

(80) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 402-بەت.

(81) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 385-بەت.

(82) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 161-بەت.

(83) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 405-بەت.

(84) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 412-بەت، II توم
407-بەت.

(85) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 614-بەت.

(86) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 111-ۋە 120-بەت.

(87) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 111-بەت.

(88) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 374-بەت.

(89) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 353-بەت.

(90) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 409-بەت.

(91) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 179-بەت.

(92) شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى (ئىچكى ژۇرنال)
1984-يىل 8-ئاي ئۇيغۇرچە، 7-، 8-سان 27-بەت.

(93) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 583-بەت.

(94) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 215-بەت.

(95) «قۇتادغۇبىلىك»، 1064-بېيتقا قارالسۇن.

(96) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 300-بەت.

(97) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 682-، 683-بەت.

(98) «قۇتادغۇبىلىك»، 4119، 4120، 4121، 4122، 4123،
3816، 3817، 3818، 2104، 4213، 5279، 5280، 5281،
4415-بېيتلارغا قارالسۇن.

(99) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 486-بەت.

(100) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 531-بەت.

(101) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 435-بەت.

(102) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 234-ۋە 295-بەت.

(103) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 242-بەت.

(104) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 667-بەت.

(105) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 499-بەت.

(106) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 246-بەت.

(107) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 261-بەت.

(108) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 115-بەت.

(109) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 396-بەت.

(110) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 608-بەت.

(111) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 365-بەت.

(112) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 342-بەت.

(113) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 456-بەت.

(114) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 557-بەت.

(115) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 609-بەت.

(116) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 582-بەت.

(117) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 273-بەت.

(118) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 39-بەت.

(119) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 575-بەت.

(120) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 282-بەت.

(121) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 19-بەت.

(122) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 67-بەت.

(123) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 469-بەت.

(124) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 8-بەت.

(125) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 171-بەت.

(126) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 590-بەت.



(127) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 190-بەت.

(128) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 277-بەت.

(129) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 421-بەت ۋە II توم 396-بەت.

(130) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 273-بەت.

(131) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 88-بەت.

(132) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 134-بەت.

(133) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 566-بەت.

(134) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 265-بەت.

(135) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 283-بەت.

(136) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 373-بەت.

(137) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 85-بەت.

(138) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 464-بەت.

(139) «قۇتادغۇبىلىك»، 5198، 5218، 641، 642، 2122، 2123، 5872، 5876، 5877-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(140) «قۇتادغۇبىلىك»، 295، 296-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(141) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 594-بەت.

(142) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 65-بەت.

(143) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 38-بەت.

(144) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 584-بەت.

(145) «قۇتادغۇبىلىك»، 5546، 5577، 5547، 5548، 5549-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(146) «قۇتادغۇبىلىك»، 1313-بېيىتقا قارالسۇن.

(147) «قۇتادغۇبىلىك»، 5499، 4016، 5884، 5885، 5887-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(148) «قۇتادغۇبىلىك»، 5947، 6266، 1374، 3617، 3749، 3464-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(149) «قۇتادغۇبىلىك»، 1737، 1738، 1739 ۋە 1740-بېيىتلارغا

قارالسۇن.

(150) «قۇتادغۇبىلىك»، 3520-بېيىتقا قارالسۇن.

(151) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 373-بەت.

(152) «قۇتادغۇبىلىك»، 3649، 3650، 3651-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(153) «قۇتادغۇبىلىك»، 3668، 3669، 3661-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(154) «قۇتادغۇبىلىك»، 4854، 4855، 3192، 5273، 5246، 6140، 5165، 4771، 5360، 5275، 5276، 5277-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(155) «قۇتادغۇبىلىك»، 5261، 3547، 2755، 4855، 4856، 4809، 4799، 4802، 4805، 4807، 5259، 1395، 5173، 5306-بېيىتقا قارالسۇن.

(156) «قۇتادغۇبىلىك»، 2506، 2442، 2443-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(157) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 22-بەت.

(158) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 299-بەت.

(159) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 322-بەت.

(160) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 459-بەت.

(161) «قۇتادغۇبىلىك»، 2007، 2207، 2008، 2006، 2201، 2203، 2206، 1309، 4291-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(162) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 330-بەت.

(163) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 489-بەت.

(164) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 414-بەت.

(165) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 38-بەت.



(166) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 46-بەت.

(167) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم 322-بەت.

(168) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، II توم 376-بەت.

(169) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 415-بەت.

(170) «قۇتادغۇبىلىك»، 2093، 2092، 2106، 2101، 2102، 2103، 2094، 1337، 1338، 4409، 1334، 1206-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(171) «قۇتادغۇبىلىك»، 3666، 4372، 3027، 1192، 5162، 3261، 3262، 5291، 5292، 5296 ۋە 5309-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(172) «قۇتادغۇبىلىك»، 1112، 1150-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(173) «تۈركىي تىللار دىۋانى»، III توم 594-بەت.

## بەشىنچى باب

# «قۇتادغۇبىلىك» ۋە قاراخانىلارنىڭ قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلغان دەۋرلىرى

فېئودالىزم شارائىتىدا گەرچە ھۆرلۈك، باراۋەرلىك دېگەن نەرسە مەۋجۇت بولمايدىغان ۋە ئىشقا ئاشمايدىغان بىر غايىۋى چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن بۈيۈك قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش ئىدىيىسى ئەينى زاماننىڭ رېئال ھاياتىدا ھۆرلۈك، باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مىزانى بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان فېئودال خانلىق — قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىختا گۈللەپ - راۋاجلانغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ئىدىيىسىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن، مىزانلار بىلەن باشقۇرغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» كە ئىنچىكە نەزەر تاشلىساق، ئۇنىڭدا «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋەسىيىتى ئىلغان ئەمما «قانۇن» نىڭ شولىسىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ بىر ساماۋى ئوبرازى ئەمەس بەلكى دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنغان ئادىل قانۇننىڭ ۋاسىتىسى بىلەن يېڭىچە پاراۋانلىق ئورنىتىلىپ، ئەل ئاسايىشلىق



تاپقان بىر مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ جۇلالىق ئوبرازى ئالدى بىلەن كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. ئاندىن كېيىن قانۇن يوقالغان، ئىنسان روھى بۇلغانغان، جاھالەت باسقان، بىر تۈتەك قاپلىغان جەمئىيەتنىڭ خۇنۇك ئوبرازى كۆرۈنىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ ئوبراز باشقىنىڭ ئەمەس، دەل شۇ قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭدۇر. ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆزىمىزگە بىر تەكشىلىك ئۈستىدە ئەبەدىي ئەمەس بەلكى ئېگىز - پەسلىك ئۈستىدە ۋاقىتلىق چېلىقىدۇ. ئۇ، گاھ پەيدا بولىدۇ، گاھ غايىب بولىدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولغىنى «ئادىل قانۇن» نامايان بولۇپ، ئادىل ئىجرا قىلىنغانلىقتىن جەمئىيەت يۈزىدە بولغان ئوڭشىلىش؛ غايىب بولغىنى «ئادىل قانۇن» بورۇقتۇم تۇمانلار ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ئادىل ئىجرا قىلىنمىغانلىقتىن جەمئىيەت يۈزىدە بولغان بۇزۇلۇش. ئۇنداق بولسا، شۇ دەۋرنىڭ ئوڭشالغان ۋە بۇزۇلغان چاغلىرىغا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بايانلار تەرتىپى بويىچە قاراپ باقايلى.

### زاماننىڭ تۇنجى قېتىم ئوڭشىلىشى

تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخاننىڭ ئاۋۇن (جاھان) تۇتقان ۋاقتى. بۇ ۋاقىت «قۇتادغۇبىلىك» تە قويۇق تەبىئەت مەنزىرىسى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ چاغنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىدىن ھەرقانداقى ئۆزىنى جەزمەن بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى ئورۇنغا قويۇپ، «خاننىڭ تەختكە چىقىش مۇراسىمى» غا قاتنىشىش ئۈچۈن ئوردۇكەنت (قەشقەر) گە كېتىۋېتىپ يول بويى خۇشاللىق تەنتەنىسىگە چۆمۈپ سەيلە - ساياھەت قىلغاندەك بولىدۇ. بۇ چاغدا تەبىئەت ساياھەتچىگە قاراپ: «مۇشۇنىڭدەك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى نېمە دەيسەن؟ خاقاننىڭ يۈزىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەگەر ئۇيقۇدا ياتقان بولساڭ كۆزۈڭنى ئاچ، ئورنۇڭدىن تۇر، ئاڭلىمىغان بولساڭ مەندىن ئاڭلا، مەن

ئۆمەن يىللاپ ئۇل قالغانىدىم، يۈزۈم سۇلغۇن ئىدى، بۈگۈن ئۇل كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ، ئاق سەۋسەر كىيىپ ياساندىم. ئۇلۇغ خان بېگىم قوبۇل قىلسا، جېنىم ئۇنىڭغا پىدادۇر» دەيدۇ. تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان جاھان ئۈچۈن ئۈچۈن خانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقىتتا بۇلۇتلار گۈركىرەپ خان دۇمبىقى چېلىنىدۇ، چېقىن چاقناپ خاقانىنىڭ تۇغى تارتىلىپ كۆكتە لەپىلدەيدۇ، خاقانىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بەزىلەر خۇش ھىدى بىلەن كېلىپ قۇللۇق قىلىدۇ، بەزىلەر كورۇك يۈزى بىلەن ئىشىكلەرنى ئاچىدۇ، بەزىلەر قوللىرىنى سۇنۇپ ئىسرىق تۇتىدۇ، بەزىلەر ئىپار بىلەن جاھاننى تولدۇرىدۇ، بەزىلەر شەرقتىن ئارمىغان (ھەدىيە، سوۋغات) تۇتىدۇ، بەزىلەر غەربتىن خىزمىتىگە جان تىكىدۇ. پۈتكۈل جاھان خانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەييارلىنىدۇ، قانۇن تۈزۈلىدۇ، جاھان تىنچلىنىدۇ، دۈشمەنلەر بويۇن ئېگىپ يوقىلىدۇ، خان ئۈستۈن نام قازىنىدۇ (1).

## زاماننىڭ ئىككىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ياش كۈنتۇغدىنىڭ بەگلىكىدە ئۆزۈنىچە باش بولغان ۋاقتى. «قۇتادغۇبىلىك» تىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ زامانلاردا ئىشقىلىپ قەشقەر ئېلىدە بولسا كېرەك، ئېتى ۋە قۇتى بەلگىلىك بولغان، مىجەزى ئۆز، خۇلقى مۇلايىم، سۆزى چىن، كۆزى توق، كۆڭلى باي، ئەقىللىك ۋە ئويغاق كۈنتۇغدى ئېلىك ئاتلىق بىر خان بولۇپ، ياۋغا ئوت، يامانغا ئاپەت، جەسۇر، مەغرۇر ئىدى. مۇشۇ پەزىلەتلىرى ئۇنى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەلدۈرىدۇ. ئۇ، ئالىم ۋە ئاقىللارنى ئۆز يېنىغا توپلايدۇ، جاھاندىكى بارلىق ئەقىل ۋە ئىلىمدە ئاللانغانلارنىڭ تامامىسى ئۇنىڭ يېنىغا توپلىنىدۇ. ئۇ، سەر خىل كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ، يارامسىزلارنى ئۇتۇپ باغلايدۇ، يامانلارنى ئەلدىن سۈرۈپ قوغلايدۇ. دۆلەتنى زېرەكلىك بىلەن باشقۇرىدۇ،



خاقان ئەل يۇرتنى ئۆزىگەچ دۆلىتى باي بولىدۇ، دوستلىرى ئۇنى سۆيۈپ ماختىشىدۇ، ئېلىگنىڭ خىسلىتى پۈتۈن ئەلگە يېتىپ، شۆھرىتى جاھانغا يېيىلىدۇ، ئەلدە دۇئالار كۆپىيىدۇ، دۆلەت كۈندىن - كۈنگە زورىيىدۇ، جاھان خەلقى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىدۇ، بۆرە بىلەن قوزىلار بىر - بىرىگە قېتىلىپ يۈرۈشىدۇ (2).

## زاماننىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئايتولدى (ۋەزىر) نىڭ كۈنتۇغدى ئېلىگ (پادىشاھ) ھۇزۇرىغا خىزمەتكە كەلگەن ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا قانۇن تۈزۈلۈپ، دۆلەت كۈچىيىپ، كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ بىر مەزگىل باياشادلىشىدۇ، خەلق جاپادىن قۇتۇلىدۇ، «قوزا بىلەن بۆرە بىر يەردە بولالايدىغان» ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مالىيە بايلىقى (ئالتۇن، كۈمۈش) ئېشىپ، شەھەر - كەنت بىنا قىلىش ئىشلىرى چېك ئۆتۈلىدۇ؛ خەلق پادىشاھقا دۇئا قىلىدۇ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى سۆيۈنىدۇ، پادىشاھنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ داڭقى تەرەپ- تەرەپكە تارقىلىدۇ (3).

## زاماننىڭ تۆتىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئايتولدىنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. ئايتولدىنىڭ ئارزۇ- تىلەكلىرى تازا ئىشقا ئېشىپ، ھەممە نېمەتلەر تەل بولغاندا بىۋاپا كېسەل ئۇنى يىقىتىدۇ، پۈتۈن نېۋىپلار تەل بولۇپ، تومۇرىنى تۇتۇپ كېسىلىنى كۆرىدۇ، بەرمىگەن دورىلار قالمايدۇ، ھېچنېمە پايدا قىلمايدۇ، كۈنتۇغدى ئېلىگ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىدۇ ۋە كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەچ ھاياتنىڭ بىقارارلىقى، دۆلەت، بەختنىڭ تۇراقسىزلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە دوستانە سۆھبەتلىشىدۇ، ئېلىگ قايتىپ بېرىپ ھەقتىن ئايتولدىنىڭ كېسىلىگە شىپا تىلەپ

دۇنيا قىلىدۇ، قەسىرگە كىرىپ كۆڭلى سۇنۇق ۋە غەمكىن بولۇپ، پايدىسى بولۇپ قالار دەپ ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ پېقىرلارغا كۆپ مال- تاۋار تارقىتىدۇ. ئايتولدى ئۆز - ئۆزىگە ئۆكۈنىدۇ، يوقسۇللارغا ئالتۇن - كۈمۈش ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، قاياشلىرىغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھەت قىلىدۇ، كۈنتۇغدى ئىلىككە قانۇنلارنى ياخشى تۈزۈش، زۇلۇمنى يوقىتىش، خەلقنى باياشاد قىلىش، ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قاتتىق تەلەپ قويۇپ خىزمىتىگە سېلىش ھەققىدە ۋەسىيەتنامە يازىدۇ. مال- مۈلۈكلىرىنى كىشىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، يېقىنلىرىدىن رىزالىق تىلەيدۇ، خۇدا ئاتى بىلەن تېنى جېنىدىن جۇدا بولىدۇ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئايتولدىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئۆگدۈلمىشنى يېنىغا ئالدۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ماتەم ئۆتكۈزىدۇ، ئايتولدىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئېيتىلغان نەسىھەتلەر بويىچە كۈنتۇغدى ئىلىگ ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈپ كۈنسايىن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ، ئايتولدىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان بۇزۇقچىلىقلارنى ئوڭشاپ دۆلەتتە تۈزەش ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خەلق بېيىيدۇ ھەم ئىلىككە دۇئالار قىلىدۇ

ئەمما كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزىنىڭ ياراملىق ۋەزىرى ئايتولدىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، مەسلىھەتچى (ۋەزىر) سىز قالغانلىقتىن بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيدۇ، بۇ چاغدا ئايتولدىنى قاتتىق ياد ئېتىدۇ، ۋەزىرلىككە مۇۋاپىق كىشى تاپالمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرى ئاقساپ ئەلدە يەنە قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىشكە باشلايدۇ، ئويلىنا - ئويلىنا ئاخىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى يېنىغا ئەكىلىپ ۋەزىرلىككە قويماقچى بولىدۇ(4).

## زاماننىڭ بەشىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ۋەزىرلىككە ئالدۇرۇپ كەلگەن ۋاقتى. ئۆگدۈلمىش ۋەزىرلىككە



كەلگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى، قانۇننى، ئادەتلىرىنى تۈزىتىدۇ ۋە ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، قايتىدىن يېڭى قانۇن ئېلان قىلىپ يولغا قويىدۇ، خان ئوردىسىدىكى ئىشكلەر تاقىلىپ قېلىپ ئىش توختاپ كېتىشتەك ئەھۋاللار تۈزىتىلىپ، ئىشخانىدىكى كۈندىلىك ئىشلار راۋانلىشىدۇ، دەۋاغا كەلگەنلەرنىڭ ئىشلىرى ساقلاتمايلا پۈچاقنىڭ بىرەر نەرسىنى كەسكەندەك كېسىلىپ تېز ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، خان ئۆگدۈلمىشكە ئالىي ھوقۇق (تامغا)، مەرتىۋە (ئۇنۋان)، ھەربىي قىسىم (قوشۇن)، قاتناش قوراللىرى (ئات)، جەڭ قوراللىرى (ئوقيا، نەيزە)، ئابروي (تون) قاتارلىقلارنى بېرىدۇ، ئۆگدۈلمىش پۇقرالىرىنى ھۆرمەتلەپ زۇلۇمنى يوقىتىدۇ، ئالدى بىلەن ئۆزىدىكى يارامسىز قىلىقلارنى ۋۇجۇدىدىن تەرك ئېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئورگانلىرىدا قانۇننى ئۆزى تۈزگەن تۈرۈقلۇق ئۆزى بۇزىدىغان ئەھۋاللار تۈگەپ، قانۇننىڭ ھەقىقىي كۈچى رەسمىي نامايان بولىدۇ، «يامانلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ياخشىلارغا ئۇۋال بولىدۇ» غان ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، «ياخشىلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، يامانلارغا بازار قالمايدۇ» غان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ، نەتىجىدە دۆلەت ئىچىدىكى يېغىيەرەسلەر تۇرالماي ۋەتىنىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەت يەنە بىر مەزگىل ئاۋاتلىشىدۇ، خەلق باياشادلىققا چۆمىدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئەلچىلەر ئۇمىكى ئەۋەتىپ خاننى مۇبارەكلىشىدۇ ھەم شۇ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن ئۆزلىرىمۇ ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈپ ئېلان قىلىشىدۇ.(5) كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىرىنى ئۆگدۈلمىشتىن سورايدۇ، ئۆگدۈلمىش خانغا دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن «بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 28 - بابى) دىن تارتىپ تاكى «خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر

ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى» («قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 38 - بابى) غىچە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئېلىگ كۆڭلىنى تۈزەپ ئەلگە ياخشى قانۇن تۈزۈپ بېرىدۇ، خەلق راھەت تاپىدۇ، ئورۇقلار سەمرىيدۇ، دوستلىرى بېيىپ، دۈشمەنلىرى ئازلايدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈچ ۋە قۇۋانچ ئىچىدە ئۆتىدۇ، نامى جاھانغا يېيىلىدۇ، قوزا - توقلى بۆرە بىر چاغ تەڭ بولۇپ ياشايدۇ(6) .

بۇ چاغدىكى ياخشى ۋەزىيەتنىڭ تەرىپىنى تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سېلىش ئارقىلىق ئوچۇق كۆرەلەيمىز:

ئېلىگ بىر كۈنى ئۆز دەۋرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆگدۈلمىشنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن: كۈنىمىز قانداقراق؟ يۇرتىمىزدا پېقىر كۆپمۇ ياكى بايلارمۇ؟ ئەل ئىچىدە قانداق يامانلىق ۋە يارامسىز ئىشلار بار؟ خەلقنىڭ ھالى - كۈنى قانداقراق؟ خەلقنىڭ تىلىدە قانداق سۆزلەر بار؟ سۆكۈش كۆپمۇ ياكى ماختاشمۇ؟ قوسۇرىمىز كۆپمۇ ياكى پەزىلىمىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ(7) . ئۆگدۈلمىش: «ئەي خان، بۇ زاماندا ئەل - يۇرت تىلەككە ئېرىشتى، ئېلىگنىڭ سايىسىدە ئازۇن تۈزەلدى، غەم - ئەندىشە تۈگىدى، خۇشاللىق ئۇزۇن داۋام قىلدى، ئەل بېيىپ ئاسايىش بىلەن تىنچ ياتماقتا، شەھەر-كەنتلەر بېزەلدى، كۆڭۈل شادلانماقتا، خەلقنىڭ پۈتۈن كۈن-تۈنلىرى ھۇزۇر ۋە سۆيۈنچتە ئۆتمەكتە، جىمىكى تىلى بارلارنىڭ ھەممىسى ھەمدۇ - سانا ئېيتماقتا. قانۇندىن ئىبارەت بۇ سۈزۈك سۇنى ئوتتىن ئىبارەت زۇلۇمنىڭ ئۈستىگە ئېقىتالىقىمىز ئۈچۈن زۇلۇمدىن ئىبارەت بۇ ئوت ئۆچۈرۈلدى. ھەق ئادىل قانۇننى يولغا قويۇشىمىز بىلەنلا جاھان تۈزۈلۈپ، بۇ زاماندا ئەلدە ھېچكىم زۇلۇم كۆرمەس بوپكەتتى. بەگ غاپىل بولسا ئاپەت ياغاتتى، بەگ يۇمشاق قوللۇق قىلسا زوراۋانلارنىڭ نوخۇلىسى ئۆرلەپ ئەلگە تېگىش قىلاتتى، بەگ



ئاچكۆز بولسا، خەلقنىڭ باغرىنى تىلىپ، قېنىنى شورايتتى، بۇ ئۈچ نەرسە زۇلۇمنى پەيدا قىلاتتى. بىزنىڭ بەگلىكىمىزدە بۇ ئەھۋاللارنىڭ بىرىمۇ يوق، شۇڭا خەلقىمىز رازى، كىيىم-كېچەكى پۈتۈن، قورسىقى توق، دەيدۇ(8) .

## زاماننىڭ ئالتىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ خانلىقنى ياخشى داۋام قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ۋەزىرى ئۆگدۈلمىشنى يالغۇز قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا ھەمراھ (ياردەمچى) قىلىپ بېرىش نىيىتىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ پانىي دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تاغدا يالغۇز ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىندىشى ئودغۇرمىشنى ئوردا خىزمىتىگە ئۈچ قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتىش بىلەن مىڭ تەسلىكتە تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۈرگەن ۋاقتى. بۇ ۋاقىتتا يېڭىباشتىن يەنە بىر گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كېلىپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى ئوڭشىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خان راھەتنى قويۇپ، دۆلەتنى تۈزەيدۇ، يامانلارنى ئۆزىدىن يىراق قىلىدۇ، ياخشىلارنى ئۆزىگە يېقىن قىلىپ ئۇلارغا يول ئېچىپ بېرىدۇ، يىلدىن - يىلغا دۆلەت ۋە خەلق تۈزۈلۈپ ھەم سۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، جاھان تىنچلىنىدۇ، ئەل نەپسى بىلەن ھايات شېرىنلىشىدۇ، دۆلەت خۇشاللىق بىلەن كۈلۈپ ھۇزۇردا سۆيۈنىدۇ، ئېلىگ ئۆگدۈلمىشنى قەدىرلەپ ئۇنىڭغا جىمى ئىشلارنى تاپشۇرىدۇ. دۇنيا بارغانسېرى گۈزەللىشىپ خەلق باي بولىدۇ. چاڭ - تومانلار تاراپ، زۇلۇم تۈگەيدۇ، ئەلدە قالايمىقانچىلىق، ئىسيان، توپىلاڭلار يۈز بەرمەي جىمى نەرسىلەر تۈزۈلىدۇ ھەم سۈزۈلىدۇ (9) .

## زاماننىڭ يەتتىنچى قېتىم ئۆزگىرىشى

ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى. ئودغۇرمىش ۋاپات

بولغاندا ئۇنىڭدىن بىر دانە ھاسا بىلەن بىر ئىۋرىقلا قالىدۇ،
ھاسىنى كۈنتۇغدى ئېلىك، ئىۋرىقنى ئۆگدۈلمىش نەمۇنە قىلىپ
ساقلىشىدۇ. ئۆگدۈلمىش ياردەمچىسى ئودغۇرمىشنىڭ ۋاپاتىغا
ئېچىنىپ نەچچە كۈن ماتەم تۇتىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىشىغا
كىرىشىدۇ، تاڭنى تۈنگە ئۇلاپ ئىشلەيدۇ. كۈنتۇغدى ئېلىك
بىر كۈنى ئۆگدۈلمىشنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەل - يۇرتنىڭ
ئەھۋالىنى سورايدۇ، ئۆگدۈلمىش: خەلق ھالى ياخشى، دەپلا
جاۋاب بېرىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئېلىكنى مەدھىيىلەيدۇ، ئۇنىڭغا
ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ، ئاندىن كېيىن قايتىپ بېرىپ يەنە
ئەلنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بولىدۇ. كۆڭلىنى تۈز
تۇتۇپ ئۆزىنىڭ تىلى ۋە ھەرىكىتىنى تۈزەيدۇ، پۈتۈن ئەگرى
خۇيلارنى تۈزەيدۇ، جاھان تۈزۈلىدۇ، ياخشى دۇئالار كۆپەيگەچ
ئەلنىڭ كۈنى قۇتايدۇ(10).

بىز «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى زوق بىلەن ئوقۇپ
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە
يۇقىرىقى دەۋرلەردىكىدەك ياخشى ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا
كەلگەنلىكىنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرەلمەيمىز. ئەكسىچە بۇ ئىزلارنىڭ
بارغانسېرى بىر تۇتەكلىككە قاراپ يول ئېلىپ، خۇددى ئېزىتقۇ
تۇمانلاردەك كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ
دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي چېكىنىش ئۈستىدە «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ 6425 - بېيىتىدا «ئۇلار ئۆلدى، ياخشى ئىتى قالدى.
ئۇلارنىڭ ئىتى — ھۆرمىتى بۇقالماس» دەپ ئالدىنقى ئالتە
دەۋر ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىغا يادنامە ئوقۇلسا، 6427، 6428 -
بېيىتلاردا «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىدىكى كىشىلەر ئادەم
ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ پەرىشتە
ھېسابلىنىشى كېرەكلىكى قەيت قىلىنىدۇ. مانا بۇ سېلىشتۇرما
بىر تارىخىي چېكىنىشنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بىزنى بىر كەڭ
يورۇقلۇقتىن يەنە بىر تار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ.



بۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدا «بىلىملىكلەر خار، ئەقىللىكلەر
گاچا بولغان، ئەل ئىچىدە يامان - پەس كىشىلەر ئۇلغىيىپ
ياۋاشلار دەپسەندە بولۇپ بوزەك بولغان، يۈزىنى شارابتا
يۇغان بىنامازلار ئىمتىياز تېپىپ يىگىت - ئەر، پىسق - پاسات
ئىگىلىرى ئەرەن، مەي ئىچمەس كىشىلەر پىخسىق، ناماز،
روزا بىلەن يۈرگۈچىلەر مۇناپىق ئاتالغان، ھالال تۈگەپ
ھارام غولدىغان، خەلقتىن ۋاپا كېتىپ جاپا ئاۋۇغان، كىشىلەرنىڭ
تىلى باشقا، دىلى باشقا بولغان، ئىشەنچ قىلغۇدەك كىشى
قالمىغان، قاياشلار تۇغقانلىق، يېقىنچىلىقنى تاشلىغان، دوستلار
ساداقەتنى تەرك ئەتكەن، كىچىكلەردە ئەدەب، ئۇلۇغلاردا
بىلىك تۈگىگەن، قوپاللار كۆپىيىپ، سىلىقلىق يوقالغان،
دۇرۇسلۇق يوقاپ، ئەگرىلىك ئەۋج ئالغان، مۇسۇلمانلار
ئۆچەكىشىپ بىر - بىرىنىڭ گۆشىنى يېيىشكەن، كۇپارلار تىنچ
يېتىپ راھەت كۆرۈشكەن، ئوغلى بەگ بولۇپ شەھەر
سورىسا ئاتىسى قول ئاستىدا قۇل بولغان، بارچە كىشى
پۇلنىڭ قۇلى بولغان، شەرم - ھايا كېتىپ ئوغۇل - قىزلار
ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، خوتۇنلار ئەرلىرىنى قېرى
دەپ سۆكىدىغان، تەشۋىشلەر كۆپىيىپ تۇرمۇش يامانلاشقان،
ھېرىسلىق ئېشىپ سۆيۈنۈش ئازلىغان، پېقىر - تۇل يېتىملارغا
قارايدىغان كىشى بولمىغان، جىمىكى قانۇن - نىزاملار ئۆزگىرىپ
بۇزۇلغان، قارا بىلەن ئاق پەرقسىز بولغان بىر جاھالەت
باسقان» دەۋر ئايان بولىدۇ. بىز بۇ چاغدا قانۇننىڭ
بۇزۇلغانلىقى (ئادالەتنىڭ ئەلدىن كۆتۈرۈلگەنلىكى) تۈپەيلىدىن
زاماننىڭ خارابلاشقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئالىم يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، دەۋرنىڭ (ئىنسان روھىنىڭ)
بۇلغىنىشى ئۈستىدىن ئاجايىپ شىكايەت قىلغانلىقىنى ھەسرەت
ئىچىدە كۆرىمىز(11).

خوش، ئۇنداق بولسا، يۇقىرىدا بىز بىرقانچە قېتىملىق

ئوڭشىلىش ۋە بۇزۇلۇش ۋەزىيىتىنى كۆردۇق. ئەگەر بىز مۇشۇ «ئوڭشىلىش» ۋە «بۇزۇلۇش» ۋەزىيىتىنى «يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ داستانىدا تەسۋىرلىگەن غايىۋى جەمئىيەتنى بىر مەۋھۇم غايىۋى دۆلەت ئوبرازى بىلەن سىزىپ چىققان» دېگەن چۈشەنچە بىلەن چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ ھالدا بىز مۇنداق «ئوڭشىلىش» بىلەن «بۇزۇلۇش» نى مەۋھۇم جەمئىيەتنىڭ ئوڭشىلىشى ۋە بۇزۇلۇشى دەپ قاراپ، ئالىم يىراقنى كۆرگەن، تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئالىي نېرۋا سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن بىر مەۋھۇم جەمئىيەتنىڭ «ئوڭشىلىش» ۋە «بۇزۇلۇش» دەۋرىنى خىيالىي سۈرەتلەپ چىققان، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇ ھالدا بۇنداق «ئوڭشىلىش» نى شەك-شۈبھىسىزكى، رېئال جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت ئوڭشىلىش دەپ، بۇنداق «بۇزۇلۇش» نى مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى رېئال بۇزۇلۇش دەپ قاراپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىش ۋە زەئىپلىشىش دەۋرىنىڭ ئالىم قەلىمى ئاستىدىكى ھەقىقىي خاتىرىسى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

بىلكىمىزچە، تارىختا 400 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن بۇنداق مەشھۇر بىر خاندانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا بۇنىڭغا ئوخشىغان بىرقانچە قېتىملىق تەكرارلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش بولۇپ، قانۇنشۇناس يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۆرلىگەن چۈشىدۇ؛ چۈشكەنلەر چىقىدۇ؛ يورۇغان ئۆچىدۇ؛ يۈرگەنلەر تىنىدۇ؛ مۇكەممەل بولۇشنى تىلەپ قىلىنغان ئىشلاردا تولۇقلۇقتا يەتكەندە كەينىگە يېنىپ تۆۋەنگە چۈشىدۇ» (12) دېگەن دانا ھۆكمىمۇ ئۇيغۇن. ئايتولدىنىڭ تولۇن ئايدەك تولۇپ، ھەممە نەرسىسى تولۇق يېتىلگەندە ئالەمدىن يانغانلىق



ئەھۋالىغىمۇ، شەرىئەتنىڭ دەسلەپتە ئادىل بولۇپ كېيىن بۇزۇلغانلىق ئەھۋالىغىمۇ، قاراخانىلارنىڭ دەسلەپتە گۈللىنىپ ئاخىرى تەدرىجىي زەئىپلىشىپ مۇنقەرز بولغان تارىخىغىمۇ ئۇيغۇن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە قانۇننىڭ سىمۋولى قىلىنغان ئوبراز كۈنتۇغدى يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئۆت يارىغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇلغاندىن كېيىن ئۇلاپلا مەدھىيە ئوقۇلغان زات - تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان بىلەن بىر بولۇپ، تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان بولسا، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئەلدە قانۇن ئىختىرا قىلغان ۋە قانۇن بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ يولىنى ئاچقان دۆلەت ئاتىسى — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆزىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى كۈنتۇغدى قاراخانىلار خاندانلىقى تارىخىدىكى مەشھۇر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى مەڭگۈلەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەللىپ تەرىپىدىن يارىتىلغان ئوبراز بولۇپ، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش قاتارلىقلار بولسا، قاراخانىلارنىڭ دولقۇنسىمان تەرەققىيات دەۋرلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن توقۇپ چىقىرىلغان سىمۋوللۇق غايىۋى شەخسلەردۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئوقۇغان مەدھىيىسى بىرەر غايىۋى خاقانغا ئوقۇلغان مەدھىيە ئەمەس، ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى بىرەر خاقانغا ئوقۇلغان مەدھىيە تېخىمۇ ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە چۆكىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغىنى بىلەن ساپ - سەممىي مەدھىيىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان چېغىدىكى ئەل ئاسايىشلىق تاپقان دەۋرگە ئېيتىلىۋاتقانلىقىدا گۇمانىنىڭ يوقلۇقى سېزىلىدۇ. بۇنىڭسىز قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ قىيىندۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە: «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان جاھان تۇتتى، ئېتى قۇتاتسۇن. بارچە تىلىگەن تىلەكلىرىنى خۇدا بەردى، ھەق مەڭگۈ يار - يۆلەك بولسۇن. خاقان تەختكە چىققاچ جاھان تىنچلاندى. خاقانىنىڭ بەختىگە ئاتاپ جاھان سوۋغات سۇندى. خاقانىنىڭ داڭقى جاھانغا يېيىلدى. قانۇن تۈزەلدى، جاھان تىنچلاندى. خان قانۇن بىلەن ئۈستۈن نام قازاندى. بۇ خاقانىنىڭ ئېتى كىتابقا يېزىلدى. بۇ ئات ئەمدى شۇ پېتى قالدۇ» دېيىلگەن (13). بۇ قەيتلەرنى «قاراخانىلارنىڭ ئەلنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلغان دەۋرلىرى» نىڭ «تۇنجى» سىگە يازما دەلىل بولالايدۇ دېسەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زامانىنىڭ ئالتە قېتىملىق ئۆگىشلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىدىكى ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بولسا، ئەنە شۇ رېئال ھاياتنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى بۇ پىكرىمىزنى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋۇجۇدىدىن مىڭ يىل كېيىن تۇرەلگەن، XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى تارىخىي رومان — «سۇتۇق بۇغراخان» تەستىقلايدۇ. ئۇنىڭدا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن «زامانىنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆگىشلىشى» غا ئۇل قويغۇچى «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان» نىڭ «تەختكە ئولتۇرۇش»، ئاپەتنى «ئېرىغداش»، «قۇرۇلتاي» ئېچىش، «دوستلۇق توختىمى» تۈزۈش، «ئەلدە ئۆزگىرىش» ياساش ۋەقەلىرى «قانۇن»دىن ئىبارەت بىر قىزىل يىپ بويلاپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئەمدى شۇ بايانلارغا قاراپ باقايلى.

## تۇنجى قېتىملىق «يارلىق» نىڭ چىقىرىلىشى

سۇتۇق بۇغراخان تەختكە چىقىدۇ. قەدىمكى يوسۇن بويىچە ئۈچ قېتىم خان دۇمبىقى چېلىنىدۇ، ئاندىن كېيىن



قاراخانىلارنىڭ توققۇز تۇغى كۆكتە لەپىلدەيدۇ. تۇنجى قېتىملىق مۇراسىمدا دۆلەت ئىشلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالىي ئۈچلۈك ھالقا قۇرۇلىدۇ، ھالقا يۇغۇرۇش، يابغۇ، توكسىن مەرتىۋىسىدىكى ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئۈچلۈك ھالقا كۆل بىلگە پاتتىكىنىدىن مىراس قالغان ئەنئەنە بويىچە خانىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە خانلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئىشلىرى باش ئايغۇچى، ئوردا بېشى، تاياڭغۇ، بىلىگ ئاقارتىش ئۈلچىسى، چېرىك ئىشلىرى ئولچىسى، سۇ بېشى، ئوردۇ ئاغىسى، تارىخچىلىق ئولچىسى، چەت ئىشلار ئولچىسى، ئاغىچى (خەزىنىچى)، ئالىم-سالىق ئىشلار ئولچىسى، دىنىي ئىشلار ئولچىسى، ئوردۇ قارۇغباشى قاتارلىق مۇئەسسەسىلەر تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ئادەم تەيىنلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن تۆۋەندىكىدەك ئالتە ماددىلىق يارلىق چىقىرىلىدۇ:

1. ئېلىمىزدە ئەركىنلىك، تەڭلىك، پاراۋانلىق، قوغدىنىش ئورۇندىلىدۇ، قارشى بولغانلار جازالىنىدۇ؛

2. ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلىدۇ، باشقا دىنلاردىمۇ ئىختىيارىي بولۇش يۈرگۈزۈلىدۇ؛

3. ئېلىمىزدە قۇللدارچىلىق يوقىتىلىدۇ؛

4. ھەر يىلدا بىر قېتىم تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە دۆلەت ئەمەلدارلىرى ۋە قەبىلە- ئۇلۇس ۋەكىللىرى قاتناشقان قۇرۇلتاي ئېچىلىدۇ، دۆلەت ئىشلىرى ۋە خەلق ئىشلىرى كېڭەشلىدۇ؛

5. ئالىم-سالىقلار ئازايتىلىدۇ، خىيانەتچىلەر جازالىنىدۇ؛

6. ياشقا تولغانلارنىڭ چېرىك بولۇش بۇرچى بار، چېرىك ئىشلىرى كۆچەيتىلىپ، چەتنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىگە ۋە بوزەك قىلىشىغا قارشى تۇرۇلىدۇ (14).

## «دۆلەت ئىشلىرى بەلگىلىمىسى» نىڭ تۈزۈلۈشى

تۇنجى قېتىم «يارلىق» چىقىرىلىپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىلدۇ ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىلگىرى تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنغان «يارلىق» قا زۆرۈر بولغان تۈزىتىش كىرگۈزۈلدۇ. بۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نۇسخىغا «دۆلەت ئىشلىرى بەلگىلىمىسى» دەپ نام قويغان مۇۋاپىق دەپ قارىلدۇ.

بەلگىلىمىنىڭ بىرىنچى قىسمى دۆلەت توغرىسىدا بولۇپ، ئۇلۇغ قاراخانىلار دۆلىتى ئۇيغۇر، قارلۇق، ياغما، چىگىل، باسمىل، تۈركەش قاتارلىق ئۇلۇسلاردىن ۋە ھەربىر ئېلىكخانلار-دىن ئۇيۇشقان، ئۇيغۇر ئۇلۇسىنى تۈپ ئاساس قىلغان دۆلەت ئىكەنلىكى بېكىتىلگەن.

دۆلەتنىڭ بارلىق ئالىي ھوقۇقى بۇغراخانغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۈچ بەش يىلدا بىر قېتىم ئېلىكخانلار ۋە خانلارنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ چوڭ ئىشلار مەسلىھەت قىلىنىدىغانلىقى؛ ئاستانىدە «ئۈچلۈك ئۇيغۇرۇش ھالقىسى» بولۇپ، قۇرۇلتايدىن يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورۇن ئىكەنلىكى؛ خان لازىم تاپقان ۋاقىتتا ئوردۇ كېڭەشمىسى ئېچىپ نۆۋەتتىكى ئىشلار تاللىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىدە چېرىك ھوقۇقى، ئالۋان - ياساق ئېلىش ھوقۇقى، قاماش ۋە ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى، چوڭ ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ھوقۇقى خاندانلىققا تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمى دۆلەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا بولۇپ، بۇغراخاندىن قالسا جايلاردا ئېلىكخانلار ئۆز دائىرىسىدە ئالىي ھوقۇقلۇق بولۇپ، ھەممە ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلىقى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. تۆۋەندە بولسا ئايماقبېشى، بەگ ياكى قەبىلە باشلىرى بولۇپ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى كۆرسىتىلگەن.



بەلگىلىمىنىڭ ئۈچىنچى قىسمى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى توغرىسىدا بولۇپ، قۇللۇق تۈزۈمى بىكار قىلىنغانلىقى، قۇلچىلىققا يول قويۇلمايدىغانلىقى يېزىلغان. يەر، يايلاق، كۆل، ئۆستەڭ، ئورمان دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇپ، دۆلەت بىر قىسمىنى باشقۇرغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنى تۆرىلەر، ئېكىتالار، يۇقىرى ئەمەلدارلار ۋە ئىجارىچى زېمىندارلار باشقۇرىدىغانلىقى؛ ياقىچى تارىخچىلارنىڭ ۋە ئامراتلارنىڭ يەر تېرىش، ئىجارە ھەققى تۆلەش ۋە بايلارنىڭ يېرىدە، ئۆيىدە ھۈنەرۋەنلىكتە ئىشلەش مەجبۇرىيىتى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ تۆتىنچى قىسمى، دۆلەت كىرىمى توغرىسىدا بولۇپ، دۆلەت يېرى، چارۋىچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكتىن كىرگەن كىرىمدىن باشقا، ئاشلىق مەھسۇلاتىدىن، مېۋىدىن ئۆشرىگە ئوندىن بىرىنى، چارۋا مالدىن ئوندىن بىرىنى، ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر پۇل كىرىمدىن بەشتىن بىرىنى زاكاتقا، قىرىقتىن بىرىنى جازانىخورلارنىڭ كىرىمدىن ئۈچتىن بىرىنى دۆلەتكە بېرىشى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ بەشىنچى قىسمى، چېرىك ئىشلار توغرىسىدا بولۇپ چېرىك ئالىي ھوقۇق بۇغراخانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى، دۆلەتنىڭ كۈچى جان تىكىپ ئەلنى قوغدىشى شەرت ئىكەنلىكى، ئوردىدا چېرىك ئۇلچى بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سۇبېشى، يۈزمىڭبېشى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى دەپ بۆلۈنىدىغانلىقى، چېرىكلەرنىڭ ئەلنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بارلىقى، چېرىك بولۇشقا چاقىرىلغانلارنىڭ باش تارتماي چوقۇم كېلىشى، چېرىكلەرنىڭ خەلقنىڭ جېنىغا، مۈلكىگە، پۇلىغا، مېلىغا تەگمەسلىكى ۋە خەلقنىڭ چېرىكلەرنى قوللىشى لازىملىقى كۆرسىتىلگەن.

بەلگىلىمىنىڭ ئالتىنچى قىسمى، جىنايەتچىلەرگە جازا بېرىش توغرىسىدا بولۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىش، تۆنەككە

ئېلىش ۋە تەن جازاسى بېرىش بەلگىلەنگەن، ئادەم ئۆلتۈرگەن، دۆلەتكە قارشى ھەرىكەت قىلغان، چەت ئەلگە سېتىلغان (ياكى پايلاقچىلىق قىلغان)، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق قىلغان، ئوت كېتىشتىن پايدىلىنىپ ئوغرىلىق قىلغان، ئۈچ قېتىم تەكرار ئوغرىلىق قىلغان ... لارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش؛ ئادەم ساتقان، ئوردا، مەسچىد (بۇتخانا) نەرسىلىرىنى ئوغرىلىغان، چېرىك قورال ئوغرىلىغان، دۆلەتكە باج تۆلىمىگەن، ئادەم ئۇرۇپ يارىدار قىلغان، ئىجارە ھەققى تۆلىمىگەن، ئارتۇق ئىجارە ھەققى ۋە ئارتۇق جازانە ئالغانلار، يانچۇقچىلار ... غا تۆنەك ياكى تۆنەك ئورنىغا مال جەرىمانە قويۇشمۇ كۆرسىتىلگەن؛ تەن جازالىرى: ئوغرىنىڭ ئوڭ قولى، بۇلاڭچىنىڭ ئوڭ پۇتى، خانغا قارشى سۆز قىلغانىنىڭ تىلى، ئوت قويغانىنىڭ سول قولى، ئالدامچى، خىيانەتچىنىڭ تىلى، زىناخورنىڭ بۇرنى، چېرىكلىكتىن قاچقانىنىڭ سول پۇتى كېسىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىقى بەلگىلىمە تۈزۈلگەندىن كېيىن قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ ھەمدە «بۇنىڭغا قاراپ ھەربىر ئېلىكخانلار يېڭىچە بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىشى كېرەك» لىكى جاكارلىنىدۇ (15).

## «قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەلنى قوغداش يارلىقى» نىڭ جاكارلىنىشى

قاراخانىلار دۆلىتى جەڭنىڭ ناچاۋىزىغا دۇچ كېلىدۇ. «ئۇيغۇرۇش ھالقىسى» قارار چىقىرىپ ئوردا كېڭەشمىسى چاقىرىدۇ. چېرىك ئىشلىرى ئۆلچىسى يېغى ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانداق ناقابىل ئېرۇش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاغىچى (خەزىنىچى) خەزىنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىدۇ.



كۆپچىلىك خەزىنىنىڭ ئەمەلدارلار ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆپلەپ قول سوزۇشى بىلەن قۇرۇقدىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىردەك ئالقىلاپ كۆرىدۇ. ئاخىرىدا «چېرىك قوشۇنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن چېرىك ئېلىش كېرەك» لىكى، خەزىنىنى تولۇقلاش ئۈچۈن «بوغان قورساقلارنىڭ يېغىنى ئازراق شىلىش كېرەك» لىكى، چېرىك ئالغاندا «نامراتلاردىن ئېلىش، بايلاردىن ئالماسلىقنى توسۇش كېرەك، بايلار نامراتلارغا چېرىك سېلىقى سالدىغان، كۆڭ-ماللىرىنى ئۆز ئوغلى ئورنىغا بېرىدىغان ئىشلارنى چوقۇم چەكلەش كېرەك. بويسۇنمىغانلارنى جازالاش كېرەك» لىكى بىردەك ماقۇللىنىدۇ ھەمدە سۇتۇق بۇغراخان نامىدا «قاراخانىلارنىڭ ئەلنى قوغداش يارلىقى» جاكارلىنىدۇ.

«يارلىق» تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«بىزنىڭ ئەلگە ياغى كەلمەكچى!

بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە ئىشنى ئەلنى قوغداشقا قارىتىش كېرەك!

بۇتكۈل ئەل دۆلەتنى قوغداشقا ئاتلىنىش كېرەك!

چېرىك كۈچىنى تولۇقلاش ۋە ئۇلغايتىش كېرەك. كىم چېرىك بولۇشقا لايىق بولسا، شۇ چېرىك بولىدۇ.

خەزىنىنى كۆپەيتىش كېرەك. پۇلى بارلار جەڭدە ياردەم قىلىشلىرى كېرەك.

بۇ يارلىققا قارشىلىق قىلغانلارغا جازا بېرىش كېرەك» (16).

## «قاراخانىلار خاندانلىقى دۆلىتىنىڭ يەر، سۇ ۋە چارۋا مال تەقسىمات پەرمانى» ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئالماشتۇرۇش قارارىنىڭ چىقىرىلىشى

قاراخانىلار دۆلىتى يېڭى ئىچكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بايلار ۋە بىر بۆلۈك ئەمەلدارلار خاندانلىقنىڭ قانۇن-

بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلغاندەك قىلىشمۇ ئەمەلىيەتتە بىرمۇنچىسى ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىندۇ. بەزىلىرى مەقسەتلىك ھالدا ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ سۇيىقەست ئىشلىتىپ خانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كويىدا بولىدۇ. «قۇلدارچىلىق يوقىتىلىدۇ» دېگەن قانۇن ئېلان قىلىنغىنى بىلەن ئېزىلىش بىلەن ئېزىش ئەمەلىيەتتە بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، بايلار بىلەن گادايلارنىڭ چەك- چېگرىسى بارغانسېرى ئوچۇقلىشىپ باردۇ. تېرىقچىلار ئىسيان كۆتۈردۇ. سۇتۇق بۇغراخان بۇ ئىشلارغا باش قاتۇردۇ. ئەڭ ئاخىرىدا «تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش»، «ئەلنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىش»، قاتىللىق ئويۇشتۇرغۇچىلارنىڭ «ئوردىدىكى ئارقا تىرىكىنى يوقىتىش»، «چەت ئەل پايلاقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئاغدۇرمىچىلىق ئېلىپ بارغان خائىنلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، ئۇلارنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى خانلىققا ئېلىپ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى تېرىقچىلارغا، نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىش، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پۈتكۈل ئەلگە جاكارلاش، ئەلدىكى تېرىقچىلار، مالچىلار، چېرىكلەرنىڭ تىلەكلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يەر، سۇ، مالنى تەڭشەش، خاندانلىق نامىدىن يەر، سۇ، مال تەڭشەش پەرمانى چىقىرىش» كېرەك دېگەن قارارغا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆۋەندىكى پەرمان تۈزۈلىدۇ.

«قاراخانىلار خاندانلىقى دۆلىتىنىڭ يەر، سۇ ۋە چارۋا مال تەڭشەش پەرمانى:

يەر ۋە مالغا ئىگە بولۇشتىكى ئېغىر تەڭسىزلىك ئەلگە ئېغىرچىلىق كەلتۈرمەكتە. بارلارنىڭ بەك جىق، يوقلاردا يوق. چوڭ يەر ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ يەرلىرىگە باغلىۋالغان يەرسىزلەرنى، ئاز يەرلىكلەرنى ھەقسىز ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىغانچە ئۇرماقتا، ئۆلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ يېرى بار، چېرىكى بار، نامرات تېرىقچىلار، مالچىلار دوزاخ ئازابىغا



چىدىماستىن قارشىلىق قىلماقتا، تىلەكلەر قويماقتا، دۆلىتىمىز تېرىقچىلارنىڭ < تىرىكلىك، ئەركىنلىك، يەر > دېگەن تىلەكلىرىنى قوللايدۇ. كىشىلەر ئۆز يەرلىرىدە ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنى باقالايدىغان، ياللانغانلار ئۆزىگە لايىق ئىش ھەققى ئالالايدىغان بولسۇن.

دۆلىتىمىز يەر - سۇ، مال - ئوتلاقلارغا ئىگە بولۇشتىكى تەڭسىزلىكنى تەڭشەش ئۈچۈن مۇشۇ پەرماننى چىقاردى.

مۇشۇ پەرمانغا بويسۇنمىغانلارغا دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنمىغانلار قاتارىدا جازا بېرىلىدۇ.

بۇ پەرماننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەتلىك، ئايماقلىق، يېزىلىق تەڭشەش تۈگرىكى قۇرۇلىدۇ.» (17)

ئاخىرىدا ئوردا ئەمەلدارلىرىغا قايتا زۆرۈر بولغان تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىلگە ئاقارتىش ئولچىسى، ئوردا پۈتۈكچىسى، ئوردا ئاغىسى، قارۇغچى ئىشلار ئولچىسى، ئاغىچى، ئوردۇ قارۇغباشى، شەھەر قارۇغچىباشى قاتارلىق مۇئەس- سەسەلەرگە باشقىدىن ئادەم تەيىنلىنىدۇ. چەت ئەل ئىشلىرى ئۆلچىسى، چېرىك ئىشلىرى ئۆلچىسى، سۇ باشى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرگە بۇرۇنقىلار يەنە باش بولۇۋېرىدۇ. ئالۋان - ياساق ئۆلچىلىقى تېرىقچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئۆزگەرتىلىپ ئۆلچىلىققا مەخسۇس ئادەم تەيىنلىنىدۇ.

تۈنجى قېتىمقى «يارلىق» نى ئوردا باشى، «دۆلەت ئىشلىرى بەلگىلىمىسى» نى بىلىگ ئاقارتىش ئولچىسى، «ئەلنى قوغداش يارلىقى» نى ئېلىگ ھاجىپ، «يەر، سۇ ۋە چارۋا مال تەڭشەش پەرمانى» نى ئوردا ئاغىسى جاكارلايدۇ.

قىسقىسى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 4 - بابى — «پارلاق باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىسى بايانى» دا مەدھىيە ئوقۇلغان ئاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان، 12 - بابى —

«سۆز بېشى كۆنتۇغدى ئېلىك ھەققىدە» دە تىلغا ئېلىنىپ «قۇتى ۋە ئېتى بەلگىلىك» دەپ قەيت قىلىنغان كۆنتۇغدى ئېلىك، «سۇتۇق بۇغراخان» ناملىق تارىخىي رومانىدا مەدھىيە ئوقۇلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوبرازى بولۇپ ئۇ بىزگە قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە قانۇن بىلەن ئەدل ئىدارە قىلىنغان بىر ئالتۇن دەۋرنىڭ پارلاق مەنزىرىسىنى كۆرۈۋېلىشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دېمەك بۇ ئەھۋال شۇنداق بولۇپ، خۇددى تارىخچى بارتولد بىلەن ئىسىن ئاتىرلارنىڭ ئېيتقىنىدەك «قاراخانىلار دۆلىتىدە ئورۇقداشلىق تۈزۈمى كۆز قارىشى بارلىق كۆچمەن چارۋىچى ئىمپېرىيىلەردىكىگە ئوخشاش خۇسۇسىي قانۇن ساھەسىدىن دۆلەت قانۇنى ساھەسىگە قاراپ يۆتكەلگەن»(18) ھەمدە ئۆز دەۋرىدىكى جاھان ھاكىمىيەتلىرى ئىچىدە «نۇ، تەرتىپ ۋە قانۇن - تۈزۈم جەھەتتە ئەڭ ياخشى دۆلەتلەرنىڭ بىرى»(19) بولۇپ تونۇلغانىدى.

---

(1) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 86، 98، 99، 100، 101، 102، 103-بېيىتلار.

(2) «قۇتادغۇبىلىك»، 405، 406، 407، 408، 409، 410، 415، 416، 417، 418، 419، 436، 437، 438، 449، 450، 451، 458، 459، 460، 461-بېيىتلار.

(3) «قۇتادغۇبىلىك»، 1038، 1039، 1040، 1041، 1042، 1043، 1044-بېيىتلار.

(4) «قۇتادغۇبىلىك»، 1045، 1051، 1056، 1061، 1062، 1067، 1068، 1110، 1111، 1112، 1149، 1150، 1160، 1161، 1342، 1374، 1435، 1451، 1456، 1458، 1459، 1460، 1461، 1487، 1517، 1518، 1520، 1521، 1548، 1570، 1571، 1573،



1576، 1580-بېيىتلار.

(5) «قۇتادغۇبىلىك»، 1641، 1642، 1643، 1644، 1652، 1653، 1654، 1770، 1771، 1772، 1773، 1774، 1886، 1887، 1888-بېيىت.

(6) «قۇتادغۇبىلىك»، 3093، 3094، 3095، 3096-بېيىت.

(7) «قۇتادغۇبىلىك»، 3097، 3098، 3099، 3100-بېيىت.

(8) «قۇتادغۇبىلىك»، 3102، 3103، 3104، 3105، 3106، 3107، 3108، 3109، 3110، 3111، 3112، 3113-بېيىت.

(9) «قۇتادغۇبىلىك»، 5624، 5625، 5626، 5627، 5628، 5950، 5951، 5952-بېيىت.

(10) «قۇتادغۇبىلىك»، 6340، 6341، 6345، 6346، 6347، 6348، 6349، 6350، 6351، 6410، 6420، 6421، 6422، 6423، 6424-بېيىت.

(11) «قۇتادغۇبىلىك»، 6452، 6453، 6454، 6455، 6456، 6457، 6466، 6467، 6468، 6469، 6481، 6485، 6491، 6486، 6487، 6492-بېيىتلار.

(12) «قۇتادغۇبىلىك»، 1049، 1050-بېيىت.

(13) «قۇتادغۇبىلىك»، 88، 90، 93، 102، 115-بېيىت.

(14) سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، ئۇيغۇرچە، 162-بەتتىن 164-بەتكىچە قارالسۇن.

(15) س. ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان». مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىل، ئۇيغۇرچە، 485-بەتتىن 461-بەتلەرگىچە قارالسۇن.

(16) يۇقىرىقىغا ئوخشاش، 521، 522-بەتكە قارالسۇن.

(17) سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان»، مىللەتلەر نەشرىياتى. 1987-يىل، ئۇيغۇرچە، 632، 633، 634-بەتلەر.

(18) «بارتولد ئەسەرلىرى توپلىمى». 1-جىلدنىڭ 330-بېتىدىن

كەلتۈرۈلگەن نەقىل. ۋېي لياڭتاۋنىڭ «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىدىن ئوچېرىكلار». خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى، 76-بەت.

(19) ۋېي لياڭتاۋنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنىڭ 84-بېتىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى ئىبىن ئاتىرنىڭ «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن كىتابىنىڭ 9-جىلد 105-بېتىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.



ئالتىنچى باب

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنى

«لاۋزى» نىڭ 81-بابىدا «چىن سۆز ئۇز بولماس، ئۇز سۆز چىن بولماس. سەرە-خىل گەپ ھىيلە بولماس، ھىيلە گەپ سەرە-خىل بولماس» دېيىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا ۋە ئۇنىڭ قانۇنشۇناسلىق تارىخىدا تۇتقان ئورنىغا باھا بەرگەندە تاتلىق سۆز قىلمەن دەپ ھىلە ئىشلەتمەي ئاچچىق بولسىمۇ راست گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى — ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلق قانۇنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىسىنى ئۆزىدە يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىدىن بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە «تۈركلەرنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئاتىسى» ئالىپ ئەرتۇڭاغا يۇقىرى باھا بېرىپ، قاتتىق سېغىنىش ھېسسىياتى ئىچىدە ئۇنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: «تۈرك بەگلىرىگە نەزەر سېلىنسا، جاھان

بەگلەرنىڭ ياخشىسى شۇلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇڭگا ئالىپ ئەرنىڭ ئىپتى ۋە بەختى بەلگىلىكتۇر. ئۇ ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلەتلىك، بىلىملىك، ئەقىللىق، سەرخىل، زىرەك ئەر ئىدى. تاجىكلار ئۇنى ئەفراسىياپ دېگەنىدى» دەيدۇ(1).

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالىپ ئەرتۇڭگا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدە قەيت قىلىنغان تۇرانىلارنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى. ئۇنىڭ نامى ئەڭ ئاۋۋال پارس شائىرى فىردەۋسى (مىلادى 934 ـ 1027) نىڭ مىلادى 999-يىلى يازغان مەشھۇر ئەسىرى — «شاھنا- مە» دە تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تىمۇ قەيت قىلىنغان، پارس رىۋايەتلىرىدە ئۇ «ئەفراسىياپ» دېيىلىدۇ. «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇلغان نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى بار. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىچە، ئۇنىڭ پايتەختى ئوردۇكەنت (بۈگۈنكى قەشقەر) بولۇپ، بارچۇق شەھىرى (بۈگۈنكى مارالبېشى) نى ئەفراسىياپ سالدۇرغان(2). ئۇ، پۇقرانىڭ غېمىنى يېيىشتە تەڭداشسىز، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇپ «ئۆز ئەمەلدارلىرى ۋە سەركەردىلىرى ئۈستىدىن شۇنداقلا ئۆزى ئۈستىدىن دائىم جەمئىيەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ئىنكاسلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزى ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئەلگە قىلغان خىزمىتىدە زالىملىق، زورلۇق بارمۇ - يوق؟ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئىشقا ئېرىنمەستىن ئۇ دى ۋاقىت چېتىرىپ ئىشلەيتتى» (3). لېكىن كېيىنچە بۇ «پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئەفراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق، يامان ئادەملەر باش كۆتۈردى» (4).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئورقۇن - يېنسەي، تالاس يادىكارلىقلىرىدىن تارتىپ «قۇتادغۇبىلىك» كىچە



بولغان ئارىلىقتىكى ئەنئەنىسى ئۈزۈلمىگەن ئۆزئارا باغلىنىشلىق بىر مەدەنىي تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تىن مەلۇم بولۇشىچە، ئوتتۇكەن بەگلىكىدە بەگلەرنى ئادىل، ئاقىل، بىلىملىك، كۆزى توق، دىلى كەڭ، سېخىي، خەلقسۆيەر كىشىلەردىن تاللاپ سايلاش، دۆلەت خادىملىرى بەگلىكنىڭ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، قاتتىق سىر ساقلاش، قانۇننى بۇزۇپ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارا قىلغان خادىملارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش؛ ياغما بەگلىكىدە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش، ئۈچ ئوردا خانلىقى بىلەن تۈرك خانلىقىدا دۆلەتكە سادىق بولۇپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى ئوبدان ئىشلىگەن ئەلچىلەرنى مۇكاپاتلاپ، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىپ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارا قىلغان ئەلچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالاش، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئېھسان قىلىشتا كەڭ قول بولۇش — پۈتكۈل جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇ ئەينى زاماندىلا شۇ خانلىق ۋە بەگلىكلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى ھەم ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەشتە ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى زاماننىڭ ياخشى قانۇن - يوسۇنلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش لازىملىقى ھەققىدە توختالغىنىدا ئوقتىلىق ھالدا مۇشۇ خانلىق ۋە بەگلىكلەرنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئاشۇ قانۇن - تۈزۈملىرىدىن گەپ ئاچىدۇ(5). تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرگەن ئىچكى ئامىللارنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇلارنىڭ قانۇننى بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن تۈزمىگەنلىكى، بىلىمسىز كىشىلەرنىڭ ئەلگە خاقان بولغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئەلدە بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىپ خانلىقنىڭ ۋەيران بولغانلىقىغا يىغىنچاقلايدۇ. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى «قۇتادغۇبىلىك» تە بىز ھازىر چۈشەنگەندەك ئوچۇق

ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرۇپ ئۇنى ئورخۇن ۋادىسىدا تاشقا ئويۇپ پۈتۈلگەن «كېيىن ئىنىلىرى خاقان بوپتۇ، ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ، ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ، بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بوزۇقلاردىن بولسا كېرەك»، شۇڭا «تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بوپتۇ»، (ئىچكى جەھەتتە) «قائىدە-تۈزۈملىرىنى يولغا قويالمىغانلىقتىن يەنە تابغاچقا بېقىنىپتۇ»(6) دېگەن خاتىرىلەرنىڭ بىشارىتى دېيىشكە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە يۇقىرىقىغا ئوخشاش تۇتۇقراق ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار دەپ يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان «بىزدىن بۇرۇن ئۆتكۈچى جاھان تۇتقۇچىلاردىن قايسى بىلىملىك بولغانىكەن، شۇلار زامانىنىڭ ئىگىسى بولغان، جاھان بەگلىرىدىن كىم ئالىم ئىكەن، ئۇلار ياخشى قانۇن تۈزۈپ ئۆرلىگەن ۋە ئۆلۈشنى بىلگەچ تەييارلىق قىلىپ تىرىككە ئاتاپ-پۈتۈك يېزىپ قويغان. بۈگۈن ئۇنى كىم ئوقۇپ بىلەلەيدىكەن (شۇنىڭدىن) ئۆلگە ئالار ھەم (ئۇنىڭدىن) ياخشىلىق تىلەر»(7). دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن، بۇمۇ ئوخشاشلا ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا-بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ ... ئۇلار دانا خاقان ئىكەن، باتۇر خاقان ئىكەن، بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك، بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ



قانۇنىي تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ»(8) دېگەن خاتىرە بىلەن «مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ، ئەل تۇتقانلىقىڭلارنى ئويدۇردۇم، سىلەرنىڭ يېڭىلىپ (خاتالىشىپ) ئۆلگەنلىكىڭلارنىمۇ بۇ يەرگە ئويدۇردۇم. قانداق سۆزۈم بولسا (ھەممىنى) مەڭگۈ تاشقا ئويدۇردۇم؛ ...... (بۇ يەر) ئادەملەر ئۆتىدىغان مۇھىم يەر بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈ تاشنى تۇرغۇزدۇم، (سۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا) يازدۇردۇم، ئۇنى كۆرۈپ بىلىۋېلىڭلار.»(9) دېگەن خاتىرىلەرگە قىلىنغان مەقسەتلىك بىشارەتتۇر. بۇ نۇقتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيادا ئورقۇن ئابىدىلىرىنى XIX ئەسىرگىچە تونجى بايقاپ خەۋەردار بولغان ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ھەقىقىي ئالىم دېيىش مۇمكىن.

ئورقۇن ئابىدىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىدا دۆلەت قۇرغان تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن مىراس قالغان بىر يۈرۈش ئەنئەنىۋى قانۇن-تۈزۈملىرى بولۇپ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى دۆلەتنى ئەنە شۇ قانۇن-تۈزۈملەرگە ئاساسلىنىپ باشقۇراتتى. خۇددى تۈركىيە ئالىمى كافېسوغلونىڭ ئېيتقىنىدەك «خاقانلار يەرلىك ئەمىر-پەرمانلىرىنى، سوتچىلار قارارلىرىنى ‹تۆرە› گە ئاساسەن چىقىراتتى، تۈرك خاقانلىرىنىڭ تەختكە چىقىشىمۇ ‹تۆرە› ھۆكۈملىرىگە ئاساسلىناتتى»(10). بۇ قانۇن-تۈزۈملەر ناھايىتى قاتتىق ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلىرىدە بۇ ھەقتە بەزى مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. «سۈينامە» 84-جىلد — «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، تۈركلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم «ئائىلە قانۇنى» بارلىقى قەيت قىلىنغان. مىلادىنىڭ 583-يىلى (كەيخۇاڭ 3-يىلى) چۈشۈرۈلگەن سۇي ۋېندىنىڭ «تۈركلەرگە جازا يۈرۈش قىلىش يارلىقى» دا، ئۇلارنىڭ ئۆز

ئالدىغا ئايرىم «ئائىلە قانۇنى بار، ناھايىتىمۇ قاتتىق»
دېيىلگەن. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 99-جىلد — «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە، ئۇلارنىڭ «جىنايى ئىشلار قانۇنى مۇنداق: ئاسىيلىق قىلغانلار، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، ئەرلىك خوتۇنلارنىڭ ئىپپەت نومۇسىغا تەگكەنلەر، سالما ئوغرىلىغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ؛ پاھىشە قىلغانلارنىڭ ئاۋۋال تاناسىل ئەزاسى كېسىۋېتىلىپ كېيىن بەلدىن چېپىلىدۇ؛ قىزلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىغا تەگكەنلەردىن زور مىقداردا تۆلەم تۆلىتىۋېلىنىدۇ ئاندىن قىز ئۇنىڭغا مەجبۇرىي نىكاھ قىلدۇرۇلىدۇ؛ جېدەل-ماجىرا چىقىرىپ باشقىلارنى زەخىملەندۈرگەنلەر قىلمىشىنىڭ ئېغىر-يەڭگىللىكىگە قاراپ زەخىملەنگۈچىگە تۆلەم تۆلەيدۇ؛ بىراۋنىڭ كۆزىنى جاراھەتلەندۈرگەنلەر جاراھەتلەنگۈچىگە قىزىنى بېرىدۇ، قىزى يوقلار خوتۇنىنىڭ مال - مۈلكىنى بېرىدۇ؛ بىراۋنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويغۇچىلار بەدىلىگە ئات تۆلەيدۇ؛ ئات ۋە شۇنىڭدەك باشقا نەرسىلەرنى ئوغرىلىغانلاردىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوغرىلىغان نەرسىلەرنىڭ ئون ھەسسىسى تۆلىتىۋېلىنىدۇ» دېيىلگەن(11).

ناھايىتى روشەنكى، خەنزۇچە مەنبەلەردە «ناھايىتى قاتتىق ۋە رەھىمسىز» دەپ قەيت قىلىنغان تۈركلەرنىڭ «ئائىلە قانۇنى» — ئورقۇن ئابىدىلىرىدە خاتىرىلەنگەن «ئاغىر تۆرۈ» دېيىلگەن «قاتتىق قانۇن-تۈزۈم» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇ «ۋېينامە. تۈلۈسلەر ھەققىدە قىسسە» دىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۇلىيەنگۆەن ئەپەندى «تۈلۈسلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئۇچرايدىغان «تۆرۈ» (خەنزۇچە يېزىلىشى [illegible]) نى تۈركلەردىكى «تۆرۈ» (Törü) بىلەن بىر دەپ قارىغان(12).

ئەمدى گەپنى ئۆزىگە كەلسەك، يۇقىرىقى مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان «قاتتىق» دېگەن مەسىلە تۈرك ۋە ئۇيغۇر



ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزى تەۋەسىدىكى چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە ئۆزىگە قارام قىلىنغان خەلقلەردىن ھاكىمىيەتكە قارشى چىققان، ئاسىيلىق قىلغانلارغا قوللىنىدىغان جازالىرىنىڭ «قاتتىق» لىقىغا شۇنداقلا يۇقىرىلىرىغا سىڭىلگەن زۇلۇمنىڭ چەكلىكىغا قارىتىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ قانۇن ئىدىيىسى شەرھلەنگەن «قۇتادغۇبىلىك» تە، مانا مۇشۇنىڭدىكى بىكار قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى، ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنىڭ نېمىلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. يوقىتىشقا تېگىشلىك دەپ زۇلۇمنى، ئەۋج ئالدۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ ئادالەتنى ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ قانۇن- تۈزۈملىرىنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىجابىي ۋە سەلبىي دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ لياۋ، سۇڭ، جىن، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋرلەردە يېتىشىپ چىققان قانۇنشۇناسلارنىڭ تامامى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان فېئوداللىق قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدەنگىنىگە ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيىلىرىدە زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتقان فېئوداللىق دۆلەتلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇلاردىن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باۋچىڭ، ۋاڭ ئەنشى ھەم سىماگۇاڭ قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

بۇ ئۈچ نەپەر قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن زامانداش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە باۋچىڭ بىلەن ۋاڭ ئەنشىنىڭ بولۇپمۇ ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇن ئىدىيىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىن يىراقلىشىپ كەتمەيدۇ. ئەمما سىماگۇاڭنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى بىلەن سىغىشالمايدىغان نۇرغۇن

تەرەپلەر بار، ئۇنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ.

ئالدى بىلەن باۋچېڭنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇنداق بەش تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، «دۆلەتكە پايدىلىق، پۇقراغا زەرەرسىز» بولۇشتىن ئىبارەت قانۇن پرىنسىپى. بۇ — قانۇن تۈزۈشتە دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇش، كۆز ئالدىدىكى كىچىك مەنپەئەتنى قوغلاشماي، ئۇزۇن يىللىق پىلان بولۇش، پۇقرالارغا نەپەقە بېرىشنى دۆلەتنى باي قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىش، پۇقراغا سىياسەتتە كەڭ قول بولۇپ، ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش، قىيىنچىلىقى ئېغىرلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاسلاندۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى، دۆلەتنى تۈزەشتە پۇقراغا كەڭچىلىك قىلىش، پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناچار نەرسىلەرنى يوق قىلىش، قانۇن-تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش، قانۇنغا ئاساسەن ئىش كۆرۈش، قانۇننىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش، قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇش. ئۈچىنچى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتا قاتتىق بولۇش، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىش. تۆتىنچى، قانۇن تۈزۈشتە شەپقەتسىز قانۇن بولغا قويۇشقا قارشى تۇرۇش، جازانى ئاز قوللىنىش، ئەدلىيە خىزمىتىدە «ئادەمنى قاتتىق خارلايدىغان كىشى» نىڭ سوتچى بولۇشىغا يول قويماسلىق. بەشىنچى، سوتچىلارنى قاتتىق تاللاش، ئۇۋاللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئىككىنچى رەتتە تۇرىدىغىنى سىماگۇاڭنىڭ قانۇن ئىدىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، تەقدىرچىلىك نەزەرىيىسى ۋە قاتمال تارىخىي كۆز قاراشنى تەشەببۇس قىلىش، بۇنىڭ بىلەن ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنى نادانلىقتا قالدۇرۇش، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك، بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىدا



چىڭ تۇرۇپ، قانۇن يېڭىلاش ھەرىكىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىش. ئىككىنچى، ئەدەب-قائىدىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى دۆلەتنىڭ قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش - ئوڭشىيالماسلىقنىڭ تۈپ مەنبەسى. ئۈچىنچى، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش ئېنىق ۋە توغرا بولۇش. ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. تۆتىنچى، ھەم ئەدەب - قائىدىنى تەكىتلەش، ھەم قانۇننىڭ مۇھىملىق رولىغا ئەھمىيەت بېرىش.

ئۈچ نەپەر قانۇنشۇناس ئىچىدە ئىدىيىسى ئەڭ ئىلغار بولغىنى ۋاڭ ئەنشى بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. بىرىنچى، كونا ئۆرپ - ئادەت ۋە قانۇنلارنى ئىسلاھ قىلىش. ئىككىنچى، يېڭىدىن قانۇن تۈزۈش ۋە تۈزۈلگەن يېڭى، ياخشى قانۇنلار ئارقىلىق ئەلنى تۈزەش. ئۈچىنچى، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ساقلانغان جازادا نامۇۋاپىق بولۇشتەك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش. تۆتىنچى، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇش، قانۇن بولۇشتىن تاشقىرى ياخشى بولغان قانۇننى ئىجرا قىلىش ئەمەلدارلىرى بولۇش ۋە شۇلار ئارقىلىق قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، قانۇن ئەمەلدارلىرىنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش-قىلماسلىقى دۆلەتنىڭ خاتىرجەملىكىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ۋاڭ ئەنشى فېئودال قانۇن ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى، قانۇنچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ ئەدلىيە، قانۇن خادىملىرىنى تەربىيىلەشتۇر. بۇ ۋاڭ ئەنشى قانۇن ئىدىيىسىنىڭ يۇقىرىقى تۆت مېغىزى ئىچىدە بىردىنبىر مۇھىم تۇرىدىغان تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە بىزگە ئايان بولغان مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك قانۇنچىلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىمۇ ئەكس ئېتىشى ئۇلارنىڭ قانۇن، ھوقۇق چۈشەن-

چىلىرىنىڭمۇ تامامەن بىر-بىرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خاسلىقلىرى بار، ئەلۋەتتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئادالەت مۆمىن ھايۋان قوينىڭ، ئۇنىڭ كۆشەندىسى بولغان زۇلۇم يىرتقۇچ ھايۋان بۆرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئەلدە زۇلۇم يوقىتىلىپ، ئادالەت باش كۆتۈرگەن دەۋرنىڭ كۆرۈنۈشى بۆرە بىلەن قوينىڭ بىر يەردە يۈرەلىشىدىن ئىبارەت تەستە ئىشقا ئاشىدىغان مۇشكۇلات كارتىنىسىغا جەملەنگەن. مەسىلەن، كۈنتۇغدىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ۋاقتىدىكى تىنچلىق، ئەمىنلىك ۋەزىيىتى «خاقان يۇرتىنى تۈزگەچ ئېلى باي بولدى، بۆرە، قوي بىر جايدا سۇ ئىچتى»، «قوزا بىلەن بۆرە بىر-بىرىگە قېتىلىپ يۈرۈشتى» دەپ تەرىپلەنگەن بولسا، ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈنتۇغدىغا ۋەزىر بولغان چاغدا بارلىققا كەلگەن پاراۋان باياشاد مۇھىت «خەلق زەخمەتتىن قۇتۇلدى، قوزا بىلەن بۆرە قوشۇلۇپ يۈردى»، «قوزا — توقلى بىلەن بۆرە تەڭ بولۇپ، بىر مەزگىل شۇ خىلدا ياشىدى» دەپ تەسۋىرلەنگەن (13). ئەلدە ئورنىتىلغان تىنچلىق، ئەمىنلىكنى يۇقىرىقىدەك سىمۋوللاش ئەنئەنىسى قاراخانىلاردىن كېيىنكى ھەرقايسى ھاكىمىيەت دەۋرلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدىمۇ ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن باشلانغان بۇنداق سىمۋوللاشتۇرۇشنى شەرىپىدىن ئەلى يەزدىنىڭ كىتابى، شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ كىتابى شۇنداقلا XIX ئەسىردە تارىخچى موللا مۇسا سايرامىنىڭ قەلىمىدە يېزىلغان «تارىخى ئەمىنىيە» دە ئۇچرىتىش مۇمكىن. شەرىپىدىن ئەلى يەزدى (تەخمىنەن مىلادى 1360 — 1440) يۇۋەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي



نەسلىدىن بولغان تۆمۈر كوراگان (تۆمۈرلەڭ، ئاقساق تۆمۈر دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن تىنچلىق، ئەمىنلىك، پاراۋان، باياشاد ۋەزىيەتنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

شامالدىن سۇمۇ پەرياد قىلمىدى،
گۈللەر باغرىمۇ چاك - چاك بولمىدى.
قوي - قوزىلارغا تەگمىدى قاشقىر،
بىرگە يۈردىلەر كېيىك بىلەن شىر.
يىغىندىن باشقا يالىڭاچ كىشى يوق،
نالايىق ئىشلار، ئوغرىلىقمۇ يوق.
بۇنداق شۆھرەت — داڭقى كۈنسېرى،
ئاشتى، كەتتى ياپون، فەرەڭلەر سىرى (14).

گەرچە بۇنىڭدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭكىدەك «قوي بىلەن بۆرە بىر جايدا سۇ ئىچتى» دېيىلمىسىمۇ، «كېيىك بىلەن شىر بىرگە يۈردى، قاشقىر قوي - قوزىلارغا تەگمىدى» دېيىلىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى ئوبرازلاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ۋارىيانتىدۇر.

شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» (ئابدۇرېشىتخان تارىخىنىڭ داۋامى) دە، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان يولۋاسخان دەۋرىدىكى زوراۋانلىقنى بايان قىلىپ «ئۇ، سىڭگە بىلەن قىلىشقان گەپلىرىدىن يېنىۋېلىپ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا زۇلۇم قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاچكۆزلۈك، تەبىئىتىگە زۇلۇم شۇنداق ئورۇنلىشىپ كەتتىكى، زۇلۇم باياۋانىدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھەججاجمۇ خىجىل، زەھاكمۇ تۆۋەن تۇراتتى. پىتنە - پاساتتا ئۇنىڭ ئالدىدا شەيتانمۇ ئەيىبلىك، دەججالمۇ يېتىشەلمەيدىغان بولدى» دېسە، ھىجرىيىنىڭ 1080-يىلى يەكەندە شۆھرەت

قازانغان سۇلتان يۇنۇسخان زامانىسىدىكى دوغلات قوۋمى ئىچىدىن چىققان ئىناۋەتلىك قوماندان ئەركا بەگ دەۋرىدىكى ئەھۋال: «مەملىكەت ھەزرىتى خاننىڭ دەۋرىدە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، جەننەتمۇ چىدىمايدىغان، ئىرەمنىڭ گۈلىستانىغىمۇ تەنە قىلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. خاننىڭ دۆلىتىدە پۇقرالارمۇ ئەمەلدارلاردەك تۇرمۇش كەچۈردى» دەيدۇ (15).

موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخى ئەمنىيە» دە، خوجىلارنىڭ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان چاغدىكى ئاچكۆزلۈكى بۆرىنىڭ قويغا ئېتىلغىنىغا ئوخشىتىلىپ: «ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر بۆرە بولۇپ خۇددى قويغا ئېتىلغاندەك، پۇقرالارنىڭ مال-مۈلكى ھەتتا ھاياتىغا ھۇجۇم قىلىپ خەلققە ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم جاپا قىلدى ... خوجىلار يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى، دۆلەت ۋە سىياسەت قائىدىلىرىنى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقنىڭ ھالى خاراب بولۇپ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى» (16) دەپ سۈرەتلەنسە، ئاقسۇ ھاكىمى سەئىد جامالىدىن خوجىنىڭ يەكەنگە كېلىپ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى ياخشى ۋەزىيەت بۆرە بىلەن قوينىڭ بىر يەردە سۇ ئىچكەنلىكىگە ئوخشىتىلىپ: «خوجام پادىشاھ ئىنئام-ئېھسان ۋە سېخىيلىقنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئاچتى، ئادالەتنىڭ قانۇنىنى كەڭ يايدى. نەتىجىدە قوي بىلەن بۆرە بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچتى، لاچىن بىلەن كەپتەر بىر جايغا ئۇۋا تۇتتى. ئىنسان گۇرۇھى ھەتتا پۈتۈن مەخلۇقات ئارىسىدىمۇ ئىنتىپاقسىزلىق، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۈگىتىلىپ، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ساداقەتنىڭ قائىدىلىرى قۇياشقا ئوخشاش نۇر چاچتى. مۇشۇ يول بىلەن ھەممىنى خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم، باياشات، باراۋان، بىغەم قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى» دەپ مەدھىيىلەنگەن (17).



«قۇتادغۇبىلىك» تە خاتىرىلەنگەن ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ ئاھايىتى يىراق دەۋرنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن، تىنچلىق ۋە ئەمىنلىكنى قوي بىلەن بۆرىنىڭ بىر يەرگە كېلىپ سۇ ئىچەلىگىنىگە ئوخشىتىدىغان ئادەت — ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن چۈشەنچىسىدە ئۆزلىرىنىڭ يايلاق ھاياتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ خەلق ئاھايىتى ئارزۇ قىلىدىغان مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە كەڭ ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانمايدىغان مىللەتلەرنىڭ تىنچلىق تۇيغۇسىدىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان مۇھىم ۋە روشەن بەلگىلەرنىڭ بىرىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان XI ئەسىردە، ئەلدە ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوق قىلىشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان «بۆرە بىلەن قوزىنىڭ بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچىشى» قاراخانىلار ئوردىسىدىكى ۋەزىردىن كېيىنكىلا ئورۇندا تۇرىدىغان بىر ئوردا ئەمەلدارى تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر سىياسەت ھالىتىدە كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىلەن، ھۆكۈمرانلارنىڭ پۇقرالارغا رەھىمدىللىك قىلىشنىڭ سىمۋولى بولغان «مۈشۈكنىڭ چاشقاننى بېقىشى» تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكى ۋەزىرلەر تەرىپىدىن مۇتلەق ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ئىش ئىدى. مەنبەلەرگە قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «مۈشۈكنىڭ چاشقاننى بېقىشى» دېگەن بىر ھېكايە پەيدا بولۇپ، بىر مۈشۈكنىڭ بىر دانە چاشقان بالىسىنى چوڭ بولغانغا قەدەر پەرۋىش قىلىپ باققانلىقى ئاۋام ئارىسىغا تارقالغانىكەن. بۇنى پۇقرالار پادىشاھلارنىڭ ئىنايىتىغا قارىتا تەڭرىنىڭ رازىمەنلىكىدىن زاھىر بولۇۋاتقان مۆجىزە دەپ قارىشىپتىكەن. پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاھايىتى خۇرسەن بولغانىكەن. ئوردا

ۋەزىرلىرى مەسلىھەتلىشىپ 100 كىشىلىك ئەمەلدارلار كېڭىشى ئۆتكۈزۈپ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى تەبرىكلىمەكچى بولۇشۇۋاتقاندا، ئارىدىن بىر ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۈشۈكنىڭ چاشقاننى يېيىشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى. ھازىر مۈشۈك چاشقانغا ئىچ ئاغرىتىدىغان بوپقاپتۇ، بۇ قائىدىسىزلىكتۇر. ئۇنى قانداقمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دېگىلى بولسۇن؟ دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ئېغىز گەپ داغدۇغىلىق ئېچىلماقچى بولغان بىر چوڭ تەبرىكلەش مۇراسىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن(18).

ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا ياشايدىغان خەنزۇ خەلقىدە قەدىمدىن تارتىپ «پۇقرالار ئەمەلدارلارغا يۆلىنىپ ياشايدۇ، ئەمەلدارلار پادىشاھلارغا تايىنىپ ھايات تۇرىدۇ، جاھان بىرلا ئادەمگە تەئەللۇق بولىدۇ» دېگەن قاراش ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەنىدى(19). قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بولسا بۇ خىل «ئەنئەنە» نىڭ تەسىرى نىسبەتەن ئاجىزراق بولۇپ، ئۇلاردا ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىرخىل ھوقۇق چۈشەنچىسى ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمدارغا ھۆكۈمرانلىق سۈپەتلىرىنى تەڭرى ئاتا قىلاتتى. بۇنداق ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ھۆكۈمدارلارغا تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلەتتى. شۇڭا خەلقلەر ئادەتتە خاقانلىرىنى كۆكنىڭ زېمىندىكى ۋەكىلىگە ئوخشىتاتتى. بۇ ھادىسە «قۇتادغۇبىلىك» - تە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 740 - ، 741 - بېيىتلاردا، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شائىرىدىن بىرىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق «قۇت» نى «دۆلەت» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى ئورنىدا ئىشلەتتى. يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، «قۇت» سۆزىنى «دۆلەت» نىڭ ۋارىيانتى سۈپىتىدە تىلغا ئالدى. 5469، 5470، 1933، 1934، 1978،



5947 ۋە 5195-بېيىتلاردا، ھاكىمىيەتنىڭ ئاللا (تەڭرى) تەرىپىدىن ھۆكۈمدارغا خەيىر - ئېھسان قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ ئىلاھ تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكىنى ۋە بىر كىشىگە مەنسۇپ بولغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىلاھنىڭ ئىلتىپاتى ئىكەنلىكىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ چۈشەنچە بويىچە ئېيتقاندا، ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىققانلار ئادالەتنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىش لازىم بولۇپ، دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرسا، خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇپ باي قىلالىسا تەختتە ئۇزۇن ئولتۇرىدۇ. ئەكسىچە بولسا، تەڭرى ئۇنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىپ، باشقا بىر ئادىلراق ھۆكۈمدارغا تۇتقۇزىدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىملىرىدىكى ھۆكۈمدار بولغۇچىنى قىزىل كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇياشنى ئەگىشىپ ئايلاندۇرۇش، بويىنغا بوغۇق سېلىپ ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ سوئال سوراش قاتارلىق ئادەتلەر ئەنە شۇ چۈشەنچىنىڭ رەسىم-يوسۇندىكى ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇ، پروفېسسور سەي خۇڭشېڭ تىلغا ئالغان «تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى» نىڭ ئەمدى بىخ سۈرۈۋاتقان «ھامىلە دەۋرى» دىكى ئەمەس بەلكى پىشىپ يېتىلگەن دېموكراتىك ئىدىيەلەر دەۋرىدىكى ئىنكاسىدۇر.

«جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەربىر خاقان تۇنجى قېتىم تەختكە چىققان چاغدا، مەھرەملەر ۋە ئەمەلدارلار ئۇنى كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قۇياشنى ئەگىشىپ توققۇز قېتىم ئايلاندۇرىدىكەن. ھەر قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ توختىغاندا، قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭغا بىر قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرىدىكەن، ئاندىن يۆلەپ ئاتقا ئولتۇرغۇزىدىكەن ۋە بويىنغا يىپەك بوغۇق سېلىپ ئۆلۈپ قالمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق بوغىدىكەن. كېيىن بوغۇقنى بوشىتىپ،

سەن بىزگە قانچە يىل خاقان بولۇپ بېرەلەيسەن؟ دەپ سورايدىكەن، كاڭگىراپ قالغان خاقان پۇقرالارغا ئۆزىنىڭ قانچە يىل خاقان بولۇپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن، بۇ چاغدا قول ئاستىدىكىلىرى ئاغزىغا كەپ سېلىپ بېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ خاقانلىقتا قانچە يىل ئولتۇرالايدىغانلىقى مۆلچەرلىنىدىكەن.»(20)

تۈركلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈمىدىكى پۇقرالىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي جىنايەت ئۆتكۈزگەن ھۆكۈمدارلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغاندا، ئوقيانىڭ كىرىچى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى يۇقىرىدىكى مەنبەدە بىزگە مەلۇم بولغان «بوينىغا يىپەك بوغۇق سېلىپ ئۆلۈپ قالمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق بوغۇپ تۇرۇپ سوئال سوراش» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

«جۇنامە»دە قەيت قىلىنغان تۈركلەرنىڭ دەپ قارالغان يۇقىرىقى ئادەت، ھازىرقى زاماننىڭ نوپۇزلۇق تارىخى دەپ قارىلىۋاتقان تارىخلاردا، ئەينى زاماندا تۈركلەر بىلەن بىللە ياشىغان ئۇيغۇرلاردىكى «توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم مۇراسىملىرى»نىڭ مەزمۇنلىرى قاتارىغا قويۇلۇپ، «...... توققۇز نەپەر بۇيرۇق (ۋەزىر) خاتۇننى كۆتۈرۈپ ئوردا ئىچىدە قۇياشنى ئەگىشىپ ئوڭ تەرەپكە توققۇز قېتىم ئايلاندۇراتتى» شەكلىدە قەيت قىلىندۇ(21).

تارىخىي قەيتلەردىن مەلۇمكى، قەدىمكىلەرنىڭ بۇ قائىدە-يوسۇنلىرى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتى. ئەمما ئۇنىڭدىكى كۆن تەگرىسىگە چوقۇنۇشنى مەزمۇن قىلغان «قۇياشقا ئەگىشىپ توققۇز قېتىم ئايلاندۇرۇش» ئادىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلىپ، «كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ تەختكە چىقىرىش» ئادىتىلا ئەسلىنى ساقلاپ قالدى. قەدىمكىلەر ھۆكۈمرانلارنى



تەختكە چىقىرىش مۇراسىملىرىدا كىگىز ئۈستىدىن چىقىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە يۈز كەلتۈرگەن بولسا، كېيىنكىلەر دەۋرىگە كەلگەندە مۇراسىملار مەسچىت ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، قاتناشقۇچىلار رۇكۇدا ئولتۇرۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈرىدىغان بولدى. بۇنى «تارىخى ئەمنىيە»دە قەيت قىلىنغان كۇچا خەلقىنىڭ ئەھمەت ۋاڭ، مۇھەممەت قۇربانبەگ ھاكىم باشلىق سەككىز بەگنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ مازىرىدا ئۇزۇن يىل ئىبادەت قىلغان راشىدىن خوجىنىڭ خەلق تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىپ، پادىشاھلىق قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغانلىق ۋەقەسى، ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ مەھمۇددىن خوجىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، قارا كالتەك بولۇپ قوزغىلىپ چىقىپ، جۈمە نامىزىدىن كېيىن مازار تېرەك دېگەن جايدا مىرزاجان ھەزرەت دېگەن كىشىنى پادىشاھلىق قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىگەنلىك ۋەقەسى، شۇنداقلا خوتەن خەلقىنىڭ ھەبىبۇللا ھاجىنى بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ رەسىم-قائىدىلىرى بويىچە ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ پادىشاھلىق تەختكە چىقارغانلىق ۋەقەلىرى(22) دەلىللەپ تۇرماقتا.

يىغىنچاقلىغاندا، پۇقرالارنى قويغا، ھۆكۈمرانلارنى قوي باققۇچىغا ئوخشىتىپ، قوي باققۇچىنىڭ قويلىرىنى ئوبدان ئاسراپ بۆرىلەرگە يەم قىلىۋەتمەسلىكىنى ھۆكۈمدارلارنىڭ پۇقرالىرىنى ئاسراپ زالىم، قانخورلارنىڭ بوزەك ئېتىشىگە يول قويماسلىقىغا تەمسىل قىلىدىغان، قويۇق مىللىي تۈس ئالغان، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ مەلۇم ئىنكاس بولۇپ تۇرۇۋاتقان فېئودال خەلقچىللىق ئىدىيىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى بولۇپ، ئۇ، ئۇرقۇن

ئاپىدىلىرىدىن باشلاپ قەلەمگە ئېلىنغان، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچىگە چىقىرىلىپ كۈچلەندۈرۈلگەن، سەككاكىي، ئەلىشىر ناۋائىي ۋە موللا مۇسا سايرامىي ئەسەرلىرىدە ۋارىسلىق قىلىنغان بولۇپ، بىر تارىخىي ئىزچىللىققا ئىگە.

«قۇتادغۇبىلىك» تە: «خەلق قوي، بەگ چوپان ئەمەسدۇر. چوپان خەلققە مېھرىبان بولماق كېرەك. ئىشىكتە بۆرىنىڭ ئاچ بۆرىلەر ياتىدۇ، ئېلىنگ قويىنى كۆزەتمەك كېرەك» دېيىلگەن (23). سەككاكىي (شەيخ مۇھەممەت سەككاكىي) ئۇلۇغبەگ دەۋرى (1409 — 1449) دىكى ئەل ئاسايىشلىق ئابىدان ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەپ: «رەئىيەت قوي ئېرۇر، سۇلتان ئەلگە چوپانۇ يا بۆرە، بۆرە ئۇلغايۇ قوي تىنغىلى، چوپنۇ ساتىپ شۇبان كېلدى» دېگەنىدى (24). ئەلىشىر ناۋائىي (1441 — 1501) «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» دېگەن كىتابىدا «ئادىل پادىشاھ شەھەر ۋە مەھەللىلەرنىڭ پاسبانى (كۆزەتچىسى)، يېزىدا قويلارنىڭ چۇپانى (پادىچىسى) دۇر» ، «ئادىل پادىشاھلارنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە قوي-قوزىلار بۆرىنىڭ خەۋپىدىن... خاتىرجەم ياشايدۇ» دېگەن (25). موللا مۇسا سايرامىي «تارىخى ئەمنىيە» دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «پۈتۈن پادىشاھلار قوي باقىدىغان پادىچىغا ئوخشاش دېيىلىدۇ. بىر پادىچى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان قويىنى ئوبدان بېقىپ، ياخشى خەۋەر ئالسا، قويلار كۆپىيىدۇ، پادىچىنىڭ قوي ئىگىسى ئالدىدا مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ؛ ئەگەر ياخشى باقماي بىپەرۋالىق قىلسا، قوي ئىگىسى قويلىرىنى باشقا پادىچىغا بېرىپ ئىلگىرىكى پادىچىنى ھەيدىۋېتىدۇ. ھەرقانداق پادىشاھ پۇقرالارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالسا، دۆلىتى زىيادە، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولىدۇ، يۇرت ۋە مەملىكىتى ئاۋات، كەڭرى، ئاباد بولىدۇ؛ مۇبادا ياخشى خەۋەر ئالماي بىپەرۋالىق قىلىپ، پۇقرالارنى زالىم - قانخور



ئەمەلدارلارغا تاشلاپ قويسا، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئۇلۇغ تەڭرىم يۇرت ۋە مەملىكەتنى يەنە بىر پۇقراپەرۋەر پادىشاھقا تاپشۇرىدۇ» (26). يۇقىرىقى مىساللاردىن «قۇتادغۇبىلىك» تە ئامايان بولغان خىيالىي خەلقچىللىق قاراشلار بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى تەركىبكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ فېئودال خەلقچىللىق ئىدىيە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى مىللىي تەركىبلەر بويىچە ئەمەس بەلكى سىنىپىي تەركىبلەر بويىچە كاتېگورىيىلەشتۈرگەن ئەڭ توغرا يېتەكچى ئىدىيە — ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشىغا زىت بولۇپ، تار دائىرىدىكى مىللىي، مەھەللىۋى كۆز قاراش ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئۇ، ماركسىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنىلا غايەت زور تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەم ئىلغارلىققا ئىگە. ئۇنىڭ مىنۇتىغا ھەرخىل ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ زامانىۋى، ئەڭ توغرا ئىدىيىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىن سايلانغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ھوقۇق تۇتۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئارقىلىق ئاۋام ئارىسىدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇشى — ئۇنىڭ تارىخىي بىلىمىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ھەم چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياشىغان ۋاقتى تارىخچىلار ۋە «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلار بىردەك ئېتىراپ قىلغان پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرگەن ئالتۇن دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى. شۇنداقلا قانۇنلارنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن كرىزىس دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە توغرا كەلدى.

بۇ چاغدا فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى قەييۇم كەرىموۋنىڭ ئېيتقىنىدەك «مەئىشەت، ئىشرەتپەرەسلىك، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، نىزا، تۆھمەت، پىسقى-پاسات، بۇزۇقچىلىق، مەيپەرەسلىك، كەيپ-ساپاغا بېرىلىش، تەكەببۇرلۇق، خىيانەت، بايلىق ۋە دۆلەتكە مەست بولۇپ، بارچە ياخشى خىسلەتلەردىن مەھرۇم بولۇش، مەنپەئەتپەرەسلىك، تەكەببۇرلۇق، باشقىلار مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بايلىق توپلاش، كەڭ مېھنەتكەش ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھوقۇقىنى ئاياغ ئاستى قىلىش، تۇل-بىچارىلەرنىڭ ئىززەت نەپسىگە تېگىش، تىل-ھاقارەت ۋە تەمەخورلۇققا ئوخشاش ھۆكۈمران سىنىپلارغا خاس بولغان پەس ئادەتلەر ئەۋجىگە چىققانىدى.» (27) ھەر كۈنى دېگۈدەك فېئوداللىق ئېكسپلاتاتسىيە ۋە تەڭسىزلىكنى پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان مانا مۇشۇ رېئال مەسىلىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپتا مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدىلا ئىسلامىيەت ئارقىلىق خاتىمە بېرىلگەن «جاھىلىيەت دەۋرى» دېگەن يامان ئىللەتلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان نىجىس ئىزلىرى ھېسابلىنىپ، ئۇلارغا قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارالدى. شۇڭلاشقا ئۇ، دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان خانلىقنى ئىسلامنىڭ ئېتىقادىي ئەندىزىسى بويىچە قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «شەرىئەت»نى يېتەكلەش يولىدا قانۇن ھادىسىلىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىگە پىكىر يۈرگۈزدى.

ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»تە «شەرىئەت»نىڭ بىردىنبىر توغرا يول بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يول تۇتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردە يامان ئىللەتلەرنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ «شەرىئەت»نىڭ بۇلغانغانلىقىنى، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ تۈزەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؛ ئۇ، پادىشاھلارغا ئادىل قانۇن تۈزۈش، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە نەپسىنىڭ كەينىگە



كىرمەي، دىلنى پاك تۇتۇش، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى بۇزماسلىق، ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئادىل پرىنسىپلىرى بويىچە ئىش كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە قاتتىق نەسىھەت قىلىدۇ؛ تۆت چاھار يارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تۈلىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى ھەم پەيغەمبەرنىڭ قانۇنىنى چۈشەندۈرگۈچىلەردىن بولۇپ، جاھالەتنى ئەلدىن كۆتۈرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراق (تۆت تادۇ) بولمىسا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش، تۆت چاھارىيارلارنىڭ سۈپەت ئەمەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىسىل خىسلەت ۋە ئەخلاقلىرىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ خىسلەت ۋە ئەخلاقىغا ئايلانغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قەيتلىرىدە يەنە بىر تەرەپتىن تۆت تادۇدىن تەركىبلەنگەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىق ئۆزگىرىشىنى سۈرەتلەپ بەرسە يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تۆت تادۇ ئارقىلىق تۆت چاھارىيارنى سىمۋوللاشتۇرۇپ، ئۇلار ياشىغان ئەينى زاماندىكى خەلىپىلىك تالىشىش كۈرىشىنى ئوبرازلاشتۇرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئەل تۇتۇش — ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە «شەرىئەت»تە ۋاجىپ دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار قاتارىدا، غازات — ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن پەرھىزلەرنى ئادا قىلىش مەنىسىدە، جىنايى ئىشلار — ئاللانىڭ ئاخىرەت جازاسى ھەققىدىكى ۋەھىيلىرى بويىچە، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرى — ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قائىدە ئۆلچەملىرى بىلەن، ئالىملار بىلەن مۇئامىلە قىلىش — شەرىئەت ئۆلىمالىرىغا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بىلىملىك بولۇش — خۇدا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن

ۋەھى بىلەن دىننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىلىپ ئەمەل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەن كۆز قاراشتا تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىنغاندۇر.

**ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەرب قانۇنشۇناسلىرىنىڭ قانۇن ئىدىيىلىرىدىن پەرقى**

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىدە قاراخانىلار سۇلالىسىدىن سەل- پەل بۇرۇنراق ئۆتكەن ئېلىمىزدىكى فېئوداللىق سۇلالە — تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى سۇلالىلەرنىڭ قانۇن شەرھلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان بىر ئىدىيە روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن جاراڭلىق خىتابتۇر. تاڭ سۇلالىسى قانۇنىدا، دۆلەت پادىشاھلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار، تۆرىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، «ئون جىنايەت»نىڭ دائىرىسىگە كىرمىسىلا ئۇلارغا ۋەزىپىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى بويىچە «ئېتىبار بېرىش»، «مۇراجىئەت قىلىش»، «كېمەيتىش»، «ساقىت قىلىش» ئۇسۇلى ئارقىلىق كەڭچىلىك ئىلتىپاتىغا ئېرىشىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. ئادەتتىكى ئەمەلدارلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا «ئەمەلىگە سۇندۇرۇش»، «پۇل تۆلەپ ساقىت قىلىش»نى جازانىڭ ئورنىغا قويغان، بۇ قانۇن ئېگىز-پەس، خوجايىن-قۇل، ئەزىز-خار، ئەر-ئايال دېيىدىغان دەرىجە مۇناسىۋەتلىرىنى ئاشكارا قوغدىغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىلەردە بۇنىڭغا ئوخشىغان دەرىجە پەرقلىرىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە دەرىجىچىلىككە ۋە تۆرىچىلىككە قارشى تۇيۇلغان «ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر» بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىلغار بىر ئىدىيە ياڭراپ تۇرىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە قۇل بىلەن بەگنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولالماي قېلىشىغا مۇتلەق يول قويۇلمىغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ھەربىي ئىدىيىسىدە يەنە، دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيىدىكى ئەسكەرلەرنى ئۆز ئىختىيارلىقىنى ئاساس قىلىپ ھەربىي سەپكە چاقىرماي، پۇقرالارنى قاقشىتىپ مەجبۇرىي تۇتۇپ كېلىشكە ياكى پۇلغا سېتىۋېلىپ ھەربىي قۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە ئوخشاش ئادالەتسىز بولغان يوللار ئارقىلىق ھەربىي قوشۇننى تەشكىللەشكە چەك قويۇلغان.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىلارنىڭ ئارمىيىسى مۇنداق تۆتكە بۆلۈنەتتى: بىرىنچى، ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى؛ ئىككىنچى، خاس ئارمىيە؛ ئۈچىنچى، خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەسكەرلىرى؛ تۆتىنچى، دۆلەتكە تەۋە چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ ئەسكەرلەر. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى خىلدىكى ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ئىچىدە ھۆكۈمدار ۋە مۆتىۋەرلەرگە تەۋە «غۇلام»لارنىڭ سېتىۋېلىنىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىسى ھەم مۇھاپىزەتچىسى سۈپىتىدىلا ئىشقا سېلىنىدىغانلىقى ئېنىق (28). لېكىن دائىملىق ئارمىيە تۈرى بولغان خاس ئارمىيە ۋە باشقىلاردا بولسا، ئەسكەرلەرنى قۇللارنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن ياكى مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىش يولى بىلەن تولۇقلىغانلىقتا ئائىت مەلۇماتلار يوق. تارىخىي قەيتلەرگە قارىغاندا، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن دەريا ۋادىسىدا قۇرغان دۆلەتلىرى ھەربىي تەشكىلات خاراكتېرىدىكى دۆلەتلەر ئىدى. ھەربىي ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان چاغدا

«قاراخانىلارنىڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇنى بولۇپ، قوماندان سۇ باشى، ئەسكەر سۇ دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىلار ھەربىي مەجبۇرىيەت قانۇنىنى يولغا قويغان، ئۇلار ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى خەلقتىن قانۇن بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلاتتى.»(29)

بۇ خىل چاقىرىقتا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەن زامانداش بولغان سۇڭ سۇلالىسىنىڭ «ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇش تۈزۈمى»دىن ئۆزگىچە ئىدى.

تارىخىي قەيتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ شىيا، شياڭ، جۇ سۇلالىلىرى (قىسقارتىلىپ ئۈچ دەۋر دېيىلىدۇ) دەۋرىدە «يۇقىرا-ئەسكەر تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان، بۇ تۈزۈمدە چېرىكلەر بىلەن تېرىقچى دېھقانلارنىڭ پەرقى يوق ئىدى. تىنچلىق چاغلاردا چېرىكلەر دېھقانچىلىق قىلاتتى، ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭگە باراتتى، جەڭ ئاياغلاشسا يەر تېرىيتتى. بۇنداق تۈزۈم 2000 يىل داۋام قىلغان. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە شياڭ ياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى بىلەن دۆلەتتە «چاقىرىقتا بىنائەن ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان. ۋېي، شۇ، ۋۇ، شەرقىي جىن ۋە غەربىي جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇرۇشنىڭ ئاۋۇپ، چېرىكلەرنىڭ كۆپىيەپ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن دۆلەتتە «ئەسكەرلىكنىڭ مىراس قېلىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدا ئەسكەر بولغان ئادەم ئۆمۈر بويى ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەيتتى، ئۆلسە بالىسى، بالىسى ئۆلسە ئىنىسى ئىزىغا سەپلىنەتتى، شۇنداق قىلىپ ئەسكەر بولۇش ئۆمۈرۋايەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. سۈي، تاڭ دەۋرىدە «ئوردا چېرىك تۈزۈمى» سۇڭ دەۋرىدە «ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇش تۈزۈمى»، يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە «ئەسكەرلىكنىڭ مىراس قېلىش تۈزۈمى» يولغا قويۇلغان. شىمالىي سۇلالىلەر



دەۋرىدە ئوتتۇرا ئۆزلەڭلىكتىكى خەلق ئارىسىغا تارقالغان «مۇلەن داستانى» دېگەن ناخشا ئەنە ئاشۇ «ئەسكەر-لىكنىڭ مىراس قېلىش تۈزۈمى» ئۈستىدىن ئوقۇلغان شىكايەتنامىدۇر. ئۇنىڭدا مۇلەن ئاتلىق بىر قىزنىڭ ئەسكەرلىك مىراس قالغان بىر ھەربىي ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، دادىسىنىڭ قېرىپ ئۆلەي دەپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ چېرىك تىزىملاش دەپتىرىدىن ئىسمىنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەرەنچە ياسىنىپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئەسكەرلىككە بارغانلىقى ۋە ھاياتىنى چېرىكلەر ئىچىدە ئۆتكۈزگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ھېكايىلەر بىزگە بىچارە كەمبەغەل بېقىمسىز كىشىلەرنىڭ ۋە باللىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بەرمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىدىيىسىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئەھۋاللارنى ياقلايدىغان بىرەر تەرەپنىڭ بارلىقىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بەلكى قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى بەزى ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە بەزى رايونلاردا يۈرگۈزۈلگەن ۋە يۈرگۈزۈلۈشكە تەمشىلىۋاتقان ئارمىيىنى پۇلغا قول سېتىۋېلىش يولى بىلەن تولۇقلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئەھۋاللارغا قارشى قويۇلغان «ئالتۇن، كۈمۈش خەجلەپ قول سېتىۋالما، سېخىي بولۇپ خەزىنەڭدىكى مالنى تارات، ئەرلەر شۇ چاغدا ئۆز رازىلىقى بىلەن قېشىڭغا توپلانغاي ۋە ساڭا ساداقەت بولۇپ ياۋغا قىلىچ، بالتا ئۇرۇپ جەڭلەردە بولغاي.»(30) دېگەن مەردلىك، سېخىيلىك ۋە ئادىللىقنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان بىر خەلقچىللىق ئىدىيە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن ئارىستوتېل (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 322 — 384-يىللار) بىلەن فارابى (مىلادى 870 — 950-يىللار) لار دۆلەت ۋە جەمئىيەت

توغرىسىدا ئورغۇن ئاقىلانە كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرەلمىگەن. شۇڭا ئۇلار ئارزۇ قىلىشقان «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، بىر غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ساماۋى ئوبرازىنى سىخېمىلاشتۇرۇپ چىققان. XVIII ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدىكى فرانسىيىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتچىسى رۇسسو «ئىنسانلار تەڭسىزلىكىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى ھەققىدە» (1755-يىل)، «ئىجتىمائىي پۈتۈم ھەققىدە» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلىرىدە كۆپ قېتىم قانۇننى شەرھلەپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە خېلى ئىزدەنگەن، ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى چوقۇم توغرا بىر ياقلىق قىلىش لازىملىقىنى، خەلق چوقۇم قانۇننىڭ ئىجادچىسى بولۇش كېرەكلىكىنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇش لازىملىقىنى، قانۇن ئىمتىيازنىڭ مەلۇم شەخسكە باقىمەندە بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىنى، قانۇننى بۇيرۇقۋازلىق بىلەن شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، خەلقنىڭ قانۇننى يېڭىلاش ھوقۇقىنىڭ بولىدىغانلىقىنى جاكارلىغان، ئەمما ئاخىرىدا قانۇن تۈزگۈچى كىشى چوقۇم باشقا دۆلەتتىن تەكلىپ قىلىپ ئەپكېلىنگەن «دانىشمەن كىشى» بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىب قىلغان. دۇنيادا تۇنجى بولۇپ خىيالىي سوتسىيالىزمغا ئاساس سالغان ئەنگلىيىلىك خىيالىي سوتسىيالىزمچى توماس مور ئۆزىنىڭ 1516 - يىلى يازغان «ئۇتوپىيە» دېگەن كىتابىدا، ئۇتوپىيە ئارىلىدا، ئەمەلدارلىرى سايلام بىلەن بارلىققا كەلگەن، جەمئىيەت تىنچ، تەرتىپى ياخشى بولغان، ئۇرۇش، زوراۋانلىق تۈگىگەن، ئوغرى، قاراقچىلار يوقالغان، پۇقرالىرى كېچىسى ئىشىك تاقىماي



ئۇخلايدىغان، ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ھەركىم ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىدىغان بىر كەلگۈسى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئوبرازىنى سىزىپ چىققان. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قاراش ۋە غايىلىرى ئىشقا ئاشمىغان. ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، بىرىنچىدىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئارىستوتېل ۋە فارابىلاردەك ئارزۇ قىلىشقان «غايىۋى دۆلەت»لىرى ھەققىدە شېرىن چۈش كۆرمىگەن؛ ئىككىنچىدىن، رۇسسو ۋە توماس مورلاردەك باشقا ئەلدىن «دانىشمەن كىشى» تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئادىل قانۇن تۈزدۈرۈپ چىقىشنى شۇنداقلا ئىشقا ئاشمايدىغان «ئۇتوپىيە»لىك خام خىيال دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلمىغان، ئەكسىچە، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ «نۇشىرۋان ئادىل»ى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە بىۋاسىتە قاتناشقان، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن، بۇزۇلۇشقا باشلاۋاتقان مەۋجۇت دۆلەت تۈزۈمىدىن ئۆزگىچە كېرەكلىك دېتال تېپىپ ئۇنى ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان قانۇنشۇناسلىق ئىلمىگە خام ماتېرىيال قىلغان، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى بارلىق بۇلغىنىشلارنىڭ ھەممە مەنبەلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى تىزگىنلەش، ئۆزگەرتىش، ئىسلاھ قىلىش شۇنىڭدەك قانۇن بىلەن قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان.

ئۈچىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» — موڭغۇللارنىڭ «چىڭگىزخان ياساقى» بىلەن يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى قانۇن-تۈزۈملىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىغان

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا تۇنجى بولۇپ قانۇن ھەققىدىكى نەزەرىيىنى كۆپ تەرەپلىمە شەرھلەپ، بىر يۈرۈش سىستېمىلىق بولغان قانۇن ئارقىلىق تۈزۈش تەلىماتىنى ياراتتى، ئۇنىڭ بۇ تەلىماتى ئەينى چاغدا

قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە كېيىنچە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى، شۇنىڭدەك يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى قانۇنچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئاساس سالدى.

«قۇتادغۇبىلىك» — قاراخانىلار دەۋرى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ، ئۇزۇنغىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. چىڭگىزخانمۇ «قۇتادغۇبىلىك» كە تەقلىدەن «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» نى يازدۇرغانىدى (31).

مىلادى XII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان موڭغۇللار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى چىڭگىزخاننىڭ رەھبەرلىكىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. مانا مۇشۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يازما قانۇنلىرى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، چىڭگىزخان دەۋرىدە قانۇن، پەرمانلار «يازاق» (kazay)، «ياسا» (assay) ۋە «يازا» (azay) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بەزى ھاللاردا «تۆرۈ» (Torü) دەپمۇ ئاتىلاتتى. لېكىن بۇ چاغدىكى قانۇن رەسمىي سىستېمىلىق قانۇن كودېكسىغا ئايلانمىغان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنى بولغان «يازاق» ۋە «تۆرۈ» لەر ئۇيغۇر يېزىقىدا تەختىكە چىققاندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي رەتلىنىشكە باشلىدى، كېيىنچە تارىخىي كىتابلاردا «موڭغۇل ياسىقى» دەپ ئاتالدى. «موڭغۇل ياسىقى»، «تارىخىي مەنبەلەردە «بىلىك ياساق» ۋە «چىڭگىزخان ياسىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بىلىمىزنىڭ ھەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، موڭغۇللار «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي يېزىقى ئورنىدا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئاندىن يازما قانۇنلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان» ئىدى (32). «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان شىجىر خۇتۇقۇنى زارغۇچى (سوتچى مەنسىدە) لىققا تەيىنلەپ



«ئوغرى، بۇلاڭچى، ئالدامچى، ساختىپەزلەرگە جازا ھۆكۈم قىلىشقا ۋە پۇقرالارنىڭ ئائىلە، مال-مۈلۈكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئەرز-دەۋالىرىنى بىر ياقلىق قىلىش» قا قويغان ھەمدە «ھۆكۈم قىلىنغانلىكى ئىشلار قالدۇرۇلماي خاتىرىگە ئېلىنسۇن، كېيىنكىلەردىن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلىنمىسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن (33). «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. گۇباۋيۇنىڭ تەرجىمىھالى» دە، چىڭگىزخاننىڭ «بەش ماددىلىق قانۇن ئېلان قىلغان» لىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان (34).

لىن يۈنچىڭ ئەپەندىنىڭ 1936-يىلى 8-ئايدا «禹贡» (يۈگۇڭ) نىڭ 5-جىلد، 12-سانىدا ئېلان قىلىنغان «موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، موڭغۇللارنىڭ ئەسلىدە يېزىقى يوق بولۇپ، ياغاچقا بەلگە سىلىش ئارقىلىق خاتىرە تۇتىدىغانلىقى، مىلادى 1204-يىلى چىڭگىزخاننىڭ نايمانلارغا قىلغان جازا يۈرۈشىدە ئۇيغۇر زىيالىيسى تاتاتۇڭا قولغا چۈشكەندىن كېيىن ئاندىن يېزىق ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇ ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى» دىن باشلايدۇ. تاتاتۇڭا ئەسلىدە نايمان تۆرىسى تايانخاننىڭ تامغا تۇتقۇچى ئەمەلدارى بولۇپ، چىڭگىزخان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلغاندا، ئۇ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن. كېيىن موڭغۇللارغا ھاكىمىيەتچىلىك ئىلمى (يەنى مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى) ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 124-جىلد — «تاتاتۇڭانىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «تاتاتۇڭا ئۇيغۇر بولۇپ، زېرەك، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىغا ناھايىتى پۇختا ئادەم ئىدى. نايمان تۆرىسى تايانخان ئۇنى

ئۇستاز، تۇتقان ھەم ئالتۇن تامغىسىنى، پۇل ۋە ئاشلىق باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان. تەيزۇ (چىڭگىزخان) ئايىمانغا قوشۇن تارتىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلغان چاغدا، تاتاتۇڭگا ئۆزى ساقلاۋاتقان تامغىنى ئېلىپ قاچقان، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي قولغا چۈشكەن. خان ئالىيلىرى ئۇنىڭدىن: تايانخاننىڭ پۇقرالىرى ۋە زېمىنى پۈتۈنلەي ماڭا قارام بولدى. تامغىنى ئەپقېچىپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ دەپ سورىغان. ئۇ، مېنىڭ ۋەزىپەم تامغىنى ساقلاش، ئۇنى ئۆلگۈچە ساقلايمەن، خوجايىنىمنى تېپىپ ئۇنى ئۆزىگە تاپشۇرىمەن. بۇنىڭدىن ئۆزگە غەرىزىم يوق، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنىڭدىن خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، دىيانەتلىك، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن، دېگەن ۋە ئۇنىڭدىن، تامغا نېمىگە ئىشلىتىلىدۇ؟ دەپ سورىغان. تاتاتۇڭگا: پۇل ۋە ئاشلىقلارنى چىقىم قىلىش، ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش قاتارلىق ھەممە ئىشلاردا پەرماننىڭ ئىناۋەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تامغا بېسىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ، خان ئالىيلىرىنىڭ دىتىغا يېقىپ قالغانلىقتىن ئالىيلىرى ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا بېسىلىدىغان بولغان. خان ئالىيلىرى، تامغىنى يەنە شۇ تاتاتۇڭگانىڭ ئۆزىگە تۇتقۇزغان. خان ئۇنىڭدىن يەنە، دۆلەتلىكلەرنىڭ خېتىنى ئوبدان بىلەمسەن؟ دەپ سورىغان. تاتاتۇڭگا ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىن خان تەرىپىدىن ئۇنىڭغا پەرمان چۈشۈرۈلۈپ، شاھزادە-بەگزادىلەرگە دۆلەت تىلى (موڭغۇل تىلى) نى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىشنى ئۆگىتىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىنغان» (35).

يەنە بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «يۈەن سۇلالىسى مەخسۇس تارىخى» دا قەيت قىلىنغان چىڭگىزخاننىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارى شىجىر خوتوخۇ چىڭگىزخاننىڭ كىچىك چېغىدا بالا قىلىۋالغان تاتار بولۇپ، ئۇ، چىڭگىزخاننىڭ يارلىق



چۈشۈرۈشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى مەخسۇس ئۆگەنگەن. چىڭگىزخاننىڭ مۆھۈردارى تاتاتۇڭگا (بەزى ماتېرىياللاردا تاش ئاتۇن دەپمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى مەخسۇس ئۆگەتكەن (36).

بۇ موڭغۇللارنىڭ تارىخىدا بولسۇن مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا بولسۇن، ئوخشاشلا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ، ئەينى چاغدا يالغۇز ئېلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى تارىخىنى پۈتۈكچىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى.

«موڭغۇل ياسىقى» نىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى ھەققىدە تەخمىنەن مىلادى 1388 — 1450 - يىللىرىغىچە ياشىغان ئەرەب تارىخچىسى ئىبن ئەرەبشاھ: «چاغاتاي ئادەملىرىدە (قەدىمكى) ئۇيغۇر يېزىقى دېگەن بىر خىل يېزىق بار. بۇ يېزىق موڭغۇللارنىڭ يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەممىگە مەلۇم ... بۇ يېزىق بىلەن خىزمەتكە بەلگىلەش پەرمانلىرى، بۇيرۇقلار، خەت-ئالاقىلەر، غەزەللەر، تارىخ، ھېكايە شۇنىڭدەك چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى يېزىلىدۇ. كىمكى بۇ يېزىقنى بىلسە، ئۇ خار بولمايدۇ» دېگەنىدى (37).

نېمىس شەرقشۇناسى بروككلمان (38) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسىغا 1942 - يىلى يازغان سەككىز قىسىملىق چوڭ كىرىش سۆزىنىڭ 2 - قىسمى — «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ‹قۇتادغۇبىلىك›» تە: «تارىخچى ئىبنى ئەرەبشاھ چىڭگىزخان زامانىسىدا موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىغا ‹قۇتادغۇبىلىك› نامى بەرگەنلىكلىرىنى سۆزلىگىنىگە ئوخشاش، راشىدىنىڭ مەشھۇر ‹جامىئۇت تاۋارىخ› ناملىق كىتابىدىمۇ ‹چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى› دىن مەلۇمات بەرگەنلىكىنى

بىلمىز» دەيدۇ (39).

رۇس ئالىمى مىلئورانسكى، ھىندۇشاھ شەمسۇل كاتىپنىڭ «دەستۇرۇل كاتىپ فى تايىنىل مەراتىپ» ناملىق XIV ئەسىرگە ئائىت كىتابىدا، ئىلخانىلار دۆلىتىدە ئادالەت ئىشلىرىغا ئاساس بولغان «يارغۇچى» دەپ ئاتىلىدىغان «خەلق ھاكىمىيەتلىرى» گە ئائىت تەلىماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابقا «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دىگەن نامنىڭ بېرىلگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى موڭغۇللارغا مۇئەللىملىك ۋە كاتىپلىق قىلغان ئۇيغۇرلار ئارقىلىق موڭغۇللارنىڭ ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىكىنى ۋە «يازغۇچىلار» - غا ئائىت تەلىماتنامىلەر توپلىمىغا بېرىلگەن «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دىگەن ئىسىمنىڭ شۈبھىسىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دىگەن كىتابىدىن كۆچۈرۈپ قوللىنىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى (40). ئەپسۇسكى، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دىگەن كىتاب دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت تۆۋەندە تولۇق تېكىستى بىلەن بەرمەكچى بولغان بىر «پارچە» لا ساقلىنىپ قالغان، بەرىزىمىزچە، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېيىلگەن كىتاب كۆپىنچە ئالىملار تەرىپىدىن «موڭغۇل ياسىقى» دەپ ئاتالغان «تۆرۈ» (قانۇن) لارنىڭ يىغىندىسى بولۇشى مۇمكىن.

«موڭغۇل ياسىقى» ھەققىدە تارىخچىلار خىلمۇ خىل پەرەز ۋە ھۆكۈملىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى. بەزىلەر ئۇنى موڭغۇللارنىڭ قانۇنى دېيىشكە بولمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقاد قائىدىلىرى دېيىش كېرەك، دېسە، 1840 - يىلى مەشھۇر ئەسەر «تارىخىي رەشىدى» - نى پارسچىدىن ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان ئالىم ئېرسكىن ( Erskine ) ئۇيغۇرلارنىڭ «ئادەت قانۇنى» بولغان



«تۆرۈ» ( Törü ) نى «چىڭگىزخان قانۇنى» دەپ تەرجىمە قىلغان ھەمدە ئۇنى «قارىماققا بۇلار توپلاپ رەتلەنگەن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تەييار چارىسى بولۇپ ... كۆپىنچىلىرى دەۋرىمىزگە رىۋايەت ھالىتىدە يېتىپ كەلگەن، ئەزەلدىن يېزىق ھالىتىدە بولغان ئەمەس» دەيدۇ. XVII ئەسىردە شەرقىيدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» (تۆمۈرنامە) سىنى پارسچىدىن فرانسۇز تىلىغا تەرجىمە قىلغان پەتىس دېلاكروئىكس ( Patis dela croixs ) «موڭغۇل ياسىقى» نىڭ 22 ماددىسىنى خاتىرىگە ئالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ماددىلىرىنى خاتىرىلىۋالالمىغانىكەن (41).

ماراكەشلىك مەشھۇر مۇسۇلمان ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە «موڭغۇل ياسىقى» ھەققىدە توختىلىپ: «چىڭگىزخاننىڭ قانۇن - نىزاملىرى پۈتۈلگەن رىسالىلەر توپلىمى (ياساق) دەپ ئاتىلاتتى» (42) دېسە، XIII ئەسىردە ياشىغان ئىران تارىخچىسى ئەلائىددىن ئەتامۇلىك جۇۋەينى چىڭگىزخاننىڭ قانۇنى ھەققىدە توختىلىپ: «تاتارلارنىڭ يېزىقى بولمىغانلىقتىن، ئۇ موڭغۇل باللىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىنىش، مۇناسىۋەتلىك ياساق، پەرمان، بۇيرۇقلارنى خاتىرىگە ئېلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرگەن، بۇ خاتىرىلەر (ياساق) دەپ ئاتىلىپ چوڭ خاننىڭ خەزىنىسىدە ساقلىناتتى، ھەربىر خان يېڭىدىن تەختكە چىققاندا، قوشۇنلارنى يۆتكەپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ياكى خاننىڭ دۆلەت ئىشلىرى كېڭىشى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۇلار بۇنى خەزىنىدىن ئاچىقىپ ئۇنىڭدا دېيىلگەن تەلىماتلار بويىچە ئىش قىلاتتى ھەمدە بەلگىلەنگەن ئۇسۇل-چارىلەر بىلەن قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئايماق، ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنى زەبت قىلاتتى» دەيدۇ (43).

جۇۋەينىنىڭ بۇ مەلۇماتى «جامىئوت تاۋارىخ» نىڭ ئاپتورى

راشىدىنىڭ «ئىلخانىلار خەزىنىسىدە ساقلانغان بىلىم كىتابى بار» لىقى توغرىسىدىكى قەيتلەر شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «B. مۇقەددىمە» سىدە كۆرۈلگەن «مەشرىق پادىشاھى، ماچىنلارنىڭ بېگى، بىلىملىك، ئاقىل دۇنيا باخشىلىرىنىڭ ھەممىسى كىتابنى ئۆزىنىڭ قىلىپ، باشقىلارغا بەرمەي پۈتۈنلەي ئۆزلەشتۈردى ۋە خەزىنىلىرى ئىچىگە يوشۇردى. بۇ كىتاب ئادەملەرنىڭ بىر-بىرىگە مىراس قالدۇ، نادانلارغا بېرىلمەيدۇ. بۇ كىتاب پايدىلىقكى، زىيانلىق ئەمەس. بىراق كۆپچىلىك تۈركلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقمايدۇ» (44) دېگەن قەيتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، «موڭغۇل ياسىقى» نىڭ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن كىتابنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادالەت» نى ئۆلچەم قىلغان قانۇن ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنىڭ موڭغۇل دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنچىلىق ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئوچۇقلىشىدۇ. (بۇ جەھەتتىن چىڭگىزخان ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان تاتاتۇڭگانى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ).

ئەپسۇسكى، «قۇتادغۇبىلىك» نى تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئاراتتىن بەش يىل بۇرۇن ئوقۇپ تەتقىق قىلغۇچىلار- دىن بولغان كارىل بروككىلمان ئەپەندى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى دۆلەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەلىماتلىرىنىڭ موڭغۇللارنىڭ دۆلەت قۇرۇش ۋە قانۇن تۇرغۇزۇش پائالىيەتلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئىبنى ئەرەبشاھ، راشىددىن ۋە مىلنورانسكى قاتارلىق تارىخچى ۋە ئالىملار گەرچە، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن كىتابنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدىن



كۆچۈرۈپ ئۆزلەشتۈرگەن دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما «بۇلارنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇللارنىڭ (قۇتاد- غۇبىلىك) نامىنى يۈسۈپنىڭ كىتابىدىن كۆچۈرۈپ قوللانغانلىقىنىڭ دەلىللىرىنى تەشكىل ئەتمەيدۇ» دەيدۇ(45). بروككىلمان ئەپەندى بۇ ھۆكۈمدە شۇنداق بىر چوڭ خاتالىققا يول قويىدۇكى، ئۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرىنى «ئۇيغۇرچە بىر ئەسەر ئەمەس» دەپ تونۇيدۇ ھەمدە «(خاقانىيە) تىلى بىلەن يەنى قەشقەر تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان ئىسلامى بىر مەھسۇلات» نىڭ موڭغۇللارغا مۇئەللىملىك ۋە كاتىپلىق قىلغان بۇددىست ياكى خرىستىئان مۇرىتى بولۇشى مۇمكىن بولغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئوقۇپ ئۆگىنىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، «ئۇلارنىڭ بۇ ئىسلام ئەسىرىنى موڭغۇللار ئىچىدە تارقىتىشلىرىغا ئەسلا ئىمكان بولماس ئىدى» دەيدۇ(46). ئۇ مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تارىخلىرىنى يەككە چۈشىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قانۇنچىلىق ئەھۋالىنى چورتلا ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ، بۇ ئىككى دەۋر قانۇنچىلىقىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇجەسسەملىشىشكە قارىتا پۈتۈنلەي نىگىلىزملىق بول تۇتىدۇ. بىزچە، ئۇ، بىرىنچى قەدەمنى ۋە ئىككىنچى قەدەمنى ئوخشاشلا خاتا باسىدۇ. ئەگەر ئۇ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى «خاقانىيە» تىلى دېيىلىۋاتقان «قۇتادغۇبىلىك» تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر تىل بولۇپ، «خاقانىيە» تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ XI ئەسىردىكى راۋاجى ئىكەنلىكىنى، ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بۇددىست ئۇيغۇر تەرجىمانلىرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق» تىكى «ئىلگەر قاتلارنىڭ كونى تۆرۈسىن ئايماق

ئاتلىغ يىگىرمىنچى بۆلۈك» (پادىشاھلارنىڭ، خانلارنىڭ ھەققىي قانۇنلىرىنى ئىزاھلاش يىگىرمىنچى بۆلۈم)، «راجاشاستارتىگمە بەگلەر تۆرۈۋسىن ئۇقتىماق ئاتلىغ يىگىرمىنچى بۆلۈك» (راجاشاستار دېگەن بەگلەرنىڭ قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈش يىگىرمىنچى بۆلۈم) دېگەنگە ئوخشاش(47) شەكىللەردىكى خاتىرىلەر بىلەن مۇسۇلمان ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدىكى مۇشۇ شەكىلدىكى نۇرغۇنلىغان قەيتلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى بىرچىلىك بىلەلىگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ، ھەرگىز كۈلكىگە قالدىغان بۇنداق ئەخمىقانە يەكۈننى چىقىرىپ ئۆزىنىڭ «چوڭ ئالىم»لىق شان - شەرىپىگە داغ تەگكۈزۈۋالمىغان بولاتتى.

«قۇتادغۇبىلىك»نى ئەنە ئاشۇنداق «تەتقىق» قىلغان ۋە شۇنداقلا «قۇتادغۇبىلىكنىڭ يېزىلغان دەۋرىدىن ۋە قەشقەر دىيارى تەۋەلىرىدىن قالغان تارىخىي ۋە تىل يادىكارلىقلىرى ئەپسۇسلىنارلىق دەرىجىدە ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەسەرنىڭ قازانغان شۆھرىتى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى زۆرۈرىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دەپ خۇلاسىگە كەلگەن پروفېسسور بروككلمان يەنە، ئۆز نۆۋىتىدە «قۇتاد-غۇبىلىك بولسا، دۆلەتنىڭ بېشىدا تۇرغانلارنىڭ قانۇن تۇرغۇزۇش ئۇسۇللىرى ۋە باج - سېلىقلارنى يىغىش تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىدىغان بىر كىتابتۇركى، بۇ ھەر كىمگە بىلدۈرمەي يالغۇز ئىش باشقۇرغۇچىلارغىلا خاس ئىدى» دەيدۇ(48).

ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى «ئىسلام جامائەت قانۇنى تەلىماتى» دىن زادىلا خەۋىرى بولمىسا كېرەك. شۇڭا ئۇ تېخىمۇ تۈپتۈز يول تۇتۇپ، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلى-كى» دېگەن كىتاب تىلغا ئېلىنغان پارسچە «پارچە»نىڭ



مەنىلىرىنىمۇ خاتا تەبىر بېرىدۇ.

ئەسلى گەپىمىزگە كەلسەك، پروفېسسور مىلئورانسكى موڭغۇللارنىڭ «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن كىتابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدىن كۆچۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن دېگەن پىكرىنى ئىسپاتلاشتا، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان ھىندۇ شاھ شەمسۇل كاتىپنىڭ «دەستۇرۇل كاتىپ فى تايىنىل مەراتىپ» دېگەن كىتابىدىن مۇنداق بىر «پارچە»نى ئىسپات كەلتۈرىدۇ. بۇ «پارچە»نىڭ تېكىستى مۇنداق:

«ئىككىنچى قىسمى، بىرىنچى باب، بىرىنچى پارچە، تۆتىنچى بۆلەك: ئۇلۇغ پايتەخت شەھىرىدە ۋەزىرلەر قانۇنى توغرىسىدادۇر.»

«...... بىرىنچى خىلى: قەبىلە ئاقساقاللىرى، بۈيۈك ئوردا ۋەزىرلىرى، نائىپلار ۋە ۋىلايەت ھاكىملىرى بىلىش كېرەككى، دىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ نىزامى، شەرىئەت ھەم مەملىكەت كېڭەشلىرىنىڭ ئۇيغۇنلۇقى، ئىككى بۈيۈك ۋە خەتەرلىك ئىشنىڭ قىلىنىشىغا باغلىقتۇر، بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرىدىن ئايرىلىش زامانىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر.

بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرىنچىسى، شەرىئەت ئەمىر - مەرۇپلىرىنى كۈچەيتىش ۋە ئىسلامىيەت ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈشتۇر (تەڭرى ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە ۋە ئاخىرقى تىنىقىغىچە داۋاملاشتۇرسۇن!).

«ئىككىنچىسى، ئادالەت يولىغا تايىنىش ۋە ئىنساپ ئىگىلىرىنىڭ ھاياسىغا (ئۆزىنى تۇتۇشىغا) قايتىشقا ماسلىشىشتۇر ...»

«ئەگەر بۇ ئىككى ئىشتىن بىرى شەرمەندىلىك بىلەن تاشلىۋېتىلسە ئۆزلۈكىدىنلا سەلتەنەت ھۆكۈملىرى بۇزۇلىدۇ ۋە مەملىكەت ۋەزىيىتى تۇراقسىزلىنىدۇ.»

«ئادالەت ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇش، چىڭگىزخان دۆلىتىنىڭ ۋە موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار بۇنى يولغا قويغاندىن كېيىن ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ھۆكۈملىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرىگە ئاساسەن مۇقىملاشتۇرغان ھالدا ئۇلارغا ماسلىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر شەرىئەت (ئەمەل قىلىدىغان يول) ھېسابلىغان ۋە ئادالەت ھەم ئىنسابقا ماسلىشىشتا ناھايىتى تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەنلىكلىرىدىن، بۇ كىرىش سۆزگە ئاساسەن، يارىتىلىشتا ئادالەت تۇرغۇزۇش ۋە ئىنساپ قىلىش تۇيغۇلىرى پەيدا قىلغان قۇدرەت ۋە كۈچ ئىگىلىرى، موغۇل ئاقساقاللىرىنىڭ ۋە ئوردا سەردارلىرىنىڭ ماسلاشماقتىن ئۆزگە يول تاپالمىغانلىقلىرىدىن ئادالەت ئۆرنەكلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشنى زۆرۈر ھېسابلىغان.

بايان (تىمۇر) جانابلىرى، يېتەرلىك ۋە ئىقتىدارلىق موغۇل سۇلتان ۋە ئالىيجانابلىرىنىڭ قائىدە-مىزانلىرىنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىنى بىلىشى جەھەتلەردە ھەممە ئالىيجانابلاردىن ئەڭ ئىلگىرى كەلگەنلىكىدىن ۋەزىرلەر قانۇنىي يولى ۋە موغۇللارنىڭ ئاساسلىرىدىن پەيدا بولغان ئۆرنەكلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىنىش ئىشلىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەنىدى. ئەنە شۇنداق بولغاچقا، چىڭگىزخان ‹ قۇتادغۇبىلىكى › دىن كۆرۈپ ئۇقۇغانلىقىمىز ۋە [illegible] ھاكىملار (49) دىن كۆرگەنلىكىمىزدەك، موغۇللارنىڭ [illegible] مۇلاھىزە قىلىش بىلەن ھەپىلەشكەن ۋە ئادالەت [illegible] بولالىرىدىن ئىچكىلىنىپ ئايرىلماي ۋە ئىككى [illegible] توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى جاساق (50) ھۆكۈمىگە [illegible] كەسىپ ئاتاشقان ئىككى تەرەپنى بىرىنىڭ توغرا [illegible] چۈشىنىلسە — كېرەكلىك پەرگە ئەۋەتىلىشكە — [illegible] قولىغا ئىلام (51) بېرىلىدۇ. ئەگەر مەھكۇم بولغۇچى



ئىككىنچى قېتىم دەۋاغا قالدۇرۇلغان بولسا، قانۇن ھۆكۈمى بويىچە جاۋاب بېرىلىپ دەۋاسى ھۆكۈمسىز قالىدۇ. ئەمدى مۇشۇ سەۋەبلىك، ئۆزگە پايتەخت قانۇنى ۋەزىرلىكى مەجبۇرىيىتى بېرىلىپ ھەر ئىشتا ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. چىڭگىزخاننىڭ قانۇنىغا قارىغاندا ئۇنىڭ چىقارغان پەرمانلىرىنى موغۇل ئاقساقاللىرى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشمەيدۇ. ئادالەت مەھكىمىسىگە كەلگەن دەۋاگەرلەر، قانۇنغا ئۇيغۇن ھالدا ئۇنىڭ نۆكەرلىرىگە ۋە قانۇن كاتىپىغا جاۋاب بېرىشىدۇكى، بۇلارغا قاراپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىدۇ.

... پۈتۈن موغۇل ئوردىسى بايان تىمور باخشىنى ئۇلۇغ ئوردىنىڭ قانۇن ئەمەلدارى دەپ تونۇيدۇ. دەۋالارنى ئۇنىڭغا ھاۋالە قىلغان موغۇللار ئۇنى < قۇتادغۇبىلىك > قانۇنىغا ئاساسەن بەرگەچكە، توغرا سۆز ۋە ھۆكۈمدىن سىرتقا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىشتىراك قىلىشقا باشقىسىنىڭ ھەققى بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىشمايدۇ.

ئالتىنچى خىلى: شەيخ ئەلى ئەزەلدىنلا موغۇل ئاقساقاللىرى بىلەن ۋە قانۇنچىلىرى بىلەن سۆھبەت قىلغان ھەم خىزمەتلىرىدە بولغانىدى؛ قانۇنچىلىق قائىدىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخان ‹ قۇتادغۇبىلىكى › ۋە خاقانىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەنىدى.»(52)

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقاتلار ئۈچۈن شۇنچە ئورغۇن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە يىپ ئۇچلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇ «پارچە» نى ئۆز تەتقىقاتىدا مېلئورانسكىدىن ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ ئۇستاتا كەلتۈرگەن بىروككلمان مۇشۇ «پارچە» نىڭ ئاران $\frac{1}{16}$ گە تەڭ كەلگۈدەك ئۈچ قۇر گەپ بىلەن

يەنى «بۇ مەتىندىن ‹چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى› دېيىلگەن بىر ئەسەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. بۇنىڭدا ‹قۇتادغۇبىلىك› دېگەن نامنىڭ پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىگىلا خاس ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەندۇر» دېگەن بىلەن خۇلاسىلەيدۇ.

بىزچە بۇ «پارچە» — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئەلنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» مەسىلىسىنىڭ موڭغۇل يايلاقلىرىغا يېتىپ بارغانلىقىنى، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئېيتىلغان «چارۋىچىلارنىڭمۇ قانۇنلارنى ئۆگىنىۋالالايدىغان» لىقى توغرىسىدىكى تەلىماتلاردىن ھەم موڭغۇل تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەم «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئارقىلىق مەنپەئەتلەنگەنلىكىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

«پارچە» دە، «چىڭگىزخان قۇتادغۇبىلىكى» دېگەن ئەسەرنىڭ «موڭغۇللارنىڭ ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش» نى مەزمۇن، «ئادالەت ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇش» نى مەقسەت قىلغان بىر ئەسەر بولۇپ، موڭغۇل دۆلەتلىرىدىكى «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى ۋە موڭغۇللارنىڭ يارىتىلىشلىرىدىن پەيدا بولغان ئۆرنەكلەرنىڭ مۇلاھىزە قىلىنىش ئىشلىرى» نىڭ «موڭغۇل سۇلتانى ۋە ئالىيجانابلىرىنىڭ قائىدە - نىزاملارنى چۈشىنىشتىن ئىلگىرىكى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلارنى بىلىشى جەھەتلەردە ھەممە ئالىيجانابلاردىن ئىلگىرى كەلگەن» بابان تېمۇر دېگەن ئۇيغۇرغا «بېرىلگەن» لىكى، «پۈتۈن موڭغۇل ئوردىسى بابان تېمۇر باخشىنى ئۇلۇغ ئوردىنىڭ قانۇن ئەمەلدارى، دەپ بىلىدۇ» غانلىقى قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ يەردە ئېيتىلغان «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى» بىلەن «موڭغۇللارنىڭ يارىتىلىشلىرىدىن پەيدا بولغان ئۆرنەكلەر» باشقا-



باشقا ئىككى نەرسە بولۇپ، ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقتى كېيىنكىسىدىن بۇرۇن ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى» دېگەن يول بولسا، شەك - شۈبھىسىزكى، چىڭگىزخان دۆلىتىدىن بۇرۇن پەيدا بولغان قاراخانىلار خاندانلىقى قانۇنشۇناسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى» بايان قىلىنغان «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا» ھۆكۈمرانلارغا بەلگىلەپ بېرىلگەن قانۇنىي يولىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. چۈنكى، موڭغۇل دۆلەتلىرىدە چىڭگىزخانىنىڭ يىگىرمە ئۈچ يىللىق ھاياتىدىن خاتىرىلەنگەن «جاساق» لارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن تۈزۈپ چىقىشىدىن بۇرۇن «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى» دېيىلىدىغان يولنىڭ بولمىغانلىقى، «چىڭگىزخان جاسىقى» دېيىلىۋاتقان «موڭغۇللارنىڭ يارىتىلىشلىرىدىن پەيدا بولغان ئۆرنەكلەر» نىڭ «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى» دىن خېلى زامانلار كېيىن پەيدا بولغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ ئىش بولۇپ، بابان تېمۇر باخشىغا «پايتەخت قانۇن ۋەزىرلىكى» يەنى «ئۇلۇغ ئوردىنىڭ قانۇن ئەمەلدارى» لىق مەنسىپىنىڭ بېرىلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە نىزاملاشتۇرۇلغان «ۋەزىرلەر قانۇنى يولى» نى ناھايىتى پۇختا بىلىدىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۇقىرىدىكى بۇ «پارچە» دە يەنە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «ئادالەت ئاساسلىرىنى ... ھۆكۈملىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرىگە ئاساسەن مۇقىملاشتۇرغان» لىقى، «ئۇلارغا ماسلىشىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر شەرىئەت (ئەمەل قىلىدىغان يول) ھېسابلىغان» لىقى ھەم شۇنداقلا «ماسلاشماقتىن ئۆزگە يول تاپالمىغانلىقلىرىدىن ئادالەت ئۆرنەكلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشنى زۆرۈر ھېسابلىغان» لىقى، پۈتكۈل موڭغۇل ئوردىسىنىڭ

قانۇن ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەنگەن بايان تۆمۈرنىڭ «ئادالەت مەھكىمىسى» دە دەۋا سورىغانلىقى، دەۋالارنىڭ ئىككى خىل يول بىلەن يەنى بىرى «شەرىئەت» يولى بىلەن، يەنە بىرى «ئادالەت» يولى بىلەن سورىلىدىغانلىقى، بۇنىڭ «ئىككى بۈيۈك ۋە خەتەرلىك ئىش» ئىكەنلىكى، «بۇ ئىككى ئىش بىر - بىرىدىن ئايرىلىش زامانىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» لىكى، «ئەگەر بۇ ئىككى ئىشتىن بىرى شەرمەندىلىك بىلەن تاشلىۋېتىلسە، سەلتەنەت ھۆكۈملىرى ئۆزلۈكىدىنلا بۇزۇلىدۇ ۋە مەملىكەت ۋەزىيىتى تۇراقسىزلىنىدۇ» غانلىقى ناھايىتى ئوچۇق بىر شەكىلدە قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ چاغدا قۇرۇلغان «ئادالەت مەھكىمىسى» گە كېلىپ دەۋا ھاۋالە قىلغان موڭغۇللارنىڭ ئەرزلىرىنى ‹قۇتادغۇبىلىك› قانۇنىغا ئاساسەن» سورىغانلىقى، بايان تۆمۈرنىڭ «چىقارغان پەرمانلىرىنى موڭغۇل ئاقساقاللىرى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشمەيدۇ» غانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ «پارچە» موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئادالەت ئاساسلىرىنى تۇرغۇزۇشلىرىنىڭ قانداقتۇر يەنە شۇ «پارچە» نىڭ بىر يېرىدە ئېيتىلغاندەك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل «ئىجاد» لىرى ئىكەنلىكىنى ئەمەس بەلكى «دىن ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ نىزامى» نى ئۇلارنىڭ كىتابىمىزنىڭ 3 - بابىدا مەخسۇس توختالغان «سۇلتانلارنىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرى» بايان قىلىنغان «جامائەت قانۇنى تەلىماتى» ۋە ئۇ ئۆزلەشتۈرۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك» كە «ئاساسەن مۇقىملاشتۇرغان» لىقىنى، «ئادالەت ئۆرنەكلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش» تا «قۇتادغۇبىلىك» كە «ماسلاشقاندىن ئۆزگە يول تاپالمىغان» لىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا ئۇلار ئالدىدا بايان تۆمۈر دەۋا سورىغان



«ئادالەت مەھكىمىسى» نىڭ كىتابىمىزنىڭ 3 - بابىدا توختالغان «مەھكىمە مەزالىم» نىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى دەلىللەشنىڭ شۇنداقلا بەش توملۇق «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق مەشھۇر ئەسەردە يەڭگىللىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن مەشھۇر يەرلىك ئاھالىگە مەنسۇپ كىشىلەرنى ئەرەب دەۋالغان بىروككىلمان ئەپەندىنىڭ بۇ يەردە كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكىگە ھەيران قېلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئوبرازلىق ئىنكاسى بولغان «‹قۇتادغۇبىلىك› قاراخانىلار سىياسىي ھاياتىنى ئىلىم، ئادالەت، ئەخلاق ۋە قانۇن بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قانۇن دەستۇرىغا ئايلانغان» (53) بولۇپ، «موڭغۇللار زامانىدا ... مەھكىمە ئورگانلىرىنىڭ ئىگىلىشى كېرەك بولغان ھوقۇق قائىدىلىرى مەجمۇئەسى» (54) بولغان بولسا، XVI ئەسىردە «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى... سەئىدىيە (يەكەن خانلىقى) خانلىق قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ... ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئىلھام بەردى» (55). گەرچە بۇنى ئىسپاتلايدىغان تارىخى ئىسپاتلىق ھۆججەت قولىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىزچىللىقنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بىر ماتېرىيال قولىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ بولسىمۇ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن كىتابىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ چىققانلىقى ۋە شۇنداقلا ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مازىرىنى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىن ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەپ ياساتقانلىقىدۇر.

«بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ‹ قۇتادغۇبىلىك › ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان بولۇپ، بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئاتۇشلۇق رىشاتخان دېگەن كىشى 1936-يىلىغىچە ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ يىلى قەشقەردە بولغان ئىسياندا ماخۇسەن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. رىشاتخاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا كىتاب ناھايىتى سادda، ئوقۇمۇشلۇق، جانلىق تىل شەكلى ۋە گۈزەل تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنغان.» (56) بۇنىڭدىن تاشقىرى، يەكەن-سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» تەدبىرلىرى ۋە شۇ تەدبىرلەرنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەتمۇ بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىدىن مەلۇمكى، سۇلتان سەئىدخان مىلادى 1516-يىلى 2 - ئايدا (922-ھىجرىيە مۇھەررەم ئېيى) يەنى ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۇرپان خانى، ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن كىچىك ئىنىسى ئىمىن خوجىنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىسىدا ئۇچرىشىش جايى ۋە ۋاقتى توغرۇلۇق بىر يىل تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېگەن جايىدا داغدۇغىلىق ئۇچرىشىپ، تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى يەكەن — سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە قىلدى. مەلۇم بولۇشىچە، مەنسۇرخان ياشقا چوڭ، سۇلتان سەئىدخان بولسا ‹ تۆرە › (قانۇن) ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى. ئىككىيلەن ئۇچرىشىدىغان چاغدا سۇلتان سەئىدخان مەسلىھەت بېرىپ ئۆزىنىڭ نامىنى كېيىن، ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ نامىنى خۇتبىدە ئاۋۋال ئوقۇتتى، بىر - بىرىگە



سوۋغا تەقدىم قىلىشىدىغان چاغدا، ئۇلار ‹ تۆرە › (قانۇن، قائىدە) دىكى ئادەت بويىچە بىر-بىرىگە مەدھىيە قوشاقلىرى ئوقۇشقان، ئۇلار سۆھبەتتە ھۆكۈمەت ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزام (تۆرە) لىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىق مۇھىم چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي پىكىر ئالماشتۇرۇشقان، كېلىشىم ئىمزالايدىغان چاغدا ئەمىر جەببار دېگەن قانۇن ئەمەلدارى ۋە دوغلات دېگەن مۆھۈردارلار بىللە بولغانىدى» (57). شۇڭا «نەتىجىدە بۇ ئىككى جايدا يىگىرمە يىل تىنچلىق ۋە ئامانلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. مىسالغا ئالساق، ھەرقانداق كىشى قۇمۇلدىن ئەنجانغا بارماقچى بولسا يول ئۈستىدە ھېچقانداق باج تۆلىمەيتتى، ئۆزىگە ئوزۇق-تۈلۈك ئالمايتتى، بارغانلىكى جايدا مېھمانغا ئوخشاش كۈتۈلۈپ، ئوزۇقلىنىدىغان، قونىدىغان يەرنى تېپىۋالالايتتى» (58).

بۇ مەلۇمات شۇ ۋاقىتتا يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە يۇقىرى دەرىجىدىكى تىنچلىق ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئوغرى، قاراقچى، بۇلاڭچى، زومىگەرلەرنىڭ ئازايغانلىقىنى، خەلقنىڭ غەم - ئەندىشىلىرىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«سۇلتان سەئىدخان تەختكە ئولتۇرۇش بىلەن تەڭلا ھەممىدىن ئاۋۋال زالىملارنى يوقىتىپ، خەلقنى زۇلۇم، ئېغىرچىلىقتىن خالاس قىلدى»، «پۇقرالارنىڭ نامراتچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشى ئۈچۈن دۆلەتتىن ئېلىنىدىغان ئون يىللىق باج-سېلىقنى ئالماسلىق توغرىسىدا سىياسەت بەلگىلىدى»، «قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم تەرتىپ ئورناتتى، ئۆز بېشىمچىلىققا قاتتىق چەك قويۇلدى، پۇقرالار مەنپەئەتىگە زىيان كەلتۈرۈلىدىغان قانداق بىرەر ئىش سادىر بولىدىكەن، يۈز-خاتىر قىلىنماستىن دەرھال بىر تەرەپ

قىلىندى »(٥٩).

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوبرا ئاتلىق بىر ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ئوردىغا كېلىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلمايتتى، ئۇ دائىم موغۇلستان ۋە ئۆزبېك جۇللىرىدە قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىر قېتىم خاننىڭ زىياپىتىدە ئىچىملىكنى كۆپ ئىچىۋېلىپ جېدەل چىقارغانلىقى ئۈچۈن سۇلتان سەئىدخان زىياپەت مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. جاللاتلار شۇ ھامان ھازىر بولۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالغان، ھەمدە بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق قىلغانلار شۇنىڭدەك خانغا بويۇنتاۋلىق قىلغانلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېسىلگەن كاللىسى شەھەر سېپىل دەرۋازىسىغا ئېسىپ سازايى قىلىنغان(٦٠).

سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدە، ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان ھەتتا ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنغانلارغىمۇ ئالاھىدە كەڭچىلىك قىلىندى. تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، سۇلتان سەئىدخان تەختنىڭ ۋاقتىدا بىر كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن يەكەنگە كېلىدۇ. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە خانغا قول سېلىشقا پۇرسەت تاپالمايدۇ. ئاخىرىدا ئۆز خوجايىنىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى غەم قىلىپ، ئاتخانىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ خاننىڭ مىنىدىغان ئېتىنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ. كېيىن ئۇ خاننىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ يالاپ كېلىنىپ سوراققا تارتىلىدۇ. ئۇ سوراقتا، مەن يارلىق بويىچە كەلگەندىم، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشقا زادى پۇرسەت تاپالمىدىم، شۇڭا بىرەر ئات بولسىمۇ ئوغرىلاپ قايتىپ بېرىپ قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئىش قىلغانلىقىمنى مەلۇم قىلىپ ئۆز خوجايىنىمدىن ئىنئام ئالاي دېگەندىم، دەيدۇ. خاننىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت تەلەپ قىلىشىدۇ.



ئەمما سۇلتان سەئىدخان مىرزا ھەيدەر كوراگانىغا، سىز ئۇنى ھازىرچە خىزمەتچىڭىزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ تۇرۇڭ، كېيىنچە قانداق جازالىغۇڭىز كەلسە شۇنداق جازالاڭ، دەيدۇ. ئەمەلدارلار تاراپ كەتكەندىن كېيىن، ياراتقان ئاللانىڭ مېنى ئۇنىڭ قەتلى قىلىشىدىن ساقلاپ قالغىنىغا بولغان رەھمىتىم ئۈچۈن، ئوغرىلىغان ئاتنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىڭ. ئاندىن قول ئاستىڭىزدىكىلەرگە ئېيتىڭ، ئۇلار بۇنى مۇشۇ يەردىن يولغا سېلىۋەتسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ بىچارە ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولۇپ ۋەدە قىلغان ئىشلىرىدىن ئۆز خوجايىنىغا ھېساب بېرەلمەي تەڭقىسلىقتا قالىدۇ، دەيدۇ(٦١).

يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى يولغا قويغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» تۈزۈمى خەلقنىڭ تىنچلىقى ۋە خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرىشىنى يېزلەتتى. بۇ ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ ئەدلىيە ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىدىغان قانۇن خادىملىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر بويىچە دىنىي ئىلىمدە پىشقان، تەقۋادار، قانۇندىن خەۋىرى بار كىشىلەر ئىچىدىن تاللاپ تەيىنلەشتە ۋە شۇ ئارقىلىق قانۇنلارنىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىپادىلەندى.

يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلار قانۇننىڭ ئادىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر جۈمە كۈنى دەرد-ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى مەخسۇس قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ دەردۇ ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغاندىن سىرت، خادىملارنىڭ سۇنغان كوكلاتىغا ئىشىنىپلا قالماي، ئۆزلىرى يۇقىرىچە ياسىنىپ خەلق ئىچىگە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشاتتى. خانلىقنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ

يۇقىرىلارنى بوزەك قىلىش ئەھۋاللىرىنى مەخسۇس ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ خەلقنى دەپسەندە قىلىشىغا ۋە چېكىدىن ئاشقان كەيپ - ساپا تۇرمۇش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويمايتتى.

بۇ ھەقتە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) دېگەن كىتابتا، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىكى ئەھۋال بايان قىلىنىپ: «سۇلتانىنىڭ كېچىلىرى دېھقانچە ساددە كىيىملەرنى كىيىپ قولۇچى مۇساپىر سۈپىتىدە سەھرا ياقىلىرىدىكى ئۆيلەردە غېرىبانە قونىدىغان ۋە شۇ يول بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ رەئىيەلەرگە زۇلۇم-سەتەم قىلغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان ئادىتى بار ئىدى»(62) دېيىلسە، «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابتا سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى ئابدۇلكەرىمخان دەۋرىدىكى ئەھۋال بايان قىلىنىپ: «ئابدۇلكەرىمخان نۇرمەر قەدەھ بەسى ئادىل ئىدى. ھەر ھەپتىدە داد-خاھ سورار ئىدىلەر. ئازنا، دۈشەنبە قازى ۋە مۇفتى (نى) بىر يانلىرىدا، ھاكىم ۋەزىرنى بىر يانلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، دادخاھ سورار ئىدىلەر. دادخاھ شەرئى بولسا قازى ۋە مۇفتىغا سالۇر ئىدىلەر، دادخاھ ئەگەر تۆرەلىك بولسا خاجە باشلىق ئۆمەرا فەيسەل بېرۇر ئىدىلەر، خان سامىئ بولۇپ ئولتۇرۇر ئىدىلەر، سەرمۇي مۇكابەرە بولماس ئىدى» دېيىلىدۇ(63).

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئايدىڭكى، يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئۇنىڭدىن 500 يىل بۇرۇنقى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمىدە بەرپا قىلىنغان قوش سوت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «مەھكىمە شەرئى» گە تەۋە دەۋالارنى قازى (سوتچى) ۋە مۇفتى (پەتىۋا چىقارغۇچى سوتچى) لار، «مەھكىمە مەزالىم» گە تەۋە دەۋالارنى يەنى «تۆرە» ( Tera ) گە ئالاقىدار دەۋالارنى خوجا باشلىق ھاكىملار سورىغانىدى. خان بولسا ناھايىتى ئادىللىق



بىلەن دەۋالارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە، ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «خانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياخشى مەسلىھەتچى قويۇش» مەقسىدىكى تەلىمىگە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋەزىرلىكىگە شۇ زامانىدىكى كامالەتكە يەتكەن ئالىم يۈسۈپ قىدىرخان يەكەندىنى تاللىدى. يۈسۈپ قىدىرخان يەكەندى (تەخمىنەن XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا يەكەندە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1572-يىللىرى ۋاپات بولغان)، ناھايىتى كەمتەر، كىچىك پېئىل، خەلقپەرۋەر كىشى ئىدى، ئۇ گەرچە ۋەزىر بولسىمۇ، لېكىن دائىم كۆلا، جەندە كىيىپ، خەلق ئارىسىغا ئارىلىشىپ يۈرەتتى، ئۇ، خەلقنىڭ ئارزۇ-تەلىپىنى بىۋاستە ئاڭلاپ چۈشەنگەچكە، ئوردا بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتەكلا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا ئىختىرا قىلىنغان قانۇن - تۈزۈمگە دائىر ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ تەكلىپى بىلەن قىلىنغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەلنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئالدى بىلەن سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىدىن، ئاياز بېك قۇشچىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن شۇنداقلا مىرزامەھۇد جورراسنىڭ قەلىمىدىن كۆرۈش مۇمكىن. مەلۇم بولۇشىچە، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ شېئىرلىرىدا ھەق، ئادالەتلىك، تەڭلىك،باراۋەرلىك، ئىنساپەرۋەرلىك ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ، گەرچە پادىشاھ بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى پادىشاھ ئورنىدا ئەمەس، بەلكى بىر ئاددىي پۇقرا ئورنىدا قويىدۇ. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭلىك-باراۋەرلىكنى، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر» بولۇشىنى

تەرغىب قىلىدۇ. ئۇ، دۇنيا، ھوقۇق، ئىمتىياز دېگەنلەرگە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك قارايدۇ، پادىشاھلارنى، ھۆكۈمرانلارنى دۇنيانى مەڭگۈ ھېسابلاپ شەددادتەك زالىم بولماسلىققا، ئادىل ئىش كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ، ئۇنىڭچە بولغاندا، دۇنياغا ئادەم باللىرىنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت — خۇدانىڭ قۇللۇقىنى قىلامدۇ-يوق؟ سىناپ بېقىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا سەلتەنەت تەختىدە غادىيىپ ئولتۇرغان پادىشاھلارمۇ، جان بېرىش ۋاقتىدا بىر ئاجىز تىلەمچىدىن ئارتۇق بولمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ دۇنيا بىر كونا قونالغۇ، ئىنسانلار بولسا بىر كېچە قونۇپ ئۆتكۈچىدۇر. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ مۇشۇ ئىدىيىلىرىنى بىۋاستە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دىن ئۆگەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

مەنبەلەردىن قارىغاندا، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرېشىتخانلارنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىرلىك مەنسىپىدە تۇرغان ئاياز بېك قوشچى (XV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يەكەننىڭ قوشچى يېزىسىدا تۇغۇلغان) سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇشتا ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتە ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىغا ئاتاپ يازغان «كەلدى» ناملىق شېئىرىدىن، سەئىدىيە خانلىقىدا بارلىققا كەلگەن تەرەققىياتلاردىن ھەم سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن ئادالىتىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاياز بېك قوشچى ھىجرىيىنىڭ 924-يىلى (مىلادىيە 1518-يىلى) يازغان «جاھاننامە» ناملىق داستانىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش يول تۇتۇپ، پادىشاھلارنى ئەدلى- ئادالەت بىلەن يۇرت سوراشقا، خەلققە زۇلۇم سالماسلىققا، قىسقا ئۆمرىنى كەيپ- ساپا، ئەيش - ئىشرەت سۈرۈپ بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئەلگە بېغىشلاپ خەلقنى باراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە دالالەت قىلىدۇ.



تەخمىنەن XVII ئەسىردە جورىراس قەبىلىسىدە تۇغۇلغان تارىخچى ۋە ئەدىب مىرزا مەھمۇد جورىراسنىڭ «تارىخىي رەشىدىيە» (زەيلى) دېگەن كىتابىدا ئۇچرايدىغان بەزى شېئىرلىرىدا ئادالەت بىلەن ئەل سورىغان ھۆكۈمرانلار مەدھىيىلىنىدۇ. بەزى شېئىرلىرىدا قانخور، ئادالەتسىز پادىشاھلار تەنقىدلىنىپ، ئۇلارنى ئادىل بولۇشقا، خەلققە زۇلۇم سالماسلىققا دالالەت قىلىنىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئابدۇلكەرىمخاننىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «پىش ئەمەس» دېگەن شېئىرىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپچە ئىش كۆرۈپ، خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغۇچى زالىم پادىشاھ نەمرۇتنى تەمسىل قىلىش ئارقىلىق، دۇنيانىڭ ھېچكىمگە باقىمەندە بولمايدىغانلىقىنى، مەيلى ياخشىلىقتا نام قالدۇرغان پادىشاھ بولسۇن، مەيلى خەلققە زۇلۇم سېلىپ، خەلقنىڭ قارغىشىغا دۇچار بولغان پادىشاھ بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا تەختنى تاشلاپ بۇ دۇنيادىن كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ھۆكۈمرانلارنىڭ يۇرت سوراشتا خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش، پۇقرالارغا زۇلۇم سالماسلىقى، پۇقرالارنى خۇددى قويچىنىڭ قويىنى ئاسرىغىنىدەك ئاسراپ، ھەممە ۋاقىت خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ، شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

دۇنياغا بەرمە كۆڭۈل نامېھرىبانى پىش ئەمەس،
بىر راباتى كوھنىدۇر بىزگە راۋانى پىش ئەمەس.
تەڭرىلىك دەۋاسى قىلدى نەمرۇد قەتىل ئەتكۈچى،
پىشەئى زارۇ زەئىپ ناتاۋانى پىش ئەمەس.
سەلتەنەت ئەھلىگە لازىم خاس ۋە ئام پىكرىن يېمەك،
بىر ئېغىل قويدۇر ئولۇس شەھلار شۇبانى پىش ئەمەس.

(مەزمۇنى: دۇنياغا كۆڭۈل بەرمە، دۇنيانىڭ ۋاپالىقى

دائىم بولۇۋەرمەيدۇ. دۇنيا بىر ۋاقىتلىق يول يۈرگۈچىلەر قونۇپ ئۆتىدىغان دەڭ، ئۇ بىزگە داۋاملىق تەييار تۇرۇۋەرمەيدۇ. خەلقنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىمەن دېگۈچى نەمرۇد خۇدادىن خۇدالىق دەۋاسى قىلدى. شۇڭا ئۇ، جاجىسىنى يەپ زەئىپ هالغا كەلمەي قالمايدۇ. سەلتەنەت ئەهلىگە ئومۇمىي خەلقنىڭ غېمىنى يېمەك لازىمدۇر. خەلق دېگەن بىر ئېغىل قويدۇر، قويچى ئۇنى خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ).

ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلەن بولغان ئورتاقلىقىنى يەنە ئۇنىڭ ئابدۇللاخان ئوغلى يولۋاسخاننىڭ ئەهۋالىغا قارىتا يازغان بىر شېئىرىدا، خەلق بىلەن پادىشاهلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يىلتىز بىلەن دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاتقانلىقىدىن كۆرۈش مۇمكىن، ئۇ، شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

رەئىيەت بىخ ئېرۇ، سۇلتان شەجەركىم،
شەجەرىخىسىز ئېيسە ئۇنى ئىلتار ئۇنى باد.

(مەنىسى: پۇقرا يىلتىز، سۇلتانلار دەرەختۇر. دەرەخ يىلتىزسىز بولسا، شامال ئۇنى ئۆرۈۋېتىدۇ).

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان تەرجىمە قىلدۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ چاغاتاي تىلىدىكى نۇسخىسى تارىخىي قىسمەتلەر تۈپەيلىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس هاجىپنى ئۈزىگە ئەنىمەك قىلىپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان «ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»، هەممە ۋاقىت پۇقرانىڭ غېمىنى يېيىش توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى ئۆز دەۋرىگە تەتبىق قىلىپ، تارىختا فېئودال پادىشاهلار ئىچىدىكى ئەبەدىلئەبەد نامى ئۆچمەيدىغان، كىشىلەر



قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىدىغان بىر ئادىل سۇلتان بولۇپ قالغانلىقى دەۋرىمىزگىچە بىر يازما ئابىدە شەكلىدە يېتىپ كەلگەن. بۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋۇجۇدىدىن 500 يىل كېيىن بارلىققا كېلىۋاتقان، ئىنسان روهىنى لەرزىگە سالىدىغان بىر مۆجىزىدۇر.

**ئۆتىنچى، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىگە تارىخىي چىنلىقتا هۆرمەت قىلىنغان هالدا، توغرا ۋە ئادىل باها بېرىش لازىم**

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ كۆپ خىللىقتا ئىگە قانۇن ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىپ چۈشىنىشتە تونۇشىمىزنىڭ تېخى تېيىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل خاهىش ساقلانماقتا.

بىرىنچى، يۈسۈپ خاس هاجىپنى هازىرقى زامان ئاتېئىزمچىلىرىغا ئوخشىتىشقا قىزىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ تېئولوگىيىلىك كۆز قاراشلىرىدىن قەستەنلىك بىلەن قېچىپ ئۆتۈپ كېتىش خاهىشى. بۇنىڭدىكى مەسىلە «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىسلام كالاملىرىدىن گەپ قىلىنمىغان، پەقەت ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەدەبىياتىكى ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن خۇدا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ تۆت چاهاريارىغا هەمدۇسانا ئېيتىش بىلەن چەكلەنگەن، دەپ ئۇنىڭدا دېيىلگەن خېلى نۇرغۇن ئىدىيىلەرنىڭ ئىسلام تەرغىپ قىلغان ئىدىيىلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى يوققا چىقىرىش هەتتا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يۈسۈپ خاس هاجىپ «قانۇننى خۇدادىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان» دېيىش ۋەهاكازالار.

بىز كىتابىمىزنىڭ ئۈچىنچى بابى ۋە مۇشۇ بابنىڭ ئالدىنقى بۆلەكلىرىدە يۈسۈپ خاس هاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام جامائەت قانۇنى تەلىماتى بىلەن «شەرىئەت» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى هەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. دەرۋەقە، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنى

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلام قانۇنى سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ كۆزىتىش ۋە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئۇنى دەۋردىن چەتنەپ كۆزەتكەن ۋە تەھلىل قىلغانغا قارىغاندا كۆپ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئەگەر بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسىگە سۇفىستىك، دىداكتىك دېگەنگە ئوخشاش ماركىلارنىڭ چاپلىنىپ قېلىشىدىن يىراق تۇرىمىز دەپ، «قۇتادغۇبىلىك» ئىسلام دىنى تۇپرىقىمىزغا كىرگەندىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مودىغا ئايلانغان ئەنئەنە بويىچە يېزىلىپ، خۇدا ۋە پەيغەمبەرلەرگە ھەمدۇ سانا ئېيتىشتىن باشلانغان، دېيىش بىلەنلا ئىشنى بولدى قىلىمىز دېسەك، بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇسلۇبىغا قارىتا بېرىلگەن مۇۋاپىق باھا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما قانۇن ئىلمىي تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن مۇۋاپىق بولمايدۇ، ئۇ بىزنى زامان ۋە ماكاندىن ئايرىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ھادىسىلىرىگە ئائىت ئىدىيىسىنى ئۆزى ياشىغان دەۋردە دۆلەت قانۇنى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى — «شەرىئەت»نىڭ يوللىرىدىن ئاجرىتىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان بىر قانۇن ئۇقۇمى ياكى بولمىسا قانۇن پروگراممىسى دەپ بېكىتىشىمىزگە ئېلىپ بارىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىسلام دىنىنىڭ كونا ئەنئەنىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى ئۇنىڭ قانۇندىكى كونسېرۋاتىپلىقىنى بەلگىلىگەن. ئىسلام قانۇنىدا ھەرقانداق بىرەر يېڭىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلماقچى بولسا، مەيلى ئۇ ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ قانچىلىك تەرەققىپەرۋەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام ئەھكاملىرىنى قوغداش پرىنسىپى ئۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چېكىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ. ئىسلام مۇھىتىدا ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇننى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئەلۋەتتە.



ئىسلام قانۇنى تەتقىقاتىغا قارىغاندا، دۇنيا ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى ئىسلام قانۇنىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرى قانۇنى (تۆت خەلىپە دەۋرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەم خەلىپىلەر ئىمپېرىيىسى (ئۈمەۋىيە، ئابباسىيە، پاتىمىيە، ئەييۇبىيە خاندانلىقى)، سەلجۇقىي تۈركلىرى، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى، يېقىنقى زامان ئىسلام دۆلەتلىرى قانۇنى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلىدۇ. بۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى باسقۇچتىكى قانۇننىڭ شەكىل جەھەتتە ئورتاقلىقى، ئىچ مۇناسىۋىتى روشەن ئەنئەنىۋى ۋارىسچانلىقى بار. لېكىن ئۇلار ئوخشاشمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن قانۇن ئۇقۇمى بولغاچقا ئۈمەۋىيلەر خاندانلىقىدىن تارتىپ باشلانغان كېيىنكى بىرقانچە خاندانلىقنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدىكى قانۇن - تۈزۈملەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ، كونكرېت مەزمۇنى ۋە قانۇن شەكلى جەھەتتە ئۆز ئالدىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىسلام تارىخىدىن مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئىسلام دىنىنىڭ داھىيلىرى، ئالىملىرى، سىياسىيونلىرى باشتىن ئاياغ ئىسلامنىڭ زاھىرى قىممىتىنى تەكىتلەپ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»تىن چەتنىگەن بارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئىسلام قانۇنىنىڭ تەفسىرچىلىرى مۇسۇلمان مۇنازىرىلىرى ئارقىلىق مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدىكى قائىدە - قانۇنلار بويىچە ئىش قىلىشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇزاققىچە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى قانۇن ئىدىيىسى تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇڭلاشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان يېقىنلىق مۇناسىۋىتى جۈملىسىدە ئۇنى «شەرىئەت»نىڭ

ئەڭ ئاۋۋالقى قائىدە ـ ئەنئەنىلىرىنى ئەينى بويىچە چۈشەندۈرۈش، ۋارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە بۇزۇلغان قىسمىنى تۈزىتىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولىدىغىنى جاپالىق ئەمگەك ۋە شۇ جاپالىق ئەمگەكنىڭ مېۋىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قانۇن ھادىسىلىرىنى پەقەت تىك سىزىق بويىچىلا ئوپېراتسىيە قىلىپ، توغرىسى بويىچە ئوپېراتسىيە قىلىشقا سەل قاراش خاھىشى. بۇنىڭدىكى مۇنازىرىنىڭ تۈگۈنى ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسى قانۇننىڭ ئۆزىمۇ ياكى قانۇن ھادىسىسى بىلەن باغلانغان قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭغا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن قانۇننىڭ ئۆزى، ئاندىن كېيىن قانۇنشۇناسلىق ئىدىيىسىدۇر. بۇنى قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دائىرىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇننى توغرىسى بويىچە ئوپېراتسىيە قىلغاندا ھەرخىل تىپتىكى تارماق قانۇننى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئىچكى دائىرىسى كۆزىتىلىدۇ؛ قانۇننى تىك سىزىق بويىچە ئوپېراتسىيە قىلغاندا، قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئىچكى دائىرىسىگە قانۇننى تۈزۈشتىن تارتىپ قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا قەدەر بولغان نۇقتىدىن قاراشقا بولىدۇ. كىتابىمىزنىڭ 2-بابىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان ئوردا ئىشلىرى، ھەربىي ئىشلار، جىنايى ئىشلار، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ ئىشلىرى شۇنىڭدەك نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن-يوسۇنلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىدىكى تارماق قانۇن ئىسمىغا ياتىدىغان ھادىسىلەردۇر. تارماق قانۇن ئىسمى تارماق قانۇنلار بار مۇھىت ئاستىدا مەيدانغا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قانۇنشۇناسلىق بىلەن



پەلسەپىنىڭ، قانۇنشۇناسلىق بىلەن ئىجتىمائىيەت ئىلمىنىڭ، قانۇنشۇناسلىق بىلەن ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ، قانۇنشۇناسلىق بىلەن سىياسىيشۇناسلىقنىڭ، قانۇن بىلەن ئېتىكانىڭ مۇناسىۋىتى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قانۇنشۇناسلىقنىڭ سىرتقى دائىرىسىگە تەۋە بولغان قىسمىدۇر.

قانۇنشۇناسلار قانۇن-قائىدىلەرنىڭ تەگىشىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئۇنى مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى قائىدە، مەنئى قىلىش خاراكتېرىدىكى قائىدە ۋە ھوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە دەپ بىرقانچە تۈرگە بۆلىدۇ. كىشىلەردىن بەلگىلىك ھەرىكەت قىلىشنى، بەلگىلىك ئىجتىمائىي نەتىجە چىقىرىدىغان مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇن-قائىدىلەر مەجبۇرىيەت خاراكتېرلىك قائىدە، كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك ھەرىكەتلىرىنى قىلىشنى چەكلەيدىغان، بەلگىلىك ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇن-قائىدىلەر مەنئى قىلىش خاراكتېرلىك قائىدە، مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشنىمۇ تەلەپ قىلمايدىغان؛ مەلۇم ھەرىكەتنىمۇ مەنئى قىلمايدىغان بەلكى كىشىلەرگە مەلۇم ھەرىكەتنى قىلىشقا بولىدىغان ياكى باشقىلاردىن مەلۇم ھەرىكەتلەرنى قىلىش ياكى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغان قابىلىيەت بېرىدىغان قانۇن-قائىدىلەر ھوقۇق بېرىش خاراكتېرىدىكى قائىدە دېيىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇشۇ ئۈچ خىل قانۇن-قائىدىنىڭ ھەممىسىلا تېپىلىدۇ.

قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بەزى ئادەملەر ھازىرقى زاماندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن-پەرمانلارنىڭ مۇكەممەللەشكەن ئەندىزىلىرى بويىچە بىز تەتقىق قىلىۋاتقان قەدىمكى زاماننىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ «قانۇن»، «يوسۇن» ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە باھا بېرىشكە ئۇرۇنىدۇ، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا قەدىم زاماننىڭ «قانۇن»،

« يوسۇنلىرى » ھەققىدە گەپ ئېچىلسىلا قانۇننىڭ ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ بېرىش تارىخىدىن چەتلەپ، ھازىرقى زاماندىكى مەلۇم بىر قانۇن، پەرمانلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. مەيلى قايسى دۆلەتنىڭ قانۇنى بولسۇن ياكى قايسى سىستېمىغا تەئەللۇق قانۇن-پەرمانلار بولسۇن ئۇنىڭدىكى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھازىرقى قانۇن-پەرمانلار شۇ دۆلەتنىڭ ياكى شۇ سىستېمىغا تەئەللۇق بولغان قانۇن ئۇقۇمىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇ ناھايىتمۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ دەۋرلەرنىڭ ئادەت قانۇنى ئاساسىدا ئۆزگىرىش ياساپ ھازىرقى ھالىتىگە كەلگەن. شۇنىسى ئېنىقكى، قانۇن دۇنياغا كېلىپ رەسمىي يۈرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ يوشۇرۇن بىخلىنىش دەۋرى ياكى « ھامىلە دەۋرى » بولىدۇ. مانا بۇ چاغدىكى قانۇننىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى بەكمۇ چەكسىز بولۇپ، بۇ بىر خىل يېزىقسىز ئادەت قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ « قانۇن » دېگەن ئۇقۇمنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان پۈتكۈل مەنبەلەر ئىچىدە بىردىنبىر مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان فرانسۇز قانۇنشۇناسى ھېنرى لېۋى بىرۇھىل « قانۇن » نىڭ « مەنبە » سى ھەققىدە توختىلىپ: « مەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ‹ تارىخىي › لىق، ‹ تارىخىي ماتېرىيال › لىق دېگەنگە تۈگۈنلىدىم. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ‹ مەنبە › — بىزنى قانۇننى تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىۋاتقان بارلىق ھەرخىل خاراكتېرگە ئىگە ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماتېرىياللار كۆپىنچە بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يازما ماتېرىياللاردۇر... بۇ خىلدىكى ماتېرىياللار بەلكىم قەدىمكى كىتابلاردىكى ھۆججەتلەر، دىنىي قائىدە-مۇراسىملار، ئاغزاكى رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەتلەر بولۇشى مۇمكىن. يىغىنچاقلىغاندا، بىزنى ھازىرقى ياكى بۇرۇنقى



قانۇنلارنىڭ مەزمۇنلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغانلىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى قانۇننى تونۇشىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر » دەيدۇ (64). ھېنرىنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، كىتابىمىزنىڭ ئىككىنچى بابىدا بىزنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » تە قەيت قىلىنغان قائىدە-يوسۇن، تەرتىپ، ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى قانۇن دەپ تونۇغانلىقىمىز ھەرگىز خاتا ئەمەس بەلكى توغرىدۇر.

مەلۇمكى، ئىنسانلار قانۇن بىلەن مەدەنىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ. نۇرغۇن ئەسەرلەر قانۇننى شەرھلەپ قانۇنشۇناسلىقنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئەمما مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئائىت ئەسەر دەپ قارىلىدۇ. نۇرغۇن ئەسەرلەر ئۆزىدە ھەرخىل پەنلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ، مەدەنىيەت بىلىملىرى، مەنىۋى مەدەنىيەتكە مۇھىم ئورۇن بېرىدۇ، ئەمما ئۇنى قانۇنشۇناسلار قانۇنچىلىق دەستۇرى دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن يازما قانۇنلار قەيت قىلىنغان ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يېزىقچىلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ. نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىدە قانۇنشۇناسلىقنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قانۇنشۇناسلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ، مەسىلەن، « خەن فېيزى » — قانۇنشۇناسلىققا دائىر ئەسەر بولۇپ، قانۇنشۇناسلار خېلى بۇرۇنلا ئۇنى « قانۇنشۇناسلىق لۇغىتى » گە كىرگۈزگەنىدى، ئەمما مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر ئۇنى « مەدەنىيەت بىلىملىرى لۇغىتى » گە كىرگۈزۈپ، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەسەر دەپ قارىدى. XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججىتى بولغان « كىشىلىك خىتابنامىسى » ئەسلىدە مونتېسكيۇ، رۇسسولارنىڭ بۇرژۇئا سىياسىي تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان، « قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قانۇنشۇناسلىق دەستۇرى بولۇپ، « قانۇنشۇناسلىق

لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلگەنىدى. ئەمما ئۇنى مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەر «مەدەنىيەت بىلىملىرى لۇغىتى» گە كىرگۈزۈپ «مەدەنىيەتكە دائىر كلاسسىك ئەسەر» لەر تىپىغا ياتقۇزدى. شۇڭا ئېيتىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» مۇ پەنلەر تېخىمۇ ئىنچىكە تۈرلىنىۋاتقان بۈگۈنكى زاماندا «قانۇنشۇناسلىق لۇغىتى» بىلەن «مەدەنىيەت بىلىملىرى لۇغىتى» گە كىرگۈزۈلۈشتىن تاشقىرى يەنە، نۇرغۇنلىغان لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگانى 952 - ھىجرىيە (مىلادى 1545 - يىلى) دە، تۇرپان بىلەن چالىش (قاراشەھەر) قا پادىشاھ بولغان شاھجاھان (مەنسۇرخاننىڭ چوڭ ئوغلى) دەۋرىدىكى يامان قىلىق، بۇزۇق ئىشلار ھەققىدە توختىلىپ: «تارىخچىلارنىڭ ئادىتى تىلغا ئالغۇچىلىكى بارمۇ-يوق، دېگەنلەر ئۈستىدە ئويلىشىپ ئولتۇرماي، ھەرقانداق ۋەقەنى ئۆز چىنلىقى بىلەن بايان قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى — خان، پادىشاھلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ، يامان قىلىقلىرىنى يېپىش ئەمەس، بەلكى ھېچبىر تاللاپ ئولتۇرماستىنلا بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ تارىخ قىلىپ يېزىپ ئۇنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇشتۇر. شۇنداق بولغاندىلا، تارىخ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەيلى قانداق ئىسىل ياكى پەس كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئۆگۈت - نەسىھەتلىرىدىن مەنپەئەت ئېلىپ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن يامان قىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بايقىۋالالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ھەرقايسى پادىشاھ، خان ئوردىلىرىنىڭ جاھانغا ئايان بولغان دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆزلىرىگە ئەينەك قىلىپ، ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ ئىنسانلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەپ، يامان قىلىقتىن تەزدۇرەلەيدۇ» دېگەنىدى (65).



«ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» قا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن ۋە ھەممىدىن كۆپرەك سەھىپە ئاجراتقان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتى، ئۇنىڭ ئەينى زاماندىلا نۇرغۇن ئەللەرگە تاراپ، نۇرغۇن پەنلەرگە چېتىلىپ خەلقئارالىق تۈس ئالغانلىقى ھەم قانۇنشۇناسلىق ئىلمى دائىرىسىدىن خېلى ئۇزۇنلا ھالقىپ كەتكەنلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭ مېغىزى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلارغا نېمىنى قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمىنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇش ئەمەلىيىتىدە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تارىخىنى ئەينەك قىلىش توغرىسىدا تارىخ شەكلىدە ئەمەس، داستان شەكلىدە دانا يولىيورۇق كۆرسەتكەنلىكىدىدۇر. شۇ نۇقتىدىن ئۇ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ھۆكۈمران ۋە خەلقلەرنى ئەينى زاماننىڭ ئۆزىدىلا «بەخت-سائادەتكەن ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» بولۇپ قالماستىن بەلكى تەرەققىيات دەۋرىدە كېتىۋاتقان XXI ئەسىردىمۇ ئوخشاشلا «بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» دۇر.

---

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 276-، 279-بېيت.

(2) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 447-، 608-بەت.

(3) ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، (2-كىتاب 1-قىسىم) دا، پارس يازغۇچىسى ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» (ياخشىلارنىڭ ئەخلاقى) دېگەن كىتابىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(4) مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1-توم 139-بەت.

(5) «قۇتادغۇبىلىك»، 1962، 1758، 1595، 2966، 3815،

5569، 3817، 2818، 3819، ۋە 3820-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(6) «كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ 5-، 6-ۋە 10-قۇرلار.

(7) «قۇتادغۇبىلىك». 250، 251، 252، 258، 259-بېيىتلەر.

(8) «كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ 1-ۋە 3-قۇرلار.

(9) «كۆلتىگىن مەڭگۈ تېشى»، جەنۇب تەرەپ 10، 11، 12، 13-قۇرلار.

(10) ئى. كافەس ئوغلى: «〈قۇتادغۇبىلىك〉 ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» غا قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — 〈قۇتادغۇبىلىك〉 توغرىسىدا» (1989-يىل) 138-بەت.

(11) سەي خۇڭشىن: «تۈرك قانۇنى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» تە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. تارىخ تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1965-يىل 5-سان 96-بەت، خەنزۇچە.

(12) جۇ لىيەنكۇەن: «دىڭلىڭ (تۈرا) لارنىڭ ئىرقى، تىلى ۋە گوبىدا ياشايدىغان مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، 1-كىتاب 66-بەت.

(13) «قۇتادغۇبىلىك»، 449، 461، 3096-بېيىت.

(14) شەرىپىدىن ئەلى يەزدى: «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 9-ئاي 1-نەشرى 15-بەت.

(15) شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئۇيغۇرچە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 194، 241-بەت.

(16) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 27-بەت.

(17) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1988-يىل 11-ئاي 1-نەشرى،



87-بەت.

(18) شى كېكۇەن: «جۇڭگو ھەرەمئاغىلىرىنىڭ مەخپىي تارىخى»، خەنزۇچە، باۋۇنتالۇ كىتابخانىسى 1988-يىل 9-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى، 17-بەت.

(19) مۇرەن: «مىللەتتە ئاساسىي روھ بولۇشى كېرەك»، خەنزۇچە، شىنجاڭ گېزىتى (خەنزۇچە) 1989-يىل 4-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

(20) لىن گەن: «تۈركلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1987-يىل 7-ئاي 1-نەشرى 1-قىسىم 311-بەت.

(21) «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىل 11-ئاي 1-نەشرى، 99-، 100-بەت.

(22) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، ئۇيغۇرچە، 56، 99، 100، 222-بەتلەر.

(23) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 1412، 1413-بېيىت.

(24) شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كىلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 290-بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(25) قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، ئۇيغۇرچە، 1984-يىل 2-سان 100-بەت.

(26) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە» 76-، 77-بەتلەر.

(27) قەييۇم كەرىموۋ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» قا قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — 〈قۇتادغۇبىلىك〉 توغرىسىدا». (1989-يىل) ئۇيغۇرچە، 203-بەت.

(28) ئەزىزوپ قاسىم: «قاراخانىلار دەۋرىدە قوشۇن»،

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق 〈قۇتادغۇبىلىك〉 ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ماقالە.

(29) ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 98، 99-بەت.

(30) يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 3048، 3046، 2406، 3038، 3049-بېيىتلارغا قارالسۇن.

(31) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە»، شىنجاڭ تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى 1981-يىل 1-سان 61-بەت، ئۇيغۇرچە.

(32) «جۇڭگو قانۇن-تۈزۈم تارىخى»، خەنزۇچە، ئامما نەشرىياتى 1982-يىل 7-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 260-بەت.

(33) (34) يۇقىرىقى كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(35) لىن گەن تۈزگەن: «تۈرك ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، 2-كىتاب 651-بەت.

(36) شەرىپىددىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 26-، 27-بەتلەر.

(37) گېنك شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(38) كارل بروككلمان (1868 — 1956) شەرقىي گېرمانىيە ھاللى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى. سام ۋە تۈركىي تىللارنى ئۆگەنگەن. «سام تىللىرىنىڭ قىياسىي گراماتىكىلىق ئوچېركى»، (ئىككى توم، 1908 — 1913-يىللىرى نەشر قىلىنغان)، «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى» (5توملۇق)، «مۇسۇلمان خەلقلىرى ۋە شەھەرلىرى تارىخى» (1939-يىل) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دېگەن كىتابىنى ئەرەبچىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

(39)، (40) «چەت ئەل ئالىملىرى — 〈قۇتادغۇبىلىك〉



توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە، 247-بەت.

(41) مىرزا مەھمۇد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 1-توم 176-بەتتىكى ① ئىزاھاتقا قارالسۇن.

(42) ئىبنى بەتۇتە: «ئىبنى بەتۇتە ساياھەت خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1985-يىل-8-ئاي 1-نەشرى، 304-، 305-بەتلەر.

(43) ئەلائىددىن ئەتامۇلك جۇۋەينى: «تەۋارىخى جاھانكۇشاي». (دۇنيانى ئىستىلا قىلغۇچىلار تەزكىرىسى)، خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 27-، 28-بەتلەر، «چىڭگىزخاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى ۋە ئۇ روناق تاپقاندىن كېيىن ئىلان قىلىنغان قانۇنلىرى» غا قارالسۇن.

(44) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «B. مۇقەددىمە» سىنىڭ ئىچىدىكى 11 — 16 گىچە بېيىتلارغا قارالسۇن.

(45) «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ۋېنا نۇسخىسى فاكسىملىدا بېرىلگەن ئوشۇمچە ماتېرىياللار II: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە قۇتادغۇبىلىك» كە قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — قۇتادغۇبىلىك توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە 247-بەت.

(46) يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

(47) دىلدار مەتتىمىن: «ئالتۇن يارۇقنىڭ بىرىنچى كىتابى» غا قارالسۇن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى 1984-يىل 1-سان، 74-بەت، ئۇيغۇرچە.

(48) «چەت ئەل ئالىملىرى— قۇتادغۇبىلىك توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە، 249-بەت.

(49) ئۇلۇغ قانۇنچى.

(50) قانۇن مەنىسىدە.

(51) قانۇن دەستۇرى.

(52) «چەت ئەل ئالىملىرى — «قۇتادغۇبىلىك〉 توغرىسىدا»،

ئۇيغۇرچە 249، 250، 251-بەتلەرگە قارالسۇن.

(53) (55) ئابدۇكېرىم راخمان: « ‹ ئەتەبەتۇلھەقايىق › ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئىدىيىسى » گە قارالسۇن. « ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا ئائىت مەسىلىلەر » . قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1981-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 325، 332، 333-. بەتلەر.

(54) (تۈركىيە) كاپىوغلو: « قۇتادغۇبىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى » غا قارالسۇن. « چەت ئەل ئالىملىرى — قۇتادغۇبىلىك › توغرىسىدا » ، ئۇيغۇرچە 147-بەت.

(56) ئابدۇرېھىم سابىت: « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى » ، ئىككىنچى كىتاب 1-قىسىم 100-بەتكە قارالسۇن.

(57) مىرزا مەھمۇد ھەيدەركوراگانى: « تارىخىي رەشىدى » ، خەنزۇچە 2-توم 275-، 277-بەتلەر. 58-بابى — « مەنسۇرخاننىڭ سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمزالىغان تىنچلىق كېلىشىملىرى » گە قارالسۇن.

(58) مىرزا مەھمۇد ھەيدەركوراگانى: « تارىخىي رەشىدى » خەنزۇچە، 1-توم 345-، 346-بەتلەر. 65-باب — « مەنسۇرخان » غا قارالسۇن.

(59) ئابدۇرېھىم سابىت: « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى » ، ئىككىنچى كىتاب 1-قىسىم 14-، 16-بەتلەرگە قارالسۇن.

(60) مىرزا مەھمۇد ھەيدەركوراگانى: « تارىخىي رەشىدى » ، خەنزۇچە 2-توم 161-بەت. 30-بابى — « ئاغام سەئىد مەھمۇد مىرزىنىڭ ئىش-ئىزلىرى » غا قارالسۇن.

(61) مىرزا مۇھەممەد ھەيدەركوراگانى: « تارىخىي رەشىدى » ، خەنزۇچە 1-توم 362-بەت. 68-بابى — « سۇلتان سەئىدخاننىڭ بەزىلەتلىرى » گە قارالسۇن.

(62) موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۇجىزى: « تەۋارىخى مۇسىقىيۇن » (مۇزىكانتلار تارىخى) مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل 6-ئاي 1-نەشرى 65-بەت. ئۇيغۇرچە.



(63) موللا مىرسالىھ كاشقەرى: « چىڭگىزنامە » ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 113-بەت.

(64) (HenriLery—Bruhl) (فرانسىيە) : « قانۇن-سوتسولوگىيە » (SOCIOLOGIEDUDROIT) فرانسىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1981-يىل 6-نەشرىگە ئاساسەن شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 8-ئاي تەرجىمە نەشرى، خەنزۇچە، 37-بەت.

(65) مىرزا مەھمۇد ھەيدەركوراگانى: « تارىخى رەشىدى » . خەنزۇچە 1-توم 350-بەت. 66-بابى — « مەنسۇرخان ئوغلى شاھخان » غا قارالسۇن.

يەتتىنچى باب

## «قۇتادغۇبىلىك» تە بۈگۈن ئۈچۈن ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك ئالتە مەسىلە

«قۇتادغۇبىلىك» — سان-ساناقسىز تۈرلۈك رەڭدىكى قىممەتلىك جاۋاھىرات بىلەن تولغان بىر خەزىنىدۇركى،... ئۈنچە-مارجان دۈۋىلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە تاماشىچىسى بىر-بىرىدىن گۈزەل، بىر-بىرىدىن جۇلالىق قىممەت باھا گۆھەرلەر ئارىسىدا قانداق ھەيرەتتە قالىدىغان بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» خەزىنىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلەرمۇ شۇنداق ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئالمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، ئالسا ئېلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ.»(1)

«قۇتادغۇبىلىك» — شۇنداق بىر «جاھاننامە» كى، بۇ ئەينەكتە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمراندىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ، ئىش-ئەمەللىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆلچىيەلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان دانىشمەن، ئۇنى بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغان دانىشمەنلەرنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن خالىغانچە سېلىشتۇرۇپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئېيتقان ئىبرەتلىك سۆزلىرى ئەينى زاماندىمۇ، ھازىرمۇ، ھۆكۈمرانلار ئۈچۈنمۇ، پۇقرالار ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك ھەقىقەت ھەم نەسىھەتتۇر. ئۇنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى ئەقىل تەسەۋۋۇرلىرىدىن خىيال شوتىسى ياساپ، ئىستىقبال داستىخىنىغا مېھنەت گۈللىرىنى تىزىدۇ.



يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاھالەت دەۋرىنىڭ چىراغ ياققۇچىسى ۋە نادانلىق ئەھلىنىڭ رەھىمسىز كۈشەندىسى. جاھالەت ئەھلى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسا، سۆزىنى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرمەيلا قورقۇنچ ئىچىدە تىترەك باسىدۇ. ئۇ، يورۇقلۇقنىڭ كۈيچىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئويغاق سىگنالچىسى.

«لاۋزى» نىڭ يىگىرمە يەتتىنچى بابىدا: «دانىشمەنلەر نادانلارغا ئۇستاز بولغاي، نادانلار دانىشمەنلەرنى ئۇستاز تۇتقاي» دېيىلگەن. پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى: «دانالارنىڭ سۆزىنى ئەستە تۇتمىساڭ، ئەڭ نادان سەندۇرسەن ئۇققىن ئۇقمىساڭ» دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ىدە بۈگۈن ئۈچۈن ئەستە تۇتۇشقا، بىلىۋېلىشقا ۋە ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. خۇلاسىلىگەندە، تۆۋەندىكىدەك ئالتە مەسىلىگە يىغىنچاقلىنىدۇ.

### بىرىنچى، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش — قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان ھايات مىزاندۇر

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن شانلىق ئىدىيىسى ياۋروپالىقلار قاتتىق ئۇيقۇدا ئۇخلاۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پۈتكۈل جاھاننى زىلزىلىگە سالغانىدى. ئەمما ئۇ، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ھەرخىل ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەنگلىيىلىك ئالىم فرانسىس بىكون تەرىپىدىن 500 يىل كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «بىلىم-كۈچ» دېگەن ھۆكۈمچىلىك داغدۇغا پەيدا قىلالمىدى.

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەنلىك

ئادەتتە قانۇندا، كىشىلەرنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى باراۋەر ھالدا بەلگىلەش ۋە قوغداش، قانۇننىڭ باراۋەرلىكىگە ئەمەل قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇننىڭ سىرتىدا ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشىغا يول قويماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن شوئار يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن يەتتە ئەسىر كېيىن ياۋروپادا بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

XVII — XVIII ئەسىرلەردە ئەنگلىيىلىك لوك (Tohn loke, 1632 — 1704) بىلەن فرانسىيىلىك رۇسسو (Jean Jacques Rousseau, 1712 — 1778) قاتارلىقلار ۋەكىللىك قىلغان بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى فېئودال ئاقسۆڭەك، روھانىيلارنىڭ ئىمتىيازى ۋە ئىلاھىي ھوقۇقىغا قارشى ھالدا سىستېمىلىق بولغان «تۇغما كىشىلىك ھوقۇقى نەزەرىيىسى»نى ياراتقاندا، ئەنە شۇ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەننى ئاشۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسى قىلغانىدى. 1789-يىلى فرانسىيىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇقى خىتابنامىسى» ئىلان قىلىنىپ «قانۇن بارلىق ئادەملەرگە، مەيلى قوغدىسۇن ياكى جازالىسۇن ئوخشاشتۇر. قانۇن ئالدىدا بارلىق گراژدانلار باراۋەردۇر» دېگەننى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. 1791-يىلى تۈزۈلگەن «فرانسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دا، يۇقىرىقى ماددا ئۇنىڭ «كىرىش سۆز»ى قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدىغان قانۇن ماددىلىرى تۈزۈلدى. بۇرژۇئازىيە بۇ شوئاردىن پايدىلىنىپ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، فېئوداللىق ئىمتىيازلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ تارىختا ئىلغار رول ئوينىدى. لېكىن ئۇنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلار تەشەببۇس قىلغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم



باراۋەر» دېگەن شوئار ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋە ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىككە يول قويدى ۋە ئۇنى قانات ئاستىغا ئالدى. چۈنكى، بۇرژۇئازىيە چىڭ تۇرغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى — بارلىق باراۋەرسىزلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشىدىكى مەنبە بولۇپ، بۇرژۇئا قانۇنلىرىنىڭ يادروسى كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى مۇقەددەسلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلماسلىقىنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغداش ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇرژۇئا قانۇنشۇناسلىرىدىن پەرقى، ئۇنىڭ لوك ۋە رۇسسولارغا ئوخشاش زوراۋانلىق كۈچ ئىشلىتىپ فېئودال پادىشاھلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە شۇ ھاكىمىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاھالىلەرنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خام خىيال قىلمىغانلىقىدا. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان چاغدا، دەۋر ۋە سىنىپىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ئاھالىلەرنى ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەر دېگەن سىنىپىي ئايرىلىشلار بويىچە تۈركۈملىمەي، «ئىدارە قىلغۇچى» ۋە «ئىدارە قىلىنغۇچى»لار دېگەن ئايرىلىشلار بويىچە ئىككىگە بۆلگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، قانۇن ئالدىدا ئىشقا ئاشىدىغان ھەممەيلەننىڭ باراۋەرلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قوزغىلىپ، ئۇلارنى ئېزىۋاتقان كۈچلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشمايدۇ، ستىخىيىلىك ھالدا تېخىمۇ مەيدانغا كەلمەيدۇ، بەلكى، كۆنتۇغدى ئېلىگكە ئوخشاش ئادىل پادىشاھلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئادىل قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق مەلۇم زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسلىھەلەرنىڭ زورلاش ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇ بولسا ھۆكۈمرانلىقتۇر. ئادىل پادىشاھ ئەنە

شۇ ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكۈمى ئارقىلىق پادىشاھتىن تارتىپ پۇقراغىچە بولغان ھەممەيلەننىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قارىشىدا، بىر قارىماققا دۆلەتنى سىنىپتىن ئاشقىرى دەپ قارايدىغان، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرمىچىلىك يولى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ غايىۋى جەمئىيەتكە تىنچ يول بىلەن ئۆتۈشنى ئويلايدىغان، مەجبۇرىي ياللانما قۇللۇقنى كىشىلەرنىڭ ئۆز رازىمەنلىكىدىكى ياللانما قۇللۇققا ئايلاندۇرماقچى بولىدىغان «مۇنبەر سوتسىيالىزمى» (2) ئىدىيىسىنىڭ ئامىللىرى باردەك قىلىدۇ؛ بىر قارىماققا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئاساسلىق ئۆزگىرىشىنى قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ئۆزگىرىشى دەپ قارايدىغان، ئىنسانلارنىڭ قانۇن كۆز قارىشىنى تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دەپ ھېسابلايدىغان، ھېچقانداق ئىنقىلابسىزلا، كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىغا تايىنىپ، غايىۋى بىر گۈزەل جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشى مۇمكىن دەيدىغان «قانۇنشۇناسلار سوتسىيالىزمى» (3) چىلىرىنىڭ تەلىماتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ يەنە بىر قارىماققا، «ئىسلام دىنى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسىپلىرى بىر-بىرى بىلەن چېقىشالمايدىغان نەرسە ئەمەس»، «ئىسلام دىنى باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سوتسىيالىزم بولسا باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېگانە بىر ئۇسۇلى»، «سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسىپى — باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئېكسپلاتاتسىيىنى چەكلەش، ئىسلام دىنىنىڭمۇ شۇنداق» دەپ ھېسابلايدىغان، يەنە ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزمغا تەتبىق قىلىپ، بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈۋېتىدىغان «ئىسلام سوتسىيالىزمى» (4) چىلىرىنىڭ پروگراممىسى بىلەن بىردەكلىكتە ئىكەندەك كۆرۈنىدۇ.

مەيلى ئۇ قايسى بىر سوتسىيال ئىدىيىۋى ئېقىمغا ياكى قايسى بىر سوتسىولوگنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشتىن



قەتئىينەزەر، ئادىل پادىشاھ، ئادىل ھۆكۈمدار قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟ دېگەن سوئالغا ئىلمىي سوتسىيالىزم جاۋاب بەرگەندەك، ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ قوزغىلىپ زالىم پادىشاھلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ئارقىلىق، دەپ ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلاردا ئەقىل، بىلىم، پەزىلەت ۋە ئەخلاق شەرتلىرىنىڭ ھازىرلىنىشى بىلەن دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئادىل پادىشاھلار مەيلى ئۇ، ئېسىل نەسەبتىن بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن، ئەقىل، بىلىم، پەزىلەت ۋە ئەخلاقنىڭ يېتىلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ئەقىل، بىلىم، پەزىلەت ۋە ئەخلاقنىڭ يوقلۇقى بىلەن يوقىلىدۇ. ئادىل قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يوقىلىشىمۇ ئەنە شۇ تۆت خىسلەتكە باغلىق بولىدۇ. قايسى پادىشاھتا مۇشۇ تۆت خىسلەت بولۇپ، ئادىل قانۇن تۈزىيەلىسە ئادىل پادىشاھ دەپ نام ئالىدۇ. تۆت خىسلەتتىن مەھرۇم بولۇپ، خەلققە زۇلۇم قامچىسىنى تەڭلىسە زالىم پادىشاھ دەپ نام ئالىدۇ. ئۇنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى يەنە ئۇنىڭ، ھۆكۈمرانلارنىڭ پۇقرالار ئالدىدىكى ۋە پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمرانلار ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىگە ئۆزىچە ئۆچ نىسبەت بويىچە تەڭلىك بەلگىسى قويۇپ، مەجبۇرىيەتسىز ھوقۇق، ھوقۇقسىز مەجبۇرىيەت بولمايدۇ، دەپ قارىغان كۆز قارىشىغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك دۇنيا قارىشىدىن روشەن ئاجراپ كېتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لېنىن: «بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ بارلىق مۇمكىنچىلىكى تامامەن يوقىتىلىشتىن بۇرۇن، ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرلىك ھەرگىزمۇ ئىشقا ئاشمايدۇ» دېگەنىدى (5). ئۇ، يەنە «تەبىقچىلىكنى يوقاتقاندىلا، بارلىق گراژدانلار قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولالايدۇ» دېگەنىدى (6).

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش خام ئەشيالىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىتىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت بەرپا قىلىنغاندىلا، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن گەپ ئاندىن ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىك، گەرچە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن غايەت زور ئىلغارلىق بولسىمۇ، ئۇ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان قانۇن جەھەتتىكى بەخت-سائادەتنى زادى مەڭگۈلەشتۈرەلمەيدۇ.

ئېلىمىزنىڭ 1954-يىلىدىكى ئاساسىي قانۇنىدا «قانۇن ئالدىدا پۇقرالار باپباراۋەر» دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپ، يەنە خەلقنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي ھوقۇقى، كىشىلىك ھوقۇقى، ھەم باشقا دېموكراتىك ھوقۇقلىرى باشقا ھەرقايسى قانۇنلار ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كەمستىلىشكە ئۇچرىتىلمايدىغانلىقى ئەدلىيە ۋە مەمۇرىي جەھەتلەردىن بەلگىلىك تەدبىر ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن. 1979-يىلى ئېچىلغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ 2-سانلىق يىغىنى ماقۇللىغان «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» لىرىدا، قانۇننىڭ ھەممە گراژدانلارغا باپباراۋەر تەتبىق قىلىنىدىغانلىقى، قانۇن ئالدىدا ھەرقانداق ئىمتىيازلارنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئېنىق بەلگىلەندى. «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» نىڭ 4-ماددىسىدا: «قانۇن ھەممە پۇقراغا باپباراۋەر تەتبىق قىلىنىدۇ، قانۇن ئالدىدا ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول



قويۇلمايدۇ» دېيىلگەن. «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» نىڭ 5-ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى سوت قىلىشتا، قانۇننى ھەممە پۇقراغا، ئۇنىڭ مىللىتىگە، ئىرقىغا، جىنسىغا، كەسپىگە، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىغا، دىنىي ئېتىقادىغا، بىلىم دەرىجىسىگە، مال-مۈلكىگە، ئولتۇراقلىشىش مۇددىتىگە قارىماي باپباراۋەر تەتبىق قىلىدۇ، ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئەيىبكارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورنى، ئىجتىمائىي تەركىبى، سىياسىي تارىخىدا قانداق ئوخشىماسلىق بولۇشى، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ياكى ئۇنىڭ مەسىلىسىنىڭ دوست-دۈشمەن زىددىيىتىگە ياتىدىغانلىقى قاتارلىقلاردىن قەتئىينەزەر قانۇننى تەتبىق قىلغاندا باراۋەر بولۇش ئۆلچەم قىلىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. خەلقنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشى بولسا، پرولېتارىياتنىڭ ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغانلىقى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقى ۋە كۆزدە تۇتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ 1957-يىلى: «بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزنى ئەمگەكچى خەلقىمىز ئۆزى تۈزگەن. ئۇ، ئىنقىلابىي تەرتىپنى ساقلايدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغدايدۇ» دېگەنىدى [7].

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش — بۈگۈنكى كۈندە سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى. ئۇ، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ۋە سىياسىينىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتىلا باركى، قانۇننىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان ياكى قانۇننىڭ شەللىسىغا مىنىۋالىدىغان ئىمتىيازلىق شەخسنىڭ

بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىزدە ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيىنىڭ ئەدلىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكى سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك بولۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇنغا تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە كادىرلارنى سەپلىشىگە نازارەتچىلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ كونكرېتنى كەسپىي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە چات كىرىۋېلىپ، تەشكىلىي جەھەتتە بۇيرۇقۋازلىق قىلىشنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ھۆكۈم چىقىرىش بىلەن تەپتىش قىلىش — سوت مەھكىمىلىرى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كونكرېت كەسپىي ئىشى.

دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىنىپ قېلىپقا سېلىنىپ تۈزۈملەشتۈرۈلۈشىدۇر. قانۇن تۈزۈلگەندىكەن، ھەممەيلەن رىئايە قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ھەتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەگەر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇنلاردا تۈزىتىلىدىغان جايلارنىڭ بارلىقى سېزىلسە، پارتىيە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كونكرېتنى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، لايىھە تۈزۈپ چىقىپ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا سۇنسا بولىدۇ. ئەمما، قانۇنلۇق تەرتىپلەردىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ خىلاپلىق قىلىشقا ياكى چاتىقى بولماسلىققا بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم چىڭ تۇرغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش — قانۇننى تەتبىق قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ھەرگىز قانۇن تۈزۈشكە قارىتىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. «قانۇننى تەتبىق قىلىش» بىلەن «قانۇن تۈزۈش» ھەرگىز بىر ئىش ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ ئىككىسىنى بىر ئىش دەپ قارىمىغان. قانۇن تۈزگەن چاغدا، ئوخشىمىغان سالاھىيەت، ئوخشىمىغان ئەھۋال، ئوخشىمىغان تەمىناتتىن بەھرىمەنلىنىدىغان ئادەملەرگە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن قانۇننى تەتبىق قىلغان چاغدا، بۇنداق ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى چەتتە قالدۇرۇلۇپ، پەقەت قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ھەممە كىشىگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

مەيلى قانۇننى تۈزۈشتە بولسۇن، مەيلى تەتبىق قىلىشتا بولسۇن ئادىل بولغان مۇقىم ئۆلچەم بولماي، تۇراقسىزلىنىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنداق قانۇننىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى چوقۇم ياخشى بولمايدۇ. قانۇننى تەتبىق قىلغاندا، خەلق ئاممىسى كۆپرەك «نادانغا بىر توقماق، موللىغا ئون توقماق» ئۇرۇلۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بۇ ئومۇمىي ھال بولۇپ، قانۇننى بىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى، قانۇننى بىلمەسلىكتىن خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئېغىرلىتىپ جازالاشقا قارىتىلغان. شۇڭلاشقا، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە، قانۇن بويىچە ھەم خەلق رايى بويىچە ئىش كۆرۈپ، «نادانغا بىر توقماق، موللىغا ئون توقماق» ئۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولماي «نادانغىمۇ بىر توقماق، موللىغىمۇ بىر توقماق» بولۇپ قالسا ياكى يۈزسەكسەن گرادۇس بۇرۇلۇپ «نادانغا ئون توقماق، موللىغا بىر توقماق» بولۇپ قالسا، خەلقنىڭ قانۇندىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنىڭ ھۆرمىتى ئاجىزلاپ دۆلەتنىڭ تەرتىپى قالايمىقانلىشىدۇ. شۇڭلاشقا

«قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن بۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە قەدىمىي پرىنسىپنى قىلچە بوشاشماي ئىجرا قىلىش — سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن شانلىق ئىدىيىسىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتا، قانۇننىڭ ھەقىقىي نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ئىمتىياز» دېگەن نېمىنىڭ خەتىرىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنغا سالىدىغان تەھدىتىنى ئېنىق كۆرمەي بولمايدۇ. ئالدىنقى بىرقانچە يىللاردا بەزىلەر بولۇپمۇ ياشلار سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمگە گۇمان بىلەن قارىدى، بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى نامايان قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، قانۇنلىرىمىزنى «ئىمتىياز» ئىگىلىرىنىڭ كولدۇرلىتىپ ئوينايدىغان «ئويۇنچۇقى» ۋە تەكچىگە ئېلىپ قويۇلغان «زىننەت بۇيۇمى» كۆردى، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزنى كۆزگە ئىلماسلىق ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش بولماستىن بەلكى، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ «قانۇن» نى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نەسىرىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى ئىدى. ئىمتىياز — فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، شۇ جەمئىيەتتە قانۇنلۇق نەرسە دەپ قارىلىدۇ. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ قانۇن-نىزاملىرى» دا، «سەككىز كەڭچىلىك» دېگەن نەرسە بولۇپ، ئۇ، خان جەمەتلىرى، خاننىڭ قەدىناسلىرى، دانىشمەن ۋەزىرلەر، ئىقتىدارلىق زاتلار، كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر، مەرتىۋىلىكلەر، تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەر ۋە مېھمانلار قاتارلىق سەككىز تەبىقىنى ۋە شۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىيازنى كۆرسىتەتتى.



سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىمتىياز مەۋجۇت. ئەمما ئۇنىڭدىكى ئىمتىياز تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇقەررەرلىك بولماستىن، بەلكى كونا جەمئىيەتتىن سۆرىلىپ بىللە كەلگەن فېئودالىق ئىدىيىنىڭ قالدۇقىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەپسىرچىلىرى تارىختىن قېپقالغان مۇنداق رېئال ئەھۋالنى سوتسىيالىستىك تۈزۈم دەرھال ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ دەپ قارىمايدۇ، بەلكى، ئۇ، خەلقلەرنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش بەرپا قىلىشىغا ياخشى ئىجتىمائىي شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا سىياسىتىمىز ۋە قانۇنىمىز ھەرقانداق ئىمتىيازنى چەكلەيدۇ، ئۇنىڭ قانۇنغا ئارىلىشىۋېلىشىغا مۇتلەق يول قويمايدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىر بىز قارشى تۇرۇۋاتقان ئىمتىياز سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قانۇن ۋە تۈزۈمنىڭ سىرتىدا ئىگە بولۇۋالغان ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئىمتىيازچىلىق فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرىنىڭ تېخى تازىلىنىپ بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىزدە كونا جۇڭگودىن قېپقالغان فېئوداللىق - مۇستەبىتلىك ئەنئەنىسى كۆپرەك، دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق ئەنئەنىسى بەك ئاز. بىز ئازادلىقتىن كېيىنمۇ خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تۈزۈملەرنى ئاڭلىق ۋە سىستېمىلىق تۇرغۇزۇپ چىققىنىمىز يوق، قانۇن-تۈزۈملىرىمىز مۇكەممەل ئەمەس، ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەتمۇ بېرىلمىدى، ئىمتىيازچىلىق گاھىدا چەكلەندى، تەنقىدلەندى ۋە زەربە يېدى، گاھىدا يەنە قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئىمتىيازچىلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك، تۈزۈم مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىش كېرەك. يۇقىرىلار قانۇن ۋە تۈزۈم ئالدىدا باپباراۋەر بولۇشى، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا باپباراۋەر بولۇشى كېرەك، ھەممە ئادەمنىڭ

قانۇندا بەلگىلەنگەن باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار، ھېچكىمنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. مەيلى كىم بولسۇن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنداق ئادەمنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى قانۇن بويىچە تەھقىقلىشى، ئەدلىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە بىر ياقلىق قىلىشى كېرەك، ھەرقانداق كىشىنىڭ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشىغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ.»(8)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىرقانچە مىزان»دا: «بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتىدىلا پەرق باركى، ئېسىل-پەس، قەدىرلىك-قەدىرسىز دېگەن پەرقلەر يوق، ھېچكىم باشقىلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان قۇل ياكى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئاقسۆڭەك ئەمەس، ھوقۇقۇم ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، دەيدىغان ئىدىيە فېئوداللارنىڭ چىرىك ئىمتىيازلىق ئىدىيىسى، بۇنداق ئىدىيىنى تەنقىد قىلىش ۋە تۈزىتىش لازىم.... ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ياكى پارتىيە تەشكىلاتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسىنىڭ بولۇشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ»(9) دېيىلگەن.

ئىمتىيازغا قارشى تۇرۇشتا ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىمتىياز مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك.



بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى، قانۇن ئەمەلىيىتىدىكى ئىمتىيازى ئەدلىيە خىزمىتىگە ئىنتايىن يامان تەسىر بېرىدۇ. بەزىلەر ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى، دەسمايىسىنىڭ كۆپلۈكى، تۆھپىسىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئۆزىنى ھەممىدىن يوغان تۇتىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇقتىنلا بەھرىمەن بولۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمايدۇ، ئۆزىنى «ئالاھىدە يۇقىرى» دەپ قارايدۇ. بەزىلىرى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنمايدۇ، بەزىلىرى ئوغۇل-قىز، ئۇرۇق-تۇغقان، قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ جىنايىتىنى يوشۇرۇپ قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ جىنايى ئىشلىرىنى قوللايدۇ. بەزىلىرى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا ئاشكارا ھالدا بېسىم ئىشلىتىپ، مۇددىئاسىنى تېڭىپ ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلدۇرمايدۇ، بەزىلەر، قول ئاستىدىكىلىرىدىن قىلىشقا بولمايدۇ دەپ تەلەپ قىلغان ئىشلاردىن ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغىنىنى ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىدا كۆپ جايدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت باشلىقلىرىنى، يەرلىك ئەمەلدارلارنى قانۇننى ئىجرا قىلغاندا ئاڭلىق بولۇشقا، ئادىل بولۇشقا، ئىشلارنى ئادالەتلىك بىلەن ھەل قىلىشقا، ھېچكىمنى بەگ ۋە قۇل دەپ ئايرىماسلىققا، ئادالەتنى كەم بولسا بولمايدىغان قانۇن ئۆلچىمى دەپ قاراشقا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ قانۇن ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن قارىغاندا، ھوقۇقىدىنلا بەھرىمەن بولۇپ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلمايدىغان، ئۆزىنى ئالاھىدە «يۇقىرى» دەپ قارايدىغان ھۆكۈمرانىنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇنىغا بويسۇنمايدىغان، پەرزەنتلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قوللايدىغان، قانات ئاستىغا ئالىدىغان، ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ، مۇددىئاسىنى تېڭىپ ئۇلارنى قانۇن بويىچە ئىش قىلدۇرمايدىغان ئەمەلدارلارنى قاتتىق

جازاغا تارتىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئىدىيىسى بىزنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش كۆز قارىشىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىز چوقۇم قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدا بۇنى ئەينەك قىلىشىمىز لازىم.»(15)

ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش دېگەن ئۆلچەم كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىغا داۋاملىق قاتتىق تەلەپ قويۇش — پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. «قاتتىق تەلەپ قويۇش» دېگەننى ئوخشاشمىغان ئوبيېكتلارغا تەقسىم قىلغاندا، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، تۆۋەندىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ۋە يۇقىرىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش دەپ ئۈچكە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاسان ئىشقا ئاشىدىغىنى — تۆۋەندىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش. ئەڭ تەستە ئىشقا ئاشىدىغىنى — ئۆزىگە ۋە يۇقىرىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇشتۇر. تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن بەزى ئادەملەر ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، تۆۋەندىكىلەرگىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. لېكىن يۇقىرىدىن كەلگەن توسالغۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويالمايدۇ. بەزى ئادەملەر ھەتتا ئىنتىزام ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار تۇرۇقلۇق يۇقىرى رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت، قانۇن، ئىنتىزاملارغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسمايدۇ. ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ يوليورۇق ۋە مۇددىئالىرى تۈزۈم، سىياسەت، قانۇن، ئىنتىزاملار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان جايدا پرىنسىپ بىلەن سودىلىشىدۇ ياكى چىرايىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ھەق گەپنى كېچىدۇ.

لېنىن: «قانۇن-تۈزۈم گۇبېرنىيە ئۆلكىسىدە بىر خىل، قازان ئۆلكىسىدە يەنە بىر خىل بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى پۈتۈن روسىيىدە، ھەتتا پۈتكۈل سوۋېت فېدېراتسىيە رېسپۇبلىكىسىدا



بىر خىل بولۇشى لازىم»(11). «تەپتىش مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ بىردىنبىر ھوقۇقى ۋە جەزمەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ھەرقانداق جاينىڭ پەرقى بىلەن ھېسابلاشمىغان، ھەرقانداق جاينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا، پۈتكۈل رېسپۇبلىكىدىكى قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا بىر خىللاشقان-بىرخىللاشمىغانلىقى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش بولۇشى كېرەك... ئەگەر بىز پۈتكۈل فېدېراتسىيەدە بىر تۇتاش قانۇن-تۈزۈم بەرپا قىلىشتا كېرەك بولىدىغان مۇشۇنداق ئەڭ ئەقەللىي شەرتنىمۇ قەتئىي ئادا قىلالمىساق، ئۇنداقتا، قانداقتۇر مەدەنىي تۈزۈمنى قوغداش ۋە مەدەنىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش دېگەنلەر ئۈستىدە زادى گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى(12).

قانۇن — مۇقەددەس، «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش — قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدىغان ھايات مىزانىدۇر. سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ، قانۇننى مۇقەددەسلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خەلق ئاممىسىنىڭ مۇستەھكەم قانۇن كۆز قارىشىنى تىكلەش، ھەر دەرىجىلىك ئىمتىياز ئىگىلىرى باشلامچىلىق بىلەن قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان خادىملار «ئۆزىنى تۈزەش» بىلەن «باشقىلارنى تۈزەش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر ياقلىق قىلىش لازىم. شۇ چاغدىلا سوتسىيالىستىك قانۇندا بەلگىلەنگەن «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇش دېگەن پرىنسىپ ھەقىقىي يوسۇندا ئىشقا ئاشىدۇ.

## ئىككىنچى، دۆلەت بىلەن يارىشىش، ئۇنىڭغا بولۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچەكەشمەسلىك — پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان قاتتىق مەجبۇرىيىتىدۇر

قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۆلەت

بىلەن يارىشىش، ئۇنىڭغا بولۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچە-كەشمەسلىك — پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان قاتتىق مەجبۇرىيىتىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە: «قەيەردە دۆلەت بېشى كۆتۈرۈلسە، ئۇنىڭغا بولۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكەشمەسلىك كېرەك. ئەگەر ياراشمىسا، دۆلەت ئىشىنى زەھەر قىلىدۇ» دېيىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپچە بولغاندا، ھەرقانداق ھۆكۈمدارنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن ئورۇنداشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشى — ھۆكۈمدارنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ ئۇنى ئەزىز بىلىش، پەرمان قانداق بولسا ئۇنى شۇ پېتى تېز ئىجرا قىلىش؛ خەزىنە ھەققىنى توسماي دەل ۋاقتىدا تاپشۇرۇش يەنى ئەسلىدە دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش؛ ھۆكۈمدارنىڭ ياكى دۆلەتنىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن، دوستىغا دوست بولۇش قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. شۇڭلاشقا «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالاھىدە قىلىپ: «ئەل بېگى — خەلقنىڭ ئۇلۇغىدۇر، ئۇنىڭغا پۈتۈن خەلق ھۆرمەت بىلدۈرگۈلۈك ۋە ئېھتىرام قىلغۇلۇقتۇر. بەگ يارلىقى پۇقراغا ۋاجىپتۇر، ئۇنى چوڭ-كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىرلەپ تۇتمىقى لازىمدۇر» دېيىلگەن.

قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار جەمئىيىتىدىكى ھەدەپ ئۇلغىيىۋاتقان تەسەۋۋۇرچىلىقنى ۋە ئۇنىڭ خانلىققا ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيانلىرىنى ئەنە شۇ زاھىدنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق تولۇق كۆردى. دېمىسىمۇ، دۆلەتتىكى ھەممە كىشى ئۆزى قىلىۋاتقان ھەر خىل تىرىكچىلىك كەسىپلىرىنى تاشلاپ، يالغۇز ئىبادەت بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئەلنىڭ كۆزى بىر يولىلا تائەتكە چۈشۈپ، ئىشلەپچىقىرىدىغان كىشى بولماي، دۆلەتنىڭ سېلىقى ئېغىرلاپ مالىيە كۈچى ئاجىزلاپ، خەزىنىلەر قۇرۇقدىلىپ قالاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلق نامراتلىشىپ كېتەتتى،



بۇ دۆلەت ئۈچۈن چوڭ بىر ئاپەت ئىدى، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ كەيپىياتنىڭ خانلىقتا قاتتىق يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى جەھەتتە جىددىي تەدبىر قوللىنىدۇ. بىرىنچىدىن، تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ توغرا ئەقىدە ئەمەسلىكىنى، ھەممىلا ئادەم بۇنىڭغا بېرىلىپ كەتسە، تائەت-ئىبادەتنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىنى، خۇدا تائىتىنىڭ بولسا يېپىقلىق بولۇپ، بۇنچىۋالا داغدۇغا بىلەن ئاشكارا قىلماسلىقنى پەرمايىش سۈپىتىدە ئەلگە جاكارلايدۇ. ئۇ: «ئەل كۆزى بىر يولى تائەتكە چۈشسە، بۇ تائەت بۇزۇلغاي، ئۇلى يىقىلغاي»، «خۇدا تائىتى يېپىقلىق كېرەكتۇر. بۇ بۈگۈنمۇ شۇ پېتى ئەلگە سىر بولسۇن»، «خۇدا سۆيۈملۈك قۇلنى يوشۇردى، بۇ قۇللار خەلق ئالدىدا تونۇلماس»، «ئۇ قۇلمۇ ئۆزىنىڭ خۇداغا يېقىن ياكى يىغلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەس» شۇڭا «خەلق ئۇنى بىلمىسۇن» دەيدۇ. ئىككىنچىدىن، زاھىدلارغا «مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىنى دەپ» جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى گۇرۇھ، قاتلاملار بىلەن ئارىلىشىپ قويۇق مۇئامىلىدە بولۇشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە «ھالال مال تېپىپ ئۆزىنى تويۇندۇرۇش»، «ئاچ-يالىڭاچلارغا ئوزۇق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك بېرىش»، «ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرىنى ۋاجىپ» بىلىپ، دەرھال «تاغدىن شەھەرگە قايتىپ كېلىپ خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش»، «ھۆكۈمدارنىڭ دۈشمىنىگە دۈشمەن، دوستىغا دوست بولۇش»، «دۆلەتكە بولۇشۇش، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىش، ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكەشمەسلىك» لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت تەلىماتىدىكى يۇقىرىقى بايانلىرى ئەينى زاماندىلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ قالماستىن بەلكى بۈگۈنكى يېڭى دەۋردىمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىك.

پارتىيىمىز قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپلا جاھاندىكى بارلىق

ئېزىلگۈچى مىھنەتكەشلەرنى ئازاد قىلىپ، خەلق ئۈچۈن بەخت-سائادەت يارىتىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى قىلغانىدى. ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز خەلقى سوتسىيالىزمنى بىردىنبىر ماڭىدىغان يول، كومپارتىيىنى بىردىنبىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان پارتىيە دەپ ھېسابلىدى. بۇ ئېلىمىزدىكى قايسىبىر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا يالغۇز تاللىۋېلىشى بولماستىن، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تاللىۋېلىشى ئىدى. 40 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، كومپارتىيە رەھبەرلىكى بولمىسا سوتسىيالىزمنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم بولمىسا خەلقنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى قايتا-قايتا ئىسپاتلىدى. خەلق ئاممىسى كومپارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىدىكى رەھبەرلىك قىلغۇچى يادرو كۈچ ئىكەنلىكىنى، رەھبەرلىكنىڭ بولسا ھاكىمىيەت شەكلى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئەگەر پارتىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئايرىلىپ قالسا، رەھبەرلىك قىلىشتىن گەپ ئاچالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى. خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ئۆز تەقدىرىنىڭ پارتىيە، دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن بىر ئىكەنلىكىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر-پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇدى. دۆلەت دۈشمەن كۆرگەننى دۈشمەن كۆرۈش، دۆلەت دوست ھېسابلىغاننى دوست دەپ تونۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتىنى بىلگەن بولسا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتمۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ھاكىمىيەت كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى بارغانسېرى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ ئۈستۈرۈپ بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى



چوڭقۇر ھېس قىلدى. قىسقىسى، بۇ 40 نەچچە يىل جەريانىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش ئۈزلۈكسىز قويۇقلىشىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالغا كەلدى.

بىز ھازىر چىڭ تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزم دېگەن ئاتالغۇنى دۇنيادا ئەڭ ئاۋۋال ئىتالىيە روھانىيلىرى ياۋروپادا قوللانغان. ئۇ چاغدا ئۇنى ئۇلار «تەڭرى ئىنسانىيەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن رىۋايەتتە رىۋايەت قىلىنغان تۈزۈم» دەپ ئاتىغانىدى. كېيىن بۇ تەبىر پرولېتارىياتنىڭ ئازادلىق كۈرىشى بىلەن زىچ بىرلىشىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سىياسىي مەنىسىنى تاپتى. 1944-يىلى ئەرەب مۇسۇلمان ئەللىرىدىن سۈرىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئافرالق بىلەن بىتارلار «ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ كوممۇنىزمغا تۇتقان پوزىتسىيىسى» دېگەن كىتابىدا، ئەرەب سوتسىيالىزمى دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويدى. 50-يىللاردا ئەرەب سوتسىيالىزمى بىر قىسىم ئەرەب ئەللىرىنىڭ كۈرەش نىشانى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مىسىر، لىۋىيە، سۇدان، ئالجىرىيە، تۇنىس، سۈرىيە، ئىراق قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوخشاشمىغان ئەندىزىلەر بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىپ، ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. 1944-يىلى دۇنيا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىتتىپاقىنىڭ نەزەرىيىچىسى گوھانزال «ئىسلام دىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم» دېگەن كىتابىدا، ئىسلام سوتسىيالىزمى دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى ئوتتۇرىغا قويدى. 1959-يىلى بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەھبىرى سافابى «ئىسلام سوتسىيالىزمى» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

دۇنيادا مەيلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى دىنىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ئۇنىڭ خېلى كۆپچىلىرى ئەينى زاماندا سوتسىيالىزمدىن

ئىبارەت بۇ يولنى تاللىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن ھەم سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا چوقۇم ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. 1951-يىلى قۇرۇلغان سىرىلانكا ھۇرلۇك پارتىيىسىنىڭ رەھبىرى بەندارانائىك بۇددىست بولغاچقا، بۇددا دىنىدىكى «جاندارلارنى ئۆلتۈرسە گۇناھ بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىپ، ئىنقىلاب ۋاستىسى ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئورنىتىشنى راۋا كۆرمىسمۇ، «ئەگەر كوممۇنىزمغا كىمدە-كىم قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىدىكەن، بۇددساتۋا بىر كۈنى غەزەپكە كېلىپ، ئالەمنى پارتلىتىپ كۆمپەيكۈم قىلىۋېتىدۇ... كاپىتالىزم دۇنياسى ھازىر سول تەرەپكە بۇرۇلماقتا، ئوتتۇرىدىكى يول ئېچىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇ بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئىنسانغا زاھىر بولىدۇ» دەپ قارىغانىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئېكسپىلاتاتسىيە يوقالغان»، «قوي بىلەن بۆرە بىر يەرگە كېلىپ سۇ ئىچەلەيدىغان» جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئالدى بىلەن بىز مېڭىۋاتقان سوتسىيالىزم يولى بىلەن بىز چىڭ تۇرۇۋاتقان كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ بۈۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارزۇ قىلغان يول ۋە رەھبەرلىك ئىكەنلىكىنى زامان نۇقتىسىدىن شەرھلەپ، ئۇنى ئالدى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋە دىن ئەھلىگە بىلدۈرۈش لازىم.

دىنىي ئۆلىمالار «قۇرئان»، «ھەدىس» لەردىن مەلۇم خۇلاسە ياكى ئايرىم قائىدىلەرنى يادلىۋالسا، «سۈرە ياتىھە» دىن تارتىپ «سۈرەناس» قىچە ھەممىسىنى شارىلداپ ئوقۇپ بېرەلىسە، ئەمما ئۇنى سوتسىيالىستىك دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىغا توغرا نىيەتتە تۇرۇپ ئەتراپلىق تەتبىق قىلىپ بېرەلمىسە، ئۇنداق كىشىنى دىنىي ئۆلىما دېگىلى بولامدۇ؟ بىزگە قانداق دىنىي ئۆلىمالار كېرەك؟



بىزگە شۇنداق دىنىي ئۆلىمالار كېرەككى، ئۇلار ئالدى بىلەن «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» لەردىكى «پادىشاھلارنىڭ ئەمرىنى تۇتماقلىق ۋاجىپ» دېگەن ئايەت، سۈرىلەرنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي يېشىپ بېرەلەيدىغان، زامانغا لايىق تەتبىق قىلالايدىغان، ھازىرقى «پادىشاھ» لىرىمىزنىڭ زالىم «پادىشاھ» لاردىن ئەمەس، بەلكى «ئادىل پادىشاھ» لاردىن ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن، پەرق ئېتەلەيدىغان ھەم ئۇنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ئىقرارلىق، تەستىق دىلى بىلەن ئۇقتۇرۇپ چۈشەندۈرەلەيدىغان بولسۇن، ئۇلار كونسېرۋاتىپلىقتا مەھكەم ئېسىلىۋالىدىغان مۇسۇلمان رادىكاللىرىدىن ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئۆزىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرىدىغان مۇسۇلمان تەرەققىيپەرۋەرلىرىدىن بولۇپ، «گۇناھ» بىلەن «ساۋاب» نىڭ ئۇقۇملىرىنى تار دائىرىدە رادىكال چۈشەنچە بىلەن ئەمەس بەلكى كەڭ دائىرىدە تەرەققىيات نۇقتىئىنەزەرى بىلەن شەرھلىيەلەيدىغان بولسۇن. بىزگە شۇنداق خەلق كېرەككى، ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئەۋزەلدۇر دىنىمىزنىڭ ئادالىتى بىل. دىندار شاھ زالىمنىڭ قانلىق زۇلمىدىن» دېگەن نەسىھىتىنى دائىم ئېسىدە ساقلايدىغان، ئەركىن ئازادە ياشاپ باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ قاتاردا ئورتاق گۈللىنىش پۇرسىتى يارىتىلغان بۈگۈنكىدەك ئالتۇن دەۋردە، ھۇرۇنلۇق، تىرىكتاپلىقنى تاشلاپ ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، قورسىقى تويغاندىن كېيىن قۇرۇق لاپ ئۇرۇپ، پىتنە-پاسات تېرىپ، غەيۋەت-شىكايەت قىلماي، بىلىم ۋە مەدەنىيەت ئۆگىنىپ ئۆزلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان مەسئۇلىيەتچان زامانىۋى كىشىلىرىدىن بولسۇن. مۇشۇنداق قاراشنىڭ ئۆزىلا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت، پۇقرالار توغرىسىدىكى دانا ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، زامانغا

لايىق، خەلققە زەرەرسىز، دۆلەتكە پايدىلىق، ئىستىقباللىق توغرا پىكىر ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەلىماتى بويىچە، دۆلەت ئۆزىگە بويسۇنغانلارنى، ئۆزى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ ياراشقانلارنى قارشى ئالىدۇ، ئۇنىڭغا نېمەتلەر بېرىدۇ. ئۆزى بىلەن ئۆچەكەشكەنلەرنى ۋە ئۆزىگە قارشى تۇرغانلارنى باستۇرىدۇ. ماركسىزمچە دۆلەت تەلىماتىمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئېلىمىزدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» غا ئاساسلانغاندا، سوتسىيالىزمغا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان كوممۇنىستىك پارتىيىگە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا بويسۇنغانلار، ئۇلار بىلەن ياراشقانلار بىزنىڭ دوستىمىز. ئۇنىڭ بىلەن ئۆچەكەشكەن، ئۇنىڭغا قارشى چىققانلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھېسابلىنىدۇ. پۇقرالار دىنغا ئىشەنسىمۇ بولىدۇ، ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ. دۆلەت پۇقرالارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنى قوغدايدۇ. دىنغا ئىشەنمىسە ئىشىنىشكە زورلىمايدۇ، ئىشەنسە كەمسىتمەيدۇ. دىندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزسا، پۇقرالارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزسە، دۆلەتنىڭ مائارىپ تۈزۈمىگە توسقۇنلۇق قىلسا، دىنىي تەشكىلاتلار چەت ئەل كۈچلىرىگە بېقىنسا ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، توپ مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا بىر چەكلەش سىزىقى سىزىلغان بولۇپ، توپنى شۇ سىزىق ئىچىدىلا ئويناشقا بولىدۇ. ئەگەر توپ سىزىقنىڭ تېشىغا چىقىپ كەتسە، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنغانلىق بولۇپ، تېرېنېر دەرھال ھۆكۈم قىلىپ، نەق ئاخىرىدا توپ ئۇرۇۋاتقان تەرەپنىڭ توپقا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىدۇ ۋە توپنى قارشى تەرەپكە تۇتۇپ بېرىدۇ. توپ ئويناش ھەرىكىتىدە قايسى ئەھۋالنىڭ ئويۇنغانلىقى، قايسى ئەھۋالنىڭ ئويۇنسىز،



قايسىسىنىڭ نىزامغا مۇخالىپ، قايسىسىنىڭ قائىدىگە خىلاپلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئالدىغا ھەر خىل بەلگىلىمىلەر تۈزۈلىدۇ. مۇسابىقىلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ قائىدىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشنىڭ بار-يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن يەنە بىر نەپەر ئادىل تېرېنېر تەيىنلىنىدۇ.

تەنتەربىيە پائالىيىتى چەكلەش سىزىقى، قائىدە-نىزام ۋە ھۆكۈملەرگە موھتاج بولغاندەك، ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش، كۈندىلىك تۇرمۇش قاتارلىق پائالىيەتلىرىمۇ بەلگىلىك چەكلەش سىزىقى، قائىدە - نىزام ۋە ھۆكۈم قىلغۇچىغا موھتاج. بۇ چەكلەش سىزىقى — ئىنسانلار ھەرىكىتىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ياكى خىلاپ ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان سىزىقتۇر. بۇ قائىدە-نىزام ھەرخىل، ھەر تۈردىكى قانۇن-نىزاملاردۇر. بۇ ھۆكۈم قىلغۇچى دۆلەتنىڭ قانۇن ئورگانلىرى (ئېلىمىزدە ئاساسلىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى، سوت، تەپتىش، ئەدلىيە، مەمۇرىي، خەلق ئىشلىرى، تاموژنا، باج، مۇپەتتىش، سودا-سانائەتنى باشقۇرۇش ئورگانلىرى قاتارلىقلار) دۇر. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن چەكلەش سىزىقىدىن چىقىپ كەتسە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان ئورگان قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. خەلق تۇرمۇشىنى تەرتىپلىك ئۆتكۈزۈش، جەمئىيەت تەرتىپلىك ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن مۇشۇنداق بىر جەمئىيەت قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش زۆرۈردۇر. بۇ جەمئىيەت قائىدىسى — قانۇندۇر. ئەكسىچە بولغاندا، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ئىنسانلار خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ قانۇن بىلەن ئالاقىسى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

قانۇن بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە ماكرولۇق ۋە مىكرولۇق جەھەتتىن قارالسا بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئوبدان ئايدىڭلىشىدۇ.

ماكرولۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، يازما قانۇن ئىنسانلارنىڭ تۈنجى سىنىپىي جەمئىيىتى بولغان قۇللۇق تۈزۈمى دەۋرىدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن. تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىرى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىرىغا، فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىرى كاپىتالىستىك تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىرىغا تەرەققىي قىلغان. XX ئەسىردىن كېيىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ قانۇنلىرى بارلىققا كەلدى. قانۇننىڭ مەزمۇنلىرى بارغانسېرى بېيىدى، تېخىمۇ كونكرېتلاشتى. ئىنسانىيەتنىڭ سىنىپىي جەمئىيەت تارىخى ئەمەلىيەتتە قانۇن-تۈزۈم تەرەققىيات تارىخىدۇر.

ماكرولۇق، توغرا لىنىيىلىك، كەڭلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى بار. پۈتۈن يەر شارىنىڭ قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا بوشلۇقى ھەتتا پۈتكۈل ئالەم قانۇن بىلەن ئالاقىدار بولۇغلۇق. ھازىرقى زاماننىڭ قانۇنلىرى ئۆز ئەل قانۇنىدىن يات ئەل قانۇنىغىچە، دېڭىز ئاستى بايلىق مەنبەسى قانۇنىدىن ئاۋىئاتسىيە قانۇنى، ئالەم بوشلۇقى قانۇنىغىچە تەرەققىي قىلدى. قىسقىسى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن تەبىئىي مۇھىت ھەتتا ئالەم مۇھىتىغىچە تەرەققىي قىلىپ، ئۇ تەتبىق قىلىنمايدىغان ھېچقانداق يەردە ھېچنېمە قالمىدى.

مىكرولۇق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان تۇغۇلغاندىلا پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن تۇغۇلۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ. بوۋاق چوڭ بولۇپ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنىغا ئاساسەن، مەكتەپ تەربىيىسى كۆرۈش ھوقۇقى



ۋە مەجبۇرىيىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. 18 ياشقا يەتكەندە سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ھەم ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. بۇ چاغدا سايلام قانۇنى ۋە ھەربىي خىزمەت قانۇنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئوغۇللار 22، قىزلار 20 ياشقا كىرگەندە نىكاھلىنىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، نىكاھ قانۇنى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەملەر ياشلىق، قىرانلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرىدە كۆپرەك ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار، ئىقتىسادىي، مۇھىت ئاسراش، ئەمگەك قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. دەم ئېلىش يېشىغا يەتكەندە دەم ئېلىشقا ئائىت قانۇن-نىزاملار بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ.

قىسقىسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى مۇئەييەن قانۇن-نىزام دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت قانۇن بىلەن، قانۇن دۆلەت بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، قانۇن پۇقرالار ئارىسىدا، پۇقرالار قانۇن ئارىسىدا ياشايدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلىمىزدە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدىكى بىرلىششى جۇڭگونىڭ كونكرېتنى تارىخ شارائىتى سەۋەبىدىن مىللىي بۆلۈنۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. نۆۋەتتە مۇشۇنداق بىر دۆلەتنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي بۇرچىغا ئايلاندى ۋە ئايلانماقتا.

ئەمما تۇرمۇش ھەيۋەتلىك چوڭ بىر سىمفونىيىگە ئادەم ئۇنىڭ ئوخشىمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان سازچىسىغا ئوخشىغاچقا، سىمفونىيىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە

مۇرەككەپ بولۇش سەۋەبىدىن دىرىزۇور دىرىزۇورلۇق تايىقىنى ھەرقانچە قىلىپ، دانالىق بىلەن ھەر ياققا شىلتىسىمۇ تارىدىن ھامان بەزىبىر غەلىتە ئاۋازلار چىقىپ تۇرىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ رايىغا ھىچنىمە ياقمايدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ئۆزىنىڭ قىيپاش-قىڭغىر قاراشلىرىنى تۈزلۈك ۋە دورۇسلۇقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ. مەلۇم جەھەتتە گەۋدىلىك كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەيدۇ. ئۇلار خۇددى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەن كانتىزىم تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان «ئېتىكا سوتسىيالىزمى»(13) دىگەنگە ئوخشاش ھەممىنى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يۈزەكى، مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ماھىيەتنى كۆرمەيدۇ، قىسمەنلىكنى ئومۇملۇققا ۋەكىل قىلىۋالىدۇ، تارماق ئېقىمنى كۆرۈپ ئاساسى ئېقىمنى كۆرمەيدۇ، بۇرۇننىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ يىراقنى كۆرمەيدۇ. كىرىزىسنى كۆرۈپ ھاياتلىقنى كۆرمەيدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ھەم دىگەندە زاماننى ئەيىبلەيدۇ، ئەيىبلىنىدىغان نەرسىنىڭ زامان ئەمەس بەلكى زامانىمىزدا ياشاۋاتقان بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى يامان قىلىقلىرى ئىكەنلىكىنى بولسا ئۇنتۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىدىئالىستىك ئىدىيە، مېتافىزىكىچە مەسىلىگە قاراش ئاھاڭى ئېغىر ئورۇن ئالغان، ماددا قارىشى، دىئالېكتىكىلىق تەھلىل كەمچىل.

جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرەپلىرى كۆپ. ئەمما ئوبىكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى يەنىلا يورۇقلۇق تەرەپ. بىلىش كېرەككى، بىزنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرىپىنى پاش قىلىشىمىز ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش، كىشىلەرنى شۇ يامان ئىللەتتىن يىرگەندۈرۈپ، توغرا يولغا باشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ — ئەلۋەتتە.



## ئۈچىنچى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلۇشى — بارلىق «بۇلغانۇق» لارنىڭ بىردىنبىر ئىچكى مەنبەسىدۇر

جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئالدى بىلەن ئوردا ئەھلىنىڭ بۇلغىنىشىدا يەنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. چىرىكلىشىش بولسا خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، قاقتى-سوقتى قىلىش، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى سېتىش قاتارلىقلاردا گەۋدىلىنىدۇ. چىرىكلىشىش ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولماستىن، بەلكى ھەرقانداق بىر سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھەرقانداق بىر دۆلەتتە ياكى ھەرقانداق بىر مىللەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مەۋجۇت ھادىسە. ئۇنىڭ پەرقى پەقەت چىرىكلىشىشنىڭ دائىرىسى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا بولىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئەڭ چىرىكلەشكەن ۋاقتى ئۇمەۋۋىيلەر خەلىپىلىكى ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مەلۇم دەۋرلىرى بولغاندەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدىكى چىرىكلىشىشنىڭ ئەڭ ئېغىر بولغان ۋاقتى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغان دەۋرلىرى بولدى. بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، قاقتى-سوقتى قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆپ يۈز بېرىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دىيانەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مەسخىرە قىلىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بۇ دەۋردىكى چىرىكلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ شۇنداقلا قىممەت كۆز قارىشىنىڭ تېز ئۆزگىرىش ياسىشى بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل ئاجىزلىقنىڭ
ستىبخىيىلىك ھالدا بالقىپ چىقىشى دەپ ھېسابلىغان. چۈنكى،
ئۇنىڭچە بولغاندا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئادىل، ئاق كۆڭۈللۈك
تەرىپى ھەم ساختا، رەزىللىك، بىرەھىملىك تەرىپى بولىدۇ.
ھۆكۈمەت خىزمىتىگە تەيىنلەنگەن، جامائەت ھوقۇقىدىن
بەھرىمەنلىنىدىغان شەخسى كۆپىنچە ھاللاردا باشقىلارنىڭ
خۇسۇسىي مەنپەئىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ تۇرىدۇ، ھوقۇقىنىڭ
چىرىشچانلىقى بىلەن ئاچاۋۇزچانلىقى ھۆكۈمەت خادىملىرىدا
ئۇزىنىڭ خىزمىتى ياكى ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە
جوغ تارتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ، كەسكىن ئىلىپ
ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلۇشىنى دۆلەتتە
يۈز بېرىدىغان ئىسيان، غەلۋە-غەليان ۋە توپىلاڭ (بۇلغانۇق)
لارنىڭ بىردىنبىر ئىچكى مەنبەسى دەپ قارىغان ھەم
چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەشنىڭ بىر يۈرۈش
سىياسىتى ۋە تەدبىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل باش قاتۇرغان.
بۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇن كىتابىمىزنىڭ
4-بابىدىكى قانۇن بىلەن ھوقۇقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى
سەھىپىدە بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە چىق توختالمايمىز.
توختىلىدىغىنىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ زامانىدىكى چىرىكلىك
بىلەن گەرچە مەنبە جەھەتتە ئورتاقلىقى بولسىمۇ لېكىن
مۇھىت، ۋاقىت ئورتاقلىقى بولمىغان زامانىمىزدىكى چىرىكلىك
ھادىسىلىرى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى، ئۇنى ئۈگىتىش
ۋە چەكلەشكە دائىر ھاكىمىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت،
ئىمتىياز ۋە تەدبىر قاتارلىق تومۇرداش مەسىلىلەردۇر. بۇ
مەسىلىلەر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋە بىزنىڭ دېمەكچى
بولغان مۇددىئايىمىزنىڭ بىردىنبىر جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردە كىشىلەرنىڭ ھوقۇق
ئۈنۈشىغا بولغان قارىشى ئىككى خىل ئىدى. بىرى، ئەمەلدار



بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پۇقرالارنىڭ غېمىنى يەپ،
كىيىم-كېچەكنى پۈتۈن، قورسىقىنى توق قىلىشقا سەرپ قىلىش؛
يەنە بىرى، پۇقرانىڭ شىللىسىغا مىنىپ قاقتى-سوقتى قىلىپ
ئۆز يېنىنى چىڭداش. ئالدىنقىلار ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى
نام قالدۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ ئۆزلىرىگە دۇئا قىلىشىنى تىلىسە،
كېيىنكىلەر ئۆلگەندىن كېيىن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،
بۇ دۇنيادىلا راھەت-پاراغەت تۇرمۇش كەچۈرۈشنى
كۆزلەيتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئۇ زامان بىلەن
بىز ياشاۋاتقان بۇ زاماننى فورماتسىيە جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا
ئىمكان بولمىسىمۇ، ئەمما ھوقۇقى بارلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقلىرىدىن
خالىغانچە بەھرىمەنلىنىشتەك بۇ ھادىسە ھازىرمۇ ئوخشاشلا
مەۋجۇت.

ھازىرقى زامانىمىزدىكى ناھايىتى ئاز سانلىق بەزى
ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇلارنىڭ
ھەددىدىن ھېسابسىز ئاچكۆز بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولغان
دېيىشكە بولىدۇ. ئاچكۆزلۈك — ھوقۇققا، نام-ئاتاققا، شان-شە-
رەپكە، مال-دۇنياغا ۋە جىنسىي تەلەپكە بولغان كۆزى
ئاچلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى تويماسلىقتۇر.

بۇ ئالدى بىلەن قولىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ
بەھرىمەنلىنىش، ھوقۇقنى پۇلغا سېتىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ
يېيىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئويناشتا، كونكرېتراق قىلىپ
ئېيتقاندا، پارا قوبۇل قىلىش، سوۋغا-سالام ئېلىش ۋە قاقتى-سوق-
تى قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ.

قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «ئاچكۆز ئادەمنىڭ
كۆزى ئېچىلمەس بىر ئۆشۈكتۇر. كۆزى ئاچ كىشى تويماس
كېلىدۇ، ئاچكۆزگە بۇ دۇنيانىڭ (بارلىق) ئاش-تامىقى
يەتمەيدۇ. ئاچكۆزلۈك — داۋاسى يوق بىر كېسەللىكى، ئۇنى
بۇ دۇنيانىڭ تېۋىپلىرىمۇ ساقايتالمايدۇ. ئاچ كىشىلەر يەپ-ئىچسە

(ئاخىرا) تويىدۇ، كۆزى ئاچ كىشى ئۆلگەندىلا ئاندىن تويىدۇ.»
دېگەنىدى. غەربىي خەن دەۋرىدىكى ئاتاقلىق سىياسىئون
ۋە مۇتەپەككۇر جايى: «پارىخور ئەمەلدار مال-دۇنيانى
دەپ ئۆلىدۇ، باھادىر نام-ئاتاقنى دەپ ئۆلىدۇ، ھوقۇق
مەستانىلىرى تاجنى دەپ ئۆلىدۇ، ھېچنېمىنى دېمەيدىغانلار
ئۆلمەي ھايات تۇرىدۇ» دېگەن (١٤). پارىخور ئەمەلدارلار
ھوقۇقنى كېلىدىغان پايدا ۋە ئەيش - ئىشرەتنى، ئۆزىنىڭ
قانائەت بىلەن باسالمايدىغان نەپسىنى قوغلىشىدۇ. ئۆلگەندىن
كېيىن قانداق نام قالدۇرۇشنى ئويلىمايدۇ. ئەكسىچە يەنە
بىر تۈركۈم ئەمەلدارلار باركى، ئۇلار مال-دۇنيا، نام-شۆھرەت
قوغلاشمايدۇ. ئۇلتۇرسا-قوپسا خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆلگەندىن
كېيىن ياخشى نام قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. سۇڭ دەۋرىدىكى
قانۇنشۇناس باۋچىڭ: «ئوغرى بەگلەرنى ئىشقا قويماسلىق
ھەققىدە ئۇتۇنۇش» تە: «دىيانەتلىك ئەمەلدارلار پۇقرانىڭ
ئۈلگىسى، پارىخور ئەمەلدارلار پۇقرانىڭ ئوغرىسى» دېگەنىدى.
ئۇ، ھاكىمىيەتتە پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ قۇرتتەك قىملداپ
كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى جازالاشنىڭ قاتتىق بولمىغانلىقىدىن
دەپ قارىغان ھەمدە قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ پارىخور
ئەمەلدارلارنى قاتتىق باستۇرۇشنى، ئۆز ئىختىيارىغا ھەرگىز
قويۇۋەتمەسلىكنى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان. ئۇ، يەنە
پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ زوراۋۇق-زومىگەرلىك قىلىشلىرىنى خەلق
ۋوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يىلتىز مەنبە دەپ
قارىغان. ئۇ، پادىشاھلارغا شۇنداق نەسىھەت قىلىپلا قالماي،
ھەر قانداق ئىمتىيازنى قايرىپ قويۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا
تەسەممىدىن قورقمىغان. ئۇ، شۇ چاغدىكى دۆلەت مالىيە
[illegible]
[illegible]
[illegible]



قالدۇرغۇزغان. ئۇ، تەپتىش بېگى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە،
پۇقرالارنى بوزەك ئېتىپ تاغقا قاچۇرۇۋەتكەن زالىم جاڭنەن
غەربىي يول ترانسپورت بېگى ۋاڭ كۇي ئۈستىدىن يەتتە
قېتىم خانغا ئەرز سۇنۇپ ئۇنى مەنسىپىدىن ئالدۇرۇۋەتكەن،
10 مىڭ جىڭ تۇزنى ھايىنىغا سېتىپ خەجلەپ كەتكەن
خۇەينەن ترانسپورت تەپتىش بېگى جاڭ كېجۇنى مەنسىپىدىن
ئالدۇرۇپ، قانۇن بويىچە جازالاپ، يىراق يەرگە پالاتقۇزغان.
شۇنىڭدىن كېيىن دۆلەتتە پارىخور ئەمەلدارلار جۆجۈپ
ھەددىدىن ئاشالمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۇ، پارىخور
ئەمەلدارلار بىلەن يۈزمۇيۈز كۈرەش قىلىپلا قالماستىن ئۆزىگە
قاتتىق داغ تەگكۈزمىگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلىسىدىكىلەرگە
ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان
ئەمەلدارلارنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە دىيانەتلىك بىلەن ئىش
قىلىشنى، قانۇننى بۇزماسلىقنى، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا يات
ئائىلە ئادىمى دەپ ئۆيىگە كىرگۈزۈلمەيدىغانلىقىنى، ئۆلسە
بىر يەرگە دەپنە قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئاتا-باۋا ئائىلىسىنىڭ
نەسەبنامىسىگە يېزىلمايدىغانلىقىنى تاپىلىغان (15).
سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جاڭجۇ ئايمىقىغا قاراشلىق جاڭخۇ
ناھىيىسىدە ۋۇيۇ ئىسىملىك بىر ئاتاقلىق يازغۇچى ئۆتكەن
بولۇپ، ئۇ ھەر دائىم: «مېنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر ئىش قىلالىشىم،
تامامەن ئاتامنىڭ تەربىيىسىدىن كەلگەن» دەيدىكەن.
ئۇنىڭ ئاتىسى سەھرالىق ئايال بولۇپ، بىر يىلى ئوغلى ۋۇيۇ
خۇەيئەن ناھىيىسىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلىنىپ ئاتىسىنى بىللە
ئەكەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن ئاتىسى ئۇنىڭ سەھرادا قېلىشنى
ئۆزىگە راۋا كۆرۈپتۇ. ئەمما ئاتا-بالا ئىككىيلەن ۋاقتىنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن بىر-بىرىنى قاتتىق سېغىنىشىپتۇ. شۇنداق
قىلىپ ۋۇيۇ بىر كۈنى خىزمەت ئىشلىرىنى ئەۋەتىپ ئاتىسىنى
سەھرادىكى ئۆيىدىن ئۆزىنىڭ يېنىغا ئالدۇرۇپ كەپتۇ ۋە

بىر مەزگىل ناھايىتى ياخشى كۈتۈپتۇ، ۋۇيۇ ئانىسىنىڭ ياشانغان چېغىدا يېنىدا تۇرۇپ ئۆمرىنى سەيلە - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئانىسىغا ئاتاپ مەخسۇس بىر پىشايۋانلىق ئۆي ۋە راۋاق ياسىتىپ ئەتراپىغا ھەر خىل گۈل ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى يىراق يەردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلدۈرۈپ تىكتۈرۈپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئانىسى بۇنى بىلىپ قېلىپ ئوغلى ۋۇيۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئوردا ئىشلىرىدا بەگلىكتىكى چوڭ-چوڭ ئىشلارغا كۆيرەك كۆڭۈل بۆلۈش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا بولۇش، ھەرەمخانا ئەتراپىغا قالايمىقان ئىمارەت سېلىپ ھەشەمەتچىلىك قىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىپتۇ. ئۇ ئوردىدا قوشنا ئولتۇرغان مەزگىلدە بىرەر قېتىممۇ تالا-تۈزگە چىقىپ سەيلىگاھلارنى تاماشا قىلماپتۇ. ئەكسىچە سەھرادىكى ئۆيىدىن بىرگە ئەكەلگەن ماتا توقۇيدىغان دەستگاھىنى ئاچقىپ كۈنبويى دىكۇدەك ماتا توقۇش بىلەن بوپتۇ. ۋۇيۇ بۇنى كۆرۈپ: «ئانا، سىز نېمانچە ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز جاپا سالىسىز؟ ئوغلىڭىزنىڭ مال-دۇنياسى سىزنىڭ ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىشىڭىزگە كەمكىتاشا يېتىدىغۇ؟» دەپتۇ. ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى چايقىغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بالام، مەن كىچىكىمدىلا ئاياللارنىڭ قول بىلەن قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلىشقا كۆپ ئادەتلىنىپ كەتكەنمەن، ھەرگىز ھارغىنلىق ھېس قىلمايمەن، سەنمۇ كۈنبويى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە كىتاب ئوقۇيسەنغۇ، سەنمۇ جاپالىق ھېس قىلامسەن؟» دەپتۇ.

ۋۇيۇ ئانىسىنىڭ نەپەقىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ قەتئىي ئىرادىگە كەپتۇ-دە، ئانىسىنىڭ ئاددىي-ساددىلىق ئىستىلىنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە كىتاب ئوقۇش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بوپتۇ،



كېيىن ۋۇيۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ مەھەللىمۇ مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلاپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ كۆپ مېھنەت سەرپ قىلىپ، ئاخىر جاڭجۇنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىپ چىقىپتۇ. جاڭجۇ ئايمىقى تاڭ سۇلالىسى زامانىدىلا ۋىلايەت بولۇپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغقىچە ئۇنىڭ تەزكىرىسى يوق ئىكەن. ۋۇيۇ يېزىپ چىققان «جاڭجۇ مەھكىمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» دېگەن كىتابى كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە كىشىلەر تەرىپىدىن جاڭجۇ تارىخىدىكى تۇنجى مۇپەسسەل يەرلىك تەزكىرە دەپ قارالغانىكەن [16]. ھازىرقى ھۆكۈمدارلارنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تارىختىكى مانا مۇشۇنداقلارنى ئەينەك قىلىش كېرەك.

ئەمگەكچان، باتۇر خەنزۇ خەلقى قەدىمكى زاماندىكى ئەمەلدارلارنى دىيانەتلىك ئەمەلدارلار ۋە پارىخور ئەمەلدارلار دەپ، ۋەزىرلەرنى سادىق ۋەزىر ۋە مۇناپىق ۋەزىر دەپ ئىككىگە بۆلگەنىدى. دىيانەتلىك ئەمەلدارلار بىلەن پارىخور ئەمەلدارلار يەرلىك ھاكىمىيەتلەردىكى ئەمەل تۇتقان مەنسەپدارلارغا قارىتىلغان بولسا، سادىق ۋەزىر ھەم مۇناپىق ۋەزىر دېيىلگەنلەر پادىشاھ، خان ئوردىسىدىكى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا قارىتىلغان.

تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر قانۇنشۇناس ۋە نەسىرچى لىيۇ زۇڭيۈەن شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلارنى «فۇبەن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قۇرتقا ئوخشاتقان، «فۇبەن» — ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ماھىر بىر خىل كىچىك قۇرت بولۇپ، ئۇ چوڭ يولدا بېتىۋېلىپ نېمە ئۇچراتسا شۇنى ئېلىۋالىدىكەن، كۆتۈرگىنى ناھايىتى جىق بولۇپ، كۆتۈرۈپ ماڭالماي قالىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنى تاشلىۋەتمەيدىكەن. ئەڭ ئاخىرىدا ماجالى قالمىغاندا يولدا ئۇچرىغان ئادەملەر

ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ دۈمبىسىدىن ھېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىپ قويىدىكەن. ئەمما ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە نېمە ئۇچرىسا شۇنى ئېلىۋالىدىكەن. ئۇ تېخى ئاشۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن پېتى بارغانسېرى يۇقىرىغا يامىشىشقا ئامراقكەن، يامىشىۋېرىپ ھالسىرىغاندا يېرىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلىدىكەن(17). لىيۇ زۇڭيۈەن بەزى ئەمەلدارلارنىڭ كۆڭلىدىكى يۇقىرىغا يامىشىش ئارزۇسىنىڭ خىيالىدىن كەتمەيدىغانلىقىنى، ئالدىنقىلارنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ئاچچىق ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئەڭ ئاخىرىدا بېرىپ ئۆزۈل-كېسىل تۈگەشمىگۈچە پۇخادىن چىقمايدىغانلىقىنى ئەنە شۇ «فۇبەن» نىڭ خاراكتېرىستىكىسى ئارقىلىق سىمۋوللاشتۇرغان. ھازىرقى زامانىمىزدا ئەنە شۇنداق «فۇبەن» لەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ياغ-دىيانەتلىك ئەمەلدارلار ھوقۇق بىلەن قانۇن ئالدىدا قانۇننى تونۇپ، ھوقۇقنى تونۇمايدۇ. قانۇن بىلەن ئادەمگەرچىلىك ئالدىدا قانۇننى تونۇپ، ئادەمگەرچىلىك دېگەننى تونۇمايدۇ. كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلمايدۇ، قانۇن بىلەن پۇل ئالدىدا، قانۇننى تونۇپ پۇلنى تونۇمايدۇ، پارا ئالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنداق قىلىشنى بولسا قانۇنغا ۋە ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلىدۇ، دۆلەت قانۇنىنى پۇلغا سېتىۋالىدىغان، قولىدىكى ھوقۇقنى سودا قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرىدىغان قىلمىشلارنى نومۇسسىزلىق، قانۇننى دەپسەندە قىلغانلىق، ئادىتىمىز بويىچە ئېيتقاندا، بىر خىل ھارامىلىق دەپ چۈشىنىدۇ.

«لى زى» نىڭ 6-بابى — «كۈچ ۋە تەقدىر» دە مۇنداق بىر پەلسەپىۋى پىكىر ھېكايە قىلىنىدۇ. بىر كۈنى بېيگوگزى شىمىنزىدىن: ھەر ئىككىلىمىز ئوخشاش تۇرۇپ، سەن ھوقۇق ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولدۇڭ، ئوخشاش يەر تېرىيمىز، ئەمما باشقىلار سېنىڭ جىقراق مول ھوسۇل ئېلىشىڭغا



يول قويىدۇ. ئوخشاش سودا-سېتىق قىلىمىز، باشقىلار سېنى كۆپرەك ناپاۋەت قىلدۇرۇپ پايدىغا ئىگە قىلىدۇ، چىرايىمىز ئوخشاش ئەمما باشقىلار ساڭا كۆپرەك خۇشامەت قىلىدۇ. مەن بولسام جۇلجۇل چاپان كىيىپ، زاغرا يەپ، قومۇش ئۆيدە ئولتۇرۇپ، پىيادە يول يۈرىمەن. سەن بولساڭ تاۋار-دۇردۇندىن تون كىيىپ، ئاق ئاش يەپ، ئېسىل ئىمارەتتە ئولتۇرىسەن، سىرتقا چىقساڭ پەيتۇندا ماڭىسەن، لەك-لەك ئادەم قارشى ئالىدۇ. ئائىلەڭدە سورۇلۇنۇپ، ئورداڭدا غادىيىپ يۈرىسەن، ئۆزۈڭنى مەن بىلەن تونۇشمايدىغان ئادەمدەك ھاكاۋۇر تۇتىسەن، كۆپ يىل بولدى بېرىش-كېلىشىمىز ئۈزۈلگەندى. بىللە سايىھەتكە چىقمايدىغان بولدۇق، ئۆزۈڭچە ئەخلاقتا مېنىڭدىن ئېشىپ كەتتىم دەمسەن؟ دەپ سوراپتۇ. شىمىنزى: بۇنى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، سېنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىڭ-نىڭ ھەممىسى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلار، مېنىڭكى بولسا كۆڭۈلگە ياقىدىغان ئىشلاردۇر. بۇ قېلىنلىق ۋە نېپىزلىكنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتامدۇ؟ سەن ئۆزۈڭنى ھەممە جەھەتتە مەن بىلەن ئوخشاش دېدىڭ، سېنىڭ يۈزۈڭ نېمىدېگەن قېلىن، دەپتۇ. بېيگوگزى بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىلاج ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ كېتىۋاتقىنىدا، ئوتتۇرا يولدا بۇ ئىككىيلەن دوڭگو ئەپەندىگە ئۇچراپ قاپتۇ. دوڭگو ئەپەندى بۇ ئىككىيلەننىڭ تالاش-تارتىشىنى ھەل قىلىپ: بېيگوگزىنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى تېيىز، شۇڭا تەقدىرى ئانچە ئوڭدان ئەمەس. شىمىنزىنىڭ تەقدىرى ياخشى، ئەمما ئەخلاق پەزىلىتى نېپىز. شىمىنزىنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ دانىشمەنلىكىدىن ئەمەس، بېيگوگزىنىڭ نامراتلىقى ئۇنىڭ ئەخمەق قىلىقىدىن ئەمەس، شىمىنزى ئەخلاقىنىڭ ناچارلىقى ئەمما تەقدىرىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۇيۇلماسىدۇر. بېيگوگزى بولسا، ئەخلاقلىقى ئەمما تەقدىرىنىڭ

ياخشى ئەمەسلىكىدىن ئۇياتلىقتۇر، دەپتۇ (18). بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىمىنزىغا ئوخشاش ھوقۇق سەمرىتكەن ئۇياتسىزلار، بېيگۈگزىغا ئوخشاش ھەقىرلىقتە ئۆتكەن ئۇياتلىقلار كۆپلەپ تېپىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرى بويىچە، ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك شەرتلىرىنىڭ بىرى ئۇياتلىق بولۇشتۇر. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئادەم ئۇياتلىق بولسا قىلغان ئىشلىرى ساخاۋەتلىك بولىدۇ. ئويۇن-تاماشىغا بېرىلمىسە، ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ئەقلى يېتىدۇ. ئەلنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ئەقلى يەتكەنلەر ئەلنىڭ بېشى بولىدۇ. ئەلگە باش بولغانلار ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئائىلىسى ئۈچۈن ياكى بىرقانچە شېرىك جەمەتلىرى ئۈچۈن باش بولمايدۇ. بەلكى، ئۇ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدىغان ۋە شۇنىڭ ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان ئادىل پۇقراپەرۋەردۇر. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» — ھۆكۈمرانلارنىڭ چىرىك تۇرمۇشىنى تەنقىد قىلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى پاك-دىيانەتلىك بولۇشقا يېتەكلەيدىغان يېتەكچى كىتابتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆز زامانىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى پرولېتارىياتنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق كۈرىشى ئارقىلىق ھەل قىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، كېلىشتۈرمىچىلىك بولۇشى تۈپەيلى ھۆكۈمرانلارغا «بىرىنى بىرى ئەزمەكچى ئەلدىن كۆتۈر»، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپاغا بېرىلمەي، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ «بۇقىرى بۇرت تاپ» دەپ نەسىھەت قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەينى زاماندا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىيە ئارزۇلىرى ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئاللىقاچان ئىشقا



ئاشتى.

«شۇنزى. پادىشاھلىق تۈزۈمى» دە: «خان كېمە، پۇقرا سۇدۇر. سۇ ھەم كېمىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ھەم غەرق قىلىۋېتەلەيدۇ. خان بولغۇچىلار ئەلنى تىنچ ئۆتسۇن دېسە، ھاكىمىيەتنى پاك-دىيانەتلىك بىلەن تۇتۇپ، پۇقرانى سۆيگەي» دېيىلگەن، ئۇلار «پۇقرا ئەلنىڭ ئاساسى، ئاساس مۇستەھكەم بولسا، ئەل تىنچ بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. «يۇسۇننامە. ئۇلۇغ ئىلىم» دە: «خەلق رايىنى ئۆزىگە قارىتالىغانلار يۇرت سورىيالايدۇ، خەلق رايىدىن قالغانلار يۇرتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ.» دېيىلگەن، «گۇەنزى. چوپان» دا: «پۇقرالار رايىنىڭ مايىللىقى بىلەن ھاكىمىيەت گۈللەنگەي، پۇقرالار رايىنىڭ مايىلسىزلىقى بىلەن ھاكىمىيەت تۈگەشكەي» دېيىلگەن. قەدىمكى زاماندا ياشىغان دانىشمەن ھۆكۈمرانلار دۆلەتنى تۈزەش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىدەك بىر ھەقىقەتنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەن يەردە، بىز ئۇنى شۇنچىلىكمۇ چۈشەنمەسەك بولامدۇ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە، ئەمەلدار بولغان كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شەرتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنى جاسارەتلىك، ئەقىللىك، بىلىملىك بولۇشتىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىمى پەزىلەتلىك بولۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۇياتچان بولۇش، ھايالىق بولۇش، كۆزى توق بولۇش قاتارلىقلارغا تۈگۈنلەيدۇ، ھۆكۈمرانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان دوختۇر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھۆكۈمرانلارنىڭ تىلىنىڭ چىن-راست ۋە كۆڭلىنىڭ تۈز بولۇشىمۇ ئۇنىڭدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىر ئەمەلدار ئۈچۈن كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ يالغانچىلىق، كۆز بويامچىلىق، ئىچى-تېشى

بىردەك بولالماسلىق. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئەگرىلىك بولۇپ، جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرى شۇنىڭلىق بىلەن بۇزۇلىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھوقۇق قانچە چوڭ بولسۇن، ئارقا تىرەك قانچە چىڭ بولسۇن، بۇنداقلار ئەڭ ئاخىرىدا بەربىر جازاغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇزۇق، يامان ئىشلارنى قانچە كۆپ قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. بۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىشىپ مۇنقەرز بولۇش تارىخى ئىسپاتلىغان. ئۇلار مەيلى ئىتتىنىڭ قارنىغا كىرىۋالسۇن، مەيلى ھوقۇقىنىڭ قانتىغا مىنىۋالسۇن مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت قىسمەتنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇنداقلار كۆپىنچە ھاللاردا دەسلەپتە «مۇۋەپپەقىيەت»كە ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ ئاخىر بېرىپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. خەنزۇلاردا «كىم ئەڭ ئاخىرىدا كۈلسە، شۇ ياخشى كۈلگەن بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنداقلارنىڭ دائىم داخىل بولىدىغىنى ئالدىدا كۈلۈش، كېيىن يىغلاش، ئالدىدا لەززەتلىنىش، كېيىن قۇسۇش، شۇڭا ئۇلار مەغلۇبىيەتچىلەردۇر.

قەدىمكى يۇناننىڭ ئىستىلىستىكاشۇناسى راگجاناس (مىلادى 213 — 273-يىللار): «بايلىقتا بولغان ھېرىسمەنلىك (نۆۋەتتە كۆپچىلىك ھەممىدىن بەك مۇشۇ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇۋاتىمىز)، راھەت-پاراغەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك بىزنى، ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇ، پۈتكۈل جىسمىمىز ۋە روھىمىزنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتىرمەكتە. بايلىقخورلۇق بىر خىل ساقايماس كونا كېسەلدۇر. ئۇ، ئادەمنى ئىبلاسلاشتۇرىدۇ ۋە رەزىللەشتۈرىدۇ. راھەت-پاراغەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك بولسا تېخىمۇ شۇنداق. ئۇمۇ ئادەمنى ئوخشاشلا ئىنتايىن شەرمەندە قىلىدۇ. ئۇ — دورا بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى



بولمايدىغان كېسەلدۇر» دېگەنىدى(19). XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان فرانسىيىلىك خىيالىي كوممۇنىزمچى مۇللىر: «مەن دۇنيادا گۇناھ دەپ تونۇغان بىردىنبىر نەرسە ئاچكۆزلۈكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق گۇناھلارنىڭ ھەممىسى نېمە دەپ ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر مۇشۇ بىر گۇناھنىڭ ئوخشىمايدىغان شەكىل، ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىشى-دۇر» دېگەنىدى(20). يەنە يۇناننىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى ھېراكلىت، بەخت، ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ لەززىتىنى تەننىڭ راھىتى بىلەن ئۆلچەيدىغان كىشىلەرنى قاتتىق مەسخىرە قىلىپ: «بەخت تەننىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا كالىنىڭ قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن بىر باغلام چۆپ تاپقان چېغىنى بەخت دېيىش كېرەك» دېگەنىدى(21). ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان تەرەققىيپەرۋەر شائىرى ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «تەرجىئبەند» ناملىق شېئىرىدا، ئالەمنىڭ ۋاپاسى يوقلۇقىدىن، ئۆمرىنىڭ مەڭگۈ ئەمەسلىكىدىن، پادىشاھ، ئالىم، سوپى - زاھىد، ھاجى، بەگ، مىڭبېشى، كاتىپ، سودىگەر قاتارلىق سەككىز خىل تەبىقىنىڭ تەمە-گۆي-ئاچكۆزلۈكىدىن كىنايە ۋە دەلىللەر كەلتۈرۈپ قاتتىق شىكايەت قىلغان(22). بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان كىشىلەر مانا بۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىدىن قانداق ئىشلارنى قىلسا بولىدىغانلىقى، قانداق ئىشلارنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى، قورساقنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ ئابرۇيىنى قوشۇپ يەۋەتمەسلىكى كېرەك.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا خىزمەت قىلىدىغان خادىملار خەلقنىڭ چاكىرى تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن چىرىكلىشىش كېلىپ چىقىدۇ؟

بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ئىلمى بويىچە ماگىستىر چېڭ گوياۋ بىلەن پروفېسسور گۇڭ شاگرۇينىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە قىلىشقان سۆھبىتى جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. فېئوداللىق ئىدىيىۋى كۆز قاراشنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشى. مەسىلەن، «ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ»، «ھوقۇق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»، «ھوقۇق ھەممىنى بەلگىلەيدۇ»، «جازا مەنسەپدارلارغا راۋا ئەمەس»، «كۆڭرى رىسالىسى بىلەن جاھاننى ئوڭشىغىلى بولىدۇ» دېگەندەك ئوخشاش ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ يامراپ كېتىشى قولىدا ھوقۇقى بار كىشىلەرنى كۆرەڭلەپ خۇدىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويىدى. ئۇلار ماددىي ئەشيا بىلەن ھوقۇقتا بولغان ئىشتىھا تەلەپلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، بارچە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پايدا ئالدى. شۇڭا بۇ كۆز قاراشلارنى بۇزۇۋەتمەي تۇرۇپ، تۈزۈلگەن ھەرقانچە دانا بولغان تەدبىرلەر (قانۇن تۈزۈش تەدبىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى نوقۇل ھالدا ھەرقانچە تەكىتلىگەن بىلەنمۇ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوبدان ئۈنۈم بەرمەيدۇ.

2. تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى. ئېلىمىزدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كان-كارخانىلاردىكى رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا مۇكەممەل بولغان مەمۇرىي قائىدە - قانۇنلار ھەم قاتتىق بولغان شەخسلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى، بىر - بىرىنى نازارەت قىلىدىغان مېخانىزملار كەمچىل. ھۆكۈمەت خىزمىتىنى جان بېقىشنىڭ بىر خىل دەسمايىسى دەپ قارايدىغانلار كۆپ، خەلقپەرۋەرلىكنى دۆلەتكە سادىق بولۇشنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدىغانلار ئاز، خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ۋە قانۇن ئېڭى تۆۋەن.



3. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ جاھىللىق بىلەن يىلتىز تارتىپ ئادەت كۈچىگە ئايلىنىپ كېتىشى. ئېلىمىز نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال مۇستەبىتلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان دۆلەت بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنمىگەن، شۇڭا بەزىلەر «مۇناسىۋەت ئىلمى»، «ئارقا ئىشىكتە مېڭىش»، «ئەمەلدار سودىگەر»، «ئەمەل تار مەھكىمچىلىكى»، «ئومۇم بىلەن خۇسۇسىينى ئايرىماسلىق»؛ «ئومۇم بىلەن خۇسۇسىي بىر گەۋدە بولۇپ دۆلەت باشقۇرۇش كۆز قارىشى»، «چوڭ دۆلەت تار مەھكىمچىلىكى» قاتارلىقلارنى ئەنئەنىۋى ئەڭگۈشتەر دەپ بىلىدۇ. نەتىجىدە مۇشۇنداق سىياسىي مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئاستىدا ھوقۇقى بار كىشىلەر جەزمەن چىرىكلىشىدۇ. «دۆلەتمەن ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش» ئۆتكۈزۈشنى «نومۇس» دەپ بىلمەيدۇ. ئەكسىچە «شەرەپ» دەپ ھېسابلايدۇ (23).

نۆۋەتتە «پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى قانۇن مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ئېلىپ بېرىش XX ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا خەلقئارا ۋە ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىش ۋە مالىمانچىلىقلاردىن كېيىن ئېلىمىزدىكى سىياسىيونلار ۋە قانۇنشۇناسلار چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ھەم يېتىۋاتقان يەۋقۇلئاددە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىشقا ئايلانماقتا.

رېئاللىقتىن ئېيتقاندا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بەزى كونكرېتنى تۈزۈملىرىدە ئاز بولمىغان ئىللەت ساقلانماقتا. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: ھوقۇقنىڭ بەك مەركەزلىشىپ كېتىشى، بىيوروكراتلىقنىڭ ئېغىر بولۇشى، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنىڭ نورمال بولماسلىقى، فېئوداللىق ئىدىيە تەسىرىنىڭ تازىلىنىپ بولۇنمىغانلىقى، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ

باقىۋەندىلىكى، ھەرخىل ئىمتىيازلارنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى قاتارلىقلار. بولۇپمۇ ھوقۇقنىڭ شەخسىگە مەركەزلىشىپ كېتىشى بەك ئېغىر. پۈتۈن دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى «ئادەم بىلەن تۈزەش» نىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان.

1945-يىلى خۇاڭ يەنپېي ئەپەندى يەنئەندە ماۋجۇشىغا: تارىختا نۇرغۇنلىغان ھاكىمىيەتلەر دەسلەپتە ناھايىتى تېز گۈللىنىپ كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىرىكلىشىپ مۇنقەرز بولغان ھەم بۇ تارىختا بىر دەۋرلىنىپ تۇرۇشنى پەيدا قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قانداق قىلىپ بىرەر يېڭى يول تېپىپ «تۇساتتىن گۈللىنىپ كېتىش» ۋە «تۇساتتىن يوقىلىپ كېتىش» تىن ئىبارەت دەۋرلىنىپ تۇرۇشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالايدۇ؟ دېگەن كەسكىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ماۋجۇشى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، بىز ھازىر يېڭى يول تاپتۇق، بىز بۇنداق دەۋرىيلىكنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقالايدىغان بولدۇق. بۇ يېڭى يول — دېموكراتىيىدۇر. ھۆكۈمەتنى خەلققە نازارەت قىلدۇرسىلا، ھۆكۈمەت ئاندىن بوشىشىپ كەتمەيدۇ. پەقەت ھەممە كىشى قوزغىلىپ مەسئۇلىيەتچان بولغاندىلا، ئاندىن ھۆكۈمىتىمىز مۇنقەرز بولمايدۇ، دېگەن(24). ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رەھبەر بولغان كىشىنىڭ ئىدىيىسى تەرەققىيپەرۋەر، دېموكراتىك ئىستىلى ياخشى بولغان چاغدا سىياسىي ۋەزىيەت جانلىق، جۇشقۇن بولىدۇ. ئىدىيە ۋە ئىستىلدا ئۆزگىرىش بولۇپ ھەتتا ئۆز ئالدىغا بىشىمچىلىق قىلغان چاغدا جانلىق، جۇشقۇن ۋەزىيەت يوقىلىدۇ. بەزى ئومۇملۇققا تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ-چوڭ سىياسەتلەر كۆپىنچە ھاللاردا رەھبەرلىك قىلغۇچىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەڭلا ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا «ئادەم بىلەن تۈزەش» نى ئاستا-ئاستا «قانۇن بىلەن تۈزەش» كە ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.



ئېلىمىزدە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى فېئوداللىزمنىڭ مەرەزلىرى، بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى، يېڭى-كونا تۈزۈملەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

ئەگەر پرولېتارىيات پارتىيىسى ئۆزى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆزى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇن-نىزاملارغا ئەمەل قىلمىسا، ھاكىمۇتلەقلىق قىلسا، قولىدىكى ھوقۇقلىرىنى ھېچقانداق قانۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان چەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالسا، ئۇ ھالدا بۇ سىياسىي ھوقۇقنىڭ تولىمۇ مەركەزلىشىپ كېتىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ھوقۇقنى چەكلەش مېخانىزمىنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىقىنى ۋە تەرەققىي قىلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر ئىدىيىۋى مەنبە بولۇپ قالىدۇ.

ھازىر ئېلىمىزدىكى مەشھۇر قانۇنشۇناسلار «مۇتلەق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇق مۇتلەق چىرىكلىشىدۇ» دەپ قاراشماقتا. ئەنگلىيىنىڭ XIX ئەسىردىكى داڭلىق تارىخشۇناسى ئاكتون «نازارەتنى قوبۇل قىلمايدىغان ھوقۇق مۇقەررەر ھالدا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ چىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دېگەنىدى(25). فرانسىيىنىڭ XVIII ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ: «ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھوقۇقنى ئاسانلا قالايمىقان ئىشلىتىدۇ. بۇ — ئەبەدىيلىككە قىل سىغمايدىغان بىر تەجرىبىدۇر. شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھوقۇقنى چوقۇم ھوقۇق بىلەن چەكلەش كېرەك» دېگەنىدى(26). بۇ ھەقىقەتنى جۇڭگودىن تارتىپ چەت ئەلگىچە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان سىياسىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ ھەممىسى ئىسپاتلىغان.

شۇڭلاشقا، مۇكەممەل بولغان نازارەت سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، چىرىكلىك قىلمىشلىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن يوق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە مەرەز قالدۇرماسلىق لازىم. سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز تېخى شۇنداق قىلىشى كېرەك.

ھاكىمىيەت تەشكىلىنى بىر ماشىنا دېسەك، بىزنىڭ بۇ ماشىنىمىز ناھايىتى يوغان، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەش مېخانىزمى بولمىسا، ئۇ ماشىنىنى ھەرقانچە تورمۇز قىلغان بىلەنمۇ توختىمايدۇ. شۇڭا چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. چىرىكلىشىش ھادىسىلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇقنىڭ سىرتقى شەكلىدىن ئىبارەت.

ھازىر مۇنداق بىر ئومۇمىي قاراش بار. يەنى ئۇ بولسىمۇ، كۆپچىلىك بىردەك، چىرىكلىشىشنى چەكلەشنىڭ مۇھىم بىر ھالقىسى ئېلىمىزنىڭ مەمۇرىي نازارەت قىلىش ۋە قانۇن-تۈزۈمنى تەپتىش قىلىش ئورگانلىرىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە دەپ قاراشماقتا. نۆۋەتتە رېۋىزىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، سودا ئورگانلىرىدا مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى، پارتىيىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ كۈچەيتىلىشى ئېلىمىزنىڭ قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر قەدەم تاشلىدى. ئەمدى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى — مۇشۇ ئورگانلار ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ھەقىقىي ھالدا جارى قىلدۇرۇشتا.

تەپتىش مېخانىزملىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كۆپ تەرەپتىكى ئامىللارغا باغلىق. چەت ئەللەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە قارىغاندا، مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى ئىش ئوبدان ئىشلىنىشى لازىم. بىرىنچى، نازارەت قىلىش، تەپتىش قىلىش ئورگانلىرى مۇستەقىل بولۇشى كېرەك. تۈزۈمدىن تارتىپ كونكرېتنى ئىش نورمىلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىغىچە بولغان ھەممە ئۆتكەللەردە تەپتىش مېخانىزمىنىڭ تەپتىش



قىلىش ھوقۇقى مۇستەقىل يۈرگۈزۈلۈشكە كاپالەتلىك قىلىنىشى كېرەك. تەپتىش قىلىش ھوقۇقى ھەرقانداق مەمۇرىي ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات ھەم شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ئىككىنچى، رىغبەتلەندۈرۈش ئامىللىرى بولۇشى كېرەك. بۇ — نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئۈزۈل-كېسىل ھەرىكەتكە سالالايدۇ. چۈنكى، «نازارەت قىلىش» — ئەسلىدە بىر خىل «كۈچ چىقىرىپ تۇرۇپمۇ ياخشى ئاتاققا ئېرىشكىلى بولمايدىغان»، پەقەتلا باشقىلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ماراپلا يۈرىدىغان خىزمەت. نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان ئورگان ۋە خادىملاردا يۈكسەك ئابروي ۋە چوڭ ئىمتىيازلار ئالدىدىمۇ قورقمايدىغان ھىممەت بولمىسا، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرى ۋە پايدا-مەنپەئەتىنىڭ غېمىنى يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىپ، خىزمەتتە قەتئىي بولماسلىق، ئىش بېجىرگەندە ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەتتا پرىنسىپنى تاشلاپ سودا قىلىش كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئەھۋال نازارەت قىلىنىۋاتقان ئوبيېكت چوڭ ھوقۇق ۋە زور ئابرويغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭلاشقا نازارەت مېخانىزملىرى ئىچىگە مۇۋاپىق مىقداردا رىغبەتلەندۈرۈش ئامىللىرى ئارىلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈشتە رولى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئىمتىيازغا قارشى ئىمتىياز بولۇشى كېرەك. نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئورۇندىشى ئۈچۈن يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرلۈك ئاكتىپ ئامىلدىن باشقا يەنە نازارەت قىلىش ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى يامان بۇزۇقلارنىڭ ياكى قولىدا ھوقۇقى بار ئالاھىدە كىشىلەرنىڭ زەربە بېرىشى ياكى ئۆچ ئېلىشىغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، دۆلەتنىڭ

چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىر يۈرۈش ۋەزىپىلىرى ئورۇندالمايدۇ. لەتىجىدە بايلىق مەنزىللىرىگە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىدىغان، نى-نى خىيانەتلەر ھەيۋەتلىك تونلار ئىچىدە پىنھان قىلىۋېرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ، ئۇ، كىشىلەرنى ئاسانلا تۈزۈمدىن گۇمانلاندۇرۇپ، ئېتىقادتىن ۋاز كەچتۈرۈپ قويىدۇ.

## تۆتىنچى، ئۆز يېقىنلىرىنى يېنىغا تارتىپ چۆپقەت توپلىماي، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇپ ئەل نەپسىنى كۆزلەش — دانىشمەن رەھبەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىدۇر

«قۇتادغۇبىلىك» تە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىز بۇ ماۋزۇدا ئورۇنلىماقچى بولغان ۋەزىپىلەرنى ئۇرغۇن ھەقىقەتلەر ئارقىلىق دەلىللەپ يەشكەن. ئۇنى بىز كىتابىمىزنىڭ 4-بابى 4-بۆلىكىدە بايان قىلدۇق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتلەر قەدىمكى دانىشمەنلەردىن تارتىپ ھازىرقى سىياسىيونلىرىمىزغىچە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان نازۇك مەسىلە بولۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوخشاشمىغان مۇھىت ۋە شارائىتلاردىكى ھاكىمىيەتچىلىك ئەمەلىيىتى جەريانىدا يەكۈنلەنگەن بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ئۆز زامانىسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، بۈگۈنكى كۈندە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، كەلگۈسىدە يەنە داۋاملىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ بارىدۇ.

تارىختىن بېرى ئىككى خىل ئادەم ئىشلىتىش مەسىلىسى مەۋجۇت. داۋاملىق دەپ كېلىۋاتقان سۆزىمىز بويىچە ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە يېتىلىشى ئۈچۈن مىسلىسىز پارلاق يول ئېچىپ بېرىدۇ.



پارتىيىمىز بىلىمگە، ياخشىلارغا ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇشتا رېئاللىق بىلەن نەزەرىيە ئوتتۇرىسىدا يەنىلا چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ — بىلىم بىلەن ھوقۇقنىڭ ئۆزئارا ئورگانىك بىرلىشىشى ۋە ھەمكارلىقى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىدۇر.

تەن بىلىك 1986-يىلى ئېلىمىزنىڭ كادىرلار خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن «ئادەم ئىشلىتىشنىڭ يولى» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ، كىتابىدا ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئادەم ئىشلىتىشتە ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆككەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان قاراخانىلار دەۋرى، باۋچېك، ۋاڭ ئەنشىلەر ياشىغان سۇڭ دەۋرى ۋە تەن بىلىك ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋرلەرگە نەزەر سالساق تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئىللەت دۆلەت، مىللەت ۋە خەلق ئىشلىرىغا زىيانلىق ئىكەنلىكى دەلىللەنمەكتە.

1. ئۆز يېقىنلىرىنى قېشىغا تارتىش. بۇنداق كىشىلەر خادىملارنىڭ ئەقىللىك ياكى دۆت، سەر خىل ياكى ناچار بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ئۆز پەرزەنتلىرى، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، يار-بۇرادەرلىرى بولسىلا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنى پايدىسى كۆپ تېگىدىغان ئىشقا ۋە ئورۇنغا قويىدۇ، ئۇلارنى خىلمۇخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئۆستۈرىدۇ، ھەرگىز ھۆل يەرگە دەسسەتكۈزمەيدۇ.

2. ئۆزىنىڭ رايىغا باقىدىغانلارنى ئىشقا قويۇش. ئۇلار ئۆزلىرىگە يېقىن ياكى يىراق بولۇشىغا ئاساسەن ئادەم تاللايدۇ. بۇنداقلار ئۆزىنى مەركەز قىلىدۇ. ئۆزىنى چۆرىدەپ نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغانلارنى، گەپ ئاڭلايدىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئوخشىمايدىغان پىكىردىكىلەرنى ۋە ئۆزىگە قارشى تۇرغانلار (مەيلى ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر) نى قەتئىي ئىشلەتمەيدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىگە يېقىن ئىتائەتچان دوت «قول» نى ئىشقا قويسا قويىدۇكى، ئۆزىگە يىراق دانا ئىختىساسلىقنى ھەرگىز ئوردىغا يېقىن كەلتۈرمەيدۇ.

3. ئۆز ئالدىغا تۇغ تىكلەپ مەزھەپ قوغلىشىش. بۇنداق كىشىلەر فېئودال ئورۇقداشلىق قارىشى ۋە مەزھەپچىلىك قارىشىدىن چىقىپ ئادەم تاللايدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇغ تىكلەيدۇ. ئۆز مەزھەپىدىكىلەرنى پرىنسىپسىز قانات ئاستىغا ئالىدۇ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. باشقىلارنى پرىنسىپسىز چەتكە قاقىدۇ، زەربە بېرىدۇ. پارتىيىۋىلىكنى، ئومۇملۇقنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مەزھەپنىلا قوغلىشىدۇ. سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە پىسەنت قىلماي ئۆز سېستىمىسى، ئۆز ئورنىدىكى كادىرلار ئۈچۈن دەرىجە، تەمىنات تالىشىدۇ، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ. قىسقىسى، ئۆز ئالدىغا تۇغ تىكلىمىگۈچە، ھەممە ساھەگە ئۆز ئادەملىرىنى سەپلەپ قويمىغۇچە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ.

4. ئىمتىياز ۋە كېلىدىغان پايدىسىغا قاراپ ئادەم ئىشلىتىش. ئۇلار ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان-يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئادەم ئىشلىتىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر قولىدىكى كادىرلار ھوقۇقىنى ئالماشتۇرۇلىدىغان ماددىي بۇيۇم دەپ قارايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ قانچىلىك «ئىمتىيازى» بار، ئۆزىگە «پايدىسى» تېگەمدۇ-يوق؟ دېگەنلەر ئۈستىدە ھېساب - كىتاب قىلىدۇ. مەلۇم ئادەم ياكى ئۇنىڭ ئورۇق-تۇغقانلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئەمەل بېرىپ ئادەمگەرچىلىك قىلىش...... ئارقىلىق يۇقىرىدىكى «شوتا ئادەم» لىرىگە ياخشىچاق بولىدۇ ياكى شۇ «تۆھپىسى» بىلەن شۇلارنىڭ سايىسىدە ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا يامىشىش غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

5. قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرەلمەسلىك. بۇ — ھەسەتخورلۇقنىڭ



تىپىك ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن قابىلىيەتلىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، «ۋۇدالاڭنىڭ دۇكان ئېچىشى» (27) دېگەنگە ئوخشاش، ئۆزىدىن «ئېگىز» بولغانلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىشلەتمەيدۇ. ئۆزىنى «دانا» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەممىلا جايدا ئامال قىلىپ ئىختىساسلىق بىلىم ئەھلىلىرىنى باسىدۇ، ئۇلارغا زەربە بېرىدۇ. ھەتتا نادانلارنى ياكى كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارنى قەستەن ئىشقا قويىدۇ. خىزمەت ۋە ئىشلارنىڭ يۈرۈشمەسلىكى ياكى ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىشى بىلەنمۇ زادى كارى بولمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاخىر بېرىپ ئاپپاراتلار بارغانسېرى كېلەڭسىزلىشىدۇ، خادىملار كۈندىن-كۈنگە ساپاسىزلىنىدۇ.

6. دەسمايىسىگە قاراپ سەپتە تۇرغۇزۇش. بۇنداقلارنىڭ كۆڭلىدە ئالاھىدە قائىدە-يوسۇن ۋە ھەزەر ئەيلەيدىغان نۇرغۇن ئەمىر-مەرۇپلار بولىدۇ. ئۇلار ياشلار ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشىدۇ، ياش، ئىقتىدارلىق كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىگە كاشىلا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىغا «ئۇزۇن يىللىق كېلىن قېيىن ئانا بولالايدۇ» دېگەن ئىدىيە سىڭىپ كەتكەن. ئۇلار يېڭى بوغۇنلارنى «ئاتقا مىندۇرۇپ، چۇلۋۇرنى تۇتقۇزۇپ، چېپىشقا قويۇۋېتىش» كە ئۇنىمايدۇ، بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگىچە ئۇزىتىدۇ، «18 چاقىرىم يەرگە ئۇزىتىش» تىن كېيىنمۇ يەنە كەينىگە كىرىۋالىدۇ. «نايىپ پادىشاھ» بولۇۋېلىپ، «پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش» - نى بولغا قويىدۇ.

7. خادىملارنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنىلا قوغلىشىپ، غەرەزلىك قۇسۇر ئىزدەش. بۇنداقلار خادىملارنىڭ كەملىك ۋە يېتەرسىزلىكلىرىگە زادى يۈز - خاتىر قىلمايدۇ، نەتىجە

ۋە ئۇتۇقلىرىنى ئاسانلا يوققا چىقىرىدۇ، تىرناق تېگىدىن كىر ئىزدەپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدۇ. كەمچىلىك ۋە يېتەر-سىزلىكلىرىنى دائىم پېشانىسىگە قويىدۇ. ئۇششاق-چۈششەك يېتەرسىزلىك ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئاسان كۆرىدۇ، چوڭايتىدۇ؛ تۇتامغا چىققۇدەك نەتىجە، ئارتۇقچىلىق، قابىلىيەتلىرىنى بولسا كۆرمەسكە سالىدۇ، كىچىكلىتىدۇ. نەتىجىدە «ئادەمنىڭ مۇكەممەللىكى» دىن ئىبارەت مېتافىزىكىلىق قاراش بويىچە، خادىملارنىڭ ھەممە جەھەتتە «قابىلىيەتلىك» بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

8. كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىنى كەم سۇندۇرۇپ ئىشلىتىش. بۇنداقلار ئۆز قىلمىشىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىغا، كادىرلار قۇرۇلۇشىغا، ئومۇمغا ۋە شەخسكە زىيانلىق بولۇپ، ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇشتا ناھايىتى زور بىر ئىسراپچىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆز قىلمىشلىرىغا «چېنىقتۇرۇش»، «سىناش»، «ئۆزگەرتىش» دېگەندەك ئوخشاش چىرايلىق ناملارنى بېرىدۇ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ خالىغان ئورۇنغا بېرىپ ئىشلەش ئەركىنلىكى بارلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز ئىقتىدارىغا قاراپ ئىش تاللاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەم ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تار يەردە قىستىغانلىق بولۇپ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنى بەزدۈرۈپ ئىخلاسىنى ياندۇرىدۇ.

9. مەنسەپكە قويۇش ئەمما ئىشەنمەسلىك. بۇنداق ئادەملەر قول ئاستىدىكىلەردىن تەر ئاققۇزۇپ جاپالىق ئىشلەشنىلا تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما كۆڭلىدە گۇمان ساقلاپ مەنسەپكە لايىق ھوقۇق بەرمەيدۇ. ھەممىنى ئۆزى ئىزگىنلەپ ئۆز ئالقىنىدا تۇتۇش تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، قول ئاستىدىكىلەر ئارىسىدا قەستەن بۆلگۈنچىلىك ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق بۆلۈپ باشقۇرماقچى بولىدۇ ياكى بولمىسا



قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بويسۇنماي «بويۇنتاۋلۇق» قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئۇلارنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەپ كۆكۈلىسىغا ئېسىلىدۇ، «ئاۋازسىز توقماقلاش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى ئۈستۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇلار ئادەم ئىشلىتىشتە «گۇمان قىلساڭ ئىشقا قويما، ئىشقا قويساڭ گۇمانلانما» دېگەن مىزاننى زادى چۈشەنمەيدۇ.

10. «ئىشلىتىش» نىلا بىلىپ «بېقىش» نى بىلمەسلىك. بۇنداق كىشىلەر «ئېتىم يۈگۈرسىكەن، بىراق بوغۇز يېمىسە-كەن» دەيدۇ. كادىرلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن زادى كارى بولمايدۇ. ئۇلار كادىرلارنى يىراقنى كۆزلەشكە يېتەكلىمەيدۇ، ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرمەيدۇ، مەخسۇس جايلارغا ئەۋەتىپ تەلىم-تەربىيە ئالدۇرمايدۇ. كادىرلارنىڭ «كونا دەسمايە» سىنى يەۋېرىپ، خۇددى ئۆزى يېنىپ ئۆزى ئۆچۈپ قالغان چىراغتەك بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. «سۇسىز كۆلدە بېلىق بېقىش» ھۈنىرىنى قوللىنىدۇ.

قىسقىسى، بۇ خىل ئادەملەر «پاژسىن قانۇنىيىتى» دېگەندەك ئىش كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئەنگىلىيىلىك ئاتاقلىق سىياسىيئون ۋە تارىخشۇناس نوسگورت پاژسىن 1958-يىلى «ئەمەلدارلار سورۇنى كېسىلى» دېگەن بىر كىتابنى يازغان. ئۇ ئەنگىلىيىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىنى ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرگەندىن كېيىن ئادەم ئىش ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدىغان ئەھۋال نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ، دېگەن مەسىلىدە مۇنداق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋەزىپىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغان ئەمەلدارنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئۈچ خىل تاللاش بولىدۇ. بىرى، خىزمەتتىن چېكىنىشكە ئىلتىماس قىلىپ ئورنىنى باراملىق كىشىلەرگە بوشىتىپ بېرىش؛ ئىككىنچىسى، قابىلىيەتلىك ئادەملەردىن بىرنى تېپىپ خىزمىتىگە ياردەملەشتۈرۈش؛ ئۈچىنچىسى

سەۋىيىسى ئۆزىدىن تۆۋەنرەك بولغان ئىككى ياردەمچىنى تېپىش. بۇنىڭدىن بىرىنچى خىلىنى تاللىمايدۇ، سەۋەبى ئۇ «تۆمۈر تاۋاق» تىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئىككىنچىسىنىمۇ تاللىمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇندا بوش ئورۇن پەيدا بولغاندا بۇ قابىلىيەتلىك كىشى ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىدە توسالغۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلنى تاللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ئىككى ياردەمچىسىگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ-دە، ئۆزى يۇقىرىدا تۇرۇۋېلىپ ئومۇمىي دائىرىنى ئىگىلەيدۇ. بۇلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى چەكلەپ ئۇنىڭ رىقابەتچىسىگە ئايلىنالمايدۇ. نەتىجىدە ئۇلارمۇ ئۆز باشلىقىغا ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۆزىگە يەنە ئىككى ياردەمچى تاپىدۇ. مۇشۇنداق قاتلاممۇقاتلام راۋاجلىنىش ئارقىلىق ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئىتتىرىدىغان، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولغان بيۇروكراتلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ پاركىنسىن قانۇنىيىتى دەپ ئاتالغان. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا ئۇچرىتىش مۇمكىن.

ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئىقتىدارسىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دائىم ھەق-ناھەق كۈرىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئىقتىدارسىزلار ئىقتىدارلىقلارنى دائىم دېگۈدەك ئىقتىدارسىزلىقتا ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق ئەھۋال تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ. بىرىنچى، «سىياسەت» نى دەستەك قىلىدۇ. بۇ ئادەم «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا ياش ئىدى، بەلكىم «ئىسيانچى» بولۇشى مۇمكىن، سىياسىي جەھەتتە بەلكىم ئىشەنچلىك ئەمەستۇر، دېگەندەك گەپلەرنى پىشقەدەملەرنىڭ قۇلىقىغا ئەتەي ئاڭلىتىدۇ. ئىككىنچى، «تەربىيىلىنىش» توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. بۇ ئادەمنىڭ تونۇشى ساغلام ئەمەس، ھاكاۋۇر، ھارامزادە، رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلمايدۇ، بەلكىم



ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستى بولۇشى مۇمكىن، دەپ يۇقىرى رەھبەرلەرگە چاقىدۇ. ئۈچىنچى، «ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» ئۈستىدە ۋەز ئېيتىدۇ. بۇ ئادەم ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلمايدۇ، ئاممىنى يارىتمايدۇ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان، دېگەندەك سىپايى گەپلەر بىلەن «جامائەت پىكرى» تەييارلايدۇ. تۆتىنچى، «ئىستىل مەسىلىسى» نى دەستەك قىلىدۇ. بۇ ئادەم ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بەكمۇ مۇرەككەپ، نورمالنى ئەمەس، دائىم دېگۈدەك ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس دېگەندەك گەپلەرنى ئادەتتىكى ئاممىنى ئاڭلىسۇن دەپ قىلىدۇ.

ھەق گەپ قىلغاندا، ئىقتىدارلىقلارنىڭ كۆزى ئىقتىدارلىقلارنى كۆرىدۇ، دانىشمەنلەرنىڭ يۈرىكى دانىشمەنلەرنى تونۇيدۇ. ئۆزى ناتوغرا تۇرۇپ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىيالىغان ئادەم بولۇپ باقمىغان ۋە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىدارلىق ئادەمنىڭ ئىقتىدارسىز بىر ئادەمنى ياراملىق ئادەم دەپ مۇھىم ئىشقا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىدارلىقلارنى چېلىقتۇرۇشقا ماھىر، ئۈستۈرۈشكە ۋە بېشىغا كۈن كەلسە قوغداشقا قادىر ئادەملەرنىڭ ئۆزى ئىقتىدارلىقتۇر.

خەنزۇلارنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا «چىڭ بەنچاۋنىڭ ئەنزىگە ھۆكۈم چىقىرىشى» دېگەن بىر ھېكايە بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا سەندۈڭلۈك بىر بايۋەچچە بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى ياللاپ ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. يىل بېشىدىلا بۇ ئىككىيلەن مەسلىھەت بىلەن كېلىشىپ بىر يىل بالىسىنى ئوقۇتۇپ بەرسە سەككىز تىزىق يارماق بېرىدىغانغا پۈتۈشۈپتۇ. ئوقۇتقۇچى نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈپ بايۋەچچىنىڭ ئوغلىغا بىر يىل ساۋاق بېرىپتۇ. يىل توشۇپ پۇلنى بېرىدىغان قارايى كەپقاپتۇ، لېكىن بايۋەچچە پۇلنى

بىرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە، ئۇنى قورسىقىدا ئۈمىچى يوق، ئوغلۇمنىڭ بىر يىللىق ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئوقۇتقۇچىنى ئىشتىن بوشىتىپ ھەيدىۋېتىپتۇ. ئوقۇتقۇچى نائىلاج نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. لېكىن ئۇ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ بۇنى ئويلىغانسېرى تازا ئاچچىقى كەپتۇ ۋە يامۇلغا بېرىپ بايۋەچچىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىپتۇ.

ئوقۇغاندەك، شۇ ۋاقىتتىكى شيەن يامۇلىنىڭ باشلىقى دەل جىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاتىقى چىققان ئاتاقلىق رەسسام، خەتتات ۋە شائىر جېڭ بەنچاۋ ئىكەن. ئۇنىڭ بىلىم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئەدەبىي تالانتى بارلارنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدىكەن، ئىشنى ناھايىتى ئادىل ئىكەن. ئۇ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن سىزنى ھازىرلا سىناپ كۆرەي، بىلىمىڭىز زادى قانچىلىك؟» دەپتۇ. ئوقۇتقۇچى ئىمتىھان بېرىشكە ئۆزىنىڭ ھازىرلا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. جېڭ بەنچاۋ تورۇسقا قاراپ قولى بىلەن سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىقلىق تۇرغان پانۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ گەپنى مۇشۇ پانۇستىنلا باشلاي دەپتۇ-دە، تۆۋەندىكىدەك بىر كۇپلېت نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئوردا ئىچىدە يورۇق بېرىپ تۇرار نەقە پانۇس چىراغ،
ئوت تەرەپتىن نۇر چاقناتسا يورۇپ كېتەر يېقىن-يىراق.
بۇنىڭلىق نەغۇبار كۆڭلى بىتەۋا ئىشقى-يىراق،
كى، كۆرسە شول يورۇقنى بولۇپ شەيدا تۇرار ھەر ۋاق.

ئوقۇتقۇچى بۇنى ئاڭلاپ بىرئاز توختىۋېلىپ، تۆۋەندىكىدەك بىر كۇپلېت نەزمە توقۇپتۇ:



ئوقۇتتۇم بىر يىل ساۋاق، ئايماق ئۈچۈن سەككىز يارماق،
سىڭدۈردۈم تالاي ئەجىر، بەرمىدى بىر تال ماياق.
پەرۋانە بوپ شۇ ماياقنىڭ ئىشقىدا، ئوردىغا باستىم ئاياغ،
ياكى تاپقايمەن ساۋاب يا ئىلتىپات، ياكى قاماق.

جېڭ بەنچاۋ ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ھەيران قېلىپ ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانتىغا قايىل بوپتۇ ھەم بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قانداقتۇر «قورسىقىدا ئۈمىچى يوق» لۇقىدىن بايۋەچچىنىڭ بالىسىنىڭ «ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن» بولماستىن بەلكى، بايۋەچچىنىڭ ئۆزىنىڭ نوچىلىقىغا ئىشىنىپ ئۇنى بوزەك قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ-دە، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ ئەيىبكارنى چاقىرىپ كەپتۇ ھەم ئوقۇتقۇچىغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئەينى بويىچە قايتۇرۇشنى بايۋەچچىگە بۇيرۇپتۇ، جېڭ بەنچاۋ شۇنداق قىلىپ بۇ ئەرزىنى ئادىل ۋە چېۋەرلىك بىلەن بىر ياقلىق قىپتۇ(28).

بۇ ھېكايە بىزگە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتسىز، ناچار، كۆچىتۆگكۆرلەر تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشقا ئۇچرىغاندا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئادىللىقىنى ياقلاپ ساختىلىققا بەرھەم بېرىشنىڭ لازىملىقى ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى قوغداش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

تارىختىن بېرى قابىلىيەتلىكلەرنى كۆرسىتەلىگەنلەر قابىلىيەتلىك، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى كۆرسىتەلىگەنلەر ئەڭ دانالار ھېسابلانغانىدى. ئۇلارنىڭ دانالىقى كونكرېتنى قابىلىيەتتە بولماستىن، ئۇلارنىڭ باشقىلاردا كەم تېپىلىدىغان ئۆتكۈر كۆزلۈكلۈكى ۋە كۆڭلى - كۆكسىنىڭ كەڭرىلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇنداق ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ۋە ھەتتا شەخسىي كۆشەندىلىرىنى

ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلگە كۆرسىتىشتە تېخىمۇ تولۇقراق ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمىنىيە دەۋرىدە بەش زومىگەرنىڭ ئاتامانى دەپ نام ئالغان گۇەن جۇڭ ۋەزىر بولۇش ئالدىدا باۋشۇيانى ۋەزىرلىككە كۆرسىتىدۇ، باۋشۇيا ۋەزىر بولۇشنى رەت قىلىپ گۇەن جۇڭنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىدە گۇەن جۇڭ باۋشۇيانىڭ سىياسىي رەقىبى بولۇپ قان قىساسمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۇەن جۇڭ بىلەن باۋشۇيا بىرلىكتە سودىگەرچىلىك قىلغان بولۇپ، ھەر نۆۋەت پايدىنى بۆلۈشكەندە گۇەن جۇڭ باۋشۇيانى بوزەك قىلىپ ئۆزىگە جىقراق بۆلۈۋالغان. ئەمما باۋشۇيا گۇەن جۇڭنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات بولۇپ، ئانىسىنى بېقىش لازىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەن، دۆلەتكە ۋەزىر تەيىنلەشتەك ئاچقۇچلۇق مەسىلىدە باۋشۇيا دۆلەت مەنپەئىتىنى مۇھىم بىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەن قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بەش قىلىپ ھوقۇققا قول ئۇزارتمىغان، گۇەن جۇڭنى دۆشمەندىن ئەسىر ئېلىنغان دەپ ھاقارەتلىمەستىن سەمىمىيلىك بىلەن جى بېگىگە: «ئەگەر پادىشاھ ئالىيلىرى چى بەگلىكىنى ياخشى باشقۇرۇشنىلا ئويلىسىلا، ئەتىمالىم مەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەن. ئەگەر سىلى جاھاننى بويسۇندۇرماقچى بولسىلا، گۇەن جۇڭسىز ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماس» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن چى بېگى ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرگەن، نەتىجىدە توققۇزى تەل بولۇپ جاھاننى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت پىلانى ئىشقا ئاشقان[29].

قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، پەقەت ئۆز سىنىپىغا، ئۆز مىللىتىگە ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغان ئىشلارغا قارىتا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى بار ئادەم ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆرسىتىشتە دائىم دېگۈدەك ئۆزىنى ئۇنتۇپ



شەخسىيەتسىزلىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەم تونۇيدىغان پاراسەتلىك كۆزلىرى ۋە شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن خالىي كۆڭلى-كۆكسى ھازىرقى ئادەملەر ئۈچۈنمۇ ئەينەك قىلىشقا تېگىشلىك.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك قاراخانىلارنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخانغا دۆلەت ئىشلىرىنى دەپ ياخشىلارنى ئىشقا قويۇش مەسلىھەتىنى بەرگەن، شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالىي، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ مەرد دۆلەت ئەربابىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قوش قەۋەت مەنىلىرىگە چوڭقۇر دىققەت قىلغۇمىز كېلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك بىزگە قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە ھاكىمىيەتنى باشقۇرىدىغانلارنىڭ ياخشىلارنى تاللاش پرىنسىپى ئارقىلىق ۋەزىپىگە قويۇلغانلىقى (ئايتولدىنىڭ نۇرغۇن سىناقلاردىن كېيىن ئاندىن خاننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ ۋەزىرلىككە قويۇلغانلىقى)، كېيىن ھاكىمىيەتنىڭ مىراس قىلىشقا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى (ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋەزىرلىكنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە مىراس قالغانلىقى)، ئاخىرىدا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىن ئىبارەت نازۇك ئىشنىڭ تەسەۋۋۇپ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى (دەرۋىش ئۆگدۈلمىشنىڭ ۋەزىپىگە قويۇلغانلىقى) قاتارلىق ئۈچ خىل جانلىق كۆرۈنۈشنى ئېنىق كارتىنا بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ياخشىلار تاللاپ ئىشقا قويۇلغاندا دۆلەت كۈندىن-كۈنگە روناق تاپقان، ھاكىمىيەت خان جەمەتىنىڭ قولىدىن-قولغا ئۆتۈپ مىراس قالغاندا دۆلەتتە داۋالغۇش يۈز بېرىپ ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلى تەۋرىگەن، تەسەۋۋۇپ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندە، دۆلەت مۇنقەرز بولۇشتىن ئىبارەت «ئاقىۋەت» كە قالغان دېگەن

خۇلاسىسىنى چىقارغۇزۇلدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ ئەڭ ئەجەللىك يېرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ياخشىلارنى بايقاش-بايقىيالماسلىقى ۋە ئۇلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشقا ماھىر بولۇش-بولالماسلىقىدا.

دېمەك، سەممىي، ئادىل، ھەققانىيەتچى، قابىلىيەتلىك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇن خىل ئىللەتتىن خالىي، يۇقىرى-تۆۋەن ئىشىنىدىغان ياخشى يولداشلار كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلىگەندە، ئاندىن ئىشلىرىمىز روناق تېپىپ، كادىرلارنىڭ «تۆتتە زامانىۋىلىشىشى» نى ھەقىقىي ۋە سۈپەتلىك ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ مۇشۇنداق ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن كادىرلار تارماقلىرى بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي رەۋىشتىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى قەدىرلەيدىغان سەممىيلىك، قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە تەلپۈنىدىغان ئارزۇ، قابىلىيەتلىكلەرنى تونۇشتا ئۆتكۈر كۆز؛ قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇشتا جاسارەت، قابىلىيەتلىكلەرنى ياتقۇزىدىغان كەڭ قورساقلىق؛ قابىلىيەتلىكلەرنى قوغدايدىغان قورقماس ئىرادە بارلىققا كېلىدۇ.

## بەشىنچى، يېڭى نەرسىلەر بىلەن ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرۇش — بىر ئىزىدا توختاپ قالماي تەرەققىي قىلىپ بارغانسېرى روناق تېپىشنىڭ چىقىش يولىدۇر

«داۋاملىق يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ تۇرۇش» نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكى ھەققىدە كىتابىمىزنىڭ 2-بابىدا قىسقىچىلا توختالغانىدۇق. بۇ ماۋزۇدا ئىنچىكىلەپ كىرىپ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ روناق تېپىش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلاپ ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇش لازىملىقى ھەققىدە



مەخسۇس توختىلىمىز.

بۈگۈنكى دۇنيا چوڭ ئۆزگىرىش دولقۇنى ئىچىدە تۇرماقتا. سان-ساناقسىز يېڭى بىلىملەر بالقىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ بىلىم قاتلاملىرى كۈنسايىن يېڭىلانماقتا. نوقۇل ھالدىكى «ساپ» لىقنى قوغلىشىدىغان بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە كونا ئەنئەنىۋى قاراشلار ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان پۇتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالدى. بىلىمنىڭ «ئارىلاشما» لىقى ۋە گىرەلىشىپ سىڭىشىپ كېتىشچانلىقى بۇ بىر يېڭى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئېقىمغا ئايلانماقتا. بۇ ھازىرقى زامان ئەھلىدىن «يېڭى نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا كونا نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق؛ سەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ناچار نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق» لۇقنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىجادىي شەرھلەپ، ئۆزىگە «داۋاملىق يېڭى-يېڭى نەرسىلەرنى تاللاپ قوبۇل قىلىپ تۇرۇش» نى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بىرلا مەقسەت يەنى ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولغان «راۋاج تېپىش» ئۈچۈندۇر.

ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجىغا بولغان تەلىپى ناھايىتى كۆپ قاتلاملىق بولسىمۇ، مۇنداق ئۈچ خىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىرىنچى، دەسلەپكى ئېھتىياجى، بۇ — ياشاشتۇر. ئىككىنچى، ئاراخىل ئېھتىياجى، بۇ — بەھرىمەن بولۇش (ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە) دۇر. ئۈچىنچى، ئالىي ئېھتىياجى، بۇ بولسا راۋاج تېپىشتۇر. گەرچە بۇ ئۈچ خىل ئېھتىياج يالغۇز مەلۇم بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش ھاياتىدىن خۇلاسىلەنگەندەك قىلىنسىمۇ ئەمەلىيەتتە، بىرەر گۇرۇھ، بىرەر سىنىپ، بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا ماس كېلىۋېرىدۇ. جاھاندا تۇغۇلدۇم دەپلا ياشاشنى بىلمەيدىغان، ياشىدىم دەپلا مەنپەئەتلىنىشنى ئويلىمايدىغان، مەنپەئەتلەندىم

دەپلا راۋاج تېپىشىنى كۆزلىمەيدىغان ئەخمەقلەر يوق. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مانا شۇ سەۋەبتىن جەڭگى-جېدەل، غەلۋە-غەليان، پىتنە-پاسات بولۇپ تۇرىدۇ. مانا بۇ — رىقابەتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، دۇنيا زىددىيەت ۋە رىقابەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان دەۋر قاراخانىلارنىڭ ئىچكى-تاشقى زىددىيەت ۋە رىقابەتكە دۇچ كېلىۋاتقان دەۋرى بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىتابىنى مانا مۇشۇ زىددىيەت ۋە رىقابەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنياغا زىددىيەت ۋە رىقابەت ئىچىدە كەلگەنلىكىنى، رىقابەتنىڭ قۇربانى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس قەھرىمانى بولۇش ئۈچۈن، مەغلۇپ بولۇپ تۈگىشىپ كېتىشى ئۈچۈن ئەمەس غالىب كېلىپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تۆرەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، ئىنسان بالىسىنى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش مەقسىتىدە يازغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىكى رىقابەتنىڭ تۈگۈنى ئادالەت بىلەن جاھالەت ئىدى. ئۇ بۇ رىقابەتتە ئادالەتنى دەپ جاھالەت ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تە، ئىنسانغا قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، رىقابەتچىسىنى قانداق قىلىپ يېڭىش مەسىلىسىنى يورۇتقان. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى ئالدى بىلەن قانۇنى يېڭىلاشقا ئائىت ئىسلاھات كۆز قارىشىدا، كونا نەرسىلەرنىڭ لەززەتسىز بولىدىغانلىقى، يېڭى نەرسىلەرنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، ئاندىن ھەربىي قوماندان بىلەن ئەلچىلەرنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرىدە، خەزىنىدارلار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ سودىدا ئۇتۇپ چىقىشى، زىيان تارتماسلىقى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا كۆرۈش مۇمكىن.

1. «مىم» نى دوست تۇتۇش. ياپونىيە فانتازىيە



فىلىمى — «مىم» غا ئۆسمۈرلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەممىدىن بەك ئامراق. «مىم» — ھازىرقى زاماندا پەيدا بولغان نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىنسان پەيدا بولغاندىن تارتىپلا بارلىققا كەلگەن، ئۇ ئادەملەردە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، بىر تەرەپلىمىلىكتىن كۆپ تەرەپلىمىلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «مىم» غا ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ھەممىدىن بەك كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمما ھازىرقىدەك «مىم» ياكى «ئەقىل» دەپ ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماننىڭ ئۆز تىلى بولغان «ئەردۇ» ، «ئوقۇش» بىلەن ئاتىغان. ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتىنىڭ باشقا نەرسىدە ئەمەس دەل بىلىم بىلەن ئەقىلدىن بولىدىغانلىقىنى كىتابىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ، كىتابىدا كىشىلەرنى «بىلىمنى بۈيۈك، ئوقۇشنى ئۇلۇغ بىل، بۇ ئىككىسى قۇللىمۇ تولۇق يۈكسەلدۈرىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا قۇللۇقتىن چىقىپ بىلىملىك، ئەقىللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلنى باشقۇرغان قابىلىيەتلىك دانىشمەن ھۆكۈمرانلار ھەم خانىدان ئائىلىسىدىن چىققان تۇرۇقلۇق بىلىمسىز، دۆت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلنى ۋەيران قىلغان ئىقتىدارسىز ھۆكۈمرانلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ قەدىرلىك-قەدىرسىزلىكى، ئۇلۇغ ياكى ئۇلۇغ ئەمەسلىكى، خەلق ئالدىدا تۆھپىسى بار-يوقلۇقى، دۇئاغا لايىق، لايىق ئەمەسلىكى، ئۇلارنىڭ پۇقرانى قاقشىتىش بەدىلىگە كەلگەن مال-دۇنياسىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، ھەشەمەتلىك-ھەشەمەتسىزلىكى بىلەن ئەمەس ئەقىل ۋە پەم-پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا بىر قاتار ئادىل قانۇن-نىزام ئورناتقان-ئورناتمىغانلىقى، ئەلدىن

زۇلۇمنى يوقاتقان- يوقاتمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىپ كەلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل بىلەن بىلىمنى ئادەم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، «جاھاندا بىلىمدىن قىممەتلىك نەرسە بولمايدۇ. ئەركىشى ئۈچۈن بىلىمسىز ئىكەن دېيىلسە بەكمۇ سەت بولىدۇ»، «بىلىمسىز كىشى قارىغۇغا ئوخشاش بولىدۇ»، «ئەقىل دېگەن قاراڭغۇ تۈندىكى چىراغقا ئوخشايدۇ، بىلىم يورۇقلۇق بولۇپ سېنى يورۇتىدۇ»، «بىلىم ئادەمنى گادايلاشتۇرمايدىغان، ئوغرى، قاراقچى ئالالمايدىغان بايلىقتۇر»، «بىلىمسىز كىشىنىڭ كۆڭلى قۇمغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا دەريانىڭ سۈيى كىرسە تولمايدۇ، ئوتمۇ ئۈنمەيدۇ»، «ئەركىشى بىلىم بىلسە كۈنسايىن بەخت تاپىدۇ، كىچىك بولسىمۇ ئورنى كاتتا بولىدۇ»، «ئادەم ھايۋاندىن بىلىم ئارقىلىق پەرقلىنىدۇ. بىلىمدىن بۈيۈكرەك ھېچ نەرسە بولمايدۇ»، «ئادەم زېرەك بولسا مالدىن قىينالماس بولىدۇ. بىلىمى بولسا ئىشتا يېڭىلمەس بولىدۇ»، «ئىنسان ئىشلىرىنى بىلىم بىلەن باشلىسا، قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى بولسا، مەقسىتىگە يېتىدۇ»، «بارلىق ھەيۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلىمدىن كېلىدۇ، ئىشنىڭ قىيىن تۈگۈنلىرى بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ»، «ئەقىل قەيەردە بولسا ئۇلۇغلۇق شۇ يەردە بولىدۇ، بىلىم كىمدە بولسا شۇ بۈيۈكلۈك تاپىدۇ»، «ئەقىلدىن باشقا نەرسىگە ھۆرمەت قىلىنمايدۇ. ئەقىلسىز ئادەم خۇددى بىر ئۇچۇم لايغىلا ئوخشايدۇ»، «پۈتۈن ياخشىلىق بىلىمنىڭ بەرىكىتىدىن كېلىدۇ. ئىنسان بىلىمنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاسمانغا چىقالايدۇ»، شۇڭا «بىلىم بىلەن ئىش قىل، بىلىمنى توغرا تۇت، بىلىم ئۆگەن، كۆڭلۈڭ بىكارغا ئۆتمىسۇن»، «بىلىم بىل، ئۆزۈڭ تۆردە ئولتۇرىدىغان بول، بىلىمنى ئۆزۈڭگە كۈچلۈك قەلئە قىل» دەيدۇ[10].

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئوتتۇرىغا



قويغان ئەقىل ۋە بىلىم توغرىسىدىكى بۇ قىممەتلىك پىكىرلىرى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئىلغارلىق بولۇپ قالماستىن، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ھاياتى كۈچى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلمەيدۇكى، ئۇ ئەگەر بۈگۈنكى ئادەملەرگە تەتبىق قىلىنسا، مەسىلىسىز مەنىۋى ۋە ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇرلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەق مىراسخورلىرى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن «ئەقىل» بىلەن تازا ئاقىللىشالمايۋاتىدۇ.

ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ھەقىقىي تۈردە زامانغا لايىق ئېچىشتىن خېلى يىراقتا، ئىگىلىگەن بىلىملىرى بولسا ناتۇرال ھالەتتە تۇرماقتا. بىز تېخى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ھەقىقىي ھالدا يۈرۈش قىلغىنىمىز يوق. بۇنى «قۇتادغۇبىلىك» تە قەيت قىلىنغان «ئەقىل» ۋە «بىلىم» نىڭ كۈچى بىلەن ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەنە شۇ «مىم» نىڭ كۈچى بىلەن ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەمنىڭ قېشىدا بىرەر «مىم» بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدا بىلىم ناتۇراللىقتىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

2. غىدىقلاش ئىچىدە غىدىقلىنىش. فىزىئولوگىيە بىلەن پىسخولوگىيىدە، ئورگانىك جىسىملارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەمدە ئىنكاس پەيدا قىلالايدىغان ئامىللار غىدىقلىغۇچى جىسىم دېيىلىدۇ. غىدىقلىغۇچى جىسىملارنىڭ ئورگانىك جىسىملارغا بولغان تەسىرى غىدىقلاش تەسىرى ياكى غىدىقلاش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ھاياتىدا تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت شۇنىڭدەك ھەرخىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى غىدىقلاشلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق غىدىقلاش كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تۇتىدىغان ھەرخىل پوزىتسىيىلىرىنى ئىپادىلەپ ئۇنى تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بىلەن ئۆزلىرىگە ئىجىل قىلىۋالىدۇ.

ئىنسانلار ئىنقىلابقا دۇچ كەلسە ئۇنىڭدىن قېيىپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىدۇ ياكى پاسسىپ ماسلىشىدۇ. ئاكتىپ ماسلاشقانلاردا مۇنداق ئالتە خىل ئالامەت كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، ئۆزىگە ئۆزى ناھايىتى ئوبدان، مۇۋاپىق باھا بېرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئالدىمايدۇ. ئىككىنچى، ئۆزىنى ئۆزى رازىمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ئۆزى تەسەللى بېرىدۇ، ئۆزىنى ئاسرايدۇ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ، قېيداپ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىشنى بولسا ئۆزىنى ئۆزى يوقاتقانلىق دەپ بىلىدۇ. ئۈچىنچى، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان جەرياندا، تەرەققىياتقا ئاكتىپ، قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تېز ماسلىشىدۇ ھەم ئۇنى قوغلىشىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى داۋاملىق تاكامۇللاشتۇرۇپ بارىدۇ. تۆتىنچى، خىزمەتنى تاشلىۋەتمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئۆز خىزمىتىنى ئۆز ھاياتىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان مەنىۋى ئوزۇق دەپ ئويلايدۇ، بىر جايدا زەربىگە ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، بۇ زىياننى خىزمەت ئورنىدىكى كۆڭۈللۈك مۇھىتتىن تولدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەرقانچە ئىنقىلانسىمۇ خىزمەتنى تاشلىۋەتمەيدۇ. بەشىنچى، تۇرمۇشتىن لەززەتلىنىدۇ. بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، مۇھىتنى يەڭگۈشلەيدۇ. ئالتىنچى، ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا تېز ئويغۇنلىشىدۇ. ئۆزىنىڭ پىلان، مەقسەت، مۇددىئالىرى دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، پىلان، مەقسەت، مۇددىئالىرىغا ئويغۇنلىشالماي قالغاندا ياكى ئارىلىقتا مەلۇم پەرقلەر بولغاندا، بۇنداق ئادەملەر تىرىشچانلىقنىڭ بۇ يېڭى ئىنقىلابقا ماسلىشالماي بىر-بىرىنى يەۋېتىپ خورىتىش جېدەل قىلىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئارزۇ،



ئىستەك، مۇددىئالىرىنى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا مۇۋاپىقلاشتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەم زاماننىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەم ئارزۇ-مۇددىئالىرىغا يېتىدۇ.

ئىنقىلابقا پاسسىپ ماسلاشقانلاردىمۇ ئوخشاشلا ئالتە خىل ئالامەت كۆرۈلىدۇ. بىرىنچى، ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئازراق ئىنقىلانسىلا ئۆزىنىڭ ئىنقىلىغۇچىسىغا پاسسىپ ھۇجۇم ياسايدۇ. يەڭگىللىرى بىرەر ئىشقا، بىرەر نەرسىگە باھانە قىلىپ «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دارىتمىلاپ ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ. ئوتتۇرا ھاللىرى يېقىن ئادەملىرى، ئورتاق پىكىردىكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قارشى تەرەپكە كۈشكۈرتىدۇ. ئېغىرلىرى بوھتان، سۇيىقەست ۋە ھەرىكەت پىلانلايدۇ. ئىككىنچى، قورقۇپ تۈگۈلۈۋالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بېشىغا ئازراق ئىش كەلسىلا قورققىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالىدۇ. ئۆزىنىڭ رىقابەتچىلىرى ياكى قارشى تەرەپدىكىلەرنى، ياكى شۇلار ياشايدىغان مۇھىتنى كۆرسە، ياكى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە ئىچى دەردكە تولىدۇ. ئىمكان قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقنى ئويلايدۇ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، بۇ — مەسىلىنى ھەل قىلمايلا قالماستىن بەلكى ئۇزاق داۋاملىشىۋەرسە ئىنقىلىغۇچىنىڭ مىجەزىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۈچىنچى، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ سۈكۈت قىلىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ئوبيېكتىپ ئىنقىلابقا قارىتا پەسەنت قىلماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ، ئەتراپىدا نېمىدەپ غۇلغۇلىلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قەتئىي قۇلاق سالماي بىغەم قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. بۇ — نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ قالغانلارنىڭ ئىشى. تۆتىنچى، ئىشلارنى يۈزلىنەي ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەزى ئۆزلىرى جىداي ئورالمايدىغان ياكى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلى-شالمايدىغان ئىنقىلابلارغا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا چورتلا خىيالىدىن

چىقىرىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ھەممە ئىشقا ئۇنى زادىلا ئويلاشقا يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇنتۇپ، كۆڭلىنىڭ تولۇق ئاراملىقى بىلەن پىنھان ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. بەشىنچى، ئىنكار قىلدى. مەلۇم بىر غىدىق غىدىقلانغۇچىغا چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە ئازاب ئېلىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ ئۆزىنى قوغدايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئازاب دەردىدە پۇچۇلىنىپ كېتىشنىڭ بىر مەزگىل ئالدىنى ئالدى. ئالتىنچى، ئۆز ئۆزىدىن تۈگىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەر كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك غىدىق ئالدىدا ھودۇقۇپ كېتىدۇ، بىرنى كۆرۈپ كۆزى تورلىشىدۇ، ئاندىن كۆز ئالدىغا قاتار غىدىق ئۈچرەتلىرى كېلىدۇ-دە، توپ ئاستا-ئاستا يەل قويۇۋەتكەندەك ئۆزلۈكىدىن لاسسىدە بولۇپ سولىشىپ قالىدۇ(31). بۇ رىقابەتلىشەلمەسلىكتۇر. بۇ پەسىلدە ئالاھىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى پايدىسىز ئامىللارنى ياخشى تىزگىنلەپ، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان يامان خاراكتېرلىك غىدىقلاشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر.

3. رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى رىقابەت ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇ — قانۇنلۇق، قانۇنسىز، مۇۋاپىق-نامۇۋاپىق، ئادىل-ئادالەتسىز، توغرا-ناتوغرا ھالدا داۋام قىلىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئادىل بولۇشنى تەلەپ قىلىشماقتا. «خەلق گېزىتى» نىڭ 1989-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى سانىغا شىن يەنىنىڭ «ئادىل بولغاندىلا ئىچكى يىغىلىش كۈچى بولىدۇ» دېگەن بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغان. ماقالىنىڭ قارىشىچە، «قابىلىيىتىگە يارىشا تەقسىمات قىلىش — ھازىرقى باسقۇچتىكى ئەڭ ئادىل بولغان تەقسىمات پرىنسىپى» بولۇپ، نۆۋەتتە نۇرغۇن كارخانىلار بۇ پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرمىغانلىقتىن، كارخانا باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدىكى



زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشمەكتە ئىكەن. ماقالىنىڭ ئاخىرىدا، «نۆۋەتتە، كارخانىلاردا قابىلىيىتىگە يارىشا تەقسىمات قىلىش پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ھەقىقىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مەلۇم ماكرولۇق شارائىت ھازىرلىنىشى كېرەك. ھازىر بۇ شارائىت تېخى تولۇق ھازىرلانغىنى يوق، ئەمما بىز شارائىت ھازىرلانغاندىن كېيىن ئىشلەيمىز دەپ كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقىمىز كېرەك» دېيىلگەن. بۇ ماقالىنىڭ قوزغىتىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك.

ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەر رىقابەتلىشىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. بىر كىشى بىر زىيالىينىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋېتىپ پارتىيىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىشتە سىياسىتىنىڭ پارلاق ھەم توغرىلىقى، ئەمما كونكرېت ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا ئۇنىڭ داۋاملىق توسالغۇغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇنلىغان زىيالىيلاردا بىرخىل مەيۈسلىنىش، ئىخلاسى يېنىپ كېتىش كەيپىياتلىرىنىڭ ئۆسۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈستىدىن دەرد تۆككىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن «زامان تۈزەلسە يامان تۈزىلەمدۇ ياكى يامان تۈزەلسە زامان تۈزىلەمدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كەسكىن قىلىپ: «زامان تۈزەلسە يامان تۈزىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ ئۇنىڭ سەل كالتە پەم زىيالىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن: «ئۇنداقتا زامانىنى كىم تۈزەيدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ، دەل ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ «زامانىنى تۈزەش» بىلەن «يامانىنى تۈزەش» نىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى تازا چۈشەنمەيدىكەن، يامانلارنى بەدەل تۆلەش ئارقىلىق تۈزىگەندىلا ئاندىن زاماننىڭ تۈزىلىدىغانلىقى، زامان تۈزەلگەندىلا ئاندىن يامانلارغا بازار قالمايدىغانلىقىنى

ئانچە بىلىپ كەتمەيدىكەن. بىلىش كېرەككى، تۈزۈلگەن سىياسەتنىڭ توغرا بولۇشى بىلەن ئىجرا قىلىنىشىنىڭ توغرا بولماسلىقى، يامانلارنىڭ بازارنى ئىشغال قىلىۋېلىشى بىلەن زامان ئەھلىنىڭ ئۇلاردىن بىزار بولۇپ ئۇلارغا يول قويماسلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىدىغان ئادالەت بىلەن جاھالەت، توغرىلىق بىلەن ئەگرىلىك ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دىئالېكتىكىنىڭ قارىشىچە، پەرق مۇتلەق، بىرلىك نىسپىي، ئادالەتسىز رىقابەت مۇتلەق، ئادىللىق نىسپىي بولىدۇ. ئىنسانلار دۇنياسى ئادالەتسىزلىك بىلەن تولغان بولۇپ «تەڭشەلمىگەن ئالەم». جەمئىيەت مەيلى قانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسۇن، ئۇنىڭدىكى رىقابەت تەڭلىك فورمۇلىسى بويىچە داۋام قىلمايدۇ.

سوتسىيالىستىك تۈزۈممىزدىكى ئادىللىقنى بەزىلەر كىرىمنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈلۈشى دېسە، بەزىلەر پۇرسەتنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈلۈشى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش دەيدۇ، بۇ ئۈچ خىل قاراشنىڭ ھەممىسىنىڭ داۋلىسى باردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ داۋلىسى مۇكەممەل ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مۇكەممەل بولالماسلىقى، ئۇلارنىڭ پەقەت مەلۇم بىر نۇقتىدىن چىقىپ، ئادىللىقنى يەك قەۋەت مەنىسى بويىچە تەھلىل قىلغانلىقى ۋە چۈشەنگەنلىكىدە. شۇڭا قايسى خىل كۆز قاراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىردەك نەزەرىيە جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە كونكرېتنى ئۇيۇشتۇرۇش جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكتىن خالىي بولالمايدۇ.

ئادىللىقنى كىرىمنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈلۈشى دېگۈچىلەر كىشىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى بىرخىللاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق بىرخىل ئادىللىقنى شەكىللەندۈرمەكچى بولىدۇ. ھالبۇكى،



مۇنداق كىرىمنى زورمۇزور باراۋەرلەشتۈرۈش يەنە بىرخىل ئادىل بولماسلىققا زېمىن ھازىرلايدۇ. يەنى ئەمگەك، پۇل، مال-مۈلۈك، تەۋەككۈل قىلىش ۋە تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ بەدەل تۆلىگۈچىلەرنىڭ كىرىمنى ئاز بەدەل تۆلىگۈچىلەرنىڭ كىرىمى بىلەن تەڭسىز ھالدا باراۋەرلەشتۈرۈشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىرىمنى باراۋەرلەشتۈرۈش دېگەننىڭ ئۆزىمۇ بىر نىسپىي نەرسە. چۈنكى، ھەرقايسى ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالى (نوپۇسى، ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەملىرىنىڭ سانى قاتارلىق) ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئائىلىلەرگە كىرىدىغان كىرىمنىڭ سانىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئوخشاش تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغىنى ئوخشىمىغان ئائىلىۋى كىرىم سەۋىيىسى بولىدۇ. قىسقىسى، كىرىمنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈلۈشى ئوخشاش سەۋىيىدىكى پاراۋانلىق سەۋىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ، ئەكسىچە، تەڭ تەقسىماتچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ كىشىلەرنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇش ئاكتىپچانلىقىغا كاشىلا سالىدۇ.

ئادىللىقنى پۇرسەتنىڭ باراۋەرلەشتۈرۈلۈشى دېگۈچىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ بازار رىقابىتى ۋە باشقا سورۇنلاردىكى بەھرىمەنلىنىشلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتى، ئۆتۈپ چىقىش پۇرسىتى ياكى تاللىۋېلىش پۇرسىتى ئوخشاش بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەت ھەربىر ئادەمنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، باراۋەر رىقابەتلىشىشنىڭ تاشقى مۇھىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ شارائىتىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان باراۋەرسىزلىكلەرنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان تۇغما قابىلىيەتلەرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كاپىتال ۋە مەبلەغدە بولغان ۋارىسلىق قىلىش، ئىگىلەپ تۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئوخشاش

بولمايدۇ ھەم مەلۇم بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ۋاقتىمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىقابەتكە قاتنىشىش پۇرسىتى، ئۇتۇپ چىقىش پۇرسىتى، تاللىنىش پۇرسىتىمۇ باراۋەر بولمايدۇ. مىسال ئۈچۈن ئالساق، تۇغما قابىلىيىتى (تەبىئىي شارائىتى) ياخشى، ساپاسى يۇقىرى بولغان ئەمگەكچىلەر تۇغما قابىلىيىتى (تەبىئىي شارائىتى) ناچار، ساپاسى تۆۋەن ئەمگەكچىلەرگە قارىغاندا، كۆپرەك تاللىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ، مەبلىغى كۆپرەك زاۋۇت باشقۇرغۇچىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش-بېرىشى مەبلىغى ئازراق زاۋۇت باشقۇرغۇچىغا قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەگەر نوقۇل ھالدا مۇشۇنداق «پۇرسەت باراۋەرلىكى»نى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلغان ئادىللىق بىلەن سىياسەتلەرنى تۈزسە ۋە شۇ بويىچە ئىش قىلىنسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى جەمئىيەتتە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلدىكىلەر ئادىللىقنىڭ مەنىسى بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھازىرقى باسقۇچتىكى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا سۈپەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە سان جەھەتتىكى پەرقنىڭ بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكنى يەنى نورمىلىق ئەمگەككە نورمىلىق ھەق بېرىشنىڭ تېخى پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە ئىشقا ئېشىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ تولۇق [illegible] يېتىلمىگەنلىكىنى نەزەردە تۇتمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئوخشىمىغان كارخانىلارنىڭ تىجارەت شارائىتى ھەم تىجارەت ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. گەرچە ھەرقايسى كارخانىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ سەرپ قىلغان ئەمگىكى ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمەلىي كىرىمى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەتتا پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئادىللىق ھازىرقى باسقۇچتا دائىرە



خاراكتېرلىك قىسمەن ئادىللىق خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، تېخى پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدىكى ئادىللىق بولۇپ ھېسابلىنالمايدۇ.

ئادىللىق ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان بىر كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇنى يۈزەكى ھالدا ئاددىي چۈشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ، ئىقتىسادىي ئادىللىق ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىقتىن ئىبارەت قوش قەۋەت مەنىگە ئىگە. ئىقتىسادىي ئادىللىق — كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان رىقابىتىنىڭ تاشقى شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولۇشى ھەم كىشىلەرنىڭ سالغان ئامىللىرىنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە ئاساسەن نەتىجىنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئادىللىقمۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ باراۋەر بولۇپ، باراۋەر ياشاش ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىشىنى ھەم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم جەھەتتە بولىدىغان پەرقنىڭ جەمئىيەت پىسخىكىسىنىڭ چىداملىق ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى يەنى، كىرىم پەرقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇپ، كىرىم تەقسىماتىنىڭ ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ھاجىتىنى قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي ئادىللىقنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى ئامىل سېلىش بىلەن كىرىمنىڭ ئوڭ تاناسىپ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بولسا، ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقىنى مۇۋاپىق دائىرىگە تەڭشەپ، ھەممە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش تەلىپىنى قاندۇرۇش بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئادىللىققا قاراشنىڭ ئۆلچىمى — تاۋار ئىگىلىكىدىكى باھانى تەڭشەش پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ، ئىقتىسادىي ۋە دەرىجىدىن

تاشقىرى ئىقتىسادىي مونوپولىيە بىلەن ئىمتىيازنى يوق قىلىپ مۇۋاپىق ھالدىكى رىقابەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ. ئىجتىمائىي ئادىللىققا قاراشنىڭ ئۆلچىمى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى شارائىتى ئاستىدىكى ئورتاق بېيىش پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، قانۇن ۋە مەمۇرىي ۋاستىلىرى يەنى ھۆكۈمەتنىڭ تەقسىمات مېخانىزمىنى ئىشقا سېلىپ، كىرىمنىڭ قايتا تەقسىملىنىشىنى تەڭشەش ھەمدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ.

ئىقتىسادىي ئادىللىق بىلەن ئىجتىمائىي ئادىللىق ئوتتۇرىسىدا ھەم پەرقلەر بولىدۇ، ھەم بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ پەرقى، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىككىسىنىڭ تەبىرى، نەتىجىسى، ئۆلچىمى ۋە ئىشقا ئېشىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا بولسا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى — ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى شارائىتى ئاستىدا، ئىقتىسادىي ئادىللىقنىڭ ئىجتىمائىي ئادىللىققا قاراپ شوتىسىمان تەرەققىي قىلىش تەلىپىنى ھەم رېئاللىقى مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلىغاندا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئادىللىق ئىقتىسادىي ئادىللىقنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلغان بولۇپ، ئۇ، كىرىم تەقسىماتىغا قارىتا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

ئادىل بولماسلىق — ئادىل بولۇشقا ئوخشاش بەكمۇ مۇرەككەپ بولغان بىرخىل مەسىلە. ئاددىيراق قىلىپ تۈرلەندۈرگەندە، ئۇنى ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ئادىلسىزلىق ھەم سۇبيېكتىپ سېزىمدىكى ئادىلسىزلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، ئالدىنقى بىرقانچە يىلدا جەمئىيەتتە «ئوپېراتسىيە پىچىقىنى تۇتقانلار ئۇستىرا تۇتقانلارغا يەتمەيدۇ،



ئاتوم ياسايدىغانلار كوچىدا چاي ساتقانلارغا يەتمەيدۇ» دېگەن قىزىق گەپ تارقالدى. مانا بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى ئادىلسىزلىق، يەنە مەسىلەن ئالايلۇق، قانۇننىڭ ئۆزىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر دۆلەتتە بىرلا قانۇن بولۇشى ۋە ئوخشاش تەتبىقلىنىشى لازىم، شۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئادىل بولغان بولىدۇ، ھالبۇكى، بەزى ھاللاردا ئىمتىيازنىڭ غالىب كېلىدىغانلىقىدىن ھەقىقەت يېپىلىپ، بىر دۆلەتتە بىرقانچە خىل قانۇن پەيدا بولۇپ، ئوخشاش تەتبىق قىلىنمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئادىلسىزلىقتۇر. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتە قانداق ئادىلسىزلىق بولغان بولسا، سۇبيېكتىپ سېزىمدىمۇ شۇنداق ئادىلسىزلىق بولىدۇ. مەسىلەن، كىچىك ۋاقتىدا بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بەزىلەر باشقارما باشلىقى، بەزىلەر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بەزىلەر پروفېسسور، بەزىلەر ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچى، بەزىلەر مىليونېر، بەزىلەر بولسا بىر جېنىنى باقالمايدىغان نامرات يوقسۇللاردىن بولىدۇ. ئەسلى ئادىللىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر سىنىپتا ئوقۇغانىكەن ئوخشاش تەڭ ئۆسۈشى، ئالىم بولسا تەڭ بولۇشى، پۇل تاپسا تەڭ تېپىشى لازىم ئىدى. شۇ چاغدىلا ئىش ئۆزىنىڭ ئادىل ئۆلچىمىنى تاپقان بولاتتى. ئەمما ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا ئۇنداق ئادىل ئىش يوق. بۇ يەردىكى مەسىلە مەيلى قايسى جەھەتتىن قارىمايلى، بىرلا ئىشنى يەنى جامائەت پىكرى تەييار قىلىشنى كۆزدە تۇتقان. بۇنداق «ئادىلسىزلىق»نى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ بىرلا ئۇسۇلى بار، يەنى ئۇ بولسىمۇ، ۋاقىتنى چەك سىزىقى قىلىش. ۋاقىتنى چەك سىزىقى قىلغاندا، دەسمايىسىگە قاراپ سەپكە تۇرغۇزۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەسمايىسىگە قاراپ سەپتە تۇرغۇزۇلمىسا بۇنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما دەسمايىسىگە قاراپ سەپكە تۇرغۇزۇشنىڭ ئۆزى بىر بۆلۈك ھەقىقىي تالانتى

بارلارنى كۆمۈپ قويىدۇ — ئەسلىدە تالانتى بارلار كۆپرەك ئىشلىشى، مۇھىمراق ئىشنى ئىشلىشى، چوڭراق ۋەزىپىلەرگە قويۇلۇشى كېرەك، شۇ چاغدا ئىش راۋاج تاپىدۇ. ئەلنىڭ ئىشىنى راۋاج تاپتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. ئەمما ئىشىنىش كېرەككى، پۈتۈن يەر يۈزىدە ئەقىل يوقاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قابىلىيەتسىز، نادانلار ئۆزىنى ھەرگىز قابىلىيەتسىز ۋە نادان دېگۈسى كەلمەيدۇ، شۇڭا ياخشىلارنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە باھالاپ ھەر سەۋەب بىلەن ناچارلىقتا ئەيىبلەيدۇ، بۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان قابىلىيەتلىكلەرنىڭ جاھان سورىشى بىلەن يارامسىزلارنىڭ ھوقۇقنى ئەخمەق ئېتىشى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتۇر.

ئەسلىدىكى ئادىللىق ئۆلچىمى بويىچە قارىغاندا، بىلىملىكلەر قەدىرلىنىشى، بىلىمسىزلەر قەدىرلەنمەسلىكى، توغرا يولدا ماڭىدىغانلار قەدىرلىنىشى، ئەگرى يولدا ماڭىدىغانلار قەدىرلەنمەسلىكى، ئىقتىدارلىقلار قەدىرلىنىشى، ئىقتىدارسىزلار قەدىرلەنمەسلىكى، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلار قەدىرلىنىشى، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ تەخسىكەشلىك بىلەن جان باقىدىغانلار قەدىرلەنمەسلىكى كېرەك. ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇشتا مۇشۇ ئۆلچەمنى ئىشقا ئاشۇرۇش تولىمۇ قىيىن بولغان مۇرەككەپ مەسىلە. قەدىرلەشكە تېگىشلىكلەر خورلىنىدىغان، خورلاشقا تېگىشلىكلەر قەدىرلىنىدىغان، جازالاشقا تېگىشلىكلەر مۇكاپاتلىنىدىغان، مۇكاپاتلاشقا تېگىشلىكلەر جازالىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. قىسقىسى، جاھالەت ھەممە دەۋردە ئۆزىگە خاس مەزمۇنلار بىلەن بېسىپ ئادالەتكە كۆشەندە بولۇپ بارىدۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، 1965-يىلى ئامېرىكىلىق ئادامس دېگەن



بىر كىشى سىزىم جەھەتتىكى ئادىلسىزلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ باش قاتۇرغان، ئاخىرىدا «ئادىللىق مۇناسىۋىتى تەڭلىمىسى» دېگەن تەڭلىمىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇ تەڭلىمىنىڭ سول تەرىپىگە بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئېرىشكەن مۇكاپات ھەققىگە بولغان سىزىمى بىلەن ئۆزىنىڭ شۇ ئىشقا كەتكەن سىزىمىدىن ئىبارەت قوش سىزىمىنىڭ نىسبەت قىممىتى قويۇلغان. تەڭلىمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بولسا، ئوخشاشلا يەنە شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە سېلىشتۇرماقچى بولغان ئادىمىنىڭ يەنە شۇ ھېلىقى ئىككى تەرىپىگە بولغان نىسبەت قىممىتى قويۇلغان، ئەگەر تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپى ئۆزئارا تەڭلەشسە ياكى پەرق چوڭ بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەم ئادىل ياكى ئاساسەن ئادىل دەپ قارىلىدىكەن. ئەگەر تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەرق بولسا ياكى پەرق ئالاھىدە چوڭ بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ئادىل ئەمەس ياكى بەكمۇ ئادىل ئەمەس دەپ قارىلىدىكەن(32). بۇ تەڭلىمە گەرچە ناھايىتى ئاددىي بولسىمۇ ئورغۇن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدۇ. كىشىلەر ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردا تۇرۇپ تەڭلىمە تۈزۈپ چىقىپ، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىگە قارىتا مۇرەككەپرەك يوسۇندا سېلىشتۇرما قىلىپ باقسا بولىدۇ. بۇ يەردىكى دېيىلۋاتقىنى سىزىمدىكى سېلىشتۇرۇش. سىزىممۇ كۆز قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر كۆز قاراش توغرا بولمىسا، سىزىممۇ مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئادىل دەپ ھېس قىلغىنىنىڭ ئادىل بولۇشى، ئادىل بولمىدى دېگىنىنىڭ ئادىل بولماسلىقى ناتايىن. مەسىلەن، ئېتىزدا ئىشلەيدىغان دېھقان بىلەن ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر كادىرنىڭ سەرپ قىلغان ئېنېرگىيىسى بىلەن ئىگە بولغان ئىش ھەققى ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سىزىمدىكى ئادىلسىزلىق مەۋجۇت. ئېتىزلىقتا كەتمەن بىلەن يەر تىلغاپ

ئىشلەيدىغان دېھقان كۈنبويى ئىشخانىدا «بىكار» ئولتۇرىدىغان زىيالىينىڭ مائاش ئالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزى ئاقتۇرغان تەرنىڭ $\frac{1}{10}$ قىسمىنىمۇ ئاقتۇرماي تۇرۇپلا ئاي توشسىلا نەچچە يۈز يۈەنلەپ كىرىمگە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تازا ئىچى پۇشىدۇ. ئىچى پۇشقانسېرى بۇنىڭ بىر خىل «ئادىل-سىزلىق» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل سەزگۈ بىلەن ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ۋە «ئادىل»، «ئادىل-سىزلىق»نى باھالايدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. بۇ-ئىلمىي رىقابەتلىشىشنىڭ ناھايىتى چوڭ دۈشمىنى. ئۇلار ئۆزلىرى تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىدا باشقىلارنىڭ قېتىرقىنىپ ئەقلىنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى، شۇ نوقۇل تەر ئاققۇزۇپ، كالىدەك پۇشۇلداپ ئىشلەشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ رىقابەتچىلىرىدەك بىلىم بىلەن ئەقلىگە تايىنىشىنى، بۇ «ئادىلسىزلىق»لارنى قارا كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى بىلىمگە ۋە بىلىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھاسىل بولغان زور ھاياتىي كۈچىگە تايىنىش ئارقىلىق تۈگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئادەم بەدىنىدىكى ھەربىر ئەزالارنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىلىرىنى بىرى بىرىگە ۋەكالىتەن ئۆتەپ قويالمىغاندەك، ئەقلى ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئۆتەپ قويالمايدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش ئادەم بولغاندىكىن ئەسلىدە ئۆتەپ قويسا بولاتتى، شۇ چاغدا ئادىل بولغان بولاتتى. ئەمما ئەقلىنىڭ، ئىدراكنىڭ يېتىلىشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا بىر ئادىلسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. سۇن ۋۇنىڭ تەرجىمھالى»دا: «ئىشقا يارايدىغانلار سۆزگە يارىماس، سۆزگە يارايدىغانلار ئىشقا يارىماس» دېيىلگەن(33). ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەقىقەتەن شۇنداق ئىش مەۋجۇت. ئالايلۇق،



بەزىلەر «زۇڭتۇڭ سايلاش قانۇنى»، «دۆلەت باشلىقى توغرىسىدا» دېگەندەك ئوخشاش داڭلىق كىتابلارنى يازالىسىمۇ زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلىنالىشى ناتايىن، ئەكسىچە زۇڭتۇڭ بولغان نۇرغۇن كىشىلەردىن ئاشۇنداق كىتابلارنى يازالىغىنى يوق. مانا مۇشۇنداق ئىشلار تۈپەيلىدىن بەزى قولىدا ھوقۇقى بار ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبە ۋە رەھبەرلىك سەنئىتىگە باي ۋە ماھىر ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ. بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى بولسا قورسىقىدا ئۆمچى بارلىقى ۋە قەلەم قابىلىيىتى بارلىقىدىن پەخىرلىنىپ ئەمەلدارلارنى مەنسىتمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىشقا يارايدىغانلارنى سۆزگە يارايدىغان قىلىش، سۆزگە يارايدىغانلارنىمۇ ئىشقا يارايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

ئادالەتسىز رىقابەت ئىچىدە غەلىبە قىلىشنىڭ يوللىرى كۆپ. ئەمما ئۇ كىتابقا پۈتۈلمىگەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئېنىق كۆرسەتمە بەرمىگەن، پەقەت ئەقلىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھاۋالە قىلىنغان. بەزىلەر ئۇنى «كۆڭۈلدىلا بىلىپ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولماس پەم» دەپ ئاتىشىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئاشۇ «پەم»لەرنىڭ يېتەك-چىلىكىدە رېتى-رېتى بويىچە ئورۇنلىنىپ كېتىدۇ. ھەرقانداق بىرەر كونكرېتنى ئۇسۇل مەلۇم بىر ئالاھىدە مۇھىتتا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، باشقا بىر مۇھىت ئاستىدا بولسا ئاقمايدۇ. شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ رىقابەت ئىچىدىكى ئارزۇ، مۇددىئا، ئۇسۇل، تەدبىرلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىمەن دېسە چوقۇم دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش كېرەك.

«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1991-يىل 5-ئاينىڭ 4-كۈندىكى ئۇيغۇرچە سانىغا شىنجاڭ گېزىتى ئوبزورچىسىنىڭ «ئىسلاھات ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرايلى»

سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلدى. ئۇنىڭدا: «كەلگۈسى ئون يىلدا شىنجاڭ بازار رىقابىتىدىن ئىبارەت ئەڭ ئېغىر مۇسابىقىگە دۇچ كېلىدۇ. بازار رىقابىتىدە ياخشىلىرى تاللىنىپ، ناچىرى شاللىنىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭدا يۈز-خاتىر قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن.

1988-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىغا يولداش جاڭ شۈيگەننىڭ «رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلگەندە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرامدۇ؟» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالىدە، مىللىي رايونلاردا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، رىقابەت مېخانىزمىنىڭ مىللىي رايونلارغا كىرىدىغانلىقى ۋە مىللىي ئىگىلىككە سىڭدىغانلىقى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بەزىلەرنىڭ رىقابەت مېخانىزمى كىرگۈزۈلسە، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرامدۇ؟ دېگەندەك ئۇخشاش ئەندىشىلىرىگە ئىلمىي ھالدا جاۋاب بېرىلگەن. يولداش جاڭ شۈيگەننىڭ قارىشىچە، مۇنداق ئەندىشە قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىكلەر بولۇپ، ئۇنىڭ قىلچە ئىلمىي ئاساسى يوق، ئۇنىڭچە بولغاندا «مىللىي رايونلارغا رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈش ھەرگىز قايسىبىر مىللەتنى شاللىۋېتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ»، ئۇ، «كاپىتالىزمغا خاس نەرسە بولماستىن، بىرنەچچە خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن»، ئۇ، «تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقى جەھەتتىكى باراۋەر بۇرسەتتىن، باراۋەر ئورۇندىن، باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ھەرقانداق ئىمتىيازنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ.»، «ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئىمتىياز ئىدىيىسى، ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاش ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى تاۋار ئىگىلىكىدە ئاقمايدۇ.»، «رىقابەت مېخانىزمى مىللەتلەرنىڭ روناق تېپىشى ۋە قۇدرەت



تېپىشىغا پايدىلىق» بولۇپ، «مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رىقابەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۇ مىللىي ھورۇنلۇق كەيپىياتىنى تۈگىتىپ، مىللەتنىڭ جاسارەت بىلەن يۈكسىلىشىگە، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ».

يولداش جاڭ شۈيگەننىڭ بۇ ماقالىسىدە ناھايىتى توغرا بىر ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

تەپەككۇرىمىزچە، ئادەملەر يېڭىلىقلار ئالدىدا ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ئادەملەرنىڭ يېڭى شەيئىلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى ئىپادىسىنى «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى» دىكى «مېڭىشى ئۆزگەرگەن بىلەن مېڭىسى ئۆزگەرمىگەن» دېگەندەك ئاساسەن شاخچىلاتقاندا، مۇنداق ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچى، مېڭىشى ئۆزگەرگەن، مېڭىسىمۇ ئۆزگەرگەنلەر. ئىككىنچى، مېڭىشى ئۆزگەرگەن ئەمما مېڭىسى ئۆزگەرمىگەنلەر. ئۈچىنچى، مېڭىشىمۇ ئۆزگەرمىگەن، مېڭىسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەر. بىرىنچى خىلدىكىلىرى غالىبلار بولۇپ، ئۇلار خۇددى پۇتبولچىلارغىلا ئوخشايدۇ، ئۇلار يېڭى شەيئى ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرمايدۇ، ئوڭ-سول يېقى، ئالدى-كەينى تەرەپلىرىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق خاراكتېردىكى ھۇجۇمنى قارشى ئالىدۇ، دەرھال ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە شۇ ھۆكۈمى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلەر، بىرەر يېڭى ئىدىيە، يېڭى پائالىيەت،... قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا چىقسا، دەرھال ئۇنى قوللايدۇ، ئۇنىڭغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدۇ، قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەتتا ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ، ئەمما كاللىسى قۇرۇق بولغاچقا، ئۇلاردا «ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق»، شۇڭا كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ «ئۈتۈنى كۆپ، يالقۇنى ئاز». ئۈچىنچى خىلدىكىلەر يېڭى شەيئى مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. ئامال ئىزدەپ ئۇنىڭ قۇسۇر-نۇقسانلىرىنى ئىزدەيدۇ.

ئالدى-كەينىگە قاراپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەملەردىن مەغلۇپ بولمايدىغانلىرى يوق، ياخشى پۇرسەت ناھايىتى كۆپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا دىلى تارتمايدۇ، بۇلار ئەندىشىخور، كونسېرۋاتىپ ئادەملەر. ئۇلاردا باشقىلارنى مۇسابىقىگە چاقىرىدىغان جاسارەت يوق، ئۇلار ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆتكەن كۈنگە پۇشايمان قىلىپ ئۇھ تارتىدىغانلار ياكى بولمىسا ئۆسەك سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى ھەجۋى قىلىدىغانلار، ياكى بولمىسا قۇرۇق قايناپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىدىغانلار.

يۇقىرىدا توختالغىنىمىزدەك، جەمئىيەتتە ئادىل بولمىغان تەڭسىزلىكلەر داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ قانۇنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەڭسىزلىكنىڭ بىر خىل رېئاللىقتا ئىكە ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە قېيداشتىن ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىپ، كۈچلۈك رىقابەت كۆز قارىشىنى تىكلىشىمىز كېرەك. ئۇنى ھازىر بەزىلەر «قېيداش پىسخىكىسى» دەپ ئاتىدى، بۇ ناھايىتى توغرا ئاتاشتۇر.

4. ۋاقىتنى تېجەپ يېڭى بىلىم ئىگىلەش. بىر قىسىم ئادەملەر باركى، «ئۆگىنەيلى دېسەك ئۆگىنىش پۇرسىتى يوق» دەپ قېيدىشىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق كەپلەرنى قىلىۋاتقان چاغلىرىدا پۇرسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىلىشى كېرەككى، «ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ قاراپ تۇرغان بىلەن چاچ ئاقىرىپ كېتىدۇ. مەدەنىيىتى ئالغا كەتكەن مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيىتى نىسپىي ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللەتلەر، ئىقتىسادى ئالغا كەتكەن بىر رايون بىلەن ئىقتىسادى نىسپىي ئارقىدا قالغان بىر رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پەرقلەرنى مەلۇم جەھەتتىن سىياسەتنىڭ ئادىل ۋە توغرىلىقىغا



تايىنىپ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. لېكىن بۇنداق پەرقلەرنى مەدەنىيىتى نىسپىي ئارقىدا قالغان مىللەت بىلەن ئىقتىسادى نىسپىي ئارقىدا قالغان رايوننىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا، ساۋاتسىزلارنى ئۈزلۈكسىز تۈگىتىپ بېرىشىغا، پەننى ئومۇملاشتۇرۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، بىلىم قاتلاملىرىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرۇشىغا، قىسقىسى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئىچكى ئامىلىغا تايانماي تۇرۇپ ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشنى ئويلاش — ئۇ بىر تىرىكتاپلىق ھەم خام خىيالدۇر. بۇنىڭ ئۆزى رىقابەتتۇر. بۇ رىقابەتنى سىياسەتكە تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئاجىز ئورۇندا تۇرۇپ رىقابەتلىشىۋاتقان تەرەپنىڭ قاتتىق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بۇ — كىتابتىن كۆرگىلى بولمايدىغان، كىتابقا يازغىلى بولمايدىغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە راستلىقى كۈندە ئىسپاتلىنىپ تۇرۇۋاتقان ھەقىقەتتۇر.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1986-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكى ئۇيغۇرچە سانىغا يولداش شى سېينىڭ «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش لازىم» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان. ئۇنىڭدا: «بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئىشتا، ھەممە يەردە باشقا مىللەتلەرنىڭ ياردىمىگە تايانغان ياكى ئۆز ئىشىنى باشقا مىللەتلەرگە قىلدۇرغان ئەھۋالدا دۆلەتنىڭ تولۇق ئىشلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇپ باشقۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ ماقالىدە دېيىلگەن بۇ مەسىلىنى ماقالىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ئەقىل ئىگىسىنى نەچچە كېچە ئويغا سالماي قويمايدۇ.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى سەي شياڭىي ئەپەندى بىر قېتىم مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: بەزىلەر مېنىڭدىن دائىم، سىز قايسى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن دەپ سورايدۇ. مەنغۇ مۇنداق جەدۋەللەردىن نۇرغۇنلىرىنى

تولدۇرۇۋەتكەنمەن، ئەمەلىيەتتە مەڭگۈ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولالمايدىغان بىر ئاسپىرانتمەن. بىلىم دېڭىزىنىڭ چېكى يوق تۇرسا، قانداقمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بولىدىغان كۈنۈم بولسۇن، دېگەن. مەلۇم كەسىپتىكى بىر مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شاھادەتنامىنى قولغا ئالغاندا، ئۇنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك، بەزى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ 1983-يىلىدىكى ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا، 1984-يىلىغا كەلگەندە 1976-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئالغان بىلىمىنىڭ 50% نى يېڭىلاشقا توغرا كەلگەن. دەۋر ئىلگىرىلىمەكتە. يېڭى بىلىملەر كۈنسايىن كۆپەيمەكتە. بىلىش كېرەككى، ھازىرقى زامان «بىلىم قابىلىيەتكە، دىپلوم سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ» دېگەن قاراشنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلماقتا.

ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ فرانسىس بېكون (مىلادى 1561 — 1626) ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم «كۈچنى بىلىم ئىھاتىسىنى كېڭەيتىشكە سەرپ قىلىش لازىم»، «چوقۇم ئالدىنقىلارنىڭ كۆز قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان غەيرەت» بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئۇ، «ئادەملەرنىڭ تۇغما تەبىئىتىنى خۇددى ياۋا گۈلگە ئوخشاتساق، ئىزدىنىپ يۈرۈپ ئىلىم تەھسىل قىلىش خۇددى ئۇنى قىرقىپ، كۆچۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ، پراكتىكا قىلىپ سىناق قىلىش بولسا—بىلىمنىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئۆلچەش ئۈچۈندۇر.»، «ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە كىشى گەرچە مەلۇم ئىشلارنى بېجىرەلىسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي خاراكتېردىكى ئىشلارنى كۆزىتىش، پىلانلاشتا يەنىلا بىلىمگە تايىنىلىدۇ.»، «مەككار كىشىلەر بىلىمگە ئېتىبارسىز قارايدۇ، ھاماقەت كىشىلەر بىلىمگە ھەۋەس قىلىپ باقىدۇ. پەقەت ئەقىللىق كىشىلەرلا بىلىمنى ئىشلىتىدۇ»



دېگەن. ئۇ يەنە «ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ماختاپ كۆرەڭلەش بولماستىن، بەلكى ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈندۇر»، «ئۆزىنى پەردازلاش ئۈچۈن تەھسىل قىلىنغان ئىلىم ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدايدۇ» دېگەن.

بىلىم ئىگىلەشتە ۋاقىتنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىش كېرەك، ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنى تېز مەغلۇپ قىلالىشىدىكى بىر سەۋەبنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبى ئاۋستىرالىيە قوشۇنلىرىنىڭ بەش مىنۇت ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلەلمىگەنلىكىدە، دېگەن. ماركس: «مەيلى شەخس بولسۇن، مەيلى جەمئىيەت بولسۇن، ئۇنىڭ راۋاج تېپىشى، تەلەپكە بولغان ئىنتىلىشى ھەم پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكى ۋاقىتنى تېجەش بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بارلىق تېجەشلەر تېگى-تەكتىدىن[*] ئېيتقاندا، ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن بولىدۇ. ھەربىر ئادەم ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ھەر تەرەپلەردىكى بىلىملەرگە ياكى ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى رازى قىلىدىغان ھەر خىل تەلەپلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋاقىتنى مۇۋاپىق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك» دېگەنىدى.

ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىشتە لۇشۈن بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز. باشقىلار ئۇنىڭدىن، سىز شۇنچىۋالا كۆپ ئەسەرنى قايسى ۋاقتىڭىزدا يازىسىز؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ، باشقىلار ساماۋارخانىلاردا ھۇزۇر سۈرگەندە، باغچىلاردا سەيلە-ساياھەت قىلىشىپ يۈرگەن چاغلاردا يازىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ھازىر بىزدە ھەر كۈنى ئالدىراشلىقتا ئۆتىدىغان، ئەمما نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ئېنىق «ۋاقىت مەستانىلىرى» جىق.

ئادەم ھەرقانچە دانا بولسىمۇ، تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشى ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلامدۇ ياكى ئوقۇش بېشىغا يەتكەندە ئۆگىنەمدۇ؟

(ئەلۋەتتە) ئۇ، بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، كىشى ئۆگىنىش بىلەن ئالىم بولىدۇ، بىلىم بىلسە ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلىدۇ» دېگەن. ئىنسان بالىسى ئالغا باسمەن، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالمايمەن دېسە، ۋاقتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىشى، بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن «كۆيۈپ قېلىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشى، باشقىلار تەرىپىدىن «يېڭىلىق» دەپ قارالغان نەرسىلەرنى ئۆزىدىمۇ بارلاشتۇرۇشى، ئۆزىدە يوق ئىلغار بىلىم، تېخنىكىلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭكىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. بولمىسا «قويچى كېچىك ئىزدىگۈچە تۆگىچى ئىسىدىن ئۆتۈپ بولىدۇ».

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشى، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ بىلىم ئىگىلىتىش، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ توختالغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945) «ياشلىق، ئۆگەن» دېگەن شېئىرىدا: «ئىلىم - مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى ئاچقۇچى، بىر كۈن ياشاش ئۈچۈن ئۇن يىل ئوقۇ»، «ئىلىم-ھارماس، مەرد ئادەمنى ياقلايدۇ، نادانىنىڭ كۆزىدىن ھەر قاچان غايىب بولۇپ تۇرىدۇ»، «دەۋرگە يېڭىنىڭ يېڭىسى ئامراق بولىدۇ» شۇڭا «ئوبدان ئويلان، ئوبدان پىكىر قىل»، «ئەگەر ئادەم بولۇش دۆلدۆلىغا يۈگەن سالمىساڭ، بىر كۈنى قاراڭغۇ دىل چۆلىگە چۆكۈپ كېتىسەن» دېگەن. ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) ئۆز زامانىسىدىكى ساۋاتسىزلىق، بىلىمسىزلىك تۈپەيلىدىن كېلىۋاتقان نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋە بالايىئاپەتلەر ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلىپ ھەسرەتلەنگەن. ئۇ: «ئىلىمنىڭ ئىجتىھاتىغا كۆڭۈل قويمىدۇق. ئوقۇساقمۇ، ئوقۇتساقمۇ بەربىر سېغىز چايناشتىن قۇتۇلالمىدۇق»، «ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلغانلار



كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈۋاتىدۇ، بىز بولساق مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالدۇق»، «ئاپتوموبىل گۈركىرەپ كەلسە، ئەقلىنى ئىشلەتمەي ۋاي خۇدايىم نېمە بۇ دەپ ھاڭ-تاڭ قېتىپ قالدۇق»، شۇڭا «كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق، ئۆز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلان» دېگەن.

ئېلىمىزنىڭ يالقۇنلۇق مۇتەپەككۇرى لۇشۈن 1919-يىلى يازغان «بىز ھازىر قانداق ئاتا بولۇۋاتىمىز» دېگەن ماقالىسىدە: «ئەقلى-ھوشى جايىدا بولغانلىقى كىشىنىڭ ھەرقانداق ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئۆزىدىنمۇ قاۋۇل، ساغلام، ئەقىللىق، ئېسىل-بەختىيار بولۇشىنى يەنى ئۆزىدىن، ئۆتمۈشتىكىلەردىن ئۆتۈپ كېتىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتمەك لازىم. دېمەك، ئەۋلادلار ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ‹ئاتىسىنىڭ تەلىمىنى ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمىگەنلەر ۋاپادار ھېسابلىنىدۇ› دېگەن سۆز ناتوغرا، ئەلۋەتتە، بۇ-چېكىنىش كېسەلىنىڭ يىلتىزى. مۇبادا قەدىمكى بىر كېلتكىلىق ھايۋانلار مۇشۇ پەند-نەسىھەتكە ئەمەل قىلغان بولسا ئىدى، ھەرگىز تۈرلىنىپ كۆپىيەلمىگەن بولاتتى، ئۇ ھالدا دۇنيادا ئىنسانلارمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى» (34) دېگەنىدى.

«ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتمەك لازىم». ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىلىم كېرەك. بىلىم ئۈچۈن ئۇنى ئۆگىنىدىغان ۋاقىت بولۇش كېرەك. خۇدانىڭ ئادەم بالىسىغا بەرگەن ۋاقتى بىر سوتكا، مۇشۇ ۋاقىتنى قانداق تەقسىملەپ ئىشلىتىش مەسىلىسى ھەممىدىن مۇھىمدۇر، لۇشۈن ۋاقىتنى تېجەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ: «ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىش ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتۇر. باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىش بىراۋنىڭ مال-دۇنياسىنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن باراۋەردۇر.» دېگەنىدى. بۈگۈنكى

كۈندىكى ياشلار ئىچىدە بولۇپمۇ، شەھەرلەشكەن ۋە يېرىم شەھەرلەشكەن ياشلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىممەت ئۆلچىمىنى يوقىتىپ، يۇقىرى ئىستېمال قوغلىشىپ دورامچىلىق بىلەن ئاستا خاراكتېرلىك كېتىۋاتقان ئارزۇغا قانماسلىق ۋەسۋەسىسى ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس.

5. ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان بولۇش. ئىنسان ئۆزىگە بالا چاغلىرىدا قويغان تەلەپلىرىنى چوڭ بولغان چاغدىمۇ داۋاملىق قويۇپ تۇرۇش لازىم. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىسا ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئوبدان چۈشىنىشى، ئۆزىنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ماتېرىيال ئىگىلىگىنى بىلىشى، ئىشنى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى يەتكەن يەردىن باشلىشى كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ تونۇش مەسىلىسىدىكى پەرقلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدۇ ھەمدە ئۆزىنى تونۇيالىشىدىكى سىرنىڭ نەدىلىكىنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزەلەيدۇ.

«لاۋزى» نىڭ 33-بابىدا: «ئۆزگىنى بىلگەنلەر ئەقىللىكلەردۇر، ئۆزىنى بىلگەنلەر دانىشمەنلەردۇر. ئۆزگىنى يەڭگەنلەر كۈچتۈڭگۈرلەردۇر، ئۆزىنىڭ نۇقسان، ئەيىبلىرىنى يەڭگەنلەر قۇدرەتلىكلەردۇر» دېيىلگەن(35). بۇنىڭدا ئۆزگىنىمۇ بىلىش، ئۆزىنىمۇ بىلىش مەسىلىسى سۆزلەنگەن، ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ نۇقسان-ئەيىبلىرىنى ۋاقتىدا بايقاپ ئۇنى تۈگىتىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ قۇدرەتلىك بولۇشنىڭ يولى ھەم مۇھىملىقى كۆرسىتىلگەن. قەدىمكى يۇناندا بىر چېركاۋنىڭ ئالدىغا: «ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئوبدان تونۇۋېلىڭ» دېگەن سۆز يېزىپ قويۇلغان بولۇپ، پەيلاسوپ سوقرات باشقىلارنى داۋاملىق مۇشۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق تەربىيىلىگەنىكەن. ھازىر بۇ ھېكمەتنى ھەربىر



كىشى بويىنغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋېلىش لازىم بولۇپ قالدى. ھازىرقى دۇنيا ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئوبدان تونۇۋالىدىغان دۇنياسى. ئۆزىنى تونۇش — ئۆزىنى توغرا، ئەينەن كۆرۈش، ئۆزىنى ئۆزى ئالدىماسلىق ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆزى نومۇر قويۇش دېمەكلىكتۇر. سېلىشتۇرۇش — ئۆزىنى تونۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئۆزى بىلەن شەيئىلەر تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا سېزىلىۋاتقان پەرقلەرنى تېپىپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەتراپىدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ؟ ئۆزىگە قانداق تەلەپ قويۇش كېرەك؟ مۇشۇلارنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ: نېمە قىلىشىم كېرەك؟ دېگەن سوئالنى قويۇشنى بىلەلىگەن چېغى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ ماڭغانلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

قەدىمكى زاماندا باۋدىك ئاتلىق بىر ئاشپەز بولۇپ، ئۇ، مەخسۇس پادىشاھ لياڭخۇيىنىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىدىكەن. ئۇ، دەسلەپتە كالا سويۇشنى بىلمەيدىكەن. كېيىن كالا سويۇشقا شۇنداق ئۇستا بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنىڭ كالىنى شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن سويۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا: «سىز بۇ ھۈنەرنى قانداقچىسىغا ئىگىلىۋالدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «مېنىڭ قىزىققىنىم كالا سويۇشنىڭ قانۇنىيىتى. دەسلەپتە كالا سويغان ۋاقتىمدا كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى يوغان بىر پۈتۈن كالا بولۇپ، قەيەرگە پىچاق سۇرۇشنى بىلمەيتتىم. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى پۈتۈن بىر كالا ئەمەس، پارچىلانغان گۆش بولدى. ھازىر مەن كالىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئەمەس ئەقلىم بىلەن بايقاپ سويىدىغان بولدۇم. بەش ئەزايىمنىڭ رولى قالماي روھىي ھالىتىم ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. ھازىر كالا سويۇش ماڭا يادا

بوپكەتتى، مەن كالا بەدىنىنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىلىرى بويىچە مۇسكۇللار ئارىسىدىكى چاكلارنى، ئۆگىلەر ئارىسىدىكى بوشلۇقلارنى تېپىپ پىچاق سالىمەن، ھەممە ھەرىكىتىم كالىنىڭ ئەسلىدىكى بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە بولىدۇ» دەپتۇ (36).

جۇاڭزىنىڭ «باۋدىڭنىڭ كالا سويۇشى» دېگەن بۇ ھېكايىسى بىزگە بىرەر ئىشنى ئۆگەنمەكچى بولسا ئۇنى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە بولىدىغانلىقى، بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش كېرەكلىكى، ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇزاققىچە جاپالىق ئۆگىنىش، ئويلاش، كاللا ئىشلىتىش ۋە مەشىق قىلىش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ سەھىپىمىزدە بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقماقچى بولغان ئەمما ئىرادىسىزلىك قىلغانلىقىدىن ئىشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەيۋاتقان بۇرادەرلىرىمىزگە ئامېرىكىنىڭ پسىخولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى دانىس ۋېتلاسىنىڭ مۇنۇ بىر ئېغىز سۆزىنى ئىنئام قىلىمىز. ئۇ، مۇنداق دەيدۇ: «كۈچلۈك ئارزۇ ئادەمنى بەلكىم شۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناپ بېقىشقا ئالدىرىتىپ كۆرەڭلىتىپ قويۇشى ھەتتا ئايغا چىقىش ئارزۇسى ئۇنى ئارزۇلىرى ئىشقا ئېشىپ ئاي شارىغا چىقىۋاتقاندەك مەنزىرە ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن سىز ئەۋرىشىمگە ئوخشاش سوزۇلۇچان مەشىقنى داۋاملاشتۇرمايدىكەنسىز، ئۇ ھالدا ئاي شارىغا چىقىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئاي شارى ئالەم كېمىسىنىڭ قويۇپ بېرىش سۇپىسىنىمۇ چىقالماسلىقىڭىز مۇمكىن» (37).

ئىنسان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن سەممىي ۋە راستچىل بولۇشى كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆت ئېغىز سۆزى ئىچىدە ئۈچ ئېغىزى راستچىل بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى «ئادەم ئۈچۈن ئۆزىگە ئۆزىدىن ئارتۇق



كۆيۈنىدىغان كىشى يوق» دېگەندە. شۇڭلاشقا ئىنسان راستچىللىقتىن چەتنەپ ئۆزىنى گوللايدىغان ساختا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك. راستچىل ئادەمنىڭ كۆزى مەسىلىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە توغرا كۆرىدۇ، شەيئىلەرنى توغرا كۆزىتىدۇ، مۇبالىغە قىلمايدۇ. يىللار داۋامىدا ئېغىزغا سىڭىپ كېتىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان نۇرغۇن ساختا نەرسىلەر بار. بىر مەزگىل راست گەپ قىلىشقا بولمىغاچقا، كىشىلەر كۆڭلىدە قىلماقچى بولغان گەپلىرىنى قىلالمىغانلىقتىن، گەپمۇ سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن سان ئۆزگىرىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەگىتمە گەپ، ياسالما گەپ، چىرايلىق گەپ، ساختا گەپلەر پەيدا بولۇپ، يالغان گەپ قىلىدىغانلار ۋە يالغاننى راست دەيدىغانلار ئاۋۇپ كەتتى. مەلۇم دائىرىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى بەزى گەپلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئېنىقسىزلىقى، مەزمۇنسىزلىقى، چىنسىزلىقى ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ. بۇ گەپلەرنىڭ سۆڭىكى بىلەن گۆشى ئاللىقاچان بىر - بىرىدىن ئاجراپ كەتكەن، ئازراقمۇ يېپىشقاقلىقى يوق. ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، چىنلىق كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ، ساختىلىق بەزدۈرىدۇ. ئەل رايى ساختىلىقنى ساۋايدۇ، چىنلىقنى خالايدۇ. شۇڭا خاتا ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بۇ ھەقىقەتنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ساختىلىققا تەۋە نەرسىلەرنى ئۆز ئەينى بويىچە رەھىم قىلماي ئېچىۋېتىش كېرەك.

جاھاندىكى بارلىق غالىبلارنىڭ ھەممىسى ئىشنى ئالداش ۋە ئالدىنىشنى پەرق ئېتىشتىن، ئاندىن كېيىن رېئاللىقنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرىلىتىپ بېرىشتىن باشلىغان. ئىنسان ئۆزىنىڭ راستچىللىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پاكىتنى

بۇرمىلاشتىن ياكى ئۆزىنى ئالداشتىن قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت ئاتالمىش يالغان مۇۋەپپەقىيەتتۇر. ئۇ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆمرى قىسقا، ھەقىقىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولى راستچىللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەپەككۇرىچە، دۆلەت راستچىللىق، سەمىمىلىك ۋە تۈزلۈك بىلەن تۆرە تۇرىدۇ؛ يالغانچىلىق، ساختىلىق، ئەگرىلىك بىلەن قىڭغىيىدۇ. بارلىق غالىبلار مانا مۇشۇ ئالدىنقى ئۈچ شەرتنى، بارلىق مەغلۇبىيەتچىلەر كېيىنكى ئۈچ شەرتنى ئادا قىلغان. راستچىللىق بىلەن ساختىلىقنى پەرق ئېتىشكە قادىر كىشىلەر ئۆزى بىلەن باشقىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشقا ماھىر كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىلا چۈشىنىپ قالماي باشقىلارنىمۇ چۈشىنىدۇ، ئىنسان ئۆزىگە تەلەپچان بولۇشتا ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئەينەك قىلىش كېرەك.

مۇزى: «ئالىجانابلار سۇنى ئەينەك قىلمايدۇ، ئادەمنى ئەينەك قىلىدۇ. سۇنى ئەينەك قىلغاندا ئۆزىنىڭ قىياپىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئادەمنى ئەينەك قىلغاندا ئۆزىنىڭ خەيرلىك ياكى شۇم پېشانە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن. تاڭ تەيزۇڭ ۋېي جىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىدا ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ تۇرۇپ: «ئادەم مىسنى ئەينەك قىلسا ئۈستىبېشىنى تۈزەشتۈرەلەيدۇ، تارىخنى ئەينەك قىلسا گۈللىنىش بىلەن مۇنقەرز بولۇشنى كۆرەلەيدۇ، ئادەمنى ئەينەك قىلسا پايدا بىلەن زىياننى بىلەلەيدۇ. ۋېي جىڭ ئۆلۈپ كېتىپ مەن بىر ئەينەكتىن ئايرىلدىم» دېگەن(38) قەدىمكىلەرنىڭ بۇ ئىبرەتلىك ھەم چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى بۈگۈنكى ئادەملەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا قىممەتلىكتۇر.

6. يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇش. ئۇيغۇرلاردا «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ



توختايدۇ»، «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ئادەم بارلىقنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىشقا تەدرىجىي قىلىپ بىرەر مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋەرسە ئۇنىڭدىن چوقۇم نەتىجە ھاسىل قىلماي قالمايدۇ.

دىئالېكتىكىنىڭ قارىشىچە، رىقابەتلىشكۈچىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، ئاجىزلىقىمۇ بولىدۇ. ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلار مۇئەييەن شارائىت ئاستىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ھەممىدە ئاجىزلىقلىرى بارلار ئارتۇقچىلىقى بارلارغا، ئارتۇقچىلىقى بارلار ئاجىزلىقى بارلارغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىچە «ئۆرلىگەن چۈشەر، چۈشكەنلەر چىقار» دېگەنلىك. قۇش ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىدۇ، بېلىقلار كەڭ بىپايان دېڭىزدا ئۈزۈپ ئوينايدۇ. جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى، ئىقتىدارلىق بولۇشنىڭ يولى كۆپ. ئەگەر رىقابەتلىشىۋاتقان بىر تەرەپ قايناق بازارنىڭ چوڭ رەستىسىنى ئىگىلىۋالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ ئۇنىڭ بىلەن ئەتەي قېيىشىپ بازار تالاشماي قايناق بولمىغان، كىچىكرەك بولغان كوچىلاردا سودا قىلسا، كېيىنچە سەل-پەل ھاللىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن چوڭ رەستىگە ئۆتسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن گەرچە يالغۇز سودىغا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك تۇرسىمۇ، ئىقتىدارلىق بولۇشنىڭ باشقا يوللىرىغىمۇ باب كېلىدۇ، بۇ «يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن» غانلىق دېيىلىدۇ. بۇنى بەزىلەر «تار يەردە ئاش يېگەن» لىك دەپ مەسخىرە قىلىپ «كەڭ يەردە مۇشت يېيىش» كە ئالدىرار. تارىختا مۇشۇنداق يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنۇپ، تار يەردە ئاش يەپ يۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بىلەن يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنماي، كەڭ يەردە مۇشت يېيىشكە ئالدىراپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغانلار ئاز ئەمەس. بۇ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدىن چىقىرىلغان يەكۈن، ئۇنى ئەينەك قىلماي بولمايدۇ. ئىشىنىش كېرەككى، يوتقان ئۇزۇن

بولسا پۇتنى ئۇزۇن سۇنۇش، قىسقا بولسا قىسقا سۇنۇش، كالتە يوتقانغا ئۇزۇن پۇت سۇنۇپ پۇتنى توڭدۇرۇپ قويماسلىق، ئۆكۈز بىلەن تەڭ ئەمەس تۇرۇپ بوي تالاشقان پاقىغا ئوخشاش يېرىلىپ كەتمەسلىك كېرەك.

7. ھەسەتخورلۇق بىلەن ئېلىشىش. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەسەتخورلۇقنى «تەپزىلىك» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ، ھەسەت-خورلۇق ئىللىتىنىڭ ساقايماس، داۋاسى يوق بىر كېسەل ئىكەنلىكىنى، ھەسەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى يەپ سىزىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەسەتخورلارنىڭ خانلارنىڭ دەرگاھىدا كۆپرەك بولىدىغانلىقىنى، ھەسەت قەيەردە بولسا ئۇرۇش قوزغىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىنسان ھەسەتتىن خالىي ياشاش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەسەتخورلۇق پەزىلەت بىلەن ھىدايەتنىڭ دۈشمىنى، ناۋادا دىيانەت ئۆرلەيدىكەن، ئۇ كۆڭۈلنى يېغىر قىلىپ شۇملۇق قىلىدۇ. ئۇ — ھىدايەتكە توزاق، كىمدە ھەسەت بولىدىكەن، ئۇ ئالىم بولسىمۇ پەزىلەت ۋە خىسلەت ئۇنىڭدا ئۇزۇن تۇرمايدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ ئىچى تار بولسا ئۆزىدىن ئەقىللىك، قابىلىيەتلىكلەرنى پاتقۇزماس بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئالىي دورىمۇ، مۇرەسسەمۇ كار قىلمايدۇ. بۈگۈنكى كۈندىكى ھەسەتخورلۇقنى ئالدى بىلەن ئەمەلدارلار جامائىتىنىڭ پائالىيەت سورۇنىدىن، ئالىم، بازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مۇنبىرىدىن، سودىگەر تىجارەتچى، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ سودا بازارلىرىدىن، مەدەنىي مەشغۇلات، تەنتەربىيە مەيدانلىرىدىن، دىن ئەھلىنىڭ مەسچىت، خانىقا، مېھرابلىرىدىن، ئاۋامنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ پائالىيەت سورۇنلىرىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن.

قىسقىسى، ھەسەتخورلۇق جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھە-لىرىگە ۋابا كېسەلىدەك تارقالغان. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى



ھەسەت بىلەن ھەسەتكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىدۇ. ھەسەتتىن خالىي جاي، ھەسەتتىن خالىي ئىنسان بولمايدۇ ۋە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پەزىلەت ئىگىسىدە ۋىجدان بولسا ھەسەتخوردا شەيتان بولىدۇ. ھەسەتخورنىڭ شەيتانلىرىنى پەزىلەت ئىگىسىنىڭ ۋىجدانلىرى بىلەن يوق قىلغاندا ساختىلىقنىڭ پەردىلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئادالەت يورۇيدۇ. ئادەم ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئەل نەپسىنى كۆزلىگەندە ھەقىقەتكە يېقىنلىشىدۇ ھەم دىلى نۇرلىنىپ ھەسەتسىز بولىدۇ؛ ئۆز نەپسىگە بېرىلىپ ئەل نەپسىنى ئۇنتۇغاندا ھەقىقەتتىن يىراقلىشىدۇ ھەم دىلى قارىداپ ھەسەتخور بولىدۇ. بۇ سەھىپىمىزدە ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغىنى شۇكى، ھەربىر ئاق كۆڭۈل كىشى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئۆز نەپسىنى دېگەنلەر كۆيۈمچان ئەر ئەمەس، ئەل نەپسىنى دېگەنلەر كۆيۈمچان ۋە چىن كىشىدۇر» دېگەن ھېكمىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىش، شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن «ھەسەت» دېگەن راكنى يوقىتىپ، ئومۇمىيەتچىلىك-نىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن پەزىلەتنى تۇغ قىلىپ تىكلەش كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزى ھەسەتخور بولماسلىق، ھەسەتخورنى ئۆزىگە يېقىن تۇتماسلىق، ئۇنى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقاننى ئۇر-ئۇر قىلغاندەك قىلىۋېتىش، لىن چۇڭ مەشقاۋۇلنىڭ تاغتۇرا سەركەردىسى ئاق يەكتەكلىك ۋاڭ لۇننى جازالىغىنىدەك جازالاش كېرەك.

8. ئۆزىگە ھەيكەل تىكلەش. ئادەمنىڭ باشقىلارغا بېرىدىغان تەسىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبرازىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ، كونكرېتنى مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ باشقىلارغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن يارىتىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسىغا شۇنداقلا

ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغان «ھەيكەل تىكلەش» — قانداقتۇر ساكيامونى زامانىدىكىگە ئوخشاش ھەيكەل تىكلەپ كۆجە كۆيدۈرۈپ سەجدە قىلىش ئەمەس بەلكى ئەكسىچە، ھازىرقى زاماندا خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر ئوبرازلىرىنى ھەرقايسى ساھەلەردە تىكلەش دېگەنلىك.

دۇنيا تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما ھەرخىل ئوبيېكتىپ شارائىتلارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن مەلۇم بىر مىللەت مەلۇم بىر تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا نىسبەتەن ئىلغار بولۇشى، باشقا مىللەتلەرگە كۆپرەك تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، ھەتتا باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخ تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى باسقۇچقا بارغاندا، قالاق دەپ قارىلىۋاتقان مىللەت ئىلغار دەپ قارىلىۋاتقان مىللەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى، ئىلغار بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇ جەرياندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن زاۋاللىققا يۈزلىنىشى ئوتتۇرىسىدا بىر تەڭپۇڭسىزلىق بارلىققا كېلىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتى بىر خىل تەبىئەت تارىخىي جەريانى بولۇپ، ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. ئۇ، تېخىمۇ ئىلغار بولغان مەدەنىيەت تەرىپىدىن يوقىتىلىدۇ. بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. بۇنى ھەرقانداق بىر ئىرادىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ بىرەر مەدەنىيەت، نەزەرىيە، تەلىمات ياكى شەخسلەرگە ئەڭ ئاخىرقى ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئۇ خۇددى بىر ئورگانىنىڭ جىسمىنىڭ مەلۇم يېرىدە كېسەل پەيدا بولۇشى ياكى بىرەر



تاشقى كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ يوقىلىشىنىڭ تېزلەشكەنلىكىگىلا ئوخشايدۇ. ئەمما بۇ تاسادىپىي سەۋەب بولۇپ، بىردىنبىر سەۋەب يەنىلا شۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مېخانىزملارنىڭ كاردىن چىقىپ كونىراپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كېسەل بولۇپ قالمىسىمۇ، تاشقى كۈچنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىسىمۇ ئوخشاشلا يوقىلىپ كېتىۋېرىدۇ. بەزى مەدەنىيەت يەر شارىدىن مەڭگۈ يوقىلىپ كېتىدۇ. بەزىلىرى گەرچە يوقالمىسىمۇ، ياشىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ھالسىزلانغىنى، بېلىقنىڭ دورا يەۋالغىنى ۋە يۈك ماشىنىسىنىڭ داۋانغا ئېسىلىپ قالغىنىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى مەدەنىيەت بىر زېمىندا پەيدا بولسىمۇ، باشقا بىر زېمىندا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باشقا بىر يېڭى مەدەنىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى باشلامچىلىق رولى دېگەندە، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئاھالىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى يەنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت-مەۋجۇت ئەمەسلىكى قاتارلىق بىرقانچە ئاساسلىق شەرتلەرنى ئادا قىلغان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭلاشقا بىر مىللەت، بىر خەلق ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئوينىغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ رولىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىش ئاساسىدا زامانىۋى مىللەت ۋە خەلق بولۇپ يېتىلىش تۇيغۇسىنىڭ روياپقا چىقىشى — خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ھەيكەل تىكلىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

ئەينى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ئالەمگە مەشھۇر «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىدە تۇرۇپ، چىن كارۋانلىرىغا يول باشلىغۇچى بوپتىكەن. كېيىنكى ۋاقىتقا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھەيكىلىنى كىشىلەر ياساپ چىقتى. شىئەن شەھىرىدە بىر

ئۇيغۇر تۇگىچى بوۋاينىڭ كارۋانلارغا يول باشلاپ كېتىۋاتقان چوڭ بىر ھەيكىلى بار. ئۇنى خەنزۇ ھەيكەلتىراشلىرى تۇرغۇزۇپ چىققان. شىئەنگە بارغان جۇڭگولۇقلاردىن تارتىپ چەت ئەللىكلەرگىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئۆتمەيدىغانلىرى يوق، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى كەلگۈسىدىكى ھەيكەلتىراشلار ئۈچۈن قىممەتلىك دېتال بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ھەيكەل تۇرغۇزۇشمۇ، ھەيكەلتىراشلار ئۈچۈن سىما بولۇپ بېرىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. بىر ئوبدان ھەيكەل ياخشى بىر گىگانت سىما بولغاندا پۈتۈپ چىقىدۇ ھەم كىشىلەر تەرىپىدىن مەڭگۈ ئۇلۇغلىنىدۇ. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى — ئۆتمۈشنىڭ ھەيكىلىدىن كۆرە، بۈگۈننىڭ ھەيكىلىنى تىكلەشتە.

## ئالتىنچى، ئۆتمۈش ھەققىدە گەپ قىلىش — قەدىمكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەمەس بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بۈگۈنكى رېئاللىققا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈندۇر

كىتابىمىزنىڭ 2- ۋە 6-بابلىرىدا ئۇيغۇرلاردا «قانۇن» نىڭ پەيدا بولۇشى، «قانۇن» دېگەن ئۇقۇمنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان مەنبە شۇنداقلا، ئۇيغۇرلاردا قانۇننىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىگىچە يازمىسىز ئادەت شەكلىدە بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئادەت قانۇنى — ئۇ قەلەمگە ئېلىنمىغان قانۇننىڭ بىر خىلى بولۇپ، دۆلەت روخسەت قىلغان ھەمدە قانۇنىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان ئادەتلەرگە ئېيتىلىدۇ. ئادەت — يېزىق بىلەن



مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، قەلەمگە ئېلىنغان يازما ئادەت ۋە يېزىق بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلماي قەلەمگە ئېلىنمىغان يازمىسىز ئادەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەت قانۇنى — قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت قانۇنچىلىقىنىڭ مۇھىم مەنبەسى، ئۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا شەكىللەنگەن. بىلىمىزكى، يېزىق تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئادەت قانۇنى تۈزۈمى ئاستىدا ياشىغان بولىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئادەت قانۇنىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، خىللىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردا بىر ئورتاقلىق بولىدۇ. بۇ ئورتاقلىق تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، قانۇن بىلەن دىننى ئايرىۋېلىش ناھايىتى تەس بولۇپ، ئادەت قانۇنىدا تەسەۋۋۇپنىڭ پۇراقلىرى تەبىئىي ھالدا قويۇق بولىدۇ. ھەر خىل پەرھىز قىلىنغان ئىشلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان جازالارمۇ دىنىي خاراكتېرنى ئالغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇنداق ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىنتايىن قەيسەر، ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ھايات-ماماتلىق، ئېكولوگىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرى ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدىكى ھەرقانداق تېز سۈرئەتتە بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقاتتى. توپ-توپ بولۇپ ياشايدىغان ئادەملەر توپىنىڭ تەركىبى ناھايىتى چەكلىك، كۆز-قۇلاقلىرى ئېتىكلىك بولغاچقا، باشقا يەنە بىر ئادەملەر توپى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭدا قانۇن يېڭىلاشتا ئالاھىدە بىرەر رولى بولىدىغان سىرتنىڭ سىڭىپ كىرگەن ئامىللىرى بولمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، قانۇننىڭ دىنىي خاراكتېرى ئۇنىڭغا ئاخىرەت جازاسى ھەققىدىكى ۋەزىپىلەرنى يۈكلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن كونا قائىدىلەرنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق بولغان ياكى ساقلاپ قالالايدىغان بىر شارائىت يېتىلىدۇ.

مانا مۇشۇنداق ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئادەت قانۇنلىرى ناھايىتى مۇستەھكەملىنىپ بارىدۇ، ھەتتا ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەرگىچە يەنى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۆز پېتىچە ياكى ئۆزگەرگەن باشقا شەكىللىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. تۆتىنچىدىن، تارىخىي شارائىتلار بىزگە مۇشۇ ئادەت قانۇنى تۈزۈمى ۋە شۇ قانۇنلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزىدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان قانۇن-تۈزۈملەر بىلەن ئۇچراشقان چېغىدا مەيدانغا كېلىدىغان ۋە كەلگەن ناقۇۋەتنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

قەدىمكى زاماننىڭ ئادەت قانۇنلىرىدا تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ شۇ قانۇنلارنىڭ ھازىرغا قەدەر تىرىك ياشاۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەتبىقلىنىپ تەبىئىي ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىدا. بىز ئۇنى ھەرقانچە توسۇپ چەكلىسەكمۇ، بەربىر ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش لازىم.

ئەجدادلارنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى بۈگۈنكى رېئاللىققا خىزمەت قىلدۇرۇش — ھەم نەزەرىيە مەسىلىسى، ھەم ئەمەلىيەت مەسىلىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمكىگە ئەھمىيەت بېرىپ ھازىرقىغا سەل قاراشقىمۇ، ھازىرقىغا ئەھمىيەت بېرىپ قەدىمكىگە سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قانۇن سىنىپىلىققا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە ۋارىسلىققىمۇ ئىگە. قانۇننىڭ سىنىپىلىققا ئىگىلىكى نەزەرىيە جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە، قانۇننىڭ ۋارىسلىققا ئىگىلىكى بولسا، ھەل قىلىنىۋاتقان مەسىلە. شۇڭا بۇ يەردە نۇقتىلىق ھالدا قانۇننىڭ ۋارىسلىققا ئىگىلىكى



مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان قانۇننىڭ ۋارىسلىققا ئىگىلىكى ئاتاقتىكىلا ئىش بولۇپ، ئۇ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا ئائىت قانۇنلاردا قوللىنىلغان «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىپ، مىراسخورنىڭ ئۆلگۈچى ھاياتلىقىدا ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتكەن مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئۇ خىلدىكى قانۇن مۇناسىۋىتىدىكى ۋارىسلىق قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ. يەنى بۇ، مال-مۈلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ سۇبيېكتىسى ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ، مال-مۈلۈكنىڭ سانى، تەۋەلىكى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار تەۋرەنمەيدۇ، دېگەنلىك. بىزنىڭ «ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن ئاتالغۇنى بۇ يەردە ئىشلىتىشىمىز پەقەت ئىلگىرى-كېيىنلىك ۋاقىت مۇناسىۋىتىگە ئىگە يېڭى قانۇنلارنىڭ كونا قانۇنلارنى ئىنكار قىلىشىنىڭ دىئالېكتىكىلىق ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكىنى، قانۇنلار تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىققا ئىگىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنىلا مەقسەت قىلىدۇ.

دىئالېكتىكىلىق ئىنكار قىلىش — يېڭى شەيئىلەرنىڭ كونا شەيئىلەرگە قوللانغان «مېغىزىنى ئېلىۋېلىپ شاكىلىنى تاشلاش» سىياسىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم خاتىمە بېرىش، ھەم قوبۇل قىلىش مەۋجۇت. يېڭى شەيئىلەر كونا شەيئىلەرگە خاتىمە بەرگەندە، كونا شەيئىلەرنىڭ كونىلىق خاراكتېرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ، بۇ يېڭى شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ھالقا. يېڭى شەيئىلەر كونا شەيئىلەرنى تۈپتىن ئىنكار قىلىش شەرتى ئاستىدا ھامان كونا شەيئىلەردىكى يېڭى شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رولى بولىدىغان ئامىللارنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. بۇ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىشىنى تولۇقلاپ بارىدۇ. بۇ تەبىئىي ئىزچىللىقتۇر. جاھاندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات

ئۆزگىرىشى مانا مۇشۇ تەبىئىي ئىزچىللىق بىلەن غەيرىي ئىزچىللىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئۇ ھەم كونا شەيئىلەرنىڭ يېڭى شەيئىلەرگە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئۆزگىرىش ھالقىسى، ھەم يېڭى-كونا شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت قىلىشىنىڭ تۈگۈنى. ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆزگىرىش بولغانغا ئوخشاش، كەينى-كەينىدىن ئۆزگىرىش قىلىۋاتقان قانۇننىڭ تەرەققىياتىدىمۇ ئوخشاشلا شۇ غەيرىي ئىزچىللىق بىلەن تەبىئىي ئىزچىللىقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ. يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇننى ئىنكار قىلىشىمۇ تەبىئىي ھالدا ھەم خاتىمە بېرىش، ھەم قوبۇل قىلىش ئاساسىدىكى دىئالېكتىكلىق ئىنكار قىلىشتۇر.

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكلىق ئىنكارنىڭ ئەكسىچە بولغان مېتافىزىكىنىڭ قارىشىچە، ئىنكار قىلىش — ئومۇمىيۈزلۈك تاشلىۋېتىشتۇر، بىراقلا كېرەك قىلماسلىق، ھېچقانداق ئىبقالماسلىق ۋە ئازراقمۇ ۋارىسلىق قىلماسلىقتۇر. ئېنگېلس فېيېرباخنىڭ گېگېل پەلسەپىسىگە تۇتقان مېتافىزىكىچە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «فېيېرباخ گېگېل سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە ئۇنى چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىرلا خىل پەلسەپىنى جاكارلىشى خاتا بولدى. چۈنكى، ئۇ بۇ خىل پەلسەپىنى بويسۇندۇرالمىدى. مىللەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن گېگېلنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنى قىلچە پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ بىراقلا بىكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى جەھەتتىن ‹ساقلاپ قېلىش ياكى تاشلىۋېتىش› كېرەك. بۇ ئۇنىڭ شەكلىنى تەنقىدىي ھالدا يوقىتىش، لېكىن مۇشۇ شەكىل ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يېڭى مەزمۇننى ساقلاپ قېلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر» دېگەنىدى[39]. ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ قانۇنلىرىغا قارىتامۇ



خۇددى يۇقىرىقىدەك «قىلچە پەرۋا قىلماسلىق پوزىتسىيىدە تۇرۇپ بىراقلا بىكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ»، پەقەت دىئالېكتىكلىق قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغان ھالدا، تەنقىدىي ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مۇۋاپىق بولغان ئامىللارنى قوبۇل قىلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭغا بولغان «ۋارىسلىق قىلىش ياكى تاشلىۋېتىش» تىن گەپ ئاچقىلى بولىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى كەينى-كەينىدىن ئۆزگىرىش ياساپ تولۇقلىنىۋاتقان قانۇن تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىدۇر، يەنى بۇ — يېڭى قانۇنلارنىڭ كونا قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، كونا قانۇنلاردىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئىلمىي، ئاكتىپ بولغان ئامىللارنى تاللىۋېلىش، تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ ھەم ئۇنى يېڭى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئورگانىك بىر تەركىبىي قىسمى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىگە بولغان بۇ چۈشەنچىمىزگە ئاساسلانغاندا، يېڭى قانۇن (سوتسىيالىستىك قانۇننى كۆزدە تۇتىدۇ) نىڭ كونا قانۇنغا بولغان ۋارىسلىقى مەلۇم بىر تارىخىي تىپقا ياتىدىغان كونا قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى قانۇن ئۈنۈمىنى تىرىلدۈرگەنلىكىمىز بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگىلىكى ھەققىدىكى بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى يېڭى قانۇننىڭ پەقەت كونا قانۇنلارنىڭ بەزى ئەقىلگە مۇۋاپىق مەزمۇن ۋە شەكىللىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلغانلىقىنىلا كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قوبۇل قىلىش — يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇننىڭ ھەممە نەرسىسىنى قارا قويۇق قوبۇل قىلغانلىقى بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى سىنىپىي ماھىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، يېڭىچە بولغان سىنىپىي مەزمۇنلارنى ئۇنىڭغا كىرگۈزگەنلىكتۇر.

قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگە بولىدىغانلىقى ئۇقۇم دائىرىسىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يالغۇز ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلمەيمۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىي ئۈنۈمدارلىقىنى يوقاتقان كونا قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن بەلكى يېڭى قانۇن بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كونا فورمىغا تەئەللۇق بولغان ھەرقايسى دۆلەتلەردە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك قانۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى بۇرۇنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلگەن ياكى ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئېكسپىلاتاتورلارنىڭ قانۇنلىرىنى ئالايلى، ھەممىسى كونا قانۇن كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان مەسىلە بولۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلسا بولىدىغان دائىرە ئىچىگە كىرىدۇ.

ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگە بولىدىغانلىقى بارلىق ئىلمىي ئۇقۇملارغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ ئوبيېكتىنى يەنى قانۇن تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر قانۇننىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن ئىبارەت قانۇنىيەت تەبىئىي ھالدا مەۋجۇت، بەلكى قانۇننىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا باشتىن-ئاياغ سىڭىلگەن بولىدۇ. قانۇننىڭ ۋارىسلىقتا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن قانۇننىڭ سىنىپىيلىقى بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ ئەمەس بەلكى دىئالېكتىكىلىق بىرلىككە ئىگە ئەلۋەتتە.

ماۋ زېدۇڭ «قەدىمكىلەرنىڭ ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، مەيلى فېئوداللار سىنىپىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، بىز ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشنى ۋە ئۇلارنى ئەينەك قىلىشنى ھەرگىز رەت قىلمايمىز» دېگەنىدى(40). بولداش ماۋزېدۇڭ «ۋارىسلىق قىلىش» بىلەن



«ئەينەك قىلىش» تىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنى ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. بىزچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پرىنسىپلىق پەرق يوق ھەم بىر-بىرىنى ئىنكارمۇ قىلمايدۇ. مۇشۇ ئۇقۇم بىلەن كونا قانۇنلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىمىزنى ئىپادىلىسەك ھەرگىز خاتا بولمايدۇ.

«ئەينەك قىلىش» دېگىنىمىز — باشقىلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ پايدا-زىيىنىغا سېلىشتۇرۇپ بېقىش دېگەنلىك. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن كونا قانۇنلارنى ئۆزىگە «ئەينەك قىلىش» كېرەك دېگەنلىكىمىزمۇ كونا قانۇنلار بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ «پايدا-زىيىنى»نى تونۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ سېلىشتۇرما قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىر تېما ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىزنىڭ كونا قانۇنلارنى ئەينەك قىلىشىمىزدىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن بارلىق كونا قانۇنلارنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىدىكى تۈپلۈك قارىمۇ قارشىلىقىنى ئېچىپ بېرىپ، سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە كونا قانۇننىڭ چىرىكلىكىنى تونۇۋېلىش بولسا، ئىككىنچىدىن، سوتسىيالىستىك قانۇن بىلەن كونا قانۇنلارنىڭ تارىخىي باغلىنىشلىقىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

قىسقىسى، ئەينەك قىلىش بولمىسا، يېڭى-كونا قانۇنلارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇنلارغا بولغان ۋارىسلىقى رەت قىلىنسا، يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇنلارنى ئەينەك قىلىشىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر مەقسەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ «ئەينەك قىلىش» ۋە «ۋارىسلىق قىلىش» دېگىنىمىز بىردەكلىككە ئىگە. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق

يوق، بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى دەسسىتىشكە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. يۇقىرىدىكى «ئەيىنەك قىلىش» ئۇقۇمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ كونا-يېڭى قانۇنلارنى بىر-بىرىگە ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىدىكى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەرگىز قانۇننىڭ تەرەققىيات جەريانىدا يېڭى-كونا قانۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئوبيېكتىپ تارىخىي باغلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. گەرچە يېڭى قانۇنلارنىڭ كونا قانۇننىڭ بەزى مۇۋاپىق بولغان ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشى «ئەيىنەك قىلىش» نىڭ مەقسىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆزى شۇ بىر ئوبيېكتىپ جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولمايدۇ. «ۋارىسلىق قىلىش» دېگەن ئۇقۇم بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئۇ، كەينى-كەينىدىن يەڭگۈشلىنىۋاتقان يېڭى-كونا قانۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مەلۇم مۇقەررەر تارىخىي باغلىنىشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇنلارغا بولغان تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە قوبۇل قىلىش جەريانىنى يىغىنچاقلىغان بولىدۇ.

قىسقىسى، قانۇننىڭ ۋارىسلىققا ئىگە بولۇشى دېگىنىمىز — كەينى - كەينىدىن يەڭگۈشلىنىۋاتقان قانۇن تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى يەنى يېڭى قانۇننىڭ كونا قانۇننىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئىنكار قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان، تاللىۋالغان ۋە تەنقىد قىلغان ھالدا ئۇنىڭدىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئىلمىي، ئاكتىپ بولغان ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يېڭى قانۇن سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مىللىي قانۇن مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتا مۇنداق ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلىنىش لازىم.



بىرىنچى، «ئۇيغۇر»، «ئۇيغۇر قانۇنى»، «ئىسلام دىنى»، «ئىسلام قانۇنى» دېيىلگەنلەر تىلغا ئېلىنسىلا ھەممىسىنى باشقىلارغا بېقىندىغان كونا فورمىغا تەئەللۇق قىلىۋېتىپ قارا - قويۇق ئىنكار قىلىش، ئۇيغۇرلاردا قاچان قانۇن بولغان، بولغاندىمۇ ئاخۇنۇمنىڭ پەتىۋاسىدىن ئىبارەتقۇ؟ ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلغۇدەك نېمىسى بار؟ دەپ قارايدىغان خاھىش. بۇ ئۇقۇملار ھەممىسى تارىخنىڭ مەھسۇلى، تارىخ ئۇلارنى ياراتقان، ئۇلارمۇ تارىخنى ياراتقان. باشقا مىللەتلەرنىڭ قانۇنى بولغانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ قانۇنى بولغان. باشقا مىللەتلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان قانۇن ۋەسىقىلىرى بولغانغا ئوخشاش ئۇلارنىڭمۇ نۇرغۇنلىغان ئېسىل قانۇن ۋەسىقىلىرى بولغان. ئەنئەنە ۋە مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا جاھاندا بىر ئورتاقلىق بار. يەنى ئۇ بولسىمۇ بىرەر مىللەتنىڭ ئاۋۋال باشقىلارنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئاندىن ئۆزىنىڭكىگە ۋارىسلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئوبدان چۈشىنىدىغىنى ئاۋۋال ئۆزى ئاندىن باشقىلار بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھامان ئۆزىنىڭ مىراسلىرىنى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرىراق ئورۇنغا قويىدۇ، ھامان ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مىراسلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن سانىماي تۇرالمايدۇ. مانا بۇ مىللىي غۇرۇردۇر. مىللىي غۇرۇر ھەرقانداق بىر مىللەتتە بولىدۇ. ئەگەر مىللىي غۇرۇر بولمىسا ئۇنى مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېگىلى بولمايدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، دۇنيادا ئومۇميۈزلۈك ھادىسە دەپ قارالغان قانۇننىڭ پەيدا بولۇشىغا مەنبە بولغان ئۆرپ - ئادەت — ئاساسلىقى شۇ بىر مىللەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئائىلىۋى نىكاھ قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئەنئەنىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ — ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ

ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. ئۆرپ - ئادەت بىر مىللەتنىڭ ئورتاق پسىخىك خېسسىياتىنى ئىنكاس قىلىدۇ. ئۇ كەڭ ئامموۋىلىققا، چوڭقۇر ئىجتىمائىيلىققا ۋە نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە. ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ ھەم تارىخىي شارائىتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۆرپ - ئادەتنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن-ھۆرمەتلەنمىگەنلىكى، دەپسەندە قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئۆرپ-ئادىتى باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن بولسا، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ، ھۆرمەتلەنمىگەن بولسا ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ، سۈركىلىش پەيدا بولىدۇ، ھەتتا نىزا ياكى ئۇرۇش پارتلايدۇ. بۇنداق ئىناقسىزلىقنىڭ سەۋەبىنى خورلانغۇچى ياكى دەپسەندە قىلىنغۇچىدىن ئىزدەش ياكى ئەخمىقانىلىق، خورلىغۇچى ياكى دەپسەندە قىلغۇچىدىن ئىزدەش ئادىللىق ياكى دانالىق بولىدۇ.

بەزىلەر بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە پەن - مەدەنىيەتتە نىسپىي ئالغا كەتكەنلەر باشقىلارنىڭ تارىخىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار ئىدىيە، ئىلغار كەشپىيات (ھازىرقىغا سېلىشتۇرغاندا) لار بىلەن باراۋەرلىشىپ قالغۇدەك ئىدىيە ۋە مۆجىزىلەرنىڭ (قەدىمدە) بولغانلىقىنى بايقىسا، دەرھاللا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن يامبۇمىكىن دېيىشىدۇ. ھامان ئۆزىنى ئەقىللىق سانىغاچقا ئۆزلىرى شۇنداق ئىدىيە، كەشپىيات، مۆجىزىلەرنى يارىتىۋاتقان چېغىدا باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ يېتىشىۋاتقانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. بۇ، مەشھۇر قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ



پروفېسسورى ئەھمەد ئەمىن (1954-يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ئۆزلىرىنى غەرب «شەرقشۇناس» لىرى دەپ ئاتىشىۋالغان گولدزىيخىر (Goldziher) (41) بىلەن سەندىرانا قاتارلىقلارنىڭ «ئىسلام قانۇنى رىم قانۇنىنى كۆچۈرۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن» دېگەن كۆزگە ئىلماسلىق چوڭچىلىق سەپسەتىسىگە قىلغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىش، خالاس.

تۈركىيە ئالىمى كاپسوغلو «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ئەسىرىدە ئابۇمباجىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە قەدىمكى يۇناننىڭ تەسىرى بار، دېگەن قاراشلىرىغا زىت ھالدا: «ئىنسانىيەت ئېگىز باشقا بىر مەملىكەتتىكى ئوخشاش تەسەۋۋۇرلارغا يېتىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەگەر ھەر تەسەۋۋۇرنى بىرلا مەنبەگە باغلاپ قويۇش زۆرۈرىيىتىگە ئاساسلىنىدىغان بولسا يەر يۈزىدە مەسىلەن، ئوخشاش غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پۈتۈن ئېتىقاد ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىشى، ئوخشاش مەقسەتتە ئىشلەنگەن ئورغۇتۇلغان قوراللارنىڭ ئوخشاش شەكىل ئېلىشى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇرجىكىدە ياشاپ ئۆتكەن ئىلمىي خادىملارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشاپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىناتتى» دەيدۇ (42).

ئېلىمىزدە يېقىندا جاڭ شى، ۋۇ جۇڭمىن قاتارلىق ياش ئالىملار مەيدانغا چىقىپ، «جۇاڭزى» بىلەن ھازىرقى زامان مۇدېرنىزمنىڭ، كۇڭزى تەلىماتلىرى بىلەن كاتولىك دىنىي تەلىماتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل مۇھىتتا تۇرۇۋېتىپمۇ مەسىلىگە بولغان قاراشلىرىدا بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىرلىككە كېلىپ قالغانلىقلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشتى (43). ئىشىنىش كېرەككى، ئوخشىمىغان تەۋەلىكتە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ دانىشمەنلىرى بىر-بىرى بىلەن تونۇشمايمۇ، بىر-بىرىگە تايانمايمۇ، بىر-بىرىدىن تەقلىد

قىلمايمۇ، بىر-بىرىدىن كەچۈرمەيمۇ؟ يەنە بىر-بىرىگە ئوخشاپ
قالىدىغان قانۇن ئىدىيىسى ۋە قانۇنلارنى ئىجرا قىلالايدۇ.
فرىدرىخ ئېنگېلس: «دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى،
كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمگەك سايمىنىمىز
ۋە ئۆتكۈر قورالىمىز بولۇپ قالغان ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكىنى
يالغۇز بىزلا كەشىپ قىلمىدۇق، بەلكى گېرمانىيە ئىشچىسى
يوسېف دىتسگېن بىزگە تايانمايمۇ كەشىپ قىلدى»(44)
«ماركس مۇندىن 40 يىل بۇرۇن ئۇچراتقان ماتېرىيالىستىك
تارىخ قارىشىنى مورگان ئامېرىكىدا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن
قايتىدىن كەشىپ قىلدى. ياۋايىلىق دەۋرى بىلەن مەدەنىيەت
دەۋرىنى سېلىشتۇرۇشتا مۇھىم نۇقتىلاردا ماركس بىلەن ئوخشاش
نەتىجىگە كەلدى»(45) دېگەنىدى. ئېنگېلسنىڭ بۇ تەلىماتلىرى
بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىشىمىزنىڭ پرىنسىپى.

ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا قانۇن - يوسۇنلارنى ئىجرا
قىلغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى، قاراخانىلار خاندانلىقى
ۋە سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق بىرقانچە خانلىقلار دەۋرىدە
ئەل-يۇرت بىر مەركەزلىك ئادىل قانۇنلار بىلەن ئىدارە قىلىنغاچقا
خەلق باياشادلانغان. ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرىمۇ
ئىجرا قىلغۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا
ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈملەرنى بەرگەن. مۇشۇلارنىڭ
ھەممىسىدە ھەم ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك، ھەم تاشلىۋېتىشكە
تېگىشلىك نەرسىلەر بار. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،
كونا قانۇن سىستېمىسىنى بىكار قىلىش، ئاساسلىقى كونا
ئەكسىيەتچى قانۇننى تۈپتىن پاچاقلاشقا، ئۇنىڭ ئېكسپىلاتاتورلار
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۈزۈل -
كېسىل يوقىتىشقا قارىتىلغان. لېكىن بۇنىڭدىن مەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئاۋۋالقى تارىخىدا بولسۇن،
مەيلى كېيىنكى تارىخىدا بولسۇن، ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ



بارغان قانۇن مىراسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىش ياكى
ئۇنى پۈتۈنلەي كېرەك قىلماسلىق كېرەك دېگەن مەنە كېلىپ
چىقمايدۇ.

لېنىن: «ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ بىر ئىنقىلابىي پرولېتار
ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە
مۇيەسسەر بولۇشى ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيە دەۋرىدىكى ئەڭ
قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى تاشلىۋەتمەستىن، ئەكسىچە، 2000
يىلدىن بۇيانقى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ۋە مەدەنىيەت
تەرەققىياتىدىكى بارلىق قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى قوبۇل
قىلغانلىقى ۋە ئۆزگەرتكەنلىكىدىن بولدى» دېگەنىدى(46).
ماركسىزم شۇنداق دەپ قارايدۇكى، يېڭى شەيئىلەرنىڭ
كونا شەيئىلەرنى ئىنكار قىلىشى كونا شەيئىلەرنىڭ ھەممە
ئامىللىرىنى پۈتۈنلەي ئىشلەتمەي تاشلىۋېتىش، يېڭى شەيئىلەر
بىلەن كونا شەيئىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى ئىنكار قىلىش
دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى شەيئىلەرنى ماركسىزملىق
مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق تەھلىل، تەتقىق
قىلىش، ئۇنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىش، ئۆزگەرتىش
ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەم ئۇنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن
ئاكتىپ خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىككىنچى، مىللىي قانۇن مىراسلىرىمىزدا نېمە دېيىلگەن
بولسا، شۇنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈپ كېلىپ، زامانغا ئۆلۈك
تەتبىق قىلىش خاھىشى. بۇ «زامان بىلەن ماسلىشالمايدىغان
خۇسۇسىي مەنپەئەتنى دەپ، پىشىپ يېتىلگەن ئورتاق
مەنپەئەتكە قارشى تۇرغانلىق» دۇر. ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
يىراق ئۆتمۈشىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان
1000 يىل مابەينىدىكى ئەھۋالغا قارايدىغان بولساق، بۇ
مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ئۆز-ئۆزىدىن بىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىنىغا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن

باشلاپ ھېسابلىغاندا 1000 يىل بولدى. ئۇلار بۇ جەرياندا مەيلى ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىسۇن، مەيلى بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىدە ياشىسۇن، خەلقنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدىسىدە تەۋرىنىش بولمىدى. قانۇنچىلىقتا بىرلا قانۇن سىستېمىسى يەنى ئىسلام قانۇن سىستېمىسى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇردى، بۇ ئۇن ئەسىرلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا ئىسلام قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان باشقىچە بىرەر قانۇنچىلىق يولىنى ئېچىپ بېرەلمىدى. بۇنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى شۇ نەرسە ئىسپاتلايدۇكى، ھەتتا جاھاندا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر 100 بەرگەن، ئۆتمۈش بىلەن ئادىل سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان XX ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە پارتلىغان «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى ۋە قانۇنلىرىدىمۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ بەزى ئامىللىرى ساقلاندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانۇن ئىدىيە تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇ 1000 يىل داۋامىدا قانۇنىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئادىللىق بىلەن ئادالەتسىزلىك، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن زوراۋانلىق، چىنلىق بىلەن ساختىلىق، پەزىلەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختىماي داۋاملىشىپ تۇردى. ئاچكۆز فېئودال ئەمەلدارلار قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچى خەلقلەرنى رەھىمسىز ئەزسە، خەلق ئۈچۈن ئىجابىلىق تىلەپ، قانۇن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان پاك، دىيانەتلىك ئەمەلدار ۋە قازى (سوتچى) لار ئىسلام دىنىدىكى «ئادالەتسىز پادىشاھقا بىر ئېغىز ئادىل نەسىھەت قىلىش 100 يىللىق ئىبادەتنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە، ئادالەتنى دەپ ئۆلۈمدىن قورقماي ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئېلىشتى. تارىخ ئۇيغۇر خەلقىگە XX



ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاندىن ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى قانۇن ھادىسىلىرىنى سىنىپلار تەۋەلىكى بويىچە تەبىرلىگەن ماركسىزمچە بولغان بىر قانۇنچىلىقنى يەنى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ئاتا قىلدى. بۇ سىنىپىي خاراكتېر ئالغان ئىنقىلاب ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بىر يېڭى يۈزلىنىش دېيىش مۇمكىن.

لېنىن: «ھازىرقى زامان روسىيە ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم شەكلى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىۋاسىتە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئۇ، كونا قانۇنىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، خەلقنى ئېزىدىغان ئورۇنلارنى گۇمران قىلىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى قانۇنچىلىقنى يارىتىدۇ.» (47) دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يولنىڭ تېپىلىشى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان «شەرئىي مەھكىمە» تۈزۈمىگە خاتىمە بەردى. بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ قانۇنغا ئارىلىشىشى چەكلەندى. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىنىڭ قانۇنغا چېتىلىدىغان قىسمى ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتكە ياتىدىغان قىسمى ئۆرپ - ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا دۇچ كەلگەن يەنە بىر قېتىملىق ئىسلاھات بولۇپ، 1000 يىلدىن ئاۋۋالقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا كۆچكىنىگە ئوخشاش 1000 نى بىر دەۋر قىلغان ھالدىكى چوڭ كۆچۈش ھەرىكىتىدۇر. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يېڭىلىق بولۇپ قارىلىۋاتقان ئىسلام دىنى 300 ياشقا كىرگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلار 300 ياشقا ئەمەس بەلكى 100 ياشقىمۇ كىرمىگەن باشقىچە بىر يېڭى شەيئىنى قوبۇل قىلدى. بۇ ماركسىزمدۇر.

بىز كىتابىمىزنىڭ ئالدىنقى بىرقانچە بابلىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنى بىلەن بولغان باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ بايان قىلدۇق. ئەمدى بىز ئۇنىڭ قانۇن ئىدىيىسىنى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقىمىزغا تەتبىق قىلىپ تىخمۇ ياخشى ئۆگىنىۋالىمىز دېگەندە، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە ماس كەلمەيدىغان كۆز قاراشلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ماركسىزملىق دۇنيا قاراشتا تۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلىنمايدىكەن بۇ ھەقىقىي يوسۇندىكى ۋارىسلىق قىلىش ھېسابلانمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىلارنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەچكە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئالدى بىلەن خان، بەگلەرنىڭ جۈملىدىن بارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ تەقۋادار، ئىمانلىق بولۇشى لازىملىقى تەلەپ قىلىنغان. ئەپسۇسكى، ھازىرقى ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلمىگەن بىر سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەتتە ياشاۋاتقان بولغاچقا، دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرى ھازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئۇنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى كوممۇنىزمغا نىسبەتەن «ئىمان» لىق بولۇشنى، ماركسىزمغا نىسبەتەن «تەقۋادار» بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئېتىقاد» - قا بولغان ئۇقۇم بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرگەچكە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئۆزگەردى. بۇنىڭغا نىسبەتەن قىلچە پىسەنت قىلماسلىق نەزىرىدە تۇرۇپ، ھازىرقى ماركسىزمچى ئەمەلدارلارنى ئەمەلدار بولۇش لاياقىتى يوق دەپ، ھەممىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان، خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشىنىدىغان، «تەقۋادار» لارنى قويساق بولامدۇ؟

«قۇتادغۇبىلىك» تە، ئەرلەرنىڭ خوتۇنلارنى قاتتىق



باشقۇرۇشى لازىملىقى، ئۇلارنى سىرتقا چىققىلى قويماسلىق، ئەر - ئايال ھەمداستىخان بولماسلىق، ئەگەر ھەمداستىخان بولسا، نىزامنىڭ بۇزۇلىدىغانلىقىغا دائىر بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن ھەمدە ناماز ئوقۇمايدىغان پاسىق، كوچىدىن كىرمەيدىغان ھاراقكەشلەرنى باشقۇرۇش ئۈچۈن نازارەتچىلەرنى كۆچەيتىش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭغا قاراپ، ئاياللارنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن توسۇساق، يۈزىگە چۈمپەردە تارتماي كوچىغا چىقىپتۇ دەپ كۆرگەنلا يەردە تۇتۇپ، ئۇرساق، بىناماز بىلەن ھاراقكەشلەرنى دەررىلىسەك، روزا رامىزاندا ئاشخانا ئېچىپ تىجارەت قىلغانلارنى ئۇچۇقداپ، ئاشخانىلىرىنى مەجبۇرىي تاقىتىۋەتسەك بولامدۇ؟

«قۇتادغۇبىلىك» تە، ئاشپەزلەر بىلەن ئىدىشچى بېشىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىگە ساقاللىق بولۇش، ھەيۋەتلىك بولۇش تەلىپى قويۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ۋەزىپىگە قويۇلغان ئايرىم ساندىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ۋە باشقا ساھەدىكى زاتلاردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ساقال-بۇرۇتى يوق. ساقال قويۇش-قويماسلىق نىزام قىلىپ كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما ئارمىيە ئىچىدە بولسا ئەھۋال يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىكىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپ، بىزدە ئالىي قوماندانىدىن تارتىپ ئادەتتىكى كىچىك ئەسكەرگىچە بىردەك ساقال-بۇرۇت قويۇش ئادەت قىلىنمىغان. بۇنىڭغا قاراپ، ئۇلاردىن ساقال-بۇرۇت قويۇشنى تەلەپ قىلساق بولامدۇ؟

بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بولمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە كۆزىتىلسە، ئۇنىڭ ھېچبىر ناتوغرا ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ، ھازىرقى زامان روھى بويىچە كۆزىتىلسە، ئۇنىڭ بىر تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە

قاراش بولۇپ، ئەگەر هازىرقى رېئاللىققا ئۆز پېتىچە تەتبىق قىلىنسا ئىنتايىن يامان ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىدۇ. چۈنكى، جىنايەت بىلەن جازا ئوخشىمىغان تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇم ۋە مەزمۇنلارغا ئىگە. ئەينى زاماندا جىنايەت دەپ قارالغان ئىشنىڭ هازىرقى زاماندىمۇ جىنايەت دەپ قارىلىشى، ئەينى زاماندا جىنايەت دەپ قارالمىغان ئىشنىڭ هازىرقى زاماندا جىنايەت دەپ قارالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. هازىرقى دەۋر «قۇتادغۇبىلىك» دەۋرى ئەمەس، ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى ئىدىيىلەر ئەمدى زامانغا لايىقلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ خۇددى يۈسۈپ خاس هاجىپتىن بۇرۇنقى بەزى ئىدىيىلەرنىڭ يۈسۈپ خاس هاجىپ دەۋرىگە كەلگەندە زامانغا لايىقلىشالماي ئىستىمالدىن قالدۇرۇۋېتىلگىنىگە ئوخشاشلا ئىش. مۇشۇ كۆز قاراشنى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئۆزىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. ئۇ چاغدىكى ئالىملار جۈملىدىن يۈسۈپ خاس هاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىمۇ ئىچىگە ئالغان هالدىكى ئالىملار پۇتىغا مەسە-كالاش كىيىپ، بېشىغا سەللا يۆگىسە، هازىرقى ئالىملار پۇتىغا شىبلىت كىيىپ بېشىغا چاچ قويۇپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇ زاماندا مەھمۇد قەشقەرى پۈتۈن تۈرك يۇرتلىرىغا ئاتلىق بىرىپ سەپەر قىلغان بولسا، هازىر سەپەر ئايروپىلان، پاراخوت، پويىزلار بىلەن بولىدىغان بولدى. هازىرقى زامان ئالىملىرىنىڭ پۇتىغا مەسە ئارتماي بەتىنكە كىيگەن، بېشىغا سەللا يۆگىمەي، چاچ قويغان، ئۇستىبېشىغا تون كىيمەي، پەلتو ياكى گالستۇكلۇك كاستيۇم كىيىپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ، ئۇ ئالىم ئەمەسكەن، ئالىم دېگەن مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپتەكلا يۈرۈش لازىم ئىدى دەپ تۇرۇۋېلىش كېرەكمۇ؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى نۆۋەتتە بىز بىر - بىرلەپ جاۋاب



بىرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەردۇر.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا كۆچۈۋاتقان ۋاقىتتا، خوتەن بۇددىستلىرى تۇرپان ۋە تىبەتلەردىكى بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىسلام دىنىغا 24 يىل قارشىلىق كۆرسەتكەن. ياۋروپادا بولسا، ئىسلام دىنى XV ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن رەسمىي يۇرت دەسسەپ تۇرالىغان. بۇ ئارىلىقتا قوبۇل قىلدۇرۇش بىلەن قوبۇل قىلىشقا قارشىلىق كۆرسىتىش ئوتتۇرىسىدا ئۇرغۇن قان تۆكۈلىدىغان جەڭلەر بولغان. هازىرقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ماركسىزم بىلەن ئىسلامدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېتىقادنىڭ ئارىلاشما هالەتتە تۇرۇۋاتقان ئارىلىق دەۋرى دەپ ئېيتىش مۇمكىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامدىن ماركسىزمغا كۆچۈشى تېخى ئۇنچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلغان قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى يوق. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ماركسىزم ئەقىدىسىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قۇرۇق ۋەز - نەسىھەتلەر بىلەن ئەمەس بەلكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئادىل ئىنقىلابىي كۆرەش بورانلىرى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ شۇنداقلا، كەڭ ئۇيغۇر مېهنەتكەش ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئىككى ئەقىدىگە قارىغاندا، غايىبانە ۋە ئابستراكتنى ئەمەس بەلكى، تېخىمۇ رېئاللىقنى، تېخىمۇ كونكرېتنى ۋە تولۇق هالدا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ماركس «دېموكراتىزمچى رېيىن رايونلۇق كومىتېتنى سابىلاش» دېگەن ماقالىسىدە: «كونا قانۇننى يېڭى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قىلىشقىلارغا بولمايدۇ. بۇ خۇددى كونا قانۇنلار كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلالمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش»، «كونا قانۇن مۇشۇ كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن تۇغۇلغان، ئۇ يەنە مۇقەررەر هالدا

كونا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن بىرگە يوقىلىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشتىن خالىي بولالمايدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئېھتىياجىغا قارىماستىن، كونا قانۇننى ساقلاپ قېلىش، ماھىيەتتە باشقا نەرسە بولماستىن، پەقەت چىرايلىق گەپلەرنى چۈمپەردە قىلىپ، زامان بىلەن ماسلىشالمايدىغان خۇسۇسىي مەنپەئەتنى دەپ، پىشىپ يېتىشكەن ئورتاق مەنپەئەتكە قارشى تۇرغانلىق» دېگەنىدى (48). بىز كونا ئەنئەنىۋى قانۇن مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى مەڭگۈلۈككە ئىگە ھەقىقەتلەردە چىڭ تۇرۇشىمىز، زامانغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ئايرىم پرىنسىپلارنى قورقماي تاشلىۋېتىشىمىز لازىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە، ئۆزىدىن بۇرۇنقى بەلكى ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى ھەققىدە گەپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەينەك قىلىشقا ۋە ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغان مىراسلارنى تېپىپ چىقىپ ئۇنى ئۆز دەۋرىگە تەتبىق قىلغان. ئۆز دەۋرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، تەتبىقلىسا يامان ئۈنۈم بېرىدىغان خاتا ئىدىيە، كۆز قاراش ۋە ئەنئەنىلەرگە يېپىشىۋالماي قاتتىق رەددىيە بەرگەن، قىلچىمۇ رەھىم قىلماي تاشلىۋەتكەن. ئاندىن يۇقىرىقىلارنى يەكۈنلەپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن يېتەكچىلىك رولى بولغان يېڭى-يېڭى تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇلار بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۈچۈن تەۋەررۈك ئەڭگۈشتەردۇر. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدىن ۋارىسلىق ۋە ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ دېيىلىدىغان جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ چىقىشىمىزمۇ ئەنە شۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەدىمكىنى ئۆز دەۋرىگە خىزمەت قىلدۇرغان روھى ئاساسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى قارا-قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىش



ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىكى توغرا ئىدىيىلەر بىلەن خەلقنى بەخت - سائادەت يولىغا توغرا باشلاپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى، بىرلىككە كەلگەن چوڭ ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشنى شۇنداقلا يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانۇن ئىدىيىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەيداندا تۇرۇپ ۋارىسلىق قىلغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ دانالىقى ئاندىن زاھىر بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ، بىر داشقايناقتا ئايلىنىپ، ئازراقمۇ ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ.

---

(1) ئەھمەد زىيائى: «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1983-يىل 4-سان 128-ۋە 150-بەتلەرگە قارالسۇن.

(2) بۇ «پروفېسسورلار سوتسىيالىزمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سوتسىيالىزم لۇغىتى جىلىن خەلق نەشرىياتى 1985-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 272-بەت «مۇنبەر سوتسىيالىزمى»غا قارالسۇن.

(3) يۇقىرىقى كىتاب 457-بەت «قانۇنشۇناسلار سوتسىيالىزمى»غا قارالسۇن.

(4) سوتسىيالىزم لۇغىتى، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1985-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 253-بەتتىكى «ئىسلام سوتسىيالىزمى» ۋە 127-بەتتىكى «پاكىستان سوتسىيالىزمى»غا قارالسۇن.

(5) «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 3-توم 639-بەت.

(6) «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 2-توم 71-بەت.

(7) «ماۋ زېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 5-توم، 359-بەت.

(8) دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما، (1975 — 1982)، ئۇيغۇرچە مىللەتلەر نەشرىياتى 1983-يىل 9-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 504-505-بەتلەر.

(9) «پارتىيە ئىستىلى»، ئۇيغۇرچە، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، 542-بەت.

(10) فىڭ داجىن «مەملىكەتلىك ئىككىنچى قېتىملىق 〈قۇتادغۇبىلىك〉 ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز» گە قارالسۇن. «قەشقەر گېزىتى» 1989-يىل 18-ئۆكتەبىر سانى 2-بەت.

(11) «لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 33-توم 328-بەت.

(12) «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 33-توم 326-بەت.

(13) «سوتسىيالىزم لۇغىتى»، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1985-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 254-بەت، «ئىتىكا سوتسىيالىزمى» غا قارالسۇن.

(14) جىن تيەن: «ئەڭ يېڭى رىقابەتلىشىش سەنئىتى — ئادالەتسىز رىقابەت»، يېزا ئوقۇشلۇقى نەشرىياتى 1989-يىل 12-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 5-بەت، خەنزۇچە.

(15) «جۇڭگو قانۇن ئىدىيە تارىخى»، قانۇن نەشرىياتى 1982-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، خەنزۇچە، 295-، 296-، ۋە 299-بەتلەرگە قارالسۇن.

(16) شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى، ئۇيغۇرچە، 1984-يىل 8-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى سانى 4-بەت، «ۋۇمۇنىڭ ئۆز ئوغلىنى بالا-دىيانەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشى» گە قارالسۇن.

(17) جىن تيەن: «ئەڭ يېڭى رىقابەتلىشىش سەنئىتى — ئادالەتسىز رىقابەت»، يېزا ئوقۇشلۇقى نەشرىياتى 1989-يىل 12-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 61-بەت، خەنزۇچە.

(18) «لاۋزى. جۇاڭزى. لې زى»، يۇلۇ (ئېگىز تاغ ئېتىكى) كىتابچىلىق نەشرىياتى، 1990-يىل چاڭشا نەشرى، 324-325-بەتلەر،



خەنزۇچە.

(19) «سەنئەت نەزەرىيىسىدىن تەرجىمىلەر» مەجمۇئەسى (خەنزۇچە) نىڭ 1958-يىل 2-سانىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. بۇ ھەقتە «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىرى» (شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1981-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، خەنزۇچە) نىڭ 46-بېتىگە قارالسۇن.

(20) «XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە پەلسەپىسى» دېگەن كىتابنىڭ 785-بېتىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل، بۇ ھەقتە يۇقىرىقى كىتاب 46-بەتكە قارالسۇن.

(21) يۇقىرىقى كىتاب 45-بەت.

(22) «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980-يىل 11-ئاي 1-نەشرى 556-بەتتىن 573-بەتكىچە قارالسۇن.

(23) «كەڭ بۇلۇڭلۇق كۆز ئاستىدىكى ئىزدىنىش» (ئاساسىي قانۇن ئىلمىي ماگىستىرى چېڭ گوياۋ بىلەن پىروفېسسور گۇڭ شياڭرۇينىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە قىلىشقان سۆھبىتى) گە قارالسۇن. جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتى 1989-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى سان، 3-بەت، خەنزۇچە.

(24) خۇاڭ يەنبى: «يەنئەندىن قايتقاندا»، خەنزۇچە 36-بەت.

(25) سۇن يىمىن: «سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى نازارەت قىلىش ئىلمى ھەققىدە بايان»، مەركىزى پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى، 1990-يىل 1-ئاي 1-نەشرى، 9-بەت، خەنزۇچە.

(26) مونتېسكيۇ: «قانۇننىڭ روھى ھەققىدە»، شاڭۋۇ كىتابخانىسى 1982-يىل نەشرى 154-بەت، خەنزۇچە.

(27) ۋۇدالاڭ — رومان «سۇ بويىدا» دىكى پېرسوناژ. ۋۇسۇڭنىڭ ئاكىسى، ئۇ پاكار بولغاچقا، ئىقتىدارلىق كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

(28) شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى، 1984-يىل 12-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى سانى، 4-بەت، ئۇيغۇرچە.

(29) تەن بىنىڭ: «ئادەم ئىشلىتىشنىڭ يولى»، خۇاشيا نەشرىياتى 1986-يىل 12-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 35-36-بەتلەر، خەنزۇچە.

(30) «قۇتادغۇبىلىك»، 260، 271، 288، 213، 975، 1814، 1843، 2447، 4388، 5253، 3168، 154، 297، 208، 3169، 6605-بېيت.

(31) لى گۈيجى قاتارلىقلار: «غەربلاشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك»، يېزا ئوقۇشلۇقى نەشرىياتى، 1989-يىل 11-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى، خەنزۇچە، 5-بەتتىن 12-بەتكىچە قارالسۇن.

(32) جىن تيەن: «ئەلا يېڭى رىقابەتلىشىش سەنئىتى — ئادالەتسىز رىقابەت»، يېزا ئوقۇشلۇقى نەشرىياتى، 1989-يىل 12-ئاي بېيجىڭ 1-نەشرى 5-بەت، خەنزۇچە.

(33) يۇقىرىقى كىتاب، 64-بەتكە قارالسۇن.

(34) «لۇشۈن ئەسەرلىرى 1-توم 124-بەت.

(35) «لاۋزى. جۇاڭزى. لى زى»، يۈلۇ (ئېگىز تاغ ئېتىكى) كىتابچىلىق نەشرىياتى 1990-يىل چاڭشا نەشرى 16-بەت، خەنزۇچە.

(37) يۇقىرىقى كىتاب، 35-بەتكە قارالسۇن.

(38) يۇقىرىقى كىتاب، 41-بەتكە قارالسۇن.

(39) ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى، خەنزۇچە، 4-توم 219-بەت.

(40) ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى، خەنزۇچە نەشرى، 3-توم 817-بەت.

(41) ۋېنگرىيىلىك ئىسلامشۇناس، 1850-يىلى تۇغۇلۇپ 1921-يىلى ۋاپات بولغان ئۇنىڭ «ئىسلام دىنى تەتقىقاتى» (2-توملۇق) ۋە «ئىسلام دىنىدىن ئوچېرىكلار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

(42) كاپسوغلو: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت



تارىخىمىزدىكى ئورنى» غا قارالسۇن. «چەت ئەل ئالىملىرى — ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا» (1989-يىل) 155-بەت.

(43) جاڭ شى: «‹جۇاڭ زى› ۋە مودېرنىزم»، خېبېي خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، خەنزۇچە. بۇ ھەقتە يەنە بەي خەيجىڭنىڭ «مەدەنىيەت روھى ۋە رومان كۆز قارىشى»، گاۋشۇدۇڭنىڭ «ھايات باغچىسى ۋە بىلىم باغچىسى»، ۋاڭ شىڭپىڭنىڭ «تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ بىر بولۇشى ھەم ئىلاھ بىلەن ئىنساننىڭ بىر بولۇشى»، ۋۇجوڭمىننىڭ «كۆكرى روھى ۋە قىددىس روھى» دېگەن ئەسەرلىرىگە قارالسۇن.

(44) ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە گېرمانىيە كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 64-بەت.

(45) ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى، خەنزۇچە نەشرى، 4-توم 1-بەت.

(46) «لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە، 4-توم.

(47) لېنىن ئەسەرلىرى خەنزۇچە، 16-توم.

(48) ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى توپلىمى خەنزۇچە، 6-توم.

## خاتىمە

تارىخ بىزگە ئۇقتۇردىكى، زامانىنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغانلار ھامان ئۆز يەدىلىگە كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدىكى قانۇن ئىدىيىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدە جاھاننى كۆزىتىشتىكى ئاجايىپ ئۆتكۈرلۈكى، پىشىپ يېتىشكەن سىياسىي ئەقلى ۋە قەلەم قابىلىيىتى، ئۆزىنىڭ نەپسىنى كۆزلىمەي، ئەلنىڭ نەپسىنى كۆزلەشتەك ئالىيجاناب خىسلىتى، راست گەپ قىلىشتەك چىنلىقى بىلەن قاراڭغۇ جاھالەتكە چىراغ ياقتى.

قانۇنشۇناس يۇسۇپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ «... كىشىلىك (ئادەمگەرچىلىك) يوقىلىپ، پەقەت كىشىنىڭ ئىسمىلا قالغان، يەنى كىشى قىلىقى كۆرۈلۈپ، ئۇنى تاپقىلى بولمايدىغان...، جاھانغا جەبىر-زۇلۇم تولۇپ، ۋاپا قەھەتچىلىكى ھۆكۈم سۈرگەن...، قانۇن - نىزاملار تۈگەپ، كىشىلەر قەلبى بۇزۇلغان...، ئىشەنچ - ئەمىنلىك تۈگەپ، تىل بىلەن كۆڭۈل ئالا بولغان ...، ياخشىلار كېتىپ، رەزىللەر قالغان ...، يامانلار ياخشىلارنى چاياندەك چېقىپ، چىۋىندەك شوراپ، ئىتتەك قاۋايدىغان...» (1) بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا جەمئىيەت ئەخلاقى قاتتىق بۇزۇلغان بىر دەۋردە ياشىدى. «ئەرغۇۋاندەك قىزىل مەڭزىگە زەپەر نۇرۇقىنى سۈرتۈپ،



ئىپاردەك قارا بېشىغا كافۇر-پۇركۈپ، تۈمەن رەڭ — چېچەكلىك بورۇق يازدەك جىسمىنى خازان قىلىپ، قېيىندەك تۈز بويىنىنى ئەگرى يادەك ئېگىپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ، غەمدە ئۆزىنى جۇدۇتىپ ...» (2) خەلق ئۈچۈن نىجاتلىق تىلەپ، قانۇن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ زامانىنىڭ ئالدىدا ماڭدى.

ئېلىمىزنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى لۇشۈن قەدىمكى زاماندا ياشىغان «خەلق ئۈچۈن نىجاتلىق تىلىگەن»، «قانۇن ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان» كىشىلەر گەرچە خان، پادىشاھ، لەشكەر بېشى، ۋەزىرلەرنىڭ ئائىلە شەجەرىسى قىلىنغان «ھەقىقىي تارىخ» بىلەن باراۋەر بولمىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ شان - شەۋكىتى كۆمۈلۈپ قالمايدۇ، دېگەنىدى (3). يۇسۇپ خاس ھاجىپ گەرچە فېئودال قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قانۇنشۇناسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشتىن ئاياغ خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ غېمىنى يېدى؛ ئۇلار ئۈچۈن چۇقان كۆتۈردى ۋە شۇ ئىشى ئۈچۈن «سۆيۈنۈپ كۈلەي» (4) دېدى. ئۇنىڭ ئادىل قانۇن بەرپا قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن زور ئىجتىھاتلىرى ھەرگىز كۆمۈلۈپ قالمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ XI ئەسىردىكى ئىلمىي ئابىدىلىرىدىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنىڭ شانلىق سەمەرىلىرىگە ھەققانىي باھا بېرىدۇ، ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۇلۇغلاپ، چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن قاتتىق ياد ئېتىدۇ.

«مەلۇمكى دۇنيادا ئۆتكەن نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى تارىخ بېتىدە ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ھەرخىل يادىكارلىقلىرى بولغان. ئۇلار شۇ يادىكارلىقلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مەھۇ ئىنتىزارلىق تۇمانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ يوقىلىپ كەتمەي، ئۆتمۈش ھاياتىنىڭ مەۋجۇدىيەت نىشانلىرىنى

责任编辑：魏力
封面设计：賈拉力丁
责任校对：阿达来提

《福乐智慧》与法律（维吾尔文）
玉素甫江·艾力·伊朗拉米　著
新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号　邮政编码：830001）
新疆新华书店发行　　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　14.5印张
1993年2月第1版　1993年2月第1次印刷
印数：1—1,000
ISBN7—228—02408—2/D·245　　定价：9.50元

تارىخ سەھىپىلىرىدە نامايان قىلىپ كۆرسىتىپ پەخىرلىنىپ كېلىشكەن» (5) ئىدى.

قېنى دوستلار، كېلىڭلار، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ قانۇنشۇناسىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنى يادلاپ، ئۇنىڭ قەبرىگاھىغا بىللە تاۋاپ قىلايلى! قانۇن دەستۇرىمىز — «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەنىۋى لەززىتىدىن تەڭ ھوزۇرلىنايلى! قانۇنشۇناسلىقنى قىزغىن سۆيۈپ، قانۇننى چىڭ قۇچاقلايلى!

---

(1) «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 6575، 6566، 6568، 6588، 6583، 6580، 6579، 6595، 6601-بېيىتلار.

(2) «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 6529، 6530، 6531، 6532، 6587-بېيىتلار.

(3) «لۇ شۈن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 6-توم، 92-بەت، جىڭ ۋېيجاڭ، لى شيا قاتارلىقلارنىڭ «قەدىمكى زاماندا قانۇننى ئىجرا قىلىشقا دائىر ھېكايىلەر» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، «كىرىش سۆز» گە قارالسۇن.

(4) «قۇتادغۇبىلىك»، 6587-بېيت.

(5) ئەھمەد زىيائى: «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ مەنبەسى ۋە تىلى ھەققىدە». قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1989-يىلى 5-سان، ئۇيغۇرچە، 1-بەت.